ئادىل مۇھەممەت تۇران

# مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى

2



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئادىل مۇھەممەت تۇران

# مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى

2



ئاپتور ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكا - ھەدىلىرى بىلەن بىللە



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب مەكىت ھەققىدە ئومۇمىي بايان.................. 1
ئىككىنچى باب مەكىتنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى.......... 22
1 . گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى .............................. 22
2 . يەر شەكلى ............................................ 24
3 . ھاۋا كىلىماتى ........................................ 27
4 . مەكىتنىڭ گېدوگرافىيىسى ............................ 33
5 . يەر ـ تۇپراق ........................................ 43
6 . ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلىرى ............................. 44
7 . مەكىت ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ... 45
ئۈچىنچى باب تارىخ ........................................ 53
1 . «مەكىت» نامى ھەققىدە مۇھاكىمە .................. 53
2 . تارىخى دەۋرلەردىكى مەكىت.......................... 72
1) تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىكى مەكىت ................ 75
(1) يېڭى تاش قورال دەۋرى ................................ 75
(2) مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى........................... 78
2) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت ........................ 83
(1) غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ۋە مەكىت ...................... 83
(2) ھونلار دەۋرىدىكى مەكىت .............................. 85
(3) غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋە مەكىت ................................................ 87
3) ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مەكىت ................................................ 93
غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە مەكىت ...... 95

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4) سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكتەپ ………… 101
(1) تۈبۈتلەر ۋە مەكتەپ ………………………… 104
(2) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە مەكتەپ ………… 105
5) سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكتەپ…… 113
(1) قاراخانىيلار خانلىقى ۋە مەكتەپ ……………… 113
(2) موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكتەپ ……………………………… 120
(3) چاغاتاي خانلىقى ۋە مەكتەپ ……………… 122
(4) يەكەن خانلىقى ۋە مەكتەپ ……………… 123
(5) غوجىلار ۋە مەكتەپ ……………………… 128
6) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكتەپ ………… 147
7) جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى مەكتەپ ………… 152
(1) 30 ـ يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكتەپ…… 156
(2) «11 بىتىم» مەزگىلىدىكى مەكتەپ ………… 160
(3) مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت………… 167
(4) جۇڭگو گومىنداڭنىڭ مەكتەپ ناھىيىلىك پىرقىسى…… 169
(5) مەكتەپ ناھىيىلىك سەنىيخۇي ……………… 171
(6) مىنگو دەۋرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ………… 172
8) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەكتەپ ……… 174
(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەكتەپ ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى ……………………… 174
(2) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكتەپ ناھىيىلىك كومىتېتى…………………………………… 178
(3) مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ………… 179
(4) مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى……… 183
(5) مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى… 185
[قوشۇمچە 1]
مەكتەپ تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇش… 186
3 . مەكتەپنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى ………… 191
[قوشۇمچە 2]

ياڭ زېڭشىننىڭ مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇش توغرىسىدا
يۇقىرىغا سۇنغان مەلۇماتى ...................... 197
4 . مەكىتنىڭ مەمۇرى رايونلار قۇرۇلۇشى ............ 199
[قوشۇمچە 3]
مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ··· 205
تۆتىنچى باب ئۇيغۇر دولانلىرى.......................... 221
1 . «دولان» نامى ھەققىدە ....................... 224
2 . دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى....................... 233
بەشىنچى باب ئۇيغۇر دولان فولكلورى..................... 327
1 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەت-
لىرى ............................................ 332
2 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ سودا ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەت-
لىرى ............................................ 365
3 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئادەت-
لىرى ............................................ 372
4 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى.............. 378
5 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى ··· 388
6 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى······395
7 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى··· 429
8 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەت-
لىرى ............................................ 467
9 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى ........ 489
10 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ
يېتىم ئادەتلىرى ..................................... 497
11 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى······516
12 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى······521
13 . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە خەلق
ئويۇنلىرى ......................................... 538
14 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرى .............. 573
15 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ··· 575

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



16 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ پەرھىز ئادەتلىرى ............ 608
17 . ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدىكى خۇراپاتلىق ئادەتلىرى ................................... 619
ئالتىنچى باب دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ............ 635
1 . دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ................................... 635
2 . دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ جۇغگو ۋە چەت ئەللەردىكى تەسىرى ................................ 654
3 . دولان مۇقامى بىلەن دولان مەشرىپىنىڭ مۇناسىۋىتى ... 660
4 . دولان مۇقاملىرى ................................ 662
1) دولان مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ............ 662
2) دولان مۇقام تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 675
3) دولان مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ................ 686
(1) دولان مۇقامى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇناسىۋىتى ................................ 686
(2) دولان مۇقامى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنىڭ يىلتىزداشلىقى ۋە پەرقى ................................ 691
(3) مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ................ 700
5 . دولان مەشرەپلىرى ................................ 706
1) دولان مەشرەپلىرىنىڭ نامى ۋە تۈرلىرى ............ 706
2) دولان مەشرەپ ئويۇنلىرى ........................ 720
3) دولان مەشرەپلىرىدە جازا ........................ 729
4) دولان مەشرەپلىرىدىكى تەقلىد ۋە تىياتىر .......... 743
6 . دولان مەشرەپ قوشاقلىرى ........................ 758
7 . دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى .......... 793
8 . دولان چالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ... 794
9 . مەكىت دولان مۇقام ئەلنەغمىچىلەر ................ 805
يەتتىنچى باب مەكىتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى ...... 830
1 . مەكىتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى .................. 830

2 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ............................ 845
1) مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ··· 845
2) مەكىت قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرى ............................................ 863
3) مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ······ 866
3 . قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايوندىكى قالدۇق تەسىر-
لىرى ................................................ 872
4 . مائارىپ ............................................ 887
1) مەكىتنىڭ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) دەۋردىكى مائارىپى··· 887
2) مەكىتنىڭ يېقىنقى زامان دەۋردىكى مائارىپى ········· 899
[قوشۇمچە 4]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1942 - يىلىدىكى مائارىپ ئەھۋالى-
دىن مەلۇمات جەدۋىلى ........................................ 906
3) مەكىتنىڭ ھازىرقى زامان دەۋردىكى مائارىپى ········· 907
**سەككىزىنچى باب دولان (مەكىت) شېۋىسى ھەققىدە** ······ 921
1 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدىكى ئورنى.............................................. 922
2 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى··· 924
3 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى·········· 928
4 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ تۈپ لېكسىكىسى ··· 931
5 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ······ 940
6 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ
ئەھمىيىتى................................................ 947
**توققۇزىنچى باب مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتى** ······ 951
1 . مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنى تەتقىق
قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................... 952
2 . مەكىت يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى······ 954
3 . مەكىت يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ········· 961
4 . مەكىت يەر ناملىرىغا ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر··· 969
5 . مەكىتتىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا······ 975

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[قوشۇمچە 5 ـ 1]
مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار ، كەنت نامىلىرىنىڭ
ئۆزگىرىشىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى ........................ 985
[قوشۇمچە 5 ـ 2]
مەكىت يەر نامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشـ
تۇرمىسى ........................................ 992
ئونىنچى باب مەكىت كلاسسىك ئەدەبىياتى .............. 999
1 . مەكىت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى .......................... 1001
1) مەكىت خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر....... 1002
2) مەكىت خەلق چۆچەكلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........... 1029
3) مەكىت خەلق قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر.............. 1084
4) مەكىت خەلق تارىخىي قوشاقلىرى .................... 1122
5) مەكىت خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۆرنەكلەر ...... 1124
2 . مەكىتتە ئۆتكەن كلاسسىكلار ............................ 1142
1) ئامانىساخان ................................................ 1142
2) ئەھمىدى ..................................................... 1146
ئون بىرىنچى باب مەكىتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىگىلىك تەرەققىياتى ........................................ 1190
1 . ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ........................ 1190
1) يېزا ئىگىلىك ................................................ 1190
2) چارۋىچىلىق ................................................ 1197
3) ئورمانچىلىق ................................................ 1201
4) سۇچىلىق ئىشلىرى ......................................... 1207
5) سودا ـ سانائەت ............................................. 1218
6) باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ................................... 1237
7) قاتناش ـ ترانسپورت ........................................ 1242
8) پوچتا ـ تېلېگراف ........................................... 1251
9) پۇل ـ مۇئامىلە ............................................... 1253
10) شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................... 1261
11) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ..................................... 1262

2 . ئىجتىمائىي تەرەققىيات………………………… 1272
1) مىللەت ۋە دىن………………………… 1272
2) نوپۇس ………………………… 1277
[قوشۇمچە 6 ]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە
بولغان نوپۇس ستاتىستىكا جەدۋىلى ………………… 1278
3) مەكىتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىيات تارىخى ··· 1285
(1) مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
تەرەققىياتى………………………… 1286
(2) مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
تەرەققىياتى………………………… 1294
(3) مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
ۋە تەرەققىياتى ………………………… 1296
(4) مەكىت ناھىيىلىك دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ
قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى………………………… 1298
(5) مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى ……… 1302
4) ئەدەبىيات ـ سەنئەت ………………………… 1308
5) تەنتەربىيە………………………… 1367
6) رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ………………………… 1370
7) سەھىيە ـ تېبابەتچىلىك………………………… 1371
[قوشۇمچە 7 ]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي
كۆرسەتكۈچى ………………………… 1378
ئون ئىككىنچى باب مەكىت ساياھەتچىلىكى …… 1380
1 . مەكىت ساياھەتچىلىكىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان··· 1381
2 . مەكىت ناھىيىسى ساياھەتچىلىكىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى ………………………… 1395
3 . مەكىت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى
ئەۋزەل شارائىتلار ………………………… 1397
4 . ساياھەتچىلىكنىڭ مەكىتنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەرەققىياتىدىكى رولى ............................ 1403
5 . مەكتەپ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا
ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى
چارە ـ تەدبىرلەر ........ ............................ 1409
[قوشۇمچە 8 ـ 1]
مەكتەپ ناھىيىسىدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنى قىسقىچە
تونۇشتۇرۇش ........ ..................................... 1433
[قوشۇمچە 8 ـ 2]
مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مۇندەرىجىسى ......1447
ئون ئۈچىنچى باب تارىخي شەخسلەر ........ ................ 1449
1 . مۇقامشۇناس ، شائىرە ئامانىسساخانىنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا .......... 1449
2 . تەرەققىيپەرەر دىنىي زات قادىر ئاخۇن خەلپىتىم...1461
3 . مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم.......1464
4 . خەلقپەرۋەر شۇلىياڭ ...................................... 1466
ئون تۆتىنچى باب تارىخ ـ مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا
ئىزاھات.................................................... 1470
1 . تارىخي ئاتالغۇلار ........ .............................. 1470
2 . مۇھىم سىياسىي ۋەقەلەر ........ ...................... 1486
[قوشۇمچە 9]
مەكتەپ تارىخ ـ مەدەنىيىتىگە ئائىت ئېلان قىلىنغان
ئەسەر ۋە ماقالىلەر كاتولوگى.................................. 1511
[قوشۇمچە 10]
مەكتەپ تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ........ ........ 1520

# 目录

前言 …… 1
第一章： 麦盖提概况 …… 1
第二章： 麦盖提自然地理 …… 22
第一节： 地质构造 …… 22
第二节： 地形 …… 24
第三节： 气候 …… 27
第四节： 水文 …… 33
第五节： 土地资源 …… 43
第六节： 动植物 …… 44
第七节： 自然灾害 …… 45
第三章： 历史 …… 53
第一节：《麦盖提》名称考 …… 53
第二节：历代麦盖提 …… 72
一、史前时代的麦盖提 …… 75
1、新石器时代的麦盖提 …… 75
2、麦盖提的古代居民 …… 78
二、汉代时期的麦盖提 …… 83
1、西域诸国与麦盖提 …… 83
2、匈奴与麦盖提 …… 85
3、西域督护府与麦盖提 …… 87
三、魏晋南北朝时期的麦盖提 …… 93
1、西域古代民族与麦盖提 …… 95
四、隋唐时期的麦盖提 …… 101

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1、吐蕃与麦盖提 …… 104
2、鄂尔浑回鹘汗国与麦盖提 …… 105
五、宋元明朝时期的麦盖提 …… 113
1、喀喇 汗王朝与麦盖提 …… 113
2、蒙古帝国和元朝时期的麦盖提 …… 120
3、察合台汗国与麦盖提 …… 122
4、叶尔羌汗国与麦盖提 …… 123
5、和卓时代的麦盖提 …… 128
六、清朝时期的麦盖提 …… 147
七、中华民国时期的麦盖提 …… 152
1、30 年代大拨动时期的麦盖提 …… 156
2、《11 项和平条款》时期的麦盖提 …… 160
3、民国时期的县政府 …… 167
4、中国国民党麦盖提县党部 …… 169
5、麦盖提县《参议会》 …… 171
6、中国国民党麦盖提县群众组织 …… 172
八、新中国成立后的麦盖提 …… 174
1、中国共产党在麦盖提县的地方组织 …… 174
2、中共麦盖提县委 …… 178
3、麦盖提县人民政府 …… 179
4、麦盖提县人民代表委员会 …… 183
5、麦盖提县政治协商会议 …… 185
附 1:麦盖提历史上的社会经济救济情况 …… 186
第三节:麦盖提县的成立 …… 191
附 2:杨增新上书呈请设麦盖提县治文 …… 197
第四节:麦盖提行政区建设 …… 199
附 3:麦盖提县乡镇概况 …… 205

第四章:维吾尔刀郎人 …………………………………… 221
第一节:“刀郎”名称考 …………………………………… 224
第二节:维吾尔刀郎人的渊源 …………………………… 233
第五章:维吾尔刀郎人民俗 ……………………………… 327
第一节:维吾尔刀郎人的物质生产 ……………………… 332
第二节:维吾尔刀郎人商品交易 ………………………… 365
第三节:维吾尔刀郎人交通运输 ………………………… 372
第四节:维吾尔刀郎人服饰习俗 ………………………… 378
第五节:维吾尔刀郎人居住习俗 ………………………… 388
第六节:维吾尔刀郎人饮食习俗 ………………………… 395
第七节:维吾尔刀郎人手工艺术 ………………………… 429
第八节:维吾尔刀郎人社交习俗 ………………………… 467
第九节:维吾尔刀郎人美观习俗 ………………………… 489
第十节:维吾尔刀郎人婚丧习俗 ………………………… 497
第十一节:维吾尔刀郎人节日习俗 ……………………… 516
第十二节:维吾尔刀郎人娱乐活动 ……………………… 521
第十三节:维吾尔刀郎人民间体育活动及游戏 …… 538
第十四节:维吾尔刀郎人语言习俗 ……………………… 573
第十五节:维吾尔刀郎人宗教习俗 ……………………… 575
第十六节:维吾尔刀郎人斋戒习俗 ……………………… 608
第十七节:维吾尔刀郎人迷信习俗 ……………………… 619
第六章:刀郎麦西来甫、木卡姆 …………………………… 635
第一节:刀郎麦西来甫、木卡姆的历史文化渊源 …… 635
第二节:刀郎麦西来甫、木卡姆在国内外的影响 …… 654
第三节:刀郎麦西来甫和刀郎木卡姆的关系 ……… 660
第四节:刀郎木卡姆 ……………………………………… 662

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


一、刀郎木卡姆名称的历史渊源 …………………… 662
二、刀郎木卡姆歌谱的内容特征 …………………… 675
三、刀郎麦卡姆与维吾尔木卡姆 …………………… 686
1、刀郎木卡姆与维吾尔十二木卡姆的关系…… 686
2、刀郎木卡姆与哈密木卡姆的同根性和区别 … 619
3、麦盖提刀郎木卡姆与阿瓦提刀郎木卡姆的相似之处和区别 ………………………………… 700
第五节:刀郎麦西来甫 ……………………………… 706
一、刀郎麦西来甫的名称、种类…………………… 706
二、刀郎麦西来甫表演形式 ……………………… 720
三、刀郎麦西来甫的惩罚游戏 …………………… 729
四、刀郎麦西来甫中的模仿及歌剧 ……………… 743
第六节:刀郎麦西来甫民谣 ………………………… 758
第七节:刀郎麦西来甫的社会作用 ………………… 793
第八节:刀郎乐器及其简史 ………………………… 794
第九节:麦盖提刀郎木卡姆民间艺人 ……………… 805
**第七章:麦盖提文化与教育** ………………………… 830
第一节:麦盖提提古代文明 ………………………… 830
第二节:麦盖提文物 ………………………………… 845
一、麦盖提重点保护文物古迹 …………………… 845
二、麦盖提卡赞库勒戈壁滩出土文物 …………… 863
三、麦盖提央塔克乡木板坟墓 …………………… 866
第三节:古代宗教在麦盖提的痕迹 ………………… 872
第四节:麦盖提教育 ………………………………… 887
一、麦盖提古代(原始)教育 ……………………… 887
二、麦盖提的近代教育 …………………………… 899
附 4:麦盖提 1942 年教育情况统计表 ………… 906

三、麦盖提的现代教育 …………………………… 907

**第八章:刀郎(麦盖提)地方方言 …………………………… 921**

第一节:刀郎(麦盖提)地方方言在现代维吾尔语中的地位 …………………………… 922

第二节:刀郎(麦盖提)地方方言的研究现状 ……… 924

第三节:刀郎(麦盖提)地方方言的形成 ………… 928

第四节:刀郎(麦盖提)地方方言的语言词汇 ……… 931

第五节:刀郎(麦盖提)地方方言的特征 ………… 940

第六节:刀郎(麦盖提)地方方言的研究现实意义 … 947

**第九章:麦盖提地名文化 …………………………… 951**

第一节:麦盖提地名文化及其研究的现实意义 …… 952

第二节:麦盖提地名形成特点 …………………… 954

第三节:麦盖提地名文化层次 …………………… 961

第四节:关于麦盖提地名的神话传说 …………… 969

第五节:关于麦盖提部分地名考 ………………… 975

附 5-1:麦盖提乡镇地名的演变情况及对照 … 985

附 5-2:麦盖提地名汉维对照 ………………… 992

**第十章:麦盖提古典文学 …………………………… 999**

第一节:麦盖提刀郎民间文学 ……………………… 1001

一、麦盖提民间神话传说选 ……………………… 1002

二、麦盖提刀郎民间故事选 ……………………… 1029

三、麦盖提刀郎民谣选 …………………………… 1084

四、麦盖提刀郎历史民谣 ………………………… 1122

五、麦盖提刀郎民间谚语选 ……………………… 1124

第二节:麦盖提古典文学代表人 ………………… 1142

一、阿曼民沙汗 …………………………………… 1142

www.uyghurkitap.com



二、艾和米迪 …………………………………… 1146
**第十一章：麦盖提经济和社会发展概述** ………… 1190
第一节：经济发展 …………………………………… 1190
一、农业 …………………………………… 1190
二、畜牧业 …………………………………… 1197
三、林业 …………………………………… 1201
四、水利 …………………………………… 1207
五、工商 …………………………………… 1218
六、税务管理 …………………………………… 1237
七、交通运输 …………………………………… 1242
八、邮电 …………………………………… 1251
九、金融 …………………………………… 1253
十、城市建设 …………………………………… 1261
十一、农垦 …………………………………… 1262
第二节：社会发展 …………………………………… 1272
一、民族与宗教 …………………………………… 1272
二、人口 …………………………………… 1277
附6：麦盖提县1949年至1990年人口统计表…1278
三、麦盖提文化建设发展史 ……………………… 1285
1、麦盖提县文化馆的建设及其发展 ………… 1286
2、麦盖提县图书馆的建设及其发展 ………… 1294
3、麦盖提县新华书店建设及其发展 ………… 1296
4、麦盖提县刀朗歌剧团建设及其发展 ……… 1298
5、麦盖提县电影事业的发展 ………………… 1302
四、文学艺术 …………………………………… 1308
五、体育 …………………………………… 1367
六、广播电视 …………………………………… 1370

七、卫生与民族医学 …………………………… 1371
附7:麦盖提县主要社会经济指标 ……………… 1378

第十二章:麦盖提旅游 ……………………………… 1380
第一节:麦盖提旅游业的历史简述 ………………… 1381
第二节:麦盖提旅游业的现状 ……………………… 1395
第三节:发展麦盖提旅游业的有利条件 …………… 1397
第四节:旅游业在麦盖提社会经济发展中的作用 … 1403
第五节:麦盖提旅游业发展中存在的问题及其解决的对策措施 …………………………………… 1409
附8-1:麦盖提旅游景点概述 ……………… 1433
附8-2:麦盖提旅游资普查表 ……………… 1447

第十三章:历史人物 ………………………………… 1449
第一节:木卡姆演奏家、诗人阿曼尼沙汗关于童年时期的几点问题 …………………………………… 1449
第二节:卡德尔阿訇哈里发提事略 ………………… 1461
第三节:阿瓦里拉阿訇哈里发提事略 ……………… 1464
第四节:许亮事略 …………………………………… 1466

第十四章:麦盖提历史文化名称注释 ……………… 1470
第一节:历史名称 …………………………………… 1470
第二节:重大政治事件 ……………………………… 1486
附9:有关麦盖提历史文化的著作、论文、文章目录 ……………………………………………… 1511
附10:麦盖提历史大事记 ………………… 1520

www.uyghurkitap.com

بۆلۈنگەن مىراس ، بالىلار چوڭ بولغۇچە ساقلىنىپ تۇرۇشى ، چوڭ بولغاندا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى لازىم ، دەپ كۆرسىتىلگەن .

بۇ بەلگىلىمە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مىراس تەقسىم قىلىغۇچى ئۆلىمالار تەرىپىدىن ، مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ نىسبەت (ئۈلۈش) كە بۆلۈپ شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىنغان . كېيىنچە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مىراسخورلۇق توغرىسىدىكى بۇ بەلگىلىمىلىرى ئاددىيلىشىپ «ئەرگە پۈتۈن ، ئايالغا يېرىم» دېگەننى ئاساس قىلىپ مىراس بۆلۈش ئادەتكە ئايلانغان .

دىنىي شەرىئەت بويىچە مىراس بۆلىدىغان بۇنداق ئادەت 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەتنىڭ «مىراسخورلۇق قانۇنى» بويىچە مىراس بۆلۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى .

## 9 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى

### 1 . شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ياشاپ كەلگەچكە ، ئۇلارنىڭ شەخسىي تازىلىق شارائىتى زامانىۋىلاشقان شەھەر خەلقلىرىنىڭ تازىلىق شارائىتىغا سېلىشتۇرغاندا ناچار . لېكىن شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ، ئۇلاردا شەخسىي تازىلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر يۈرۈش مىللىي ، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى شەكىللەنگەن . بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ، بەزىلىرى شۇ خەلقنىڭ پسىخىك تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك :

1 . تاھارەت ئېلىش : ئۇيغۇر دولانلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئىسلام دىنىدا ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن «پەرز» دەپ بېكىتىلگەن ھەمدە تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى ، تاھارەت ئېلىشنىڭ شەرتلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاھارەت ئېلىش ئالدى بىلەن ئىستىنجا (مەقئەتنى سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇش) قىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولنى جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئېغىزغا سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم غارقىراتقا قىلىپ چايقايدۇ، يۈزنى پېشانە ۋە قۇلاقنىڭ ئارقىسىغىچە قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئىككى پۇتنى ئوشۇقچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاھارەتنىڭ شەرتى ئادا بولىدۇ. تاھارەت ئۇ-چۇن پاكىز ۋە سۈزۈك ئىلمان سۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شارائىت يار بەرسە پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشمۇ (ئۇيغۇرلاردا غۇسۇل قىلىش، بويىنى سۇغا سېلىش دېيىلىدۇ) تاھارەت ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ناماز ئوقۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان تاھارەت ئېلىش شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر. دەرۋەقە، بۈگۈنكى بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن بەش قېتىم تاھارەت ئېلىش ئادىتى شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتى بولغاچقا، شەخسىي بەدەن تازىلى-قىغا بىۋاستە ئالاقىدار بولغان كېمورويي كېسەللىكلىرى يېزا- قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچراي-دۇ. گەرچە خەلقىمىز تاھارەت ئېلىشنى ئاڭلىق ھالدا «تازىلىق» دەپ قارىمىسىمۇ، تاھارەتسىز يۈرۈشنى «پاسىقلىق» دەپ ئەيىبلەپ، بالا - چاقىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تاھارەتلىك يۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. «تاھارەتسىز ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

2. بويىنى سۇغا سېلىش: سەرراپ (مۇنچا) پەقەت شەھەرلەردىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، يېزا - قىشلاقلاردا بۇنداق شارائىت يوق. شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك ئۇيغۇر دولان ئەمگەكچىلىرى بىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە يۇيۇنۇشنى، يەنە بىرى ئۆز ئۆيىدە «بويىنى سۇغا سې-لىش» نى ئادەت قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدا ياتاق ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا «قازناق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك قات ئۆي قوشۇپ ياسىلىدۇ. بۇ قازناقنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئەۋرەز» كولىنىپ، ئۈستى پېشىشىق كېسەك ياكى تاش بىلەن يېپىلىدۇ. ئەۋرەزنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە ئائىلە ئەزالىرى مۇشۇ قازناققا كىرىپ «بويىنى سۇغا سالىدۇ». يۇيۇنغان سۇ ئەۋرەز ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ مۇنچا شارائىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى

يۈيۈنۈش شەكلى بولۇپ ، ئەر ـ ئاياللار بىر ئورۇندا بولغاندىن كېيىن چوقۇم «بويىنى سۇغا سېلىش» ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كەم بولغاندا ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئاشۇ يەرلىك «مۇنچا» دا «بويىنى سۇغا سې-لىش» مۇسۇلمانچىلىقنىڭ شەرتى قىلىنىپ ئەنئەنىۋى نىزامغا ئايلاندۇرۇلغان .

3 . يۈز ـ قولنى يۇيۇش : ئۇيغۇر دولانلىرى يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قولنى يۇماي تۇرۇپ داستىخان ئالدىغا كەلمەيدۇ . مەيلى ئۆز ئۆيىدە بولسۇن ، ياكى مېھماندارچىلىققا بارغاندا بولسۇن ، ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى ھەم ھۆرمەت ، ھەم ساۋاب دەپ بىلىدۇ . ھەتتا مېھماندارچىلىقتا ھەربىر تاماق ئالدىدا مېھماننىڭ قولىغا بىر قېتىم سۇ بېرىدۇ . مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىر خىل ئەخلاق دەپ قارىغاچقا ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئالاھىدە ئۆگىتىدۇ . مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە مۇتلەق كۆپچىلىك ئائىلىلەر ئاپتۇ-ۋا ـ چىلاپچا ئىشلىتىدۇ . چۈنكى ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا يۇندى چاچرىمايدى-غان ئالاھىدىلىككە ئىگە .

**2 . سۇمبۇل چاچلىق قىزلار**

سۇمبۇل چاچ — ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىدۇر . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر قىزلىرى قەدىمدىن باشلاپ ئۇزۇن چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن .

ئۇيغۇر دولانلىرىدا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15 ، 17 ، 21 ، ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ . ئۇنىڭ پاتتاڭ (شىللا ) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ . قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللا قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ .

توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ياتلىق قىلىنغان بۇ قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۇپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياغاق سىكىلەك چاچ قويۇلىدۇ . چاچنى جۇپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ . چاچنىڭ بەدىلىگە «چاچ قوشاق تويى» ئۆتكۈزۈلىدۇ .
ياتلىق قىلىنغان ئايال بالىلىق بولغاندا ، بالىچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ ) قويۇلىدۇ ، ياغاق چاچمۇ بولىدۇ .
ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ ، ئۇلار ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى 5 ، 7 ، 9… تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ . بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ .
نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالىچۇق ، ياغاق چاچلىرى بولمايدۇ ، ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۇپلىۋالىدۇ .
چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇنداق ئاياللارنى يامان كۆرىدۇ .
دېمەك ، ئۇيغۇر دولان ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۇپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز ، چوكان ، جۇۋان ، نەۋرىلىك بولغان ئايال ، ياشانغان ئايال ۋە ئەخلاقسىز تۇل ئايال… ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ئاياللارنىڭ چېچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ .

## 3 . تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرى

خوتۇن – قىزلارنىڭ سەھەردىكى ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى :
تازىلىق — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇكى ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز – ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسىنىڭ ئىپادىسى ، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى ، ساغلاملىق ۋە روھلۇق بولۇشنىڭ كاپالىتى .
تازىلىق — ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىللارنىڭ بىرى .
«ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل» دېگەن ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىدىن باشلاپ تازىلىقتا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت

مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىل-لەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتى نەتىجىسىدە خوتۇن ـ قىزلار بالا بېقىش ، تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇش ، ئائىلە تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، ھەممىسىدە تازىلىق مەركىزىي نۇقتا قىلىنغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۈندىلىك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى سەھەردىكى ئاممىۋى تازىلىق پائالىيىتىدىن باشلايدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا «ئايالنىڭ قېشىغا قاراڭ ، قاچىسى-نىڭ تېشىغا (قاراڭ )» ، «ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ ، ھورۇن خوتۇن ئۇخلاپ تۇرۇپ كۆلۈڭ كولايدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا تازىلىق ئاياللارنى باھالايدىغان ئاسا-سىي ئۆلچەم قىلىنغان . كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئەرنىڭ ياقىسىنىڭ كىر ياكى پاكىزلىقىغا قاراپ ئايالنىڭ قانداق تەبىئەتلىك كىشى ئىكەن-لىكىنى مۆلچەرلەيدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئانا بولغۇچى قىزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىغا ، بولۇپمۇ تازىلىق قىلىشقا ئۆگىتە-دۇ . ھەممىشە ئۆز پەرزەنتلىرىگە «سەھەر تۇرۇپ تازىلىق قىلساڭ ساۋاب بولىدۇ ، ھويلا ـ ئارام ۋە يوللارنى سۈپۈرسەڭ بەختىڭ ئېچىلى-دۇ» دەپ تەربىيە بېرىدۇ . مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە نەتىجىسىدە ئۇيغۇر دولانلىرى ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ قىشلاق ، شە-ھەر- بازارلاردا ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىدىن بۇرۇن ئايال ـ قىزلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز- كۆزىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىچى ، ھويلا ـ ئاراملىرىنى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى چوڭ-كىچىك كوچىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىدۇ ، تاھارەتخانىلارنى پاكىز تازىلايدۇ ، ھويلا ـ ئارامدىكى گۈللۈكلەرگە ۋە گۈل تەشتەكلى-رىگە سۇ قۇيىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەر ۋە يۇرت ـ مەھەللىلەر ئادەمگە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ ، بىر كۈنلۈك ھايات-نىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇنداق پاكىز مۇھىت ۋە ساپ ھاۋا بىلەن ئېچىلىدۇ .

www.uyghurkitap.com



## 4 . سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرى ھەرخىل رەڭدىن ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت ئېلىپلا قالماستىن ، رەڭدىكى كىشىگە بېرىدىغان ئوخشاشمىغان تۇيغۇ- نىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى تۇرلۇك پائالىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، تۇرمۇشىدىكى ياخ- شىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ ئىشلەتكەن . ھەرخىل رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئاق ، كۆك ، قىزىل ، سېرىق رەڭلەر دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە دىنىي ئەقىدىسى- گە زىچ ماسلاشقان ھالدا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك رول ئوينىغان بولۇپ ، ئۇ قەدىمىلىكى ۋە ئىز- چىللىقى بىلەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن .

**ئاق رەڭ** ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا بەخت - ئامەت ، ياخشىلىق ، پاكلىق ، ئالىيجانابلىق چۈشەنچىسىنى بەرگەن . بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تار- تىپ ، تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن ، سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا «ئاق يول بولسۇن !» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش ، سۈتنى ئۇلۇغلاش ، قارنى بەخت - ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش ، قىزلار تويى بولغان كۈنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىش ، ھازىدار ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاش ، ئاياللار ئاق ياغلىق سېلىش ، ئۆي- ئىمارەتلەرنى ئاقارتىش... قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭ ئۇلۇغلانغان .

**كۆك رەڭ** كۆك رەڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتى- قادى بىلەن باغلانغان ھالدا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ ، شۇنداقلا ئىلاھىي تۇسنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن .

كۆك سۆزىنىڭ بىرنەچچە تۇرلۇك مەنىسى بار . مەسىلەن ، كۆك- تەڭرى ، ئاسمان ، كۆك رەڭ ، ئەسلىي (كۆكۆكنىڭ قايسى) ، كۆكلە

(ياشا ، ياشارماق ) ، كۆك (كۆكتات ، ئوت ـ چۆپ ) قاتارلىقلار . بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز ، كۆك سۆزىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ ، بىرى ، تەڭرى ، يەنى خۇدا مەنىسى ؛ يەنە بىرى ، رەڭ پەرقىدىكى كۆك مەنىسى . تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا ، كۆك رەڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ، ئۇنىڭ خەلق ئېڭىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار .

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە كۆك رەڭنىڭ بۇيۇكلۇك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ سۇپىتى ياكى ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار . ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغانىدى . چارۋىچىلىق هايات ئاساسەن يېشىللىقنى مەركەز قىلغان يايلاقنى ماكان قىلاتتى . يايلاق مەدەنىيىتىدە يېشىللىق هاياتنىڭ ئاساسى ، دەپ قارىلىپ ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسمەنلىك كۈچەيگەنىدى .

شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدە تەبىئەت ئىلاهچىلىقىنى مەركەز قىلغان ئاسمان ، قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇز ، شامال ، يامغۇر ، چاقماق قاتارلىق هاسىلاتلارنىڭ يۇز بېرىشىدە كۆك سۆزى تەڭرىگە تەققاسلىنىپ ، بۇيۇكلۇك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن .

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، كۆك (ئىلاھ ) چۈشەنچىسىدىن ئالەمنى بىنا قىلغۇچى «ئاللاھ» ئۇقۇمى پەيدا بولۇپ ، ئۇ ، كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى . لېكىن كۆكنىڭ خەلق ئېڭىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسى (ئېستېتىك مەنىسى ) ئۆزگەرمىدى ، بەلكى ئادەت سۇپىتىدە خەلق ئارىسىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن ، قايغۇ ـ هەسرەتكە دۇچار بولغاندا كۆككە قاراپ ئىلتىجا قىلىش ، يېشىللىقنى قەدىرلەش ، تەبىئەتنىڭ تۇنجى مېۋىسى (كۆكى ) گە بولغان هېرىسمەنلىك ، بېدە كۆكىدە كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى قولۇم ـ قوشنىلارغا يېڭىلىق تۇتۇش ئۇدۇمى ، كۆك مەشرىپى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىدىندۇر .

قىزىل رەڭ ۋە سېرىق رەڭ چۈشەنچىسى ئۇيغۇر دولانلىرى قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ ، خۇشاللىقنىڭ ، بەخت ـ سائادەتنىڭ ، گۈزەللىكنىڭ ، جەڭگىۋارلىقنىڭ ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى ، دەپ قارايدۇ .

ئۇيغۇرلاردا قىزىل رەڭنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، تەدرىجىي هالدا ، نىسپىي مۇقىم مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئادىتىدە توي ـ تۆكۈن بولسا «ئاشـسۈيى» هېسابىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان قوينىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ ، توي كۆچۈرۈش هارۋىسىغا قوشۇلغان ئاتلارغا ياكى هازىرقى زاماندىكى توي كۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلىنىدۇ . هەتتا توينىڭ ناغرا ـ سۇنايلىرىغىمۇ قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ . سۈننەت توي مۇراسىمىدا سۈننەتنى قىلىنغان بالىنىڭ بېلىگە گۈل چىقىرىلغان قىزىل پوتا باغلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇلىدۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرى ۋاستىلىرىدە قىزلارنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىدۇ . قىزلار ، ياش چوكانلار قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ . قىزىل رەڭنى — ياشلىقنىڭ بەلگىسى ، دەپ قارايدۇ . بۇ قەدىمكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت .

سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا ، مول هوسۇلغا ، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ . ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭـنى ئالتۇن رەڭ دەپ ئاتايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېـرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمكى قۇياش تەڭرىسىـگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە

زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئالتۇن رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى نەققاشچىلىق سەنئىتىدە ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ گىر-ۋەك نەقىشلىرىگە ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلىدۇ.

## 10. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى

### 1. بۆشۈك توي

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ياتلىق قىلىنغان قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ قىرىقى توشقۇچە شۇ ئۆيدە بېقىلىدۇ. قىرىقى توشقاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز ئائىلىسىدە «بۆشۈك توي» قىلىپ بېرىدۇ. بۆشۈك تويغا قۇدىلار (كۈيئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى) ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئاياللىرى تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. قۇدىلار بوۋاق ئۈچۈن يۆگەك، ئەديىال، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر، كېلىن ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى ئەكېلىپ، ئۇلارنى مۇبارەكلەشتىن تاشقىرى، يەنە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە شۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىغىمۇ سوۋغا ـ سالام ئەكېلىپ، تۇغۇتنى ئوبدان باققانلىقىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن قۇدىلار كېلىن بىلەن نەۋرىسىنى يۆتكەپ ماڭىدۇ. بۆشۈك ھويلىدىن چىقاردا ئۇنىڭغا ئىسرىق سالىدۇ. كېلىن بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىدىن ئىسرىق ئۆرۈيدۇ. قىسقىسى «بۆشۈك توي» نىڭ ماھىيىتى سالامەت يەڭگىۋالغان كېلىننى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مۇراسىمدۇر.

### 2. سۈننەت توي

سۈننەت توي بەزى يەرلەردە «خەتنە توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «سۈننەت» مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرەپتىن قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەردىن بىرى ، شۇنداقلا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەلگىسى . شۇڭا بۇ ئادەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەممە خەلققە ئورتاق . «سۈننەت توي» ئوغۇل بالا بەش ياشتىن يەتتە ياشقا كىرگەن ئارىلىقىدا بولىدۇ . بۇ كۆپىنچە كۆز ۋە ئەتىيازدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇ مەرىكىگە ئۇرۇق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنا ، ئەل - ئاغىنىلەر تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ . سۈننەت قىلىنىدىغان بالا ئۈچۈن يېڭىدىن يوتقان - كۆرپە تەييارلىنىدۇ . بالىغا يېڭى - يېڭى كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈلىدۇ . قىزىل تاۋاردىن بەلۋاغ باغلىنىدۇ ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقىلىدۇ . مېھماندارچىلىق ئاخىرىدا خەتنە باشلىنىدۇ (بەزى يەرلەردە ئاۋۋال خەتنە قىلىپ ، توي كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق پەيتتە خەتنە قىلىنىدۇ ) . خەتنىدىن بۇرۇن بالىنى چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلدۇرىدۇ . سۈننەتچى ۋە بالىنىڭ تاغىلىرى بالىنىڭ يۈرىكىنى توختىتىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىدۇ . خەتنە ۋاقتىدا بالىنى تاغىسى ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم تۇتۇپ بېرىدۇ .

خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، كېسىلگەن يەردىن قان چە-قارماسلىق ئۈچۈن كەسكەن يەرگە كۆيدۈرۈلگەن پاختا بېسىپ قويۇلى-دۇ . بالا تولا يىغلاپ قان كەتمىسۇن ، دەپ بالىنىڭ ئاغزىغا تۇخۇم كەپلەپ قويۇلىدۇ . سورۇندا بولغۇچىلار بالىنى مۇبارەكلەپ ھەرخىل سوۋغاتلارنى بېرىدۇ . بالا بىر ھەپتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . بەزى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇشتا خەتنىلىك تۇغۇلىدۇ . بۇنداق بالىلار خەتنە قىلىنمايدۇ . بەزى مۇسۇلمان ئەللىرىدە ھازىرمۇ ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا كىندىكىنى كېسىپ بولۇپلا ، خەتنە قىلىشىدۇ . چوڭ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ .

## 3 . قىز - يىگىت تويى

ئۇيغۇرلاردا «نىكاھ تويى» ، «بۆشۈك توي» ، «سۈنن-ەت توي» ، «چاچ قوشاق تويى» دېگەندەك تويلار بار . بۇ تويلارنىڭ تۈرلۈك قائىدە- يوسۇنلىرى بار . بۇلارغا ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭگەن .

«نىكاھ» — ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى. «نىكاھ توي» ئائىلە جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئۇ تارىختىن بۇيان شەخسلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەكشى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان توي ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. تۆۋەندە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا بىرقەدەر ئورتاق بولغان ئۇيغۇر دولانلىرىدىكى «نىكاھ توي» ئادىتى، قائىدە - يوسۇنى ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. «نىكاھ توي» تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1. ئەلچى ئەۋەتىش

يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر مۇددەت سىنىشىپ، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەندىن كېيىن، ئۆز ئائىلىلىرىگە لايىق تېپىشقانلىقلىرىنى، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە لايىقنى ماقۇل كۆرۈشكەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە دەيدىغان گەپ - سۆزىنى، تەلەپلىرىنى ئەلچىگە دەيدۇ. ئەلچى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرۇپ ئۇزۇننى قىسقا، قىسقىسىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن «چاي» ئەكېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ قايتىدۇ.

2. چاي ئاپىرىش

چاي «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «كىچىك چاي» — «ماقۇل چېيى» ياكى «تەزىم چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بىرقانچە ئايال ۋە ئوتتۇرىدا ماڭغان ئەلچىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئائىلىسىگە «كىچىك چاي» ئاپىرىدۇ. يەنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە قىزغا ئاتاپ بىرەر قۇردىن كىيىملىك رەخت ۋە باشقا نەرسىلەردىن داستىخان قىلىپ بارىدۇ. قىز تەرەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن بارغۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىدۇ .

«چوڭ چاي» ئاپىرىلىدىغان كۈن بەلگىلەنگەندىن كېيىن «چوڭ چاي» ئاپىرىلىدۇ . «چوڭ چاي» قىز تەرەپتە بولىدۇ . چايغا يىگىت ۋە قىز تەرەپتىن ئەر - ئايال بولۇپ ئەللىك - ئاتمىش ئادەم قاتنىشىدۇ . چوڭ چايدا قىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا يېقىن بىۋاستە تۇغقانلىرى ئۈچۈن كىيىملىك ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇلار سورۇندا مال ، مەلۇم مىقداردا گۈرۈچ ، ماي ، نان ، قەنت - گېزەك ، چاي ، تۇز قاتارلىقلارمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئېلىپ بېرىلغان تىرىك مالنىڭ بېشىغا قىزىل باغلىنىپ ، يىگىت تەرەپتىن بىر ئادەم يېتىلەپ ئاپىرىدۇ . قىز تەرەپتىن بۇ مالنى قوبۇل قىلغاندا ، بىر نەرسە بېرىپ ئۇنى رازى قىلىدۇ . چوڭ چايدا ساندۇق ئېچىلىپ ئەكېلىنگەن نەرسىلەر قويۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ساندۇق ئاچقۇچى ئايال ئالدىن هازىرلاپ قويغان «چاچقۇ» نى سورۇنغا چاچىدۇ . سورۇندىكىلەر ئۇنى «تەۋەررۈك» بىلىپ ، بۇلاپ - تالاپ يەردىن تېرىۋالىدۇ . ساندۇق ئاچقۇچى ئايالنى يىگىت تەرەپ بەلگىلەيدۇ . يىگىت تەرەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ بىرەر ياغلىق ياكى بىرەر كۆڭلەكلىك رەختنى ساندۇققا سېلىپ قويىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ، ساندۇق ئاچقۇچى ئايال بىر نىكاھلانغان ئايال بولۇشى شەرت . كۆپ نىكاھلانغان ئايال بۇ ئىشنى باشقۇرسا ، قىز ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان ، يىگىت خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالارمىش شۇنداقلا يىگىت بىلەن قىزنىڭ قولداشلىرىمۇ ئۆيلەنمىگەن يىگىت ، ياتلىق بولمىغان قىز بولۇشى شەرت . يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تويىنىڭ ئارا ئايدا (روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئارىلىقىدىكى ئاي ) بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، توي ئارا ئايدا بولسا ، يىگىت بىلەن قىز ئەپلىشەلمەي قىز ئارىدا قالارمىش . «چوڭ چاي» ئاخىرلاشقاندا ، تويى بولماقچى بولغان قىزنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ئانىسى ئالاھىدە داستىخان راسلاپ ، قىزنى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىش ئۈچۈن سورىۋالىدۇ ۋە توي كۈنى ئۇ شۇ ئائىلە قىزنى ۋە قىزنىڭ دوستلىرىدىن بولۇپ 30 -

40 قىزنى ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىدۇ. چوڭ چاي كۈنى توي بولىدىغان كۈن بەلگىلىنىدۇ. ئاشسۈيى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلىدۇ. ئاشسۈيى ئۈچۈن گۆش، ماي، گۈرۈچ، نان، چاي، تۇز، سەۋزە، يېقىلغۇ بېرىلىدۇ. بۇلار تويدىن بىر كۈن بۇرۇن قىزنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. توي بولۇشتىن بۇرۇن قىزنىڭ بىر نەچچە دوستى «ئۆي ياساش» قا كېلىدۇ. ئۇلار قىز تەرەپتىن ئەكەلگەن ۋە يىگىت تەييارلىغان نەرسىلەر بىلەن ئۆينى ياسايدۇ. قىزلار ئۆينى ياساپ بولغاندىن كېيىن يىگىت تەرەپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ ۋە ھەربىر قىزنىڭ ئالدىغا سوپۇن، ئەتىر، قول ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. چوڭ چاي تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت ۋە قىز ئۆزلىرىنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ، دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بىلەن «توي خېتى» ئېلىپ قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتەيدۇ.

3. نىكاھ

توي كۈنى سەھەردە نىكاھ ئوقۇلىدۇ (نىكاھ قونۇپ قالسا بولمايدۇ دەپ بۇرۇن نىكاھ ئوقۇلمايدۇ). نىكاھ ۋاقتىدا سورۇندا يىگىت بىلەن قىز ھازىر بولۇشى شەرت. نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولداشلىرىمۇ بىللە بولىدۇ. ئۆتمۈشتە يىگىت مەلۇم سەۋەب بىلەن نىكاھ ئۈستىدە بولالمىسا، يىگىتنىڭ قەلەمتىرىشى ياكى پىچىقىغا نىكاھ ئوقۇيدىغان ئەھۋال بار ئىدى. نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ «ئۆزۈمگە قوبۇل قىلدىم» دېگەن جاۋابىنى ھەممە ئادەم ئاڭلىشى شەرت. بەزىلەر «ئاڭلىدۇق» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسە، نىكاھ ئوقۇش داۋاملىشىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى تەبرىكلىشىدۇ. نىكاھتىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراب (تۇز) غا چىلانغان ئىككى بۇردا نان يېگۈزىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتارمىش. شاكىرابقا چىلانغان نان بۇردىسىنى قاچىدىن ئېلىشتا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشى ناھايىتى چاققانلىق ئىشلىتىپ، بالدۇر ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قايسى بالدۇر ئېلىۋالسا شۇ تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن قورقمايدىغان بولارمىش. توي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆنى سەھەردە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە قارىشىپ بىرىش ئۇچۇن 1 ـ 2 ئادەم ئەۋەتىدۇ ، شۇنداقلا توي داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ھال سوراپ بىر نەچچە ئادەم ئەۋەتىدۇ .

4 . توي كۆچۈرۈش

قىز كۆچۈرگۈچىلەر نەغمە ـ ناۋا بىلەن قىز ئولتۇرغان ئائىلىگە بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىدۇ . قىز پۈركەنگەن ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ . ئاتا- ئانا قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ، بېشى باش ، ئايىغى تاش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە قىزنىڭ بېشىدىن نان ، سۈپرا ئۆرۈيدۇ . قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكەلگەندە قىزنى پاياندازغا دەسسىتىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ . قىز پاياندازنى دەسسەپ بولغاندىن كېيىن ، ئەتراپتىكىلەر پاياندازنى تالىشىپ يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ ۋە «تەۋەررۇك» قىلىش ئۈچۈن ئېلىشىدۇ ، كېلىن ئۆيگە پۈركەنگەن ھالدا كىرىدۇ . بىر ئازدىن كېيىن قېينانا كېلىننىڭ پۈركەنجىسىنى ئېلىۋېتىپ كىچىك ياغلىق سېلىپ قويىدۇ ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ . قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش جەريانىدا يولدا توي توسقۇچىلار بولىدۇ . بۇلارغا ماددىي نەرسىلەر بەرگەندىلا ئاندىن يول بېرىدۇ . بەزى يەرلەردە قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قاتناش ۋاستىسىدىن چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ . قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆيگە ئەكىرىشتىن بۇرۇن قىز ـ يىگىتكە ئىسسىق ئۆتسۇن ، دەپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇ زەردۇشت دىنىنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ ، ئوتتىن مەدەت تىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى . قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە تۆش سوراپ دەرۋازىنى ئاچقىلى ئۇنىمايدۇ . قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەلگۈچىلەر ياغلىققا ئورالغان تۆشنى بەرگەندىلا دەرۋازىنى ئاندىن ئاچىدۇ .

5 . ئىسسىقلىق ئەكېلىش

تويىنىڭ ئەتىسى قىز تەرەپ كۈيئوغۇل تەرەپكە «ئىسسىقلىق» ئەكېلىدۇ . «ئىسسىقلىق» ئۈچۈن تولىراق سامسا ، پېتىر مانتا ،

ئۆپكە ـ ھېسىپ ۋە باشقا خىلدىكى تاماقلارنى ئەكېلىدۇ . ئىسسىقلىق-نى قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئەكېلىدۇ . ئىسسىقلىققا يىگىت ، قىز ۋە يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئېغىز تېگى-دۇ . «ئىسسىقلىق» ئەكەلگۈچىلەر قانچە ئايال بولۇشىدىن قەتئىيىنە-زەر ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىيىملىك رەخت قويۇلىدۇ ۋە «ئىسسىقلىق» ئەكېلىنگەن تاۋاقلارغىمۇ لايىقىدا رەخت سېلىنىدۇ .

6 . چىللاق

چىللاق توينىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . چىللاق توي بولغان ھەپتە ئىچىدە بولىدۇ . چىللاقنى ئاۋۋال يىگىت تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ . ئاندىن قىز تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ . چىللاققا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ، يېقىن قولۇم ـ قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلى-دۇ . چىللاق ئۆزئارا ھاردۇق سوراشنى ، تۇغقانلار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . يىگىت تەرەپ چىللاق ئۆتكۈزگەندە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، ئاچا ـ سىڭىللىرى قىزنىڭ ھۇجرىسىنى ئالاھىدە پەتلەيدۇ . ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ھۇجرىسىنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ .

قايسى خىلدىكى توي بولمىسۇن ، توي قىلغۇچى تويدا قارشىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئادەملەردىن ئەر ـ ئايال بولۇپ 20 ـ 30 ئادەمنى چاقىرىپ «مەسلىھەت چېيى» ئۆتكۈزىدۇ . چايدا توينى قانداق ئۆتكۈ-زۈش توغرىسىدا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىلىدۇ . چايدا خىزمەت تەق-سىماتى بولىدۇ . توي كۈنى ئۇلار ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلىشىپ بېرىدۇ . توي تۈگەش بىلەن توي ئىگىسى ئالاھىدە داستىخان ھازىرلاپ ئۇلارغا «ھاردۇق چېيى» بېرىپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ .

4 . جۇۋان تويى

ئۇيغۇر دولان ئاياللىرى ئىچىدە خېلى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدى-غان مۇراسىملارنىڭ بىرى — جۇۋان تويىدۇر .

ئاياللارنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۆز مەزگىلىگە قاراپ قىزلىق دەۋرى (بالاغەتكە يەتكەن دەۋرى ) ، سېكىلەك دەۋرى ، چوكان دەۋرى ، جۇۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەۋرى دەپ تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ . ئادەتتە قىزلار ياتلىق بولۇپ 2 ـ 3 بالىلىق بولغاندىن كېيىن ، يولدىشى (ئېرى ) بىلەن مەڭگۈ-لۈك بىرگە ئۆتۈشكە ئىشەنچ هاسىل قىلغاندا ھەمدە قىرانلىق مەزگە-لىگە يېتىپ ، ھەر جەھەتتىن سۈلكەت ۋەسلىگە تولغاندا ، ئايال ئۇ-رۇق- تۇغقانلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ «جۇ-ۋان تويى» نى ئۆتكۈزىدۇ . جۇۋان تويى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان تەييارلىنىدۇ . تەكلىپ قىلىنغان ئايال مېھمانلار جۇۋاننى تەبرىكلەپ ئۆز لايىقىدا ھەرخىل سوۋغا ـ سالاملار ئەكېلىدۇ . جۇۋان تويىدا جۇۋاننىڭ ئائىلىسى ھال ـ ئەھۋالىغا قاراپ ھەرخىل رەڭلىك بىر قانچە ياغلىق ، جۇۋانچە كۆڭلەك ، پەرىجە تون ۋە تەلپەك تەييارلايدۇ ھەمدە مېھمانلار ئالدىدا جۇۋانغا تەقدىم قىلىدۇ . جۇۋان تويىغا جۇۋان بولغۇچىنىڭ يولدىشى ئالتۇن ھالقا ، سىرغا ، ياپراقلىق ئايخاڭزا (قوش زىرە ، يەنى ئۈچ قەۋەت بۆرەكچە چەمبەر قىلىپ ئوتتۇرىسىغا گۈمبەزسىمان ياقۇت كۆز ئورنىتىلغان ئالتۇن زىرىنىڭ بىر خىلى ) ، سۆكە (ئۈستى زىرىسىمان ، ئاستىغا 1 ـ 2 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ساڭگە-لاپ تۇرىدىغان ، قوش تالالىق بىر خىل ئالتۇن ھالقا ) تەييارلاپ سوۋغا قىلىدۇ . بۇ مۇراسىمدا جۇۋان بولغۇچى سېكىلەك چېچىنى ئىككىگە ئايرىيدۇ ، جۇۋانچە كۆڭلەك ئۈستىگە پەرىجە كىيىدۇ . دولانلار جۇۋان تويىنى «جوگان تويى» دەپمۇ ئاتايدۇ . بۇ تويىدا پۈتۈن يۇرتقا چوڭ چاي بېرىلىدۇ . بۇ تويىغا كەلگەنلەر توققۇز ناننىڭ ئۈستىگە سوۋغات قويۇپ ئېلىپ كېلىدۇ . ئاياللار بىر توققۇز نان بىلەن سوۋغاتنىڭ سىرتىدا بىر قولياغلىق ئالما ئەكېلىشى شەرت . ھېچ بولمىغاندا بىر-قانچە ئالما ئەكېلىدۇ . بۇ تويىدا مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ . جوگان بولغۇچى-نىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تېرىپ پەردازلاپ گىرىم قىلىپ ، چاچلىرىغا ئەتمە سالىدۇ ، بېشىغا تاج ، نوھۇل قادايدۇ ، چېچىغا كۈمۈش گۆيەك ئېسىپ مەشرەپ ئوينايدۇ . بازار كۈنى يەنە شۇنداق گىرىم بىلەن پەردازلاپ كوچىمۇ كوچا ئايلاندۇرۇپ ، تاماشا قىلدۇرىدۇ . ئۇنىڭ گۈزەل سىياقىنى ھەممە خالايىققا كۆرسىتىپ ، جوگان بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قىزلىرىنىڭ جوگان تويىدا چاقپە-لەك قاداپ ، ئوغلاق سالىدۇ . جوگان بولغۇچىنى چاقپەلەكتە ئۈچۈرۇ-

دۇ . ۋاقتى بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ . جوۋگان توي بىر ئايالنىڭ ھاياتىدا بولمىسا مۇتلەق بولمايدىغان چوڭ سۈننەت توي ، ھازىر چاقپەلەك قاداپ ئوغلاق سالمىسىمۇ ، يەنىلا باشقا ئادەتلەرنى بۇرۇنقىدەك ئورۇنداپ ئۆتكۈزىدۇ . بۇ توي «چاچماق (چاچمىقى ) توي» ياكى «چاشۋاق توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . «چاشۋاق» دېگەن چاچقا سالغان يالغان چاچ ۋە ئەتمىنى بىلدۈرىدۇ .

ئۆتمۈشتە جوۋان تويى ئۆتكۈزۈلمىگەن ئاياللار ئۆلۈپ قالسا ، مېيىتكە يۇقىرىقى جوۋان كۆڭلىكى ۋە پەرىجە تونىنى كىيدۈرۈپ ، شەرتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن بۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇپ سوغا ئالغاندىن كېيىن دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان . شۇنداقلا يەنە خەلق ئارىسىدا جوۋان دەۋرىگە يېتىپ ، تېخى جوۋان تويى ئۆتكۈزمىگەن ئاياللارنى «ئون بالىنىڭ ئانىسى تېخى چوكان سېكىلەك» دەپ مەسخىرە قىلىش ئادىتىمۇ بار . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە جوۋان تويى ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل مۇراسىم بولۇپ ، ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە . خەلقىمىز ئارىسىدىكى «جوۋان بىلگەننى قىز نەبىلۇر» دېگەن تەمسىلدىن قارىغاندىمۇ ، جوۋان تويى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ھايات مەزگىللىرى ئىچىدە ئەقىل ـ پاراسەتكە تولۇپ ، تۇرمۇش يولىغا تولۇق ئىشەنچ تىكلەش دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .

5 . ئات تويى

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم ، 525 ـ بەت ) دا «كۈدەن» دېگەن سۆزنى «بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» دەپ چۈشەندۈرگەن . بۇ بالىغا ئات قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە . دولانلاردا بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانا بالىغا ئات قويۇش كويىغا چۈشىدۇ ، بالىغا ئىسىم تاللايدۇ . ئىسمىنى ئاساسەن بوۋاق ئوغۇل بالا بولسا ئاتىسى ، قىز بالا بولسا ئانىسى تاللايدۇ . ئەمما ئەر بىلەن ئايال بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن مۇقىملىشىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مىغان بولسا، ئوغۇل بولسا تۇردى، توختى، تۇرا دېگەندەك ئىسىملار-نى قويىدۇ. قىز بولسا توختىخان، تۇردىخان، تۇراخان دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە تۇغۇلغان بالىلىرىنى شۇ ئاي، كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن ئات قويىدۇ. ھوشۇر ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىنى «ھوشۇر» ياكى «ھوشۇرخان»، بارات ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىنى «با-رات»، «قۇربان ھېيت» ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىنى «قۇربان»، ھېيت ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىنى «ھېيت» دەپ ئات قويىدىغان، جۈمە كۈنلىرى تۇغۇلغانلىرىغا «جۈمە» (جۈمەخان) دەپ ئات قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئۇمۇمەن، ئىسلام دىنىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر باھادىرلار، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ. ئىسىم تاللاپ بول-غاندىن كېيىن، تەقۋادار بىر ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، بالىغا ئىسىم قويدۇرۇلىدۇ. ئات قويغۇچى زاكىلاقلىق بالىنى قولىغا ئېلىپ، قىب-لىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ ئېيتىڭىز ××× بولسۇن، دەپ جايىنامازغا دومىلىتىدۇ. سورۇندا ھازىر بولغۇچىلار بوۋاقنى يېڭى ئىسمى بىلەن مۇبارەكلىشىدۇ. ئاندىن سورۇندا ھازىر بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ. ئات قويغۇچىنىڭ ئالدىغا پۇل ياكى باشقا ماددىي نەرسە قويۇپ رازى قىلىدۇ.

دولانلاردا بالىغا ئات قويۇش بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مۇراسىمغا ئات قويغۇچى موللىدىن باشقا يەنە يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلار ۋە دوست - بۇرادەرلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. بوۋاق-نىڭ ئەل- ئاغىنىلىرى كۆپ بولسۇن، دەپ كىچىك توقاچ يېقىپ، بوۋاقنىڭ بېشىدىن «ياۋاش بولۇق بالام، ياۋاش» دەپ تۆكىدۇ ۋە قىرىق بالىغا تارقىتىپ يېگۈزىدۇ.

### 6. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا دائىر ئادەتلەر

1. ئۇيغۇر دولانلىرىدا ۋاپات بولغۇچى ئىنتايىن ھۆرمەتكە ئىگە. شۇڭا ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا «مەرھۇم»، ئايال بولسا «مەرھۇمە» دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن

ئۇنىڭ تاۋۇتى قەبرىستانغا قەدەر كۆتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى قارىلىق تۇتۇپ ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق سالىدۇ. تاۋۇت ئۇزىتىلغانغا قەدەر ئارىلىقتا ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن ئاياللارغىمۇ ئاق ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ «يەتتە نەزىرىسى» بېرىلمىگۈچە بىۋاسىتە ئەر تۇغقانلار بېلىدىكى ئاقنى يەشمەيدۇ، ساقال - بۇرۇتىنى ئالمايدۇ. بىۋاسىتە ئايال تۇغقانلار ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىرىقى بولمىغۇچە (بەزىدە يىلىغىچە) بېشىدىكى ئاقنى ئالمايدۇ. قىزىل - يېشىل كىيىم كىيمەيدۇ، «قىرىق نەزىر» دە ياكى «يىل نەزىر» دە ياشانغان بىرەر ئايال تەسەللى سۆزلەرنى قىلىپ ئاق سالغۇچىلارنىڭ بېشىدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىپ، باشقا ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. بۇ «قارىسىنى ئۆشتۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. هازىدار ئائىلىدە ئويۇن - كۈلكە ۋە باشقا تاماشا ئىشلىرى زادى بولمايدۇ. هەتتا قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارمايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە تەييار بولۇپ قالغان توي كېچىكتۈرۈلىدۇ. توينى قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋال بولسا هازىدار ئائىلىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ.

2. ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن «ئۈچ نەزىر»، «يەتتە نەزىر»، «قىرىق نەزىر»، «يىل نەزىر» دېگەندەك نەزىرلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئۈچ نەزىر» ئاساسەن مۇردىنى سۇغا ئالغۇچىنى رازى قىلىش مەقسەت قىلىنغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەقەت يۇغۇچىلار ۋە ئىمام - مەزىنلەر قاتنىشىدۇ. مۇردىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئومۇمەن تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «باش يۇغۇچى»، يەنە بىرى «ئاياغ يۇغۇچى»، قالغان ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى. «باش يۇغۇچى» بەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى، ئاياغ يۇغۇچى بەلنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى يۇيىدۇ. يۇغۇچىلار مېيىتنى يۇيۇپلا قالماستىن، يەنە كېپەننى تىكىپ تەييار قىلىدۇ ۋە مۇردىنى كېپەنگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن هازىدار ئائىلە ئۇلارنى ئىمكانىبار ياخشى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ نىمكەش كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، يۇغۇچىلارغا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئاياغ

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى www.uyghurkitap.com



ئاستى بولۇپ قالىدۇ ، دەپ ئەن رەخت ، پۇل قويىدۇ . قايسى خىلدىكى نەرسە قويۇلسۇن ، «باش يۇغۇچى» ، «ئاياغ يۇغۇچى» بىلەن سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى پەرقلەندۈرۈلىدۇ . مۇردا يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كېپەنگە ئېلىنىدۇ . كېپەنگە قىزىلگۈل سۈيى ياكى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان زەمزەم سۈيى سېپىلىدۇ . باشقا نەزىرلەر ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر بېرىدۇ . ھازىر بولسا ئائىلە باشلىقى پەرزەنتلەر نامىدىن بىرلا قېتىم نەزىر بېرىدىغان بولدى . بۇ ياخشى ئەھۋال . ئۇيغۇرلاردا ھەر پەيشەنبە كۈنى «ئەرۋاھ» لارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان ئەھۋال داۋاملاشماقتا . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ھەممە «ئەرۋاھ» لار جۈمە كۈنى مەككىگە توپلىنىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيمىش . مەككىگە بېرىش ئۈچۈن «ئەرۋاھ» ئېتىلىك بولۇشى لازىمىمىش . ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىلسا ، «ئەرۋاھلار» ئېتىكلىشىپ ، مەككىگە بالدۇرلا بارارمىش .

3 . مۇردا يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۇردا بىلەن ۋىدالىشىدۇ . ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا ئۇنىڭ ئايالى ، ئەگەر ئايال بولسا ئۇنىڭ ئېرى مۇردا بىلەن ۋىدالاشمايدۇ . سەۋەبى ، جان چىققاندىن كېيىن ئەر ئايالغا ، ئايال ئەرگە يات بولۇپ كېتىدۇ ـ دە ، بىر ـ بىرىنى كۆرۈش «نامەھرەم» بولىدۇ ، دەيدىغان قاراش ئۇيغۇر دولانلىرىدا ناھايىتى كۈچلۈك .

4 . ئېرى ئۆلگەن ئايال ياكى ئايالى ئۆلگەن ئەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ، ئۆلگۈچىنىڭ يىلى بولمىغۇچە ئەرگە تەگمەيدۇ ياكى ئۆيلەنمەيدۇ (ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) . ئەگەر بۇنىڭغا رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە ياكى خوتۇن ئالسا ، پەرزەنتلەر نارازى بولىدۇ ، جامائەت تەگەيدۇ .

5 . جىنازا نامىزى مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ . ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، ناماز چۈشۈرگۈچىگە ناماز ھەققى ، نامازغا قاتناشقان غېرىب ـ غۇرۋالارغا «ئىسقات» بېرىلىدۇ . ئىسقات ئالغۇچىلار ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن خالىسانە ناماز ئوقۇپ قويىدۇ . ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ، قەبرىستانلىققا قاراپ يول

ئېلىنىدۇ . نامازغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەبرىستانلىققا بارىدۇ . جەسەت گۆرگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، جامائەت ئۇدۇل هازىدار ئائىلىسىگە پەتىگە كېلىپ ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ . ئەتىسى بامدات نامىزىدىن قايتقان جامائەت يەنە پەتىگە كىرىپ ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىدۇ . جىنازىدىكى مۇردىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى تاۋۇتقا يېپىلغان يوپۇقتىن بىلگىلى بولىدۇ . ئايالنىڭ تاۋۇتىغا گۈللۈك ئېسىل رەختلەردىن يوپۇق يېپىلىدۇ . ئەر بولسا ئاق ياكى قارا سىدام رەختتىن قىلىنغان يوپۇق يېپىلىدۇ .

6 . قەبرە ئۈچۈن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ . ئۆتمۈشتە هەربىر جەمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبرىستانلىقى بولاتتى . چەتتىن كېلىپ قالغانلار ۋاپات بولسا «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئومۇمىي قەبرىستانلىققا كۆمۈلەتتى . قەبرە ئىگىلىرى قەبرىنى يوقلىغىلى چىقسا ، قەبرىنىڭ توپىسىنى يۆلەپ ئېگىزلىتىپ قويىدۇ هەم ئۇچار قۇشلار يېسۇن دەپ ئۈستىگە دان چېچىپ قويىدۇ . بەزىلەر قەبرىنىڭ توپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ تۇرسا ياخشى ، دەپ قارىسا ، بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ، قەبرىنىڭ توپىسى ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن گۈمبەز ياساپ قويىدۇ . قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە قەبرە تېشى ئورنىتىپ ، ئۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىهالى يېزىپ قويۇلىدۇ . بەزىلەر قەبرىنى تۆمۈر ياكى ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ . بەزىلەر قەبرە ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ تىكىپ ، گۈل ـ گىياھ تېرىپ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ .

7 . بەزىلەر جەسەتنى ئىلاج بار يول بويىدىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلىدۇ . يولدىن ئۆتكۈچىلەر قەبرىستاندىكىلەرنىڭ روهىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويىدۇ .

8 . ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن بېرىلگەن نەزىر توگىگەندىن كېيىن ، ئائىلە جەمەتى قەبرىستانغا بېرىپ ، قەبرىنى يوقلاش ، شۇنداقلا هەربىر روزا هېيت ۋە قۇربان هېيتلاردا نامازدىن كېيىن قەبرىستانغا بېرىپ قەبرىنى يوقلاش ئادىتى هازىرمۇ داۋام قىلماقتا .

9 . ئۇيغۇر دولانلىرىدا «ئاتا ـ ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن» دېگەن ئارزۇ كۈچلۈك بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ياقا يۇرتلاردا ۋاپات بولغۇچى-

www.uyghurkitap.com



نىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ياكى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆز يۇرتىغا ئەكېتىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ بار .

10 . بەزى ياشانغان ئادەملەر بالا ـ چاقىلىرىنى ئالدىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ھايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈملۈكىنى ھازىرلاپ قويىدۇ . يەرلىكىنى چاپتۇرۇپ تەييارلاپ قويىدۇ .

11 . ئائىلە چوڭلىرىدىن بىرى (مەيلى ئاتا ، مەيلى ئانا ) ئاغرىپ قېلىپ ساقايمىسا ، كېسەلنىڭ تەلپى بويىچە شۇ ئائىلىدە تەييار بولۇپ قالغان تويىنى قىلىشىدۇ . ئەگەر بۇنىڭغا ئۆلگۈرمەي كېسەل ۋاپات بولۇپ كەتسە ، جەسەتنى دەپنە قىلماي تۇرۇپ نىكاھنى ئوقۇتۇپ قويۇپ ، ئاندىن جەسەتنى ئۈزىتىدۇ . بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

12 . ھازىدار ئائىلە ھازا بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئۆز ئائىلىسىدە تاماق ئېتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ . ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەر ئائىلىسى بىرەر ھەپتە ، ھەتتا بىرەر ئايغىچە تاماق ئەكېلىپ تۇرىدۇ . كەلگەن تاۋاقتا ھازىدارلار ۋە باشقىلار ئېغىز تېگىدۇ .

13 . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار ، مۇساپىرلار ئۆلۈپ قالسا ، ئۇنى «خالىس ئۆلۈم» دەپ ، يۇرت ـ مەھەللە بىرلىكتە نامىزىنى چۈشۈرۈپ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى جامائەت خالىسانە ياردەم قىلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت بار . بۇنداق خالىس ئۆلۈمنى ئۈزىتىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ .

### 7 . قەبرە ياساش

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە ياساش ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخ ۋە ئېتىقاد ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . ئۇيغۇر دولانلىرىمۇ ئۇيغۇر قەبرىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا ، ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرى ئاساسىدا ، ئۆزىگە خاس قەبرە ياساش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈر-

گەن . چەت ئەل ئالىملىرىدىن «ر . ك . ف . سخومبورگ ئۆزىنىڭ كىتابىدا 1930ـ يىلى مەكىت رايونىغا بېرىپ دولانلارنىڭ قەبرىسى ، نەقىشلىرىنى قوشنا ئۇيغۇرلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلاردىكى پەرقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن[①] .

ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 . ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر

بۇ خىلدىكى قەبرىلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بىرى تۈز ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر بولۇپ ، بۇلار توغراق ياغاچلىرىنى چاسلاش ۋە قىماق ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇش ئارقىلىق چاسا شەـ كىلدە ياسالغان ، يەنە بىرى ، يوغان توغراق ياغىچىنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىپ ، نوكەش ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ ياسالغان بولۇپ ، بۇ ھەر ئىككى قەبرىگە جەسەتلەر ماتا (خام) ياكى بورىغا ئوراپ قويۇلىدۇ .

1990 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ، مەكىت ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ، ناھىيە تەۋەسىـ دە بىر قانچە ئون ئورۇندا قەدىمكى قەبرىلەر ، قەبرىستانلىق بايقالغان . بۇ قەبرىلەر ئىچىدىكى يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالاھىدىرەك بولۇپ ، ئۇنى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ خىلدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ئىلگىرى باشقا جايلاردىنمۇ تېپىلغان . بىراق ئۇلار بىلەن مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش ، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە مەلۇم پەرق بار . بىز كۆرگەن باشقا جايلار (كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەر ، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر ، نىيا ۋە خوتەن ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر) دىكى قەبرىـ لەردە مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى يەرلىك مەدەنىـ يەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن ئېنىق بىر خاراكتېر ئىپادە قىلىنمىغان . لېكىن ، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىـ

① ئىنگۋار سۋانبېرگ : «شىنجاڭدىكى دولانلار» ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1988 ـ يىل . «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 2006 ـ يىل 1 ـ سان ، 36 ـ بەتتىكى نەقىل .

لىشى باشقا جايلارغا ئازراق يېقىن كەلسىمۇ ، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولۇپ ، ئېنىق بىر ئالاھىدىلىكنى بىلگىلى بولمايدۇ . قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بۇددا دىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ ، دەپ قاراشقا بولىدىمۇ ، بىراق دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ھەم دەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ . بۇ مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، مەكىت جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ھەم قۇرغاق ، ھەم زەي . قۇرغاق بولغاندا ، قۇملۇق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قۇملۇق رايونلاردىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە (يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغان جايلار) قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، قەبرە قېزىلغاندىن كېيىن ياغاچ بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلار بىلەن گىرۋەك ياساش ئومۇمىي ئەھۋالدۇر . ئۇنىڭ يىل دەۋرىمۇ خېلى بالدۇر بولۇپ ، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1500 يىلدىن كەم ئەمەس . مەكىتتىكى يانتاق قۇم مازار قەبرىستانلىقى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ (بىراق دەپنە قىلىنىشى ئاددىي) . نەم (زەي) رايونلاردىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى بىردەك ئەمەس . يەنى مەكىتتىكى كۆك تاللىق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن بىر قەدەر نەم (زەي) بولۇپ ، قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەر توغراق كاۋىكى (يوغان توغراقنىڭ غولى) ئىچىگە قويۇلغان . دەپنە قىلىنىشىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولۇپ ، جەسەت يېنىدا ھېچقانداق ئالاھىدە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يوق . بۇ خىل ھالەت خوتەن ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقىدىمۇ بولۇپ ، ئۇ يەردە كىچىك بالىلار مۇشۇ خىل قەبرىگە دەپنە قىلىنغان . دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ ، قەبرىگە دەپنە بۇيۇملىرى بىللە كۆمۈلگەن (بۇ خىل جەسەت ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن بىرسى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ) . مارالبېشى شاقۇدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا يۇقىرىدىكى قۇرغاق ھەم زەي يەرگە سالغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ . دەپنە قىلىنىشى

بولسا ئوخشاشلا ئاددىي① .

2 . بۆشۈك شەكىللىك قەبرىلەر

بۇ خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستى بۆشۈك شەكىلدە ياسىلىپ ، ئاستى تەرىپىدە سۇپا ، سۇپا ئاستى تۈز يەر ئۈستىگە تىرەلگەن بولىدۇ . يەنى قەبرىلەرنىڭ ئالدى قىسمى بۆشۈك شەكىلدە مۇناردەك چىقىرىلىپلا ، قالغان قىسمى بوش قالدۇرۇلىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى ئادەم تۇغۇلغاندا بۆشۈكتە ياتقاندەك ئۆلگەندىمۇ بۆشۈكتە ياتقاندەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتسۇن ، دېگەن ئىستەكنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ .

بىر قىسىم جايلاردا «ئەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئالدى قىسمى بۆشۈك شەكىلدە مۇناردەك چىقىرىلىپلا ، قالغان قىسمى بوش قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە قورشاۋ تام ئېتىلىدۇ . ئاياللارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئالدى قىسمى پەلەمپەيسىمان قوپۇرۇلىدۇ . كىشىلەر كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ بۇ خىل قەبرىلىرىنى خامان بىلەن تۇلۇقنىڭ شەكلىگە ، ئاياللارنىڭ قەبرىلىرىنى بولسا سۇپرا ، يېيىلغان خېمىر ۋە نوغۇچنىڭ شەكلىگە سىمۋول قىلىنغان دەپ قارايدۇ . بۇنىڭدىن يەرلىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ قەبرىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىق ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن »② .

بىراق ، مەكىت قاتارلىق دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئەر ، ئايالنىڭ قەبرىلىرى ئاساسەن ئوخشاش ياسىلىدۇ ، مۇنداق ئالاھىدە پەرق بولمايدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن ، باشقا دولانلاردا يەنە قەبرىلەرگە تۆشۈك قالدۇرۇپ قويۇش ئادىتى قىسمەن ھالدا ئۇچرايدۇ . «بۇ ئۈستى يېپىق قەبرىلەردە كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھالەتكە قارىتىلغان بولۇپ ، مەخسۇس شەكىلدىكى قەبرىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ . ئومۇمەن مەلۇم بىر خىل شەكىلدىكى ئۈستى يېپىق قەبرىنىڭ تۆپىسى ياكى يېنىدىن مەقسەتلىك ھالدا يوچۇق ئېچىلغان بولىدۇ . بۇ ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى شۈبھىسىزكى ، قەدىمكى روھ چۈشەنچىلىرىگە باغلىق . بىز

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 120 — 122 ـ بەتلەر .

② دىلمۇرات مەھمۇت : «ئۇيغۇر قەبرىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2003 ـ يىل 4 ـ سان ، 79 ـ ، 80 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



بالدۇر سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىكى ئەرۋاھنىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە قەبرىستانلىق بىلەن ئۆز ئۆيى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشەنچ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ . بۇ خىل ئىشەنچ ئاساسىدا ئەرۋاھنىڭ شۇ تۆشۈك ئارقىلىق «قەبرىگە كىرىپ چىقىپ تۇرىدىغانلىقى » ، «ۋاقتى كەلگەندە يەنە شۇ تۆشۈك ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىغانلىقى ، ئېھتىمالغا يېقىن »① .

ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن تارتىپ قەبرىستانلىقنى بىر خىل مۇقەددەس جاي ، دەپ قارايدۇ . «قەبرىستانلىقلارغا دەرەخ تىكىپ باغۇ ـ بوستانلىق قىلىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ قارايدۇ ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرەر قەبرىستانلىقنى كۆرسە ئۇنىڭغا قاراپ دۇئا قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . قەبرىلەرگە قولىنى شىلتىپ سۆزلەشتىن ، قالايمىقان چاقچاق قىلىشتىن ، ناخشا ئېيتىشتىن ، قەبرىستانلىقنىڭ قېشىدا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن ، تاماكا چېكىشتىن ، قەبرىستانلىقتا ئۆزئارا سوقۇشۇپ تىللىشىشتىن ، قەبرىگە قاراپ سىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ »② .

ئۇيغۇر دولانلىرى ھېيت ـ بايراملاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ، يۇرتتىكى مەشھۇر كىشىلەر ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ . قەبرىستانلىققا چىققاندا ، قەبرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ ، ئۈستىگە دان (بۇغداي ، قوناق ، تېرىق ، گۈرۈچ دېگەندەك ) چېچىپ قويىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى ئۆزلىرى يوقلاپ كېلەلمىگەن ۋاقىتتا ، ئۇچار قۇشلارنىڭ يوقلاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىش . بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇملارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ، گۈزەل ۋە مۇقەددەس تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . ئەجدادلارنىڭ روھىنى ياد ئېتىپ ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە تۇرمۇشىغا بەخت تىلەيدۇ .

---

① دىلمۇرات مەھمۇت : «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىي قورۇلۇشى ئۈستىدە مۇلاھىزە» ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2003 ـ يىل 4 ـ سان ، 79 ـ ، 80 ـ بەتلەر

② غالىب غوجائابدۇللا : «ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە مەدەنىيىتى ھەققىدە» ، «مىراس» 2005 ـ يىل 5 ـ سان ، 42 ـ ، 43 ـ بەتلەر .

### 8 . «پىددى تۇتۇش» ۋە «تاھارەت ئىشى»

دولانلاردا ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان چاغدا ، مېيىتنى توختىتىپ قويۇپ «پىددى تۇتۇش» ياكى «پىددى قىلىش» ئادىتى بار . بۇنىڭدا ئۆلگۈچى نەچچە ياشقا كىرگەن بولسا ئاياللىرى 9 ياش ، ئەردىن 12 ياش ئېلىۋېتىلىدۇ . مەسىلەن ، 64 ياشتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ، 12 ياشنى ئېلىۋەتسەك 52 ياش قالىدۇ . ئاندىن پۇلنى ياغلىققا چىگىپ قاتار تۇرغان ئادەملەر ئۆز ئارا ئالدىم ، بەردىم دەپ 52 قېتىم ئۆتكۈزىدۇ . 52 بولغاندا توختىتىپ قاتاردىكى ئاجىز ، مۇساپىر كىشى-لەرگە ياكى مەسچىتكە ۋە ياكى ئاخۇنۇملارغا ئازدۇر - كۆپتۇر بېرىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن نامىزىنى چۈشۈرىدۇ . ئەگەر ئۆلگۈچى قەرز ئالغان ياكى بەرگەن بولسا ، بالىلىرىدىن بىرەرى چىقىپ «ئەگەر ئاتامنىڭ ، ئانامنىڭ ئېلىشى بولغان بولسا ئۆتتۈم ، ئەگەر بېرىشى بولغان بولسا مەن بېرىمەن ، بولمىغان بولسا رازى بولۇپ كەتسەڭلار» دەيدۇ . ھازىر بۇ خىل ئادەت ئاساسەن قېلىپ قالدى .

دولانلاردا كىشى ئۆلسە مېيىتنى يەرلىكتە قويۇشتىن بۇرۇن «تاھارەت ئىشى» قىلىدىغان ئادەت بار . بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ يىراق - يېقىن تۇغقانلىرى كېلىپ بولغاندا ، يىراقتىن كەلگەن تۇغقان-لار يىراقتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاماق يەپ ئاندىن مازارلىققا بارمىسا قىينىلىپ قالىدۇ ، بۇ گۇناھ بولىدۇ ، دەپ قاراپ ، ئەتىگىنى (مېيىت كۆپىنچە ئەتىگەندە قويۇلىدۇ ) مال (قوي ) سويۇپ ، يەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن مازارلىققا مېيىتنى يەرلىكتە قويغىلى بارىدۇ ، نامى-زىنى چۈشۈرىدۇ . ھازىر بۇ ئادەت يىراق يېزا - قىشلاق-لاردىلا قالدى .

### 9 . «جان ھەمرىيى» ۋە دەپنە بۇيۇمى

دولانلاردا ئادەم جان تالىشىپ قالغاندا ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئاسان-لىقىنى تىلەش ئۈچۈن قوينى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ نەزىر قىلىنىدۇ . بۇ «جان ھەمرىيى» دېيىلىدۇ .

دولانلاردا ئىلگىرى قەبرىلەرگە دەپنە بۇيۇملارنى بىرگە قويىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەت بولۇپ ، «قارا دولان» دەپ ئاتالغان مەكىتنىڭ يانتاق ، ئويبۇغ-داي دېگەن يەرلىرىدە مېيىتنى يەرلىكتە قويغاندا ، يەرنىڭ تېگىگە ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن كەتمەن ، بوقۇسا ، بويۇنتۇرۇق ، ئارا ، چويۇن چىش قاتارلىق سايمانلارنى بىرگە قويىدىغان ئادەت بول-غان (هازىر بۇنداق ئادەت قېلىپ قالدى ) . بۇ دىنىي تۈسى ئالغان ئادەت شەكلى بولۇپ ، بۇ ئېھتىمال بۇددا دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بولۇشى مۇمكىن . بۇندىن باشقا ، مەكىت ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئىلگە-رى «چىن تۆمۈرخان غازى پادىشاھىم مازىرى» دەيدىغان بىر مازار بولۇپ ، بۇ ئېگىز قۇملۇق ئۈستىگە جايلاشقان چوڭ كۆلەمدىكى مازار ئىكەن . يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ، بازارنى كېڭەيتىش دولقۇنىدا بۇ مازار يۆتكەلگەن ھەم مازارلىقتىن توغراق ياغىچىنىڭ كاۋىكىغا قويۇل-غان نۇرغۇن جەسەتلەر چىققان بولۇپ ، ئۆلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېنى-دىن ئۇرۇش قورالىرى ، ئوقيا ئوقلىرى بىرگە چىققان .

## 11 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھېيت - بايرام ئادەتلىرى

### 1 . نورۇز بايرىمى

باھارنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگەن خۇشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى مىل-لىي بايراملاردىن بىرى «نورۇز» بايرىمى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تاتار ، تاجىك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بايرام ھېسابلىنىدۇ .

«نورۇز» ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ ، «باھار يامغۇرى» ، «تۇنجى باھار كۈنى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن ) كالېندارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ ، با-ھارنىڭ باشلىنىش كۈنى (ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ) يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

«نورۇز بايرىمى» ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن

چوڭ تەسىرگە ئىگە .

«نورۇز» بايرىمىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى مۇنداق :

«نورۇز» كىرگەن كۈنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئاياللار يۇرت ـ مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرام كىيىملىرىنى كىيىشىپ ، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشىدۇ ۋە شۇ سورۇندا «نورۇز» غا ئاتاپ تەييارلىغان ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ . خەلق قوشاقچىلىرى «نورۇز» نى مەدھىيىلەيدىغان شېئىر ـ قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ ، ۋائىز (مەدداھ) لار داستان ۋە ھېكايە ـ قىسسەلەرنى كۆيلىشىدۇ . سازەندىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ . بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ ، دارۋازلار ئېگىز دار ئۈستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . قىزلار مەجنۇنتاللارغا ئىلەنگۈچ سېلىپ لەرزان پەرۋاز قىلىدۇ ، بىر تەرەپتە ئولتۇرۇش قىزىپ «ئون ئىككى مۇقام» داستانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ . قىسقىسى ، ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ . «نورۇز» مۇراسىملىرىغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ . ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپ ـ سەپ بولۇپ ، گۈللۈك تاختىلارغا يېزىلغان «نورۇزنامە» لىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇدۇلۇك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ .

«نورۇز» مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ ، مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ . نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ ، بۇغداي ، ئارپا ، گۈرۈچ ، تېرىق ، گۆش ، سۈت ، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدۇ . بەزىدە گۆش ئورنىغا كاللا ـ پاقالچاق ۋە زاسۋىلەرنى قوشىدۇ . «نورۇز» مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى «نورۇز ئېشى» غا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ھەممە كىشى «نورۇز» بايرىمىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىپ ، ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ۋە بايرامنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەبرىكلەپ ئۆزئارا پەتلىشىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە، يەنى 15 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھازىر كۆپرەك رايونلاردا «نورۇز» بايرىمى ئۈچ كۈن قىلىپ خاتىرىلىنىدۇ.

«نورۇز» بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ھەرخىل پائالىيەتلەر ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان «نورۇزنامە» لەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش ــ زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكېلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم ــ مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«نورۇز» بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن «نورۇز» بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە ــ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، «نورۇز» بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆكتەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 2. ھېيت

ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە بايراملار بارلىققا كەلدى. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ بايراملارنىڭ دىنىي تۈسى ئاستا ــ ئاستا ئاجىزلاپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەنئەنىۋى مىللىي بايرامغا ئايلىنىپ كەتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بايراملارغا دائىر بىر مۇنچە ئادەت ــ قائىدە يوسۇنلار شەكىللەنگەن.

1. روزا ھېيت — مۇسۇلمانلار ھەر يىلى رامزان ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام. «روزا تۇتۇش» مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەش پەرزنىڭ بىرى. روزا

ئۇتقان كۈنلەردە روزا تۇتقۇچى تاڭ سەھەردە (تاڭ يورۇماستا) تاماق يەيدۇ. بۇ تاماق «زولۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. كەچتە ناماز شام ۋاقتىدا ئېغىز ئاچىدۇ. بۇ «ئىپتار» دەپ ئاتىلىدۇ. روزا تۇتقۇچى «زولۇق» تىن «ئىپتار»غا قەدەر بولغان ئارلىقتا ھېچنەرسە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. ھەتتا تاماكا چېكىدىغانلار تاماكىمۇ چەكمەيدۇ. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغاندا روزا بۇزۇلىدۇ، «گۇناھ» بولىدۇ. «زولۇق» تا قۇۋۋەتلىك تاماقلار يېيىلىدۇ. «ئىپتار» دا بولسا سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسىلەر يېيىلىدۇ.

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن بايرام قىلىنىدۇ. بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەرلەر جامەگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. نامازدىن يانغاندىن كېيىن، قەبرىستانلىققا چىقىپ قەبرە يوقلايدۇ. قەبرىستاندىن قايتىپ، كىچىكلەر ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ھېيتلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ.

روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە ياشلار ۋە باللار ئارىسىدا «رامزان ئېيتىش» ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇلار ئىپتار ۋاقتىدا مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ «رامزان قوشاقلىرى» ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلارغا ھەرخىل يېمەكلىك بېرىدۇ. «رامزان قوشاقلىرى» نىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى روزا تۇتۇشقا ۋە سەدىقە بېرىشكە دالالەت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

2. قۇربان ھېيت — بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەڭ زور ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇربانلىق قىلىش ئادىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XII ئەسىردە ياشىغان پەيغەمبەر ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمائىلنى مىنا تېغىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ھەرىكىتىدىن كەلگەن. قۇربانلىق ھىجرىيە كالېندارى بويىچە زۇلھەججەنىڭ ئونىنچى كۈنى بولىدۇ. شۇ كۈنى كىشىلەر جامەگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. نامازدىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپ قۇربانلىق ئۈچۈن ھازىرلىغان ماللىرىنى سويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆز ئارا ھېيتلىشىدۇ .
ئۇيغۇرلاردا ھېيت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ياخشى ئادەتلەر شەكىللەنگەن . مەسىلەن :
(1) ھېيتتىن بۇرۇن چوڭ تازىلىق قىلىنىدۇ . ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىنى سۈپۈرۈپ ، ئۆينى تازىلايدۇ . زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆينى ھاك بىلەن ئاقارتىدۇ . ئۆينى كۆتۈرۈپ قاقىدۇ ، كىر يۇيىدۇ . ئائىلىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەزالىرى يۇيۇنۇپ تارىنىدۇ .
(2) ئائىلە ئەزالىرى ھېيتلىق بىرەر قۇردىن يېڭى كىيىم كىيىدۇ ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارغا يېڭى كىيىم قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويىدۇ .
(3) ئاياللار ھېيتتىن بۇرۇن ھېيت ئۈچۈن ساڭزا ، قېيىقچا ۋە تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىقلارنى پىشۇرىدۇ . ھېيت كۈنى داستىخان ناھايىتى مول راسلىنىدۇ .
(4) ئۇرۇق - تۇغقانلار ھېيتلاپ كەلسە ، كىچىك بالىلارغا ھېيتلىق پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدۇ .
(5) ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارغۇچىلار غېرىب - غۇرۋالارغا ئالاھىدە سەدىقە بېرىدۇ . شۇنداقلا بايلار رامزان ئېيىدا ئۆز تەئەللۇقاتىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ئايرىپ ، كەمبەغەللەرگە زاكات بېرىدۇ .
(6) ھېيت - بايراملارنىڭ ئەڭ ئېسىل خاسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەل - ئاغىنە ۋە قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدا ئارازلىشىپ يۈرگۈچىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئائىلىسىگە ھېيتلاپ كىرىپ ، ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلايدۇ ھەمدە ياخشى بولۇشۇپ قالىدۇ .
(7) ھېيتتا ئاياللار مېھمان كۈتۈش بىلەن بولۇپ ، باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلاپ كىرەلمىگىنى ئۈچۈن ، ئۈچ كۈن ھېيت تۈگىگەندىن كېيىن ، ئاياللار ئارا ھېيتلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ ۋە ھېيت چېيى ئۇيۇشتۇرىدۇ . بۇ چاي ھېيت ئېيى تۈگىگىچە داۋاملىشىدۇ .

# 12 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى

## 1 . مەشرەپ ئويۇنلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەشرەپ پائالىيەتلىرى كۆپ خىل مەزمۇنلارنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ناخشا - ئۇسسۇلدىن تاشقىرى، مەشرەپكە «جان كىرگۈزىدىغان» خىلمۇخىل خەلق ئويۇنلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئويۇنلار شەرتلىك ھالدا مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىلا ئوينالغاچقا، ئۇلار «مەشرەپ ئويۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنلىرى ئاساسەن ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، مەشرەپنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىدا ئوينىلىدىغان مەشرەپ مەزمۇنى دائىرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلار. مەشرەپلەردە بىرنەچچە دۆرە نەغمە - ئۇسسۇل قىلىنغاندىن كېيىن، سازەندىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھېرىپ - چارچاشلىرىغا ئارام بېرىش يۈزىسىدىن، ھەم مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن «يىگىتۋېشى» تەرىپىدىن «دەررە ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى»، «چاي تۇتۇش ئويۇنى»، «بېيىت - قوشاق ئېيتىش» قاتارلىق ئويۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى باشلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشلىغۇچى كىمنى خالىسا شۇ كىشى مەيدانغا چۈشۈپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئالايلۇق، «چاي تۇتۇش ئويۇنى» دا A كىشى بىر پىيالە سىنچاينى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۈچ يۈز ئاتمىش گرادۇس ئايلاندۇرۇپ (پىيالىدىكى چايدىن بىرەر تېمىممۇ تۆكۈلمەسلىكى شەرت) چىققاندىن كېيىن، بىرەر كۇپلېت بېيىت بىلەن قولىدىكى چاينى كۆڭلى خالىغان Bكىشىگە تۇتىدۇ. ئۇ كىشى تەزىم بىلەن پىيالىنى قوبۇل قىلىپ، مەيدانغا چۈشىدۇ ھەمدە A كىشى بېجىرگەن تەرتىپ بويىچە پىيالىنى پىرقىرىتىپ بولۇپ، بېيىت بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشىگە سۇنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئويۇن داۋاملىشىۋېرىدۇ. يىگىتۋېشى ۋە مەشرەپ ئەھ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



لى ئويۇنغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ . ناۋادا كىمىكى ئالىقىنىدىكى پىيا-
لىنى پىرقىرىتىش جەريانىدا چاينى تۆكۈۋەتسە ، يېڭىلگەن ھېسابلى-
نىپ «جازالىنىدۇ» . بۇ «جازا» مەشرەپ ئەھلى تەلەپ قىلغان نەر-
سىنى ئورۇنداپ بېرىش ياكى ئۆزىنىڭ چامى يېتىشىچە بىرەر نومۇر
(ناخشا ئېيتىپ بېرىش ، بىرەر ھايۋاننى دوراپ بېرىش ، باشقىلارنى
تەبئىي كۈلدۈرەلەيدىغان بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىش ئويۇنلىرى
قاتارلىقلار ) نى ئورۇنداپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ . شۇڭا مەشرەپ-
كە قاتناشقانلار «قۇرۇق قول» كەلمەستىن ، مۇشۇنداق ئېھتىماللىق-
لارغا ئىدىيىۋى ھازىرلىق كۆرۈپ قويىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا دولان مەشرەپلىرىدە دراما خاراكتېرىنى ئالغان
ھەرخىل كۈلكىلىك ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ . مەسىلەن ، ئوغرىلىقنى
ئەيىبلەيدىغان «ساندۇق ئوغرىسى» ئويۇنى ، سودا كارۋانلىرىنى دوراي-
دىغان «تۆگە ئويۇنى» ، مۇلكىي ئەمەلدارلارنى ھەجۋىي قىلىدىغان
«ئامبال ئويۇنى» ، ئەخلاقسىزلارنى مەسخىرە قىلىدىغان «بوۋا» ،
«شىر» ، «ئىككى مۇشۇكنىڭ بەز تالىشىشى» قاتارلىق كومېدىيىلىك
ئېپىزوتلارمۇ ئوينىلىدۇ .

مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمى «جازا ئويۇنلىرى»
دىن ئىبارەت . مەشرەپ گەرچە ئىختىيارىي ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى
پائالىيەت بولسىمۇ ، قەدىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىر يۇرۇش ئەنئەنىۋى
قائىدە- نىزاملىرى بولغان . بۇ قائىدە - نىزاملار مەشرەپنىڭ نورمال
ۋە تەرتىپلىك بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان «مەشرەپ قانۇنى»
بولۇپ ، تەرتىپنى بۇزغانلار ، «يىگىتبېشى» نىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمى-
غانلار ۋە ئاياللارغا ئەدەپسىزلىك قىلغانلار «جازاغا تارتىلغان» ، بۇ
جازا مەشرەپ ئەھلىنى ھەم كۈلكىگە سالىدىغان ، ھەم قاتتىق ئىبرەتكە
ئىگە قىلىدىغان «ساما يېقىش» ، «تامغا سۈرىتىنى تارتىش» ،
«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ، «جوۋازغا قېتىش» ، «ئۆپكە قو-
يۇش» ، «مونەك تۇگۇش» ، «باش چۈشۈرۈش» دەپ ئاتىلىدىغان جازا
خاراكتېرلىك ھەجۋىي ئويۇنلاردىن ئىبارەت . بۇ جازا مەشرەپنىڭ
قائىدە - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغانلار سېزىلسە ، پاشىشاپ (مەشرەپ-
نىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولغۇچى ) نەق مەيداندا «يىگىت-

ۋېشى» غا دوكلات قىلغاندىن كېيىن ، يىگىتۋېشى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ . ئەگەر قىلمىشى ئېغىر بولسا مەشرەپتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . مەشرەپ جازاسىغا ئۇچرىغانلار جامائەت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان بولغاچقا ، ھەممە كىشى مەشرەپنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ . مانا بۇ ، ئۇيغۇر ھەم ئۇيغۇر دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى .

دېمەك ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ھەم مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرىدىغان ، ھەم خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ، ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ئۇنىۋېرسال مەكتەپتۇر .

دولان مەشرەپلىرى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ، مەقسىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ .

1 . ھېيت ـ بايرام مەشرەپلىرى

ھېيت ـ بايرام مەشرەپلىرى ئاساسەن چوڭ بايرام ياكى ھەممىگە ئورتاق بولغان تەنتەنە قىلىش ، تەبرىكلەش ، خاتىرە مۇراسىم كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ ، داغدۇغىسى چوڭ بولىدۇ . ھازىر دولان دىيارىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ، بولۇپمۇ مەكىت ناھىيىسىدە مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ۋە مىللىي خەلق سەنئەت بايراملىرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى . بۇ بايراملاردا ئاساسەن ، دولان مەشرەپ ئۇسسۇلى ئوينىلىدىغان بولۇپ ، ياشلار ئۇسسۇل ئەترىتى ، ياشانغانلار ئۇسسۇل ئەترىتى دولان ئۇسسۇلى ئويناپ ماھارەت كۆرسىتەتتى . ياشلار ئەلنەغمە ئەترىتى ۋە ياشانغانلار ئەلنەغمە ئەترىتى دولان مۇقامىنى نەغمە قىلىپ ماھارەت كۆرسىتەتتى . خەلق ئاممىسى بۇنداق بايرامدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يىلدا بىر قېتىم مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ، يېزىلارنىڭ دولان مەشرەپ مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ تەلەپنامە سۇندى . ناھىيە باشلىقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەلپىنى قوللاپ ، يىلدا بىر قېتىم مول - ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ياكى مىللىي خەلق سەنئەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى . 1990- يىلى دېكابىردا مەكىت ناھىيىسىنىڭ توققۇز يېزىسىدا مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، تەخمىنەن 30 مىڭغا يېقىن دېھقان دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا قاتناشتى .

2 . توي - تۆكۈن مەشرىپى

توي - تۆكۈن مەشرەپلىرىنىڭ ھېيت - بايرام مەشرەپلىرىنىڭ قارىغاندا دائىرىسى تارراق بولىدۇ . توي - تۆكۈن مەشرەپلىرى يەنە باشقا توي - تۆكۈن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . توي - تۆكۈن دېگىنىمىز ، نىكاھ تويى ، جۇۋان تويى (چاچباغ تويى ) ، ئات تويى ، خەتنە (سۈننەت) تويى ، ئۆي چېيى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇنىڭ ھەممىسىدە مېھمان چاقىرىپ ئاش - چاي بېرىپ ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇنىڭ دائىرىسى مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى ، مەنسەپ دەرىجىسى ، ئىقتىسادىي ھالى ، تويىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بولىدۇ . مېھماننى قايسى دائىرىدە تەكلىپ قىلغان بولسا ، مەشرەپمۇ شۇ دائىرىدە بولىدۇ . ئاساسەن توي قاتناشچىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ . ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بايلارنىڭ ، مەنسەپدارلارنىڭ ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەڭرى دائىرىدە بولىدۇ . ئات تويى ، خەتنە تويى ، ئۆي چېيى قاتارلىق تويلار كىچىك دائىرىلىك توي بولغاچقا ، بۇنىڭ مەشرەپلىرىمۇ تار دائىرىدە بولىدۇ . جۇۋان تويى بىلەن نىكاھ تويى خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ، بۇ ئىككى تويىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى ، قاتناشقۇچىلارنىڭ قوللىنىدىغان قائىدە - يوسۇنلىرى ، مەشرەپلىرى بىر- بىرىدىن تامامەن دېگۈدەك پەرقلىنىدۇ .

(1) توي مەشرىپى : دولانلىقلاردا بىرەر ئائىلە قىز چىقارغاندا ياكى ئوغۇل ئۆيلىگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ، بۇ خىل مەشرەپكە بارلىق توي قاتناشچىلىرى ئىشتىراك قىلىدۇ . تويى بولىدىغان قىز - يىگىتلەر ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىدۇ . ئاتا - ئانىلار

ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر ئۇلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ. توي ئاخىرلىشىپ قىزنى يۆتكەيدىغان چاغدا ئوغۇل تەرەپ ياخشى ئات جابدۇق تەييارلايدۇ. يىگىت ئالدىغا، قىز كەينىگە مىندۇ- رۇلىدۇ. يىگىت تەرەپتىن ئىككى كىشى ئاتنىڭ ئىككى تەرەپ چۇلۋۇ- رىدىن تۇتۇپ ئاستا يېتىلەپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر جۇلا مۇقامىنىڭ نەغمىسىنى باشلاپ يول بويى نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ. ياشلار يولدا ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ تاكى قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغىچە مۇشۇنداق مەشرەپ ئويناپ ماڭىدۇ. توي مەشرىپى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ.

(2) جۈۋان توي مەشرىپى: دولانلارنىڭ قائىدىسىدە قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن، چوكان بولدى، دەپ قارىلىدۇ. بىرنى تۇغقاندىن كېيىن، ئەمدى جۈۋان بولدى ھېسابلىنىدۇ. قىز جۈۋان بولغاندا ئاتا- ئانىسى تەييارلىق قىلىپ قىزىنىڭ جۈۋان تويىنى («چاچباغ تويى»، «چاشۋاق تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆتكۈزۈپ بېرى- دۇ. بۇنداق تويىنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى گەدىنىمىزدىكى بۇرچىمىز، دەپ ھېسابلاپ، ئۆز قىزىغا يېڭى كىيىم - كېچەك قىلدۇرىدۇ. كۆمۈشتىن چاچ چاتقۇسى ياسىتىپ تەييارلايدۇ. قىزنىڭ ئېرىمۇ ئالا- ھىدە سوۋغا تەييارلايدۇ. جۈۋان تويى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي كۈنى جۈۋان بولىدىغان قىزىغا مەخسۇس ئاياللار گىرىم قىلىدۇ. يۈزلىرىنىڭ سېرىق تۈكلىرىنى قىرقىپ ئاقارتىدۇ. قاشلىرىنى رەتلەپ قارايتىدۇ. قىزنىڭ چوكان ۋاقتىدىكى ئۇششاق ئۆرۈيدىغان تال - تال چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدۇ. ئاندىن ئىككى ئۆرۈم چاچنى ئاتا - ئانىسى تەييارلىغان كۆمۈش چاتقۇ بىلەن چاتىدۇ. يۈز - كۆزلىرىنى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغۇدەك گىرىم قىلىدۇ. تەييارلىغان چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ يۈزىنى يېپىپ، جامائەت سورۇنىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جۈۋان مەشرىپى باشلىنىدۇ. نەغمە چېلىنىش بىلەن تەڭ يىگىت- ۋېشى جۈۋان بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى بىرلىكتە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئېرى ئۇس- سۇل ئويناۋېتىپ ئايالىنىڭ چۈمبىلىنى ئاستا تارتىپ چۈشۈرۈۋېتى-

دۇ . كۆپچىلىك يەنە جۇۋاننىڭ يۈزىنى كۆرىدۇ . مەشرەپ سورۇنى
ئۈزۈنغىچە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ . يېڭى جۇۋان بولغان ئايالنىڭ گۈزەل
جامالى ئېرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ . بۇ چاغدا قىزنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى جۇۋان بولغان قىزى ۋە كۈيئوغلىغا بەخت تىلەپ
ئەلگەككە سېلىنغان ئۈچ ـ تۆت جىڭ پاختىنى قىزى ۋە كۈيئوغلىنىڭ
بېشىدىن ئۆرۈيدۇ . يىگىت تەرەپ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ پۇل ئۆرۈيدۇ
ئۆرۈگەن پاختا ۋە پۇللارنى نەغمىچىلەرگە تەقسىم قىلىدۇ . بۇنىڭ
بىلەن نەغمە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ جۇۋان قوشاقلىرى ئوقۇلۇپ يېڭى
مەشرەپ باشلىنىپ كېتىدۇ . جۇۋان مەشرىپىنىڭ قوشاقلىرى مۇنداق بولىدۇ :

كەچ بولدى ، زاۋال بولدى ،
يارىمغا ئۇۋال بولدى .
ساچىنى ئۆزۈن سېلىپ ،
بىر ياخشى جۇۋان بولدى .

ئاق بوز ئاتنى داڭلايدۇ ،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ .
ئەل قىزىنى داڭلايدۇ ،
ئاق جۇۋانغا يەتمەيدۇ .

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا ،
ئاق يەرگە ساراي سالسام .
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا ،
بوينىغا گىرە سالسام .

يېڭى باغنىڭ شاپتۇلى ،
ئۈچقان كىمنىڭ كەپتىرى .
يۈرىكىمنى كۆيدۈرەر ،
ئاق جۇۋاننىڭ ئوتلىرى .

بۇ چاغدا ياشلار كەينى ـ كەيندىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ[1] .

جۇۋان توي مەشرەپلىرىدە ، قىزنى جۇۋان قىلغۇچى تەرەپ يۇرت ـ مەھەللىلىكلىرىنى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ تويغا ئېيتىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەر توققۇز نان بىلەن بىر قولياغلىق ئالما ئېلىپ كېلىدۇ . ھېچ بولمىغاندا ئىككى ـ ئۈچ تال بولسىمۇ ئالما ئېلىپ كېلىشى شەرت . تويدا ئاش ـ چاي قويۇلۇپ بولغۇچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . مەشرەپتە جۇۋان بولغۇچىنىڭ قاش ـ كۆزلىرىنى تېرىپ ، يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ گىرىم قىلىپ ، بېشىغا قاش ، نوھ قاداپ ، چېچىغا گۆيەك ئېسىپ ، ئەڭ ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈ-رۈپ ئۇسسۇلغا سالىدۇ . جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى مۇ-سۇلمانلار قائىدىسىدە سۈننەت ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇسسۇل ئوي-نىمىسا بولمايدۇ . مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن ، جۇۋان تويىدا مۇقەررەر مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەس ـ بەس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ . بۇ مەشرەپ پەقەت جۇۋان بولغۇچىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بولغاچقا ، نەغمە تېكىستلىرىگىمۇ :

ئاتىنىڭ بالىسى تايلاق ،  
بىر ئوبدان قولاق بولدى .  
چاشۋاقنى ئۈزۈن سېلىپ ،  
بىر ياخشى جۇۋان بولدى .

دېگەن قوشاقنى سېلىپ ، جۇۋان بولغۇچىنى تەبرىكلەيدۇ . بۇ توي كۈندۈزى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاش ـ چاي بېرىپ بولۇش بىلەن تەڭلا توگەيدۇ .

نىكاھ تويى مەشرەپلىرى بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ . كۈندۈزى ئەتىگەندىن كەچكىچە قىزنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ . توي تاماملىنىپ ، قىزنى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ . كۈندۈزدىكى مەشرەپكە تويغا كەلگەنلەرنىڭ

---

① مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 84 — 86 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



ھەممىسى قاتنىشىدۇ . ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلگەن يىگىتنىڭ ئۆيىدىكى مەشرەپكە يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر قاتنىشىدۇ . بۇ ، توي مەشرەپىنىڭ بىر خىل شەكلى .

توي مەشرىپىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار . دولان رايونلىرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان توي شەكلى جەھەتتىن بىر جاي بىلەن يەنە بىر جاي ئارىلىقىدا مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر بولغاچقا ، مەشرەپلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ . ئاۋايلۇق ، مارالبېشى ناھىيىسىدە نىكاھ تويلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوغلاق ئويۇنى بولىدۇ . تويغا ئېيتقۇچى كىشى توي بىلەن ئوغلاق ئويۇنىغا تەڭ ئېيتىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەر ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىدۇ . ئېتى يوقلار ، ئاياللار قاتارلىقلار مەشرەپ ئوينايدۇ . ئاتلىقلار ئوغلاق تارتىش ئوينايدۇ . ئوغلاقنى قىز تەرەپ سېلىپ بېرىدۇ . ئوغلاق ئويۇنى مەشرەپ ئويۇنىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ ، ئوغلاقنى سېلىپ بەرگۈچى كىشى «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» دېگەن بولسا ، كىم ئېلىپ كەتسە شۇنىڭ بولىدۇ . توي ئىگىسى يەنە ئوغلاق سېلىپ بېرىدۇ . ئەگەر «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» دېمەستە ئېلىپ قاچقان بولسا ، شەرەپ ئېلىپ قاچقۇچىنىڭ بولىدۇ . لېكىن ئۇ ، ئەتىسى بىر ئوغلاققا يانداپ تۆت ـ بەش ئوغلاق سېلىپ بېرىپ ، ئاخشىمى بىر ئاخشام مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ ياكى ئوغلاق سېلىپ بەرسىمۇ ئەھلى-مەھەللىگە مال ئۆلتۈرۈپ ئاش ـ چاي بېرىپ ، ئاخشىمى مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ . بۇنداق سەۋەنلىكنى كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە قەستەن ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بەزىلەر «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» قىلغان ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىپ ، ئىقتىسادىي ھالى ياخشى ، ئويۇنخۇمار ئەھلى ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئوغلاق ئويۇنى ۋە مەشرەپكە شۇ ئۆي ئىگىسى مەسئۇل بولىدۇ . تويدا ئوغلاق ئويۇنى ئويناشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ، بىر جەھەتتىن دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىپادىلەسە ، يەنە بىر جەھەتتىن ئوغلاق ئويۇنى ۋاستىسى بىلەن مەشرەپ ئويۇنىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئوغلاق ۋاستىسى بىلەن ئوينىلىدىغان مەشرەپنىڭ ۋاقتى توي تۈگىگەندىن كېيىن بولىدۇ . توي كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ، توي

ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان مەشرەپلەرگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ[①] .

3 . كۆتۈۋېلىش مەشرىپى

كۆتۈۋېلىش مەشرىپى ئاساسەن ، بىرەر ئائىلە مول ھوسۇل ئالغاندا ، بىرەر تىجارەتتە ئالغان پايدىسى كۆپرەك بولغاندا ، پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ ، ياشلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ، يىراقتىن ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يار ـ بۇرادەرلىرى ، دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ، بۇ كۆتۈۋېلىش مەشرىپى دەپ ئاتىلىدۇ .

4 . قاتارى مەشرەپ

قاتارى مەشرەپ ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئارىسالدى ۋاقىتلاردا ياشلارنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىگىتۋېشىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەتلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپتۇر .

بۇنداق مەشرەپنى بىرى مەن ئۆتكۈزىمەن دېسە ، يەنە بىرى مەن ئۆتكۈزىمەن دەپ تالىشىدۇ . بۇ چاغدا يىگىتبېشى ئالدىنقى مەشرەپ ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ ، بىر پىيالە چاينى ئەكىلىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ . بۇ «قۇۋان چېيى» دەپ ئاتىلىدۇ . چاينى كىم بۇرۇن قولىغا ئېلىۋالسا ، ئۇنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كېلەر قېتىمقى مەشرەپنى شۇ كىشى ئۆتكۈزىدۇ . بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . ئۇ كىشى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . مانا بۇ قاتارى مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ .

قاتارى مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى نىسبەتەن چىڭ بولىدۇ . مەشرەپكە قاتناشقان ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى ۋە سالاھىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . يىگىتۋېشى مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى سانىلىدۇ . ھەممە ئىش ئاممىنىڭ رازىلىقى ۋە يىگىتۋېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ . مەشرەپ بەرگۈچى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئەھلىنى مېھمان قىلىدۇ .

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى » (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 204 — 207 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭدا مەجبۇريي بەلگىلىمە بولمايدۇ . قاتارى مەشرەپلەر قىش كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ يىغىم ـ تېرىم ئالدىراشچىلىقىدىن قولى بوشىغاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ . بىر قاتارى مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر كوللېكتىپ سانىلىدۇ . ئۇلار مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا ، ھەر قېتىم يىغىلغاندا مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ ، مەسلىھەت بېرىدۇ . بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ . يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ . بۇنداق بىر ئۆم كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قالغانلارنى پۈتۈن يۇرت ياخشى كۆرمەيدۇ . بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى بىرەر كىشىنى مەشرەپ كوللېكتىپىدىن چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت . مەشرەپتىن ھەيدەلگەنلەر مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا باش ئېگىپ ، ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ناماقۇل بولغاندىلا ، ئاندىن مەشرەپكە قايتا قاتناشتۇرۇلىدۇ . دولان خەلقى قاتارى مەشرەپنى «بالا تەربىيىلەشنىڭ قېلىپى» دەپ قارىغاچقا ، ھەممە كىشى دېگۈدەك ئاشۇ مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ ۋە بۇنداق مەشرەپلەرنى ھىمايە قىلىدۇ .

5 . تەكلىپ مەشرىپى

تەكلىپ مەشرىپى ئاساسەن ، بىرەر كىشى تەرىپىدىن بىرەر مەشرەپ كوللېكتىپىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپتۇر . بۇنداق تەكلىپ مەشرەپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بىرەر ئائىلە بويىغا يەتكەن ئوغۇل ياكى قىزىنى مەشرەپ كوللېكتىپىگە قوشۇش ئۈچۈن بولىدۇ . خەلق ئىچىدە چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلغان ئوغۇل ـ قىزلىرى مەشرەپ ئەھلى بولمىسا ، ئۇنى ئېغىر ئالىدىغان ئادەت بار . شۇڭا ئۇلار بىر قېتىملىق تەكلىپ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ قىزى ياكى ئوغلىنى مەشرەپكە قاتناشتۇرۇشنى يىگىتۋېشى ۋە مەشرەپ كوللېكتىپىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ياكى قىزى «قاتارغا قېتىلدى» ھېسابلىنىپ مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلىدۇ .

6 . ناماقۇللۇق مەشرىپى

ناماقۇللۇق — مەشرەپلەردىكى نۆۋەتتىن تاشقىرى مەشرەپ بولۇپ ، مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن «جازالانغۇچى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئەسلىدە بىرەرى مەشرەپ تۈزۈمىنى ئېغىر ھالدا بۇزسا ياكى باشقا

بىر ئەخلاقىقا خىلاپ ئىش قىلسا مەشرەپ ئۇنىڭغا جازا ئورنىدا بىر «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاشۇ جازالانغۇچى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ «ناماقۇللۇق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

7. بولۇلىق (جازالىق) مەشرىپى

ھەرخىل مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغان ھەمدە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىلەر كۆپچىلىك تەرىپىدىن بولى (جازالىنىپ) لىنىپ سەۋەنلىك سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى كەمچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن كېلەر قېتىم ئۆز ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ بولۇلىق مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ. بولى قىلىش — بولى بولۇش دېگەن بۇ سۆز دولان يەرلىك شېۋىسى بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش، جازالىنىپ قېلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دولان مەشرىپىدە بۇ سۆز كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

8. دەردمەنلەر مەشرىپى

دولان خەلقى ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ كەلگەن خەلق بولۇپ، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى، ھال ـ ئەھۋالىغا يېتىشنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. شۇڭا بىرەر ئائىلىدە بىرەر چوكان ياكى جۇۋان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، لايىق تاپالماي ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالغان بولسا، شۇنىڭدەك بىرەر يىگىتمۇ خوتۇنىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن كۆڭلىگە ياققۇدەك لايىق تاپالماي يۈرگەن بولسا، ياشلار مەسلىھەتلىشىپ خوتۇنى يوق ئەرلەر بىلەن ئېرى يوق چوكان، جۇۋانلارنى بىرەر ئائىلىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ مەشرەپكە ئاساسەن بويتاقلار قاتنىشىدۇ. شۇڭا، بۇ مەشرەپ دەردمەنلەر مەشرىپى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ جەريانىدا ئەر ـ ئايال دەردمەنلەر بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تونۇشىدۇ. ئۆزئارا دەردلىرىنى تۆكۈشۈپ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ توي قىلىشقا ۋەدىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئۇسسۇل ئويناشقا، دەررە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بىر ـ بىرىگە چاي تۇتىشىدۇ، ھەرخىل قىزىقچىلىق سۆز ئويۇنلىرى، تېپىشماق تېپىش، قو-

شاق توقۇش ، ئويۇن ـ تاماشا پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ . دېمەك بۇ مەشرەپ خاپىلىق بىلەن كەلگەن ئەر ـ ئايال بويتاقلارنى ما-مۇشۇنداق خۇشاللىقتا ئۇزىتىدۇ .

9 . ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى

بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا ، يۇرت ئەھلى يىگىتبېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ بۇ مەشرەپكە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى چاقىرىلىدۇ . مەشـ-رەپ جەريانىدا يىگىتبېشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەت سەۋەبلىرىنى سۈزلەپ بىر ـ بىرىنى كەچۈرۈشنى ، ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇلارنى بىر ـ بىرىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ . ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئۆزئارا چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقاندىن كېيىن ، ئاداۋەت يۇيۇلغان ھېسابلىنىدۇ . مەشرەپ شاد ـ خۇراملىق بىلەن داۋام قىلىدۇ . ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئىچىدە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار ياكى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىپ كۆڭلىدە يەنە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن يامان كۆرۈلىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا رولى چوڭ بولىدۇ .[1]

10 . چاقپەلەك مەشرىپى

چاقپەلەك مەشرىپى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ، نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان ، ھەتتا پۈتۈن ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆپ سورۇنلۇق داغدۇغىلىق مەشرەپ . ئۇنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈ-زىدۇ . چاقپەلەك مەشرىپىنى «نورۇز مەشرىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ . نورۇز مەشرىپىگە بىرىكتۈرۈپ ناھايىتى كۆپ تۈردىكى مىللىي ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ . ھەممىسى قوشۇلۇپ «نورۇز» دەپ ئاتىلىدۇ . بەزىلەر بۇ مەشرەپنى «ھېيت ـ بايرام مەشرىپى» دەپ ھېسابلايدۇ . ھەر يىلى دېھقانلار يىلنىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ، قىشتىكى بىكارچىلىقنى ئۇزىتىپ ، ئەتىيازلىق ئەمگەكنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدۇ . بۇ ئويۇن دولانلاردا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە . چاقپەلەك مەشرىپى قەدىمدىن تارتىپ ئادەت تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ

---

[1] مۇتەللىپ سېيىت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 83 — 90 ـ بەتلەر .

كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، دولان خەلقى ھەرقانداق توسقۇنلۇقتا ئۈچرىغىنىدىغا قارىماي ، جەزمەن ئۆتكۈزىدۇ . بۇ مەشرەپ دېھقانلارغا كەلگۈسى بىر يىل ئۈچۈن تولگىمەس غەيرەت بېغىشلايدۇ . بۇ ئويۇن ئاۋات ناھىيىسىدە «چاقپەلەك مەشرىپى» ، مەكىت ، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا «ساغادى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە . چاقپەلەكنى تەييارلاشتا ياغاچنى ـ ياغاچقا ئۇلاپ 10 — 15 مېتىر ئېگىزلىكتە قىلىدۇ . بىر پاي ھارۋا چاقىغا (ھازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ پۇختا قىلىش ئۈچۈن ئاپتوموبىل چاقىنىڭ قازىنىنى ھارۋا چاقى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ ) ھەر تەرەپكە ئىككى تالدىن تۆت تال ياغاچنى پىلوس شەكلىدە مەھكەم چىگىپ ، ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۈچىغا تاڭغان ھارۋا ئوقىنى كىيدۈرىدۇ . چاقىقا تېڭىلغان تۆت تال ياغاچنىڭ ئۈچىغا ئۇزۇن (تىك ) ئوق ياغاچ بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا ئارغامچا چىگىدۇ . ئوق ياغاچنى يۆلەپ يەرگە قادىغاندىن كېيىن ، ھارۋىنىڭ چاقى پەلەككە چىقىدۇ . شۇڭا بۇنى «چاقپەلەك» دەيدۇ . ھارۋىنىڭ چاقىغا تېڭىلغان كالتە ياغاچقا چىگىلگەن ئارغامچىنىڭ ئۇدۇل ئىككى تەرىپىنى «گىلەڭگۈچ» (ئىلەڭگۈچ ) قىلىدۇ . يەنە ئىككى تەرەپتىكى ئارغامچىنىڭ ئۈچىنى 10 مېتىرلىق بىر تال يوغان ياغاچنىڭ ئىككى ئۈچىغا چىگىدۇ . ئۇ ياغاچنى «چاقپەلەك» نىڭ ئوق ياغىچىغا چاتىدۇ . ئويۇن باشلانغاندا توغرا ئېسىلغان ياغاچنىڭ ھەر تەرىپىنى 10 دىن يىگىرمە ئادەم ئىتتىرىپ ئايلاندۇرىدۇ . ياغاچنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئوق ياغاچ ئۈستىدىكى ھارۋىنىڭ چاقى چۆرگىلەيدۇ . چاقنىڭ چۆرگىلىشى بىلەن چاقنىڭ يەنە ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان گىلەڭگە بارغانسېرى ئۆرلەپ ، ئۇنىڭغا چىقىپ ئۈچقانلار يەر يۈزىدىن بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ . ئۈچقۇنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە ، چاقپەلەك ئىتتەرگۈچىلەر توغرا ئېسىلغان ياغاچنى ئىتتىرىشنى ئاستىلىتىشقا باشلايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۈچۈۋاتقانلار ئاستا ـ ئاستا پەسلەيدۇ . بەزى ۋاقىتتا ئۈچقۇچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغۇچە ، ئۈچۈشقا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلار تەرىپىدىن «ساغادى» دەپ توۋلايدۇ . بۇ ، ئۈچقۇچى كىشى قورقۇپ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى ، ئۈچۈشنى توختىتىڭلار ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا بەزى رايونلاردا «چاقپەلەك»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



تىن ئىبارەت ئومۇمىي نامنى قويۇپ ، ئۇچۇش ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇۋلىشىدىغان «ساغادى» (چىرايلىرى سارغايدى ، قورقتى ) دېگەن سۆزلىرىنى نام قىلىشقان .

چاقپەلەك مەيدانى كەڭرى ، تۈزلەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئويۇن - تاماشا ، سودا - تىجارەت مەيدانلىرىنىڭ كەڭتاشا بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ . چاقپەلەك مەيدانىغا مىڭلاپ هارۋىلار كېلىدۇ ، پۈتۈن شەھەر تىجارەتچىلەر ، ئاشپەز - ناۋايلار ، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى يۆتكەپ كېلىدۇ . ئويناش ۋاقتى بىر ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ . مۇشۇ جەرياندا ، ھېچقانداق ئادەم ئايرىلىپ قالماي ، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ھەركۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ، كەچتە قايتىپ ، چاقپەلەك ئويۇنىدا مەشرەپ ئوينايدۇ ياكى كۆڭلى خالىغان تاماشىلارنى قىلىدۇ .

چاقپەلەك مەشرىپىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ ، چاقپەلەك مەيدانىدا بىرقانچە ئۇنلىغان جايغا چېدىر تىكىپ ، سورۇن - سورۇنلاردا مەشرەپ ئوينىشىدۇ . بۇ مەشرەپ خاراكتېر جەھەتتىن باشقا مەشرەپلەردىن پەرقلىنىپ ، ئۇسۇلدىن باشقا ئويۇنلار (ئەرزىيەت ، تەقلىد ئويۇنلىرى قاتارلىق ) ئوينالمايدۇ . سورۇننى كەڭرى تۈزەپ ، بىر قېتىمدا 30 — 60 غىچە ، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلار سورۇنغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . ئويۇن شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى ، مىرۋازلار چۆچەكلىرىنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ شاراقلىتىپ تۇۋلاپ تۇرغان ، ئۇسسۇلچىلار ئۆزلۈكىدىن ئارقىمۇ ئارقا مەيدانغا چۈشۈپ ئويناپ تۇرغان ، بىر تەرەپتە يىگىت - قىزلار چاقپەلەكتە بەس - بەس بىلەن ئۇچۇپ تۇرغان ، سورۇن- سورۇنلاردا بولۇۋاتقان نەغمە سادالىرى كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ ، مۇقام مۇڭلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىپ تۇرغان ، بىر تەرەپتە بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق ئويۇنى ئويناۋاتقان ، قىزىقچىلار خىلمۇخىل ماھارەتلەر بىلەن ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ، تىجارەتچىلەر ، ئاشپەزلەر ، ناۋايلار خېرىدار چاقىرىپ تۇۋلىشىۋاتقان ، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئوغۇل - قىزلار توپ - توپ بولۇپ سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرگەن ، يېڭى جۇۋانلار يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ ، باشلىرىغا تاج ، نوھ قاداپ ، چاچلىرىغا گۆيەك ئېسىپ ، ئەتراپلارنى

ئېلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يالاپ ماڭغان بىر توپ قىز ـ چوكانلار تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ تۇرغان. نورۇز مەشرىپىنىڭ قىزىقارلىق تاماشىلىرى كىشىدە غەم ـ قايغۇدىن ئەسەرمۇ قالدۇرمايدۇ. گويا كىشىنى غەم ـ قايغۇسىز بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەگەر خەلقىنىڭ بۇ ئويۇنغا يول قويۇلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئادەت مەشرىپى دولان مەشرەپلىرىدە دائىرىسى ئەڭ كەڭ مەشرەپلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 11. قارلىق مەشرىپى

تۇنجى قار ياغقان كۈنى قارنى مۇبارەكلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بىر كىشى ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ، بىر پارچە قەغەزگە بېيىت يېزىپ، قولۇم ـ قوشنا ياكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر كىشىدىن ئەۋەتىدۇ. بېيىتكە مەشرەپتە يەيدىغان يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ، سازچى، ئۇسسۇلچى، چېلىنىدىغان ساز تۈرلىرى، ئوينىلىدىغان ئويۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىلغان بولىدۇ. بىر كىشى قارلىقنامىنى ئېلىپ، مەلۇم باھانە ـ سەۋەب بىلەن قارلىق تاشلىماقچى بولغان ئائىلىگە كىرىپ، نامىنى كىگىزنىڭ قېتىغا بولامدۇ ياكى دەرھال كۆرۈپ قالمىغۇدەك بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، خوشلىشىپ تالاغا چىققاندا، ئۆي ئىگىسىدىن سەل يىراقلىشىپ: «قارلىق بېسىۋالمىسۇن!» دەپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قارلىقنى تاپماي تۇرۇپ، قوغلاشقا بولمايدۇ ـ دە، ئۆيگە كىرىپ قارلىقنى تاپقۇچە قارلىق تاشلىغۇچى يىراقلىۋالىدۇ. شۇڭا بەزىلەر پولۇ ئېتىپ چىنىنىڭ ئاستىغا خەتنى قويۇپ، ئۈستىگە تارىشا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولۇ ئۇسۇپ ئېلىپ كىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ ئاساسەن قولۇم ـ قوشنىلار ئارا بولىدۇ.

قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، مەھەللە بويىچە سازايى قىلىپ كىشىلەرگە تاماشا قىلىپ بېرىپ ئاندىن قويۇۋېتىدۇ. تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بېرىدىغان مەشرەپنى قارلىق تاشلىغۇچى تەرەپ ئۆزى بېرىدۇ ۋە قويغان شەرتلەرنى ئۆزى ئورۇندايدۇ. ئەگەر تۇتۇلمىسا، قارلىق بېسىۋالغۇچى

www.uyghurkitap.com



قارلىقنامىدىكى تەلەپكە ئاساسەن تەييارلىق قىلىپ ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . تۇنجى قاردىن باشقا ۋاقىتتا بۇ ئويۇن ئوينالمايدۇ .

قارلىقنامىنىڭ قىلىپلاشقان شەكلى بولمايدۇ . ھەرقايسى جايد ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يازسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا قىزىقارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مىللىي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ .

دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە . بەزى رايونلاردا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۈرلەر بار . مەسىلەن ، بازار كۈنلىرى بىرقانچە ئەلنەغمىچىلەر بىرلىشىپ بىرەر چوڭ ھويلىغا كىرىپ نەغمە باشلاش بىلەن تەڭ ، بازارغا كەلگەنلەر بىردەمدىلا ھويلىغا توشۇپ كېتىدۇ . كىشىلەر داپنىڭ ئۇدارى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزلۇكسىز ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ باشلىنىپ كېتىدۇ . مىرۋازدىن بىرى چىقىپ چۈچەكلىرىنى شاراقلىتىپ :

— پالاندىن مانچە پۇل كەتتى ، پوكۇندىن مانچە پۇل كەتتى ، — دەپ توۋلاشقا باشلىغاندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۈزلۈكىدىن ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ . بۇ پۇلنى مىرۋاز تاپشۇرۇپ ئېلىپ پۇل بەرگۈچىنىڭ نامىنى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاپىرىپ نەغمىكەشلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ . مەردلىك قىلىپ پۇل ئۆرۈيدىغانلار كۆپ چىقىدۇ . بۇنىڭ بىلەن نەغمىكەشلەرنىڭ ھەققىمۇ تىرىلىپ قالىدۇ . بۇنداق مەشرەپنىڭ قاتناشچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئائىلە مەشرەپلىرى ، ئېتىز مەشرەپلىرى ، ئاشپۇزۇل مەشرەپلىرى قاتارلىق نۇرغۇن مەشرەپلەر بار . بۇلاردىن ئاساسلىقى يۇقىرىقىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھازىرقى ياشلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ .①

① مۇھەممەت ئوسمان : «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايەندىلەر» ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 - قىسىم ، (2004 - يىل ، 160 — 165 - ، 170 — 175 - بەتلەر ) .

## 2 . مەدداھلىق

مەدداھلىق — ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاش-قان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدداھلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «مەدداھ» (ۋائىز ) دەپ ئاتىلى-دۇ . مەددەھلار خەلق ئارىسىدىكى تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق سۆز سەنئەتكارلىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ئەنە شۇ مەدداھلىق ئادىتىدىن ئۆسۈپ چىققان .

مەدداھلىق — ناخشا ، مۇزىكا ۋە دراماتىك ھەرىكەتنى بىر گەۋدى-گە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭ كىشىلەر-نى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق زامانلار-دىن بۇيان مەدداھلار خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كەل-گەن . مەدداھلىق ئادىتى بولۇپمۇ خوتەن ، قەشقەر ، يەكەن ، دولان قاتارلىق جايلاردا كەڭ ئەۋج ئالغان . بازار كۈنلىرى ئاتاقلىق مەدداھ-لار تەرەپ- تەرەپتىن بۇ جايلارغا يىغىلىپ مۇۋاپىق سورۇندا بەس ـ بەس بىلەن مەدداھلىق قىلغان . چوڭ سورۇنلاردا مەدداھلىق قىلغۇ-چىلار بىر قانچە مەدداھتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرى ئاساسلىق رول ئالغۇچى باش مەدداھ ، بىر ياكى ئىككىسى «دوست تارتىپ بېرىدىغان» قوشۇمچە مەدداھ ھېسابلىنىدۇ . بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچى سازەندە ئايرىم بولسا ، بەزىدە باش مەدداھ ئۆزى ھەم مۇزىكا چالىدۇ ، ھەم ناخشا ئېيتىدۇ ، ھەم سۆزلەيدۇ . مەدداھنىڭ سۆزلەيدىغانلىرى كۆپىنچە قەدىمكى تارىخىي قىسسىلەر ، ئاتاقلىق خەلق داستانلىرى ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆ-چەكلەر ، جەڭنامىلەر ۋە بەزى داڭلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇ-نى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ھېكايە قىلغاندا خۇددى دراما ئارتىسلىرىدەك يالغۇز ئۆزى بىر قانچە پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . شۇڭا مەدداھ سورۇن تۈزمەكچى بولۇپ چاقىرىش دۇمبىقىنى ياكى ناغرىسىنى چالغان ھامان مەدداھقا ئۆگە-نىپ قالغان خەلق توپى ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال يىغىلىپ ، ئۆزلۈكى-دىن چەمبەر شەكلىدە مەيدان ھازىرلايدۇ . مەدداھنىڭ سەنئەت ماھارى-

www.uyghurkitap.com



تىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئۇنىڭ مەدداھلىق پائالىيىتى ئاخىرلاشقىچە بىرقانچە سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك كەسپلەشكەن مەدداھلىقتىن باشقا ، يەنە بەزى رايونلاردا ياشانغانلار بىرەر ئۆيگە توپلىشىپ ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قىسسە ياكى ھېكايە ئېيتىشىدىغان ، قىزىقارلىق قەدىمكى كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايدىغان ئادەتمۇ بار . مەسىلەن ، تۇرپان رايونىدىكى ياشانغانلار ئارىسىدا قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «دادۇر مەشرىپى» ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە . بۇمۇ مەزمۇن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەدداھلىقنىڭ بىر خىل تۈرى ھېسابلىنىدۇ .

مەدداھلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى مۇراسىم ۋە ھەرخىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ . قەشقەرنىڭ «ھەزرەت سەيلىسى» ، ئوپالدىكى «نورۇز بۇلاق سەيلىسى» ، يېڭىسارىدىكى «ئوردىخېنىم سەيلىسى» ، خوتەندىكى «كوھمارىم سەيلىسى» قاتارلىق كۆلەمى چوڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى مەدداھلىق بولۇپ ، مۇشۇ سەيلە مەزگىللىرىدە يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداھلار تەرەپ ـ تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ ، مىڭلىغان سەيلەچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە گەرچە ساغلام بولمىغان بەزى دىنىي تەركىبلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ خەلق سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقىتىش ۋە بېيىتىش ، خەلقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ[1] .

## 13 . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە خەلق ئويۇنلىرى

### 1 . چېلىشىش ئويۇنى

چېلىشىش — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ ،

---

[1] ئابدۇكېرىم راخمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ نىياز خۇشتار : «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل نەشرى ، 197 — 198 ـ بەتلەر .

ئىرسىيەتكە ئايلانغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادىتى بولغاچقا، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆسمۈرلىرىگىمۇ تەبىئىي تەسىر قىلغان. شۇڭا ئۇلار يەسلى يېشىغا يەتمەي تورۇپلا ئۆزئارا چېلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇلار قىش كۈنلىرى مەھەللە كويلاردىكى يۇمشاق جايلارغا، قۇم دۆۋىلىرىگە، ئەتىيازلىرى قۇرغاق سازلىقلارغا يىغىلىشىپ مەھەللە بويىچە ياكى ئارىلاشما ھالدا گورۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى گورۇپپىلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا شۇ كۈنلۈك چېلىشىش ئويۇنىنى رەتلىك باشقۇرۇپ، كۆڭۈللۈك تاماملاش ئىقتىدارىغا ئىگە سورۇن بېشى بەلگىلىنىپ، ئۇلار ئالدىن مەيدانغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلار ھەر خىل رەخت ياكى تانىلاردىن «بەلۋاغ» تەييارلاپ، باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان چېلىشىشنىڭ تۇرى ۋە شەكلى ئۈستىدە بىرلىككە كېلىدۇ. ئاندىن چېلىشىش ئويۇنى رەسمىي باشلىنىدۇ. قارشى تەرەپنى ئىككى قېتىم يىقىتقانلار ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى يەڭگۈچىلەر نوچى بولىدۇ. يەنە نوچىلارنى چېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «چېمپىيون» تاللىنىدۇ. بۇ چېلىشىش ئۇيغۇرچە بولغاچقا، ئۇنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە چېلىشىشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدىلىرىدىن سىرتقى ھەر قانداق «ئەمەل» بۇ سورۇندا چەكلىنىدۇ.

## 2. قوچقار سوقۇشتۇرۇش

ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ھەمىشە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى، يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا دائىر مۇنداق خاتىرىلەر بار: «جاق ـ جاق، جاق ـ جۇق، بۇلار قوچقارلارنى سوقۇشۇشقا ئۈندەيدىغان سۆز»، «ئۇ قوچقارنى سوقۇشىدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى». بۇ ئۇيغۇرلاردىكى قوچقار سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا ئامراق ئادەملەر ئادەتتە دائىم دېگۈدەك كۆرۈنۈشى ھەيۋەت-

لىك ، كۆچلۈك ، مۈڭگۈزى چوڭ ، سوقۇشقاق قوچقارلارنى تاللاپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا ، رىياسەتچى ئىككى قوچقارنى سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ ھەم ئۇلارنى سوقۇشۇشقا ئۈندەيدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قىزىتىدۇ . دەيدەيگە سېلىنىپ تېرىكتۈرۈلگەن قوچقارلار بىر قېتىم قاتتىق ئۈسۈشكەندىن كېيىن ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئۈسىدۇ . ئەھۋال ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ ، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قوچقار قورقۇپ ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ ، بەدەنلىرىنى ئۇيان ـ بۇيانغا تولغاپ ، بېشىنى يانغا بۇرايدۇ ياكى ئارقىغا چېكىنىپ ، ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن يېڭىش ـ يېڭىلىش مەلۇم بولىدۇ .

قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھادىسە بار : بىرەر قوچقار يۇقىرىقىدەك قورقۇش ، يېڭىلىش ھەرىكەتلىرىنى قىلسا ، يېڭىپ چىققان قوچقار ئۇنى ھەرگىز قايتا قوغلىمايدۇ ، قايتا سوقۇشمايدۇ . ئادەتتە ئۈچ قېتىم ئۇدا يېڭىپ چىققانلار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ . بەزىدە شاللاپ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ، تاللاپ چىقىلغان ئىككى قوچقار ھەل قىلغۇچ جەڭگە سېلىنىدۇ ۋە يېڭىپ چىققانلارغا مۇكاپات بېرىلىدۇ .

### 3 . چاي تۇتۇش ئويۇنى

«چاي تۇتۇش ئويۇنى» ئاساسەن ، مەشرەپلەرگە كىرىشتۈرۈپ ئوينىلىدۇ . ئۇ ، گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلياڭ ، سانجۇ قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىي پائالىيەتتۇر . بۇ خىل ئويۇن مەشرەپ داۋاملىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ، مەشرەپ بېشى ، ياكى مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچى ساھىبخان سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ، ئويۇن ـ كۈلكە تۈرلىرىنى خىلمۇخىللاشتۇرۇپ ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، بىر پىيالە چاينى بىر كۇپلېت بېيىت بىلەن خالىغان بىرىگە سۇنۇپ بېرىدۇ . چاينى قوبۇل قىلغۇچى پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا تەمشەلگەندە ، چاي

تۇتقۇچى ئۇنى ئازدۇرۇپ ، ھەرخىل ھەرىكەتلەر بىلەن ، مەسىلەن ، سۇنغان چاينى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئورنىدا بىر پىرقىرىتىۋېتىپ يەنە تەڭلەش ، قولىنى ئۇزاتقاندا چىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ، قولىنى قايتۇرۇۋالغاندا يەنە ئۇزىتىش قاتارلىق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پىيالىنى ئېلىشىغا دەرھال ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ . ئورنىدا تۇرۇپ بىر ئايلىنىپ قايتا چىنە تۇتۇشتا ، قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىر ئايلىنىپ ، قايتا تەزىم بىلەن قول ئۇزىتىشى كېرەك . بۇنداق چاغدا ، چاي تۇتقۇچى يېرىم ئايلىنىپ ، ياكى 90 گرادۇسلا بۇرۇلۇپ توختىۋالسا ، چاي قوبۇل قىلغۇچى ئۇقۇشماستىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە ، ياكى يان بىلىكىگە قول ئۇزىتىپ قالىدۇ — دە ، سورۇندا كۈلكە چىقىدۇ .

مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق قىزىقچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن ، قارشى تەرەپ چاينى قولىغا ئېلىپ ، چاي تۇتقۇچى ئېيتقان بېيىتنىڭ جاۋاب بېيىتىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن چاينى ئىچىدۇ . ئەگەر جاۋاب بېيىتنى قايتۇرالمىسا ، يا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ ، يا بىرەر مەيدان قىزىقچىلىق قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ . ھېچنەرسە قىلالمىسا ، ئۇنىڭ «جازاسى» سۈپىتىدە «تامغا سۈرتىنى تارتىش» ، «توشقان تەپتى» ، «داستىن تەڭگە سۈزۈش» ، «پالتا ـ كۆتەك» ، «بۇرنىنى شاپىلاقداش» قاتارلىق جازالار بېرىلىدۇ . ئاندىن چاي قوبۇل قىلغۇچى يېڭىۋاشتىن چاي قۇيۇپ ، يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ .

بۇ يەردىكى «سۈرتىنى تارتىش» ، «توشقان تەپتى» ، «تەڭگە سۈزۈش» ، «پالتا ـ كۆتەك» ، «بۇرنىنى شاپىلاقداش» قاتارلىقلار ئويۇن ئىچىدىكى ئويۇنلار بولۇپ ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىزىقچىلىقى ، سورۇن ئەھلىنى ھوزۇرلاندۇرۇش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ .

«تامغا سۈرتىنى تارتىش» تا ، جازالانغۇچىنى يالىڭاچلاپ ، غولىچىنى يايدۇرۇپ تامغا چاپلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ . ئاندىن ، بىرەيلەن ئېغىزىغا سوغۇق سۇ ئېلىپ ، ئۇنىڭغا قارىتىپ پۈركۈيدۇ . جازالانغۇچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، پۈركۈلگەن سۇنى ئۇنىڭ بەدىنى توسۇپ قالغان جايدا «سۈرىتى» قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com



كۆلكە چىقىدۇ .

«توشقان تەپتى» دە ، جازالانغۇچىنىڭ باش كىيىمى ئېلىۋېتىلىپ ، بەلگىلەنگەن بىرى ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ . ئالىقىنىنى جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ ، ئوتتۇرا بارمىقىنى كەينىگە قايرىپ قويۇپ ، جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ قېتىم قاتتىق چېكىدۇ. بارماق قاتتىقراق تېگىپ ، مەلۇم دەرىجىدە ئاغرىش ھېس قىلدۇرۇلىدۇ.

«تەڭگە سۈزۈش» تە ، جازالانغۇچى ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، تىزلىنىپ ، سۇ قۇيۇلغان داس ئىچىدىكى مېتال پۇلنى ئېغىزى بىلەن سۈزىدۇ . سۈزۈش بىرقەدەر قىيىن بولۇپ ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ، شۇنچە كۆلكە چىقىدۇ .

«پالتا - كۆتەك» تە ، جازالانغۇچى «كۆتەك» بولۇپ ، پەللىكىنى چىقىرىپ ئېگىلىپ تۇرىدۇ . يەنە بىرەيلەن «پالتا» قىلىنىپ ، ئىككى قول ، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ «كۆتەك» بىلەن «پالتا» نىڭ پەللىكى سوقۇشتۇرۇلىدۇ . بۇ ئويۇن بىرقەدەر قوپالراق بولۇپ ، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدۇ .

«چاي تۇتۇش» ئويۇنى بەزى جايلاردا تاماكا چېكىدىغانلار ئارا «چىلىم تۇتۇش» يولى بىلەنمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، «چاي تۇتۇش» ئويۇنىنىڭ شەكلى ئادەتتە «پوتا باغلاش» ئويۇنىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ .

4 . «توپۇق» ئويۇنى

«توپۇق» — قوي - ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ ئارقا پاچىقىدىكى «تومۇر» شەكىللىك ئۇستىخان بولۇپ ، بۇ ئويۇن ئەنە شۇ ئۇستىخاننى تۇتاشتۇرغۇچى بوغۇم ئارىلىقىدىن چىقىدىغان كەسان ئۇستىخىنىنى ۋاستە قىلىپ ، ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوينىلىدىغان «ساداقەتلىكىنى سىناش» خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئويۇندۇر .

بۇ ئويۇن مەخسۇس ئويۇشتۇرۇلمايدۇ ۋە ئالدىن پىلانلانمايدۇ . پەقەت گۆش يېيىشىۋاتقاندا داستىخان ئۈستىدە قولىغا ئالغان گۆشتىدە توپۇق بارلىقىنى بىلگەن بىرى ، ئالغان گۆشنى يېمەستىن ، ئۆز كۆڭلىگە يېقىن بىر كىشىگە تۇتىدۇ . بۇ چاغدا ، ئۇنىڭ مۇددىئا-

سى مەخپىيرەك بولىدۇ . قارشى تەرەپ گۆشنى قوبۇل قىلىپ ئالغان-دىن كېيىن ، گۆشنى بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىغا : «توپۇق كەتتى» دەپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە توپۇق بەر-گەنلىكىنى بىلىدۇ . يۇنىڭغا ئەتراپتىكىلەر گۇۋاھ بولغان بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، قوبۇل قىلغۇچى ھېلىقى گۆشنى يەپ ، توپۇقنى چىقىرىپ پاكىز قىرىپ يېنىغا سېلىۋالىدۇ . ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندە توپۇق بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىنى «ئۇنتۇپ قالدى» ياكى «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن : «توپۇ-قۇمنى بەرسىلە» دەپ تۇتىدۇ . بۇ چاغدا ، قوبۇل قىلغۇچى شۇ مەيداندا توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلىسە ، قوبۇل قىلغۇچى يەڭگەن ، بەرگۈچى يېڭىلگەن بولىدۇ . نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە چىقىرىپ بېرەلمىسە ، قو-بۇل قىلغۇچى يېڭىلگەن ، بەرگۈچى يەڭگەن بولىدۇ . ئويۇن تۈسىنىڭ قىزىقارلىق ، ئۇشتۇمتۇتلىقىنى كۆزلەپ ، توپۇقنى نەقلەشتۇرۇش ۋاق-تى ، شارائىتى ، ئورنى ئالاھىدە پىلانلىنىدۇ . بەزىلەر كېچىسى ئۇخلا-ۋاتقاندا ، بەزىلەر سۇغا چۈمۈلۈۋاتقاندا ، ئىشقىلىپ ، توپۇقىم يېنىدا يوق ، دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنى سورايدۇ . لېكىن قوبۇل قىلغۇ-چىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئاشۇ مۆلچەرىگە قارشى توپۇقنى ئىمكانقەدەر يېنىدىن ئايرىماي ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى يوشۇرۇپ ، قارشى تەرەپتە «توپۇقىم يېنىدا يوق» دېگەن خاتا سېزىمنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، توپۇق سۆيلەنگەن ھامان يا قايتۇرۇلىدۇ ، يا ئېھتىياتسىزلىق ، پەرۋاسىزلىق تۈپەيلىدىن يېنىدىن ئايرىپ قويۇپ ۋاقتىدا بېرەلمەيدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يېڭىش ـ يېڭىلىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ . يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلىپ بولغان-دىن كېيىن ، يېڭىلگۈچى قارشى تەرەپكە مەخسۇس تەييارلىقلار بىلەن زىياپەتلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ . بۇ ئويۇندىكى توپۇق قەدىم-كى زاماندا بىر توپاق (كالا ) غا تەڭ بولۇپ ، يېڭىلگەن كىشى بىر توپاق سويۇپ زىياپەت بېرىدىغان ئادەت بار ئىدى . ئويۇن مۇھەببەتداش-لار ، ياكى ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولسا ، يەڭگۈچىگە مەلۇم نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىش بىلەن شەرتى ئادا بولىدۇ . زىياپەت ، مەشرەپ بېرىلمەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ئويۇننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئاشۇ ئويۇن ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، دوست - بۇرادەر، ئەر - خوتۇن، مۇھەببەتداشلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، سېغىنىش، ياد ئېتىش تۇرۇش ئىپادىسى سىنالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئويۇن ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئەستە ساقلاش، ھوشيارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

### 5. «قوشماق ئاداش» ئويۇنى

«قوشماق ئاداش»— قوش مېغىزلىق ئۆرۈك مېغىزى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن «توپۇق ئويۇنى» غا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئادەتتە بۇ ئويۇننى ئۆيغۇر ئۇ، ئادەتتە ئىككى كىشى ئوينايدۇ.

«قوشكېزەك» چىققان ئىككى مېغىزنى ئىككى دوست بىردىن يەيدۇ. ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىپ، تەبىئىي بۇنىڭ مەلۇم شەرتى بولۇپ (چوڭلار مەلۇم بىر ماددىي سوۋغات ۋەدىسى بىلەن، باللار مەلۇم ساندىكى چېقىلغان مېغىز بىلەن)، يېڭىلگۈچى يەڭگەن كىشىگە سوۋغات بېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ خىل شەكىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى، مەلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت توشقان كۈنى قوشماق مېغىز يېيىشكەن ئىككى كىشى بىر - بىرىنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەۋېلىشى كېرەك. ئاشۇ سۆزنى كىم بۇرۇن دەۋالسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. يېڭىلگۈچى باشتا قىلىشقان ۋەدىسىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. ئىككىنچى خىلى، «ھەمۇ - ھە» نى شەرت قىلىپ ئوينىلىدۇ. بۇنىڭدا، قوشماق مېغىز يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى قەستەن چاقىرىدۇ. چاقىرىلغۇچى تەرەپ «ھە» دەپ سالغان ھامان، چاقىرغۇچى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ ئۇنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جاكارلاپ قويىدۇ. «ھە» دەپ سالغۇچى يېڭىلگەن بولۇپ ۋەدىسىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچى نۇقتا، چاقىرىقىقا جاۋاب بېرىپ قويۇش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئىمكانقەدەر «ھە» دېمەسلىككە

ھەمدە قارشى تەرەپنى «ھە» دېگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇچىنچى خىلى، «قولمۇ قول» دىن يېيىش بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قوشماق مېغىز يېيىلگەن مىنۇتتىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىرى ئۇزاتقان بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قالسا، نەرسە بەرگۈچى دەرھال: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ نەرسە ئېلىپ سالغۇچىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جاكارلايدۇ - دە، يېڭىلگۈچى شەرتىنى (ۋەدىسىنى) ئورۇندايدۇ. بۇنىڭدىكى يېڭىش - يېڭىلىش، قارشى تەرەپ ئۇزاتقان نەرسىنى ئېلىش - ئالماسلىقتا ئايرىلىدۇ.

## 6. چامغۇرچەك ئويۇنى

بۇ، ئاساسەن ئۇيغۇر يېزا بالىلىرى كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىن تاشقىرى، مەلۇم ئىجتىمائىي تۇسىمۇ بار.

بۇ ئويۇندا بىر توپ بالا بىر تال موما (دەرەخ ياكى تۇۋرۇك) نى نۇقتا قىلىپ، بىرى ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. قالغانلىرى بىرىنىڭ بېلىگە بىرى گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، بىر گىرەلەشمە سەپ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سەپ مەلۇم بىرەيلەننىڭ «چامغۇرلۇقى» بولۇپ، يەنە بىرەيلەن «خانىنىڭ ئەلچىسى» بولىدۇ.

«ئەلچى» سەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاقساپ كېلىپ «چامغۇر ئىگىسى» دىن: «خانىنىڭ قىزىنىڭ تويى بوپتىكەن، بىر باش چامغۇر بەرسۇن، دەيدۇ» دەپ سورايدۇ. «چامغۇر ئىگىسى» بەرمەسلىكىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: «چامغۇر ئەمدى تۆت قۇلاق بولدى. باشلانغاندا كەلسىلە» دەيدۇ. «ئەلچى» ئاقسىغان پېتى قايتىپ كېتىپ، يەنە شۇ ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بايىقى گېپىنى تەكرارلايدۇ. «چامغۇر ئىگىسى» ئىمكانقەدەر بەرمەسلىكىنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يەنە قايتۇرۇۋېتىدۇ. كېلىپ - كېتىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، «چامغۇر ئىگىسى» «ئوتاپ - سوُلاپ يۇلۇۋالسىلا» دەيدۇ. «ئەلچى» بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇپ ئولتۇرغان پۇتىنى: «ئوتىدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇلىدىم ، ئۇتىدىم ، سۇلىدىم••• » دەپ تەكرارلىغىنىچە ، بىر قېتىم
ىدىن تۇتۇپ ـ سىلاپ چىقىدۇ . ئاندىن ئاخىرقى بالىدىن («چامغۇر
دىن ) باشلاپ «يۇلۇش» قا باشلايدۇ . قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان بالىلار
دىن كىمنىڭ قولى ئاجراپ كېتىپ «يۇلۇنۇپ» كەتسە ، شۇ بالا ئاقسا
ئەلچى بولۇپ ، چامغۇر تىلەپ كېلىدۇ . باشقا بالىلار يەنە «چامغۇر
بولۇۋېرىدۇ . ئويۇن تاكى بالىلار زېرىكىپ ، باشقا ئويۇنغا يۆتكەلگەنگە
قەدەر داۋام قىلىدۇ .

بۇ ، بىر قەدىمىي بالىلار ئويۇنى بولۇپ ، بۇ ئويۇندا بىر تەرەپ
تىن ، «خان» دىن ئىبارەت ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دېھقانلار
غا سالغان ئالۋان ـ ياساقلىرى مەسخىرە قىلىنسا ، يەنە بىر تەرەپتىن
بالىلارنىڭ بىلەك كۈچىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ . بۇ ئويۇن-
نى دېھقان بالىلىرى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ۋە كۆپ ئوينايدۇ .

### 7 . ئالارغاز ئويۇنى

بۇمۇ ئۇيغۇر بالىلىرى ، خۇسۇسەن يېزا ـ قىشلاق بالىلىرى كۆپ
ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى بولۇپ ، شەكىل جەھەتتىن «چام-
غۇرچەك» ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . يەنى ، بىر توپ بالىلار بىرىنى
«توپ بېشى» قىلىپ بەلگىلەپ ، شۇ بالىدىن باشلاپ بىر ـ بىرىنىڭ
پېشىنى تۇتقىنىچە ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ . بىرى «ئالار-
مەن» بولۇپ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە توپ بېشىدىكى بالىغا : «بالا ، بالاڭنى
نەگە ئاپىرىسەن ؟» دەپ سوئال بېرىدۇ . توپ بېشى «سۇغارغىلى
ئاپىرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئالارمەن : «مېنىڭ كۆلۈمدە سۇغار-
مامسەن ؟» دەيدۇ . توپ بېشى : «سېنىڭ كۆلۈڭدە نىجاسەت بارىكەن»
ياكى «سۈيى پاسكىنىكەن» دېگەندەك قۇسۇرلارنى تاپىدۇ . ئالارمەن
يەنە : «تۇنۇگۈن قەنت سېلىپ قويغان ئىدىمغۇ ؟» ياكى «سۈيىنى
يېڭىلاپ قويغان ئىدىمغۇ ؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ .
توپ بېشى بولسا ، ئۇنى چۆكۈرۈپ ، ئەتەي ئاچچىقى كېلىدىغان باھانە-
لەرنى قويىدۇ . ئاخىرى ئالارمەن : «بالاڭدىن بىرنى بەرمەمسەن ؟ »
دەيدۇ . توپ بېشى : «يامان بولساڭ ئالمامسەن ؟» دەيدۇ . ئالارمەن
توپ كەينىگە يۈگۈرەيدۇ . توپ بېشى قوللىرىنى كېرىپ ، ئۇنىڭ

ئالدىنى توسۇپ، توپ كەينىگە ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئالارمەن ئىككى يېنىدىن توپ كەينىگە «خىرىس» قىلىدۇ. توپ بېشى توسۇش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا يۈگۈرەيدۇ. كەينىدىكى بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگە-شىپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ، پەش تۇتۇشۇپ تۇرغان بالىلار سىپىدە ئەگرى - بۈگرى ھالەت شەكىللىنىدۇ. بالىلار قىيىپ - قىيىپ كۈلىدۇ. ئالارمەن بىر ئامال قىلىپ سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بالىلار-نى بىر - بىرلەپ ئاجرىتىۋېلىشقا باشلايدۇ. ئېلىپ بولغانلىرىنى بىر ياقىدا قاتار ئولتۇرغۇزۇپ «ئۆتۈك تىكىش» كە سالىدۇ. بالىلار قول ھەرىكىتىنى ھەرخىل قوشاقلارغا ماس كەلتۈرۈپ، «ئۆتۈك تىكىش» نى دورايدۇ. ھەممە بالىلار ئاجرىتىۋېلىنىپ «ئۆتۈك تىكىش» كە قاتارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالارمەن بىر باشتىن «ئۆتۈك ساتقان پۇل قېنى؟» دەپ سورايدۇ. «ماۋۇنىڭغا بەردىم» «بۇنىڭغا بەردىم» دېيىشىپ بىر - بىرىگە دۆڭگەيدۇ. نۆۋەت ئاخىرقى بالىغا كەلگەندە: «ئۆتۈك ساتقان پۇلغا خوتۇن ئالدىم» دەپ قويۇپ قاچىدۇ. باشقىلار بۆك - تۇماقلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇرغىنىچە «باي - باي، باي…» دېيىشىپ قوغلايدۇ. قاچقان بالا مەلۇم دائىرىنى بىر ئايلىنىپ، ئەس-لىي ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىلا ئۇرۇش توختاپ، ئويۇن قايتا داۋاملىشىدۇ. ياكى باشقا ئويۇنغا يۆتكىلىدۇ.

## 8. دۇم - دۇم ئويۇنى

بۇ ئويۇنمۇ بالىلار ئىچىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، بالىلارنىڭ زېھنىي ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بۇ ئويۇننى ئادەتتە، ئۈچتىن ئارتۇق بالا بىر بولۇپ ئوينايدۇ. بىرى «ئاكا»، بىرى «بالا»، بىرى «قاغا» بولىدۇ. «قاغا» مۆكۈ-دۇ، «ئاتا» «بالا» نى تىزى ئۈستىگە دۇم ياتقۇزۇپ كۆزىنى يۆگەيدۇ: «قاغا» مۆكۈپ بولغىچە، بالىنىڭ دۇمبىسىگە يېنىك - يېنىك نو-قۇپ، تۆۋەندىكى سوئال - جاۋابنى ئورۇندايدۇ.

— دۇم - دۇم!

— لەۋەي - لەۋەي.

— ئاناڭ نەدە؟

— ئاشخانىدا (بەزىدە «سامانلىقتا» دەيدۇ) .
— نېمىش قىلىدۇ ؟
— ئاش ئېتىدۇ .
— قېنى ، ماڭا قويغان ئاش ؟
— تام تۆپىسىدە قويسام ، قاغا ئېلىپ قېچىپتۇ .
— ماڭ ، قاغىنى تاپ !

«بالا» «قاغا» نى ئىزدەيدۇ . ئەگەر مۆككەن جايدىن ئۇنى تېپىۋېلىپ ، تۇتۇپ كېلەلىسە ، ئىككى ئورۇن ئالمىشىپ ئويۇننى قايتا باشلايدۇ .

«قاغا» تۇتۇق بەرمەي ، «ئاتا» قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالسا ، ھېلىقى «بالا» داۋاملىق كۆزىنى يۇگەپ ياتىدۇ . «قاغا» داۋاملىق مۆكىدۇ . تۇتۇۋالسا ئالمىشىدۇ . تۇتالمىسا ، تاكى تۇتقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ[1] .

## 9 . ئودىكام (ئوردا كۆچ ـ كۆچ)

بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى . بۇنىڭدا يەرگە قاتار ـ قاتار ئورەك كولىنىپ ، پومزەكنى دومىلىتىپ ئورەككە چۈشۈرۈپ ئوينىلىدۇ .

## 10 . پاپۇز ئويۇنى

پاپۇز — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەت ئويۇن تۈرى . ئادەم سانى تەڭ بولغان ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بىر گۇرۇپپىدا ئادەتتە يەتتىدىن توققۇزغىچە ئادەم بولىدۇ . مۇسابىقە سورۇنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەم سانىغا ياكى يەر شەكلىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ . ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن سورۇننىڭ ئەڭ چەت سىزىقىنى بېكىتىپ ، ئۇ يەرگە ئىككى نەرسىنى بەلگە قىلىپ دەرۋازا قىلىدۇ . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرى قوللىرىغا ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر ، بىر ئۇچى 15—20 سانتىمېتىرچە ئېگىلگەن پاپۇز تايىقىنى قولىغا ئالىدۇ . مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭلۇقى 20 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان كىچىك چەمبەر سىزىلىپ توپ باشلاش ئور-

---

[1] ئابدۇقادىر سادىر : «ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن تەرمىلەر» ، «مەيراس» ژۇرنىلى ، 2001 ـ يىل 5 ـ سان ، 36 — 39 ـ بەتلەر .

نى قىلىنىدۇ . مۇسابىقىنى باشلاشتا قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان يۇمى-
لاق پاپۇز توپى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەر ئىچىگە قويۇلۇپ ،
ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى توپ تالىشىپ ، توپ چەمبەردىن ئۇرۇپ
چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بەس - بەس
بىلەن تالىشىپ ، توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ
كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ ، غەلىبە قازىنىش ياكى ئۇتتۇرۇش دەرۋازىغا
كىرگەن توپ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ . ئەگەر
ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىپ قالسا ، مۇسابىقە ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولى-
دۇ . مۇسابىقە ۋاقتىدا ، ئىككى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ توپنى بەدىنى
بىلەن توسۇشىغا ، قارشى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە ئۇ-
رۇشقا بولمايدۇ . تاياقنى توپ ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرگەن ئېگىزلىك
بەلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . بۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ
ھەرىكەت مىقدارى زور ، تىركىشىش كۈچى كۈچلۈك ، قىزىقارلىق .
شۇڭا ، ياشلار ، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئەۋج ئالغان .

## 11 . غۇژژەك ئويۇنى

غۇژژەك ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە پىلدىرلىغۇچ ، نۇر ، تاياق قېپى ، زەدىكىشاك ئويۇنى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ ئويۇن ئۇيغۇر ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى قىش كۈنلىرى ئەڭ كۆپ ئوينايدى-
غان بىر خىل ئاممىباب ئويۇندۇر .

غۇژژەك ئاساسلىقى ياغاچتىن ، ئايرىملىرى تۆمۈر ، تاش قاتار-
لىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ . يەنى ئايلانمىسى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا
كېلىدىغان ، دىئامېتىرى 5 — 6 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ ياكى
باشقا نەرسىلەر قىرغۇچ ئەسۋابلار ئارقىلىق بىر تەرىپى ئۇچلۇق ،
ئوتتۇرىسى بەلدەم ، يەنە بىر تەرىپى يۇمىلاق قىلىنىپ چامغۇر شەكلى-
گە كەلتۈرۈلىدۇ ، ئاندىن ھەربىر بالىنىڭ بوي تۇرقىغا ماس قامچا
تەييارلىنىدۇ ، بۇ قامچىنىڭ دەستىسى تاياق ياكى چىۋىق تۆمۈردىن ،
قامچا قىسمى تانا يىپ ياكى قىيىندا تۇرىدىكى نەرسىلەردىن قىلىنى-
دۇ . بالىلار غۇژژەك ۋە قامچىلارنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ، مەھەللە
كويلاردىكى قېلىن مۇز تۇتقان كۆل ، دەريا ياكى سۇ سېپىپ مۇزلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىلغان تەكشى يەرلەرگە ۋە سىلىق ئاسفالت ئۈستىگە جەم بولۇشۇ
ئىككىدىن بولۇپ مۇسابىقىلىشىپ ئوينىشىدۇ .

ئۇلارنىڭ مۇسابىقىسى مۇنداق ئىككى خىلدا بولىدۇ . بىرىنچ
خىلى ، كىمنىڭ غۇززىكىنىڭ ئۇزاق پىرقىرايدىغانلىقىنى ئايرىپ چ
قىدۇ ، ئوينىغاندا قامچا بىلەن ئۇرۇش ، توختىتىلغاندىن كېيىن ئەا
ئۇزاق پىرقىرىغان غۇززەك «ساقا» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىككىنچى خىلى ، ئىككى تەرەپ غۇززەكلىرىنى سوقۇشتۇرۇپ ۋە
سىنايدۇ ، كىمنىڭ غۇززىكى قاڭقىپ كەتسە ياكى پىرقىراشتىن توخ
تىسا شۇ غۇززەك يېڭىلگەن بولىدۇ . بۇنداق بەسلىشىش «سەركەردە،
لىك تالىشىش دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇ ئويۇن بالىلارنى چېنىقتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ساغلام ، غەيرەتلىك
ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ . كۆز ، پۇت ـ قول ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ
ھەرىكەتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ .

### 12 . چالما ئېتىپ ئويناش

بۇ ئويۇن پەقەت باھار پەسلىدە ، يەنى دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ
يۈگۈرگەن ، يېزا ـ قىشلاقلاردا سۆگەتنىڭ شاخلىرى كېسىلىپ ،
ئۇنىڭ قوۋزاقلىرى سويۇپ تاشلانغان مەزگىللەردە ئوينىلىدۇ . ئويۇنغا
كېرەكلىك مۇھىم ماتېرىيال بولغان قوۋزاق سېرىق سۆگەتنىڭ يېڭى-
دىن كېسىلگەن شاخلىرىدىنلا ئېلىنىدۇ . باشقا دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى
بۇ ئويۇنغا ماس كەلمەيدۇ . ئويۇن ئوينىلىشتىن ئىلگىرى سۆگەتنىڭ
7 ـ 8 سانتىمېتر كەڭلىكتىكى بىر يېرىم مېترلىق قوۋزىقى ئىككى
قاتلىنىپ ئۇنىڭ ئارىلىقىغا چالما ئېلىنىپ مەلۇم ئارىلىققا يەتكۈزۈش
مەقسىتىدە ئېتىلىدۇ . شىلتىغاندا قوۋزاقنىڭ بىر ئۇچى قويۇپ بېرى-
لىدۇ . بۇ ئويۇندا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قايسى بالا ئاتقان چالما يېتىپ
بارسا شۇ بالا ئۇتقان بولىدۇ .

### 13 . چالما تىقىش ئويۇنى

بالىلار بۇ ئويۇندا رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرۇپ ، خالىغان بىرى
چالما تىققۇچى ، يەنە بىرى ئۇ چالمىنى تاپقۇچى بولىدۇ . قالغانلار

رەتلىك سەپ تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. ئويۇنغا ھازىرلانغاندىن كېيىن چالما تىققۇچى بالا ئۇچكىدەك بىر تال چالمىنى چاڭگىلىغا يوشۇرۇپ، ئولتۇرغان باشقا بالىلارغا تۇيدۇرماسلىققا تىرىشىپ، چالما بار قولىنى ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قويىنىغا ياكى ئېتىكىگە بىر - بىرلەپ سېلىپ - ئېلىپ، چالمىنى خالىغان بىرىدە قالدۇرىدۇ. چالمىنى كىمدە قالدۇرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قولى ھەربىر بالىنىڭ قويىنىغا ياكى ئېتىكىگە بىر - بىرلەپ كىرىپ - چىقىشى كېرەك. بۇ جەريان تۈگىگەندىن كېيىن، ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان چالما تاپقۇچى، بالىلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، كۆز ھەرىكىتى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىكى ئالامەتلىرىگە قاراپ، پەرەز ياكى گۇمان بويىچە مەلۇم بىرىدىن «چالمىنى بېرىڭ» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر چالمىنى گۇمان ياكى پەرەز ئارقىلىق تاپالىغان بولسا، قويىندىن چالما چىققان بالا بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. بولمىسا يەنە ئۆزى ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

## 14. سوزماق ئېتىپ ئويناش

ئۇيغۇر ئوغۇل ئۈسمۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئامراق ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. ئايلانمىسى 5 — 6 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 — 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر تال ئاچا ياغاچنىڭ ئاچا تەرىپىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى تال رېزىنكە ئىنچىكە سىم بىلەن ياكى يىپ بىلەن چىڭ چىگىلىدۇ. ھەر ئىككى تال رېزىنكىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئىككى تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلغان تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى سەككىز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە خۇرۇم ياكى رېزىنكىگە چېتىلىدۇ. بۇ «سوزماق خالتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بالىلار سوزماقنى ياساپ بولغاندىن كېيىن يەرلىك چىلان چوڭلۇقىدىكى يۇمىلاق تاشلارنى تېرىپ ئۇنى سوزماققا «ئوق» قىلىدۇ. بۇ ئورۇندا بالىلار ئۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «ئوڭ» ياكى «سول» قولىدا سوزماق ئاچىسىنى، يەنە بىر قولىدا سوزماق «خالتىسى» نى تۇتۇپ يانچۇقتىكى «تاش ئوق» لارنى بىر تالدىن ئېلىپ سوزماق خالتىسىغا سالىدۇ - دە، تاش ئوق سېلىنغان خالتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەيدىسى تەرەپكە ، ئاچا تۇتقان قولىنى نىشان تەرەپكە قارىتىپ ، ھە
ئىككى قولىنى مۇرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆزى بىلەن بىر تەكش
لىككە توغرىلاپ ، بىر كۆزىنى بىر ئاز قىسىپ تۇرۇپ نىشاننى قار
ئېلىپ ، ئوق خالتىنى تۇتقان قولىنى قويۇپ بېرىدۇ . بۇ ئوقنى
نىشانغا تېگىش ـ تەگمەسلىكى ئاساسەن سوزماق ئويۇنغۇچى بالىنى
قارىغا تولۇق ئالغان ـ ئالمىغانلىقىغا باغلىق .

## 15 . ئارغامچىدىن ئاتلاش ئويۇنى

بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىغا تارقىلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇ
زۇن بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ . بۇ ئويۇن يىل بويى قىز ـ ئوغۇللار تەرىپىدىن پاكىز ، تەكشى
مەيدانلاردا ئارغامچىنى ۋاستە قىلىپ ئوينىلىدۇ . ئويۇندا ئۈچ بالا
بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، 3 — 4 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر ئارغامچا تەييار-
لايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇچىدىن تۇتۇپ ، يەردىن يېرىم
مېتىر ئېگىزلىكتە ئوڭ ـ سولغا ئاستا پۇلاڭلىتىدۇ ، يەنە بىرى ئارغام-
چىغا پۇتلاشماسلىق شەرتى بىلەن ئارغامچا ئۈستىدىن ئوڭدىن سولغا ،
سولدىن ئوڭغا ھەرخىل شەكىل چىقىرىپ ئاتلايدۇ . مۇنداق ئويۇن
كۆرسىتىش نۆۋىتى ئۈچ بالىغا ئايرىم ـ ئايرىم بېرىلىدۇ . ئارغامچىدىن
ئاتلاۋاتقان بالا ئاتلىيالماي قالسا ، ئاتلاش نۆۋىتى يەنە بىر بالىغا
كېلىدۇ . قايسى بالا ئارغامچىغا پۇتلاشماي ، ھەرخىل شەكىل ئارقىلىق
قانچە ئۇزاق ئويۇن كۆرسەتسە ، نەتىجە شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ .

## 16 . ياغلىق تاشلاش ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى . بۇ ئويۇندا
10 — 15 بالا دۈگىلەك بولۇپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ
ھەربىرىنىڭ ئارىلىقى 30 — 50 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن
كەڭ ياكى تار ئارىلىق قالسا چەمبەر ھەم كېلەڭسىز ھەم يۇگۇرۈپ
ئايلىنىشقا بىئەپ بولۇپ قالىدۇ . ياغلىق تاشلاش ئويۇنىدا بىر بالا
توقماق قىلىپ چىگىلگەن باش ياغلىقنى ئېلىپ چەمبەرنى بىر نەچچە
قېتىم ئايلىنىدۇ ـ دە ، تازا زەن سالماي ئولتۇرغان بىر بالىنىڭ

ئارقىسىغا ياغلىقنى تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئايلىنىپ كەلگۈچە ھېلىقى بالا تۇيۇپ قالسا كەينىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ دۈگىلەكنى ئايلىنىپ ئويۇننى يۇقىرىقى مەزمۇندا داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر تۇيماي ئولتۇرۇۋەرسە، ياغلىق تاشلىغان بالا كېلىپ، ئۆزى تاشلىغان ياغلىقنى قولىغا ئالىدۇ - دە، تۇيمىغان بالىنى ئۇرۇپ دۈگىلەكنى بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن توقماق يېگەن بالا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆز «گۇناھىنى» يۇيۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ.

## 17. مۆكمۆكىلەك ئويۇنى

بۇ ئويۇن ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرى ئەزەلدىن سۆيۈپ ئوينايدىغان بىر خىل سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئويۇن بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بېكىتى - بۆكتى» دەپ ئىستېمال قىلىنغان. ھازىر بۇ ئويۇننىڭ «ئاتانەك»، «مۆكۈشمەك» دېگەنگە ئوخشاش ۋارىيانتلىرىمۇ بار. بۇ ئويۇننى ئادەتتە كەچ كۈز ۋە ئەتىياز پەسىللىرىنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى ئوغۇللار ئوينايدۇ. ئۇلار كۆپىنچە 5 - 6 ياكى 10 نەچچە بالا توپلىشىپ، ئۆز ئىچىدىكى ئىككى بالىنىڭ رەمبۇت ئېلىشى ئارقىلىق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى تەرەپ «ئانا» لارنىڭ پۇتۇشۇشى بىلەن مەلۇم ئورۇننى «ئوردا» قىلىپ بېكىتىپ (ئىمكانقەدەر بىرەر تۈپ دەرەخ بولغىنى ياخشى)، بەلگىلەنگەن چوڭلۇقتا چەمبەر سىزىپ قويىدۇ. رەمبۇتتا تۇنجى قېتىم بالا تاللىغان تەرەپ ئەزالىرى ئوردىدا قېلىپ، قارشى تەرەپ ئەزالىرى مەلۇم ئارىلىقتا بېرىپ مۆكىدۇ. ئوردىدا قالغان تەرەپ ئۇلار مۆكۈۋالغۇچە قارىماستىن ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىدۇ. بىرەر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن (مۆككۈچىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى بېسىققاندا) ئاندىن ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ مۆككۈچىلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ئوردىنى ساقلاپ تۇرۇپ مۆككۈچىلەرنىڭ ئوردىغا كىرىشىنى توسىدۇ. بۇ ئويۇندىكى شەرت: مۆككۈچىلەر قارشى تەرەپ ئەزالىرى ئوردىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي، تېزدىن ئوردا

www.uyghurkitap.com



ئىچىگە كىرىپ «ئاتانەك» دېگەن سۆزنى ئۈنلۈك جاكارلاش بىلە
ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرىغا بىلد
رۈش، بولۇپمۇ قارشى تەرەپتىكى ئوردا ساقلىغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇ
لازىم. ئوردا ساقلىغۇچىلارقارشى تەرەپ ئەزالىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارن
بېشىغا بوش - بوش ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «پاخشە» بولغانلىق
نى ئۆزى ۋە قارشى تەرەپ باشلىقلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇ ئارقىل
ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى پۈتكۈل گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئوردا ساقلاش مە
بۇرىيىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ ئويۇندا ئوردىدا قالغان تەرەپنىڭ ئەز
لىرى مۆككۈچى تەرەپنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتمىغۇچە ئور
ساقلاش ئالماشمايدۇ. ئەگەر مۆككۈچى تەرەپنىڭ بىر ئەزاسىلا ئوردى
كېلىپ «ئاتانەك» قىلىۋالسا ئوردا ساقلىغۇچىلار كېيىنكى ئويۇندىم
يەنە ئوردا ساقلايدۇ. ئۇنداق بولماي ئوردا سىرتىدا مۆككۈچى تەرەپ
نىڭ ھەممە ئەزالىرىنى تۇتۇۋالسا، ئاندىن مۆكۈش پۇرسىتىگە ئېرە
شەلەيدۇ. ئويۇن مۇشۇ يول بىلەن داۋاملىشىدۇ.

## 18. تاقمۇ - جۈپمۇ ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئامراق ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى
ئۇنىڭدا باللار مېغىزى تاتلىق ئۆرۈكلەرنى يېگەندىن كېيىن ئۇرۇق-
چىسىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە مەخپىي ھالدا سىقىمدىۋال-
غان ئۇرۇقچىنى «تاقمۇ - جۈپمۇ» دەپ سورايدۇ. قارشى تەرەپتىكى
بالا ئالىقىنىدا ئۇچكە تۇتقان بالىنىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمىنى مىجىقلاپ
بېقىش، قول تېرىسىنى تۇرۇپ كۆرۈش ۋە تەخمىنەن پەرەز قىلىش
ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى ئۇچكىنى «تاق» ياكى «جۈپ» دەپ
ھۆكۈم قىلىدۇ. ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ دېگىنى توغرا بولسا، ئۇ ئۇتقان
بولىدۇ ۋە ئويۇننى ئۆزىدىن باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكۈمى خات
بولسا «تاق» ياكى «جۈپ» نى تولۇقلايدۇ. ئۇتتۇۋالغان تەرەپ يەنە
داۋاملاشتۇرىدۇ.

## 19. ياڭاق سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى

بۇ ئويۇن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئېيتىد-

خارلىق بىلەن تىلغا ئېلىنغان . ئالىم ئۆز ئەسىرىدە : «ئەنەچلىك — ياغاق سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئۇچۇن كولانغان ئورەك ، ياغاق سوقۇش-تۇرۇش ئۇچۇن تەييارلانغان… » دەپ ئىزاھلىغان . ياغاق سوقۇشتۇ-رۇش ئويۇننى بىر مەيداندا بىرلا ۋاقىتتا پەقەت ئىككى بالا ئوينايدۇ . كىمنىڭ ئوينىشىنى بالىلار ئۆزى بەلگىلەيدۇ . ئاۋۋال ياغاق تىزىش ئۇچۇن ئورەك كولايدۇ . بۇ ئورەككە ئۇدۇل قىلىپ ئون نەچچە مېتىر ئارىلىقتا بىر بالا ئۆرە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلغۇدەك چەمبەر سىزىدۇ . ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئورەك بىلەن چەمبەر ئارىلىقىدا — ئىككى قاس-ناقتا تۇرىدۇ . ئويۇن رەسمىي باشلىنىش ئالدىدا بۇ نۆۋەت ئوينىماقچى بولغان بالىنىڭ بىرى باشقىلاردىن يوشۇرۇن ھالدا ئىككى ئالقىنىنىڭ بىرىگە بىر نەرسە ئېلىپ ھەر ئىككىسىنى مەھكەم تۈگۈپ ئۆزى بىلەن ئوينىماقچى بولغان بالىغا تەڭلەپ ، نەرسە بار ئالقىنىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى سورايدۇ . ئەگەر قارشى تەرەپتىكى بالا بىر نەرسە بار ئالقىنىنى تاپالىسا چەمبەرگە كېلىپ ياغاق ئېتىشقا ھازىرلىنىدۇ . بولمىسا ياغاق ئورىكىگە بېرىپ بەش تال ياغاقنىڭ تۆت تېلىنى ئاستى-غا ، بىر تېلىنى ئۈستىگە قىلىپ تىزىدۇ ، ياغاق تىزغۇچى بالا ئورەك-نىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى تەرەپ ھەرىكىتىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ، ياغاق ئېتىش ئۇسۇلى ، ئۆز ياغىقىنى سوققان ـ سوقمىغان-لىقىغا دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ . ياغاق ئاتقۇچى (ئورەككە تىزىلغان ياغاقنى سوققۇچى ) بالا چەمبەر ئىچىدە تۇرۇپ چەمبەرنىڭ سىزىقلىرى-غىمۇ دەسسەپ تاشلىماسلىق شەرتى بىلەن ئۆز قولىدىكى ياغاقلارنى ئورەكتىكى ياغاقلارغا قاراپ بىر ـ بىرلەپ ئاتىدۇ . ئېتىش ئۇسۇلى پەقەت بىر خىل بولىدۇ . ئوڭ پۇتنى ئالدىغا چىقىرىپ ئوڭ قولىنىمۇ پۇتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئالدىغىراق سوزۇپ ئاتىدۇ . باشقا ئۇسۇلدا ئې-تىلسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ . چەمبەر ئىچىدىكى بالا ئاتقان ياغاق تىزىل-غان ياغاققا تەگمەي قالغاندا ئورەك بېشىدىكى بالا چەمبەردىكى بالا بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ . ئەگەر چەمبەردىكى بالا ئاتقان ياغاق تىزىلغان ياغاققا تېگىۋەرسە ئورەكتىكى بالا ھەر بىر قېتىم تىزىلغان بەش تال ياغىقىنى قارشى تەرەپكە بېرىپ زاپاس ياغىقىنى يەنە تىزىدۇ . چەمبەردىكى بالىنىڭ ئاتقان ياغىقى تەگمەي قالسا ، تەگمىگەن بۇ ياغاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورەكتىكى بالىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسى زاپاس ياڭىقى بۇرۇن تۇگىسە شۇ يېڭىلگەن بولۇپ، ئۆز ئورنىنى با... ھەۋەسكارلارغا بوشىتىپ بېرىدۇ.

## 20. ئاق سۆڭەك ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل داۋا... لاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل مەنىلىك ئويۇن. بۇ ئويۇن بۇندى... ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا خېلى ئومۇملاشقاچقا، پەخىرلىك ئالىم... مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ئويۇ... ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. ئاق سۆڭەك ئويۇنى بۇ كىتابتا «با... دال» (ياغاچتىن چىقىدىغان تاغاق سۆڭىكى شەكىللىك تارىشا. بالى... لار ئۇنىڭ ئۇچىنى ياندۇرۇپ بىر - بىرىگە ئېتىپ ئوينىغان) نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئويۇن ئاساسلىقى ئەتىياز پەسىللىرىدىن باشلاپ قىش كىرگۈچە ئايدىڭ كېچىلىرى ئاختارمىلىقتا ئوغۇللار ئوينايدۇ. ئاق سۆڭەك ئويۇنىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنچۇق كەتمەن سېپى چوڭلۇقى... دىكى 30 — 40 سانتىمېتىرلىق ئاقلانغان كالتەك ياكى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تاختىدىن ياسىلىدۇ. بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. ئەمما ئىككى گۇرۇپپى... نىڭ ئەزالىرى سان جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى شەرت. ئويۇنچۇق تەييارلانغاندىن كېيىن، بالىلار ئاختارمىلىققا بېرىپ شۇ قېتىملىق ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىن ئىككى بالىنى «ئانا» سايلاپ، بۇ ئىككەيلەننىڭ رەھبەرلىكى ئېلىنىشى ئارقىلىق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا «ئانا» بولغۇچى ئىككى بالىدىن باشقىلىرى قاتار رەتكە تىزىلىپ ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىدۇ. «ئانا» لاردىن بىرى «ئاق سۆڭەك» نى بالىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۈچىنىڭ بارىچە ئاتىدۇ. ئاندىن «ئانا» لار بالىلارنىڭ «ئاق سۆڭەك» نى تېپىپ كېلىشكە ئىجازەت بېرىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ بالىلارغا قوشۇلۇپ ئىزدەيدۇ. «ئاق سۆڭەك» نى تېپىۋالغان بالا قارشى گۇرۇپپا ئەزالىرىغا تۇيدۇرماي بەلگىلەنگەن ئورۇنغا «ئاق سۆڭەك» نى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشى... دۇ. ئەگەر «ئاق سۆڭەك» تېپىۋالغۇچىنى قارشى تەرەپ ئەزالىرى

سىزىپ قالسا ، ئۇلارنىڭ «ئاق سۆڭەك» نى تارتىپ ئېلىشى چەكلەن-مەيدۇ . كوچى يەتسىلا قانداق ئۇسۇلدا ئېلىۋالسا بولۇۋېرىدۇ . ئەمما «ئاق سۆڭەك» تېپىۋالغان بالىنىڭ گورۇپپىسىدىكى باشقا ئەزالارمۇ ئۆز ئەزاسىنى قوغداپ ، «ئاق سۆڭەك» نى «رەقىب» لەرگە تارتتۇ-رۇپ قويماي مەنزىلگە ئېلىپ بېرىشقا ياردەملىشىدۇ . «ئاق سۆڭەك» كىم تەرىپىدىن تېپىلغان ياكى قانداق ئاماللار بىلەن قەيەرگىچە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر نەتىجە ئەڭ ئاخىرى بېكىتىلگەن ئورۇن-غا ئېلىپ بارغۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ . ئىككى گورۇپپىدىن ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار «ئانا» لارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كوچ ۋە چەب-دەسلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ بىر ـ بىرىگە «كوشەندە» قىلىپ بېكىتىلىدۇ . ئويۇن ئاخىرىدا ئۇتتۇرغان تەرەپ ئەزالىرى ئۇت-قان تەرەپتىكى ئۆزىگە تاقابىل تۇرغان «رەقىب» نى بەلگىلەنگەن ئارىلىققا يۈدۈپ بارىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ .

21 . ئىلەڭگوچ ئويۇنى

بۇ ئويۇن مەشھۇر ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نەزەرىدىنمۇ چەتتە قالمىغان . ئالىم بۇ ھەقتە توختىلىپ ، «— yalgu ئىلەڭگوچ ياكى گولەڭگوچ (قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ نامى ) . بۇ ئويۇندا ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى بىر ياغاچقا ياكى لىمغا باغلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قىز ئولتۇرىدۇ ، ئۇ پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بەزەن ئۆرلەپ ، بەزەن پەسلەپ تۇرىدۇ » دېگەن ( «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 518 ـ بەت ) . دېمەك ، بۇ ئويۇن ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياخشى ئەرمىكى بولغان . ئىلەڭ-گوچ ئىككى تۈپ دەرەخ ئارىلىقىغا ياكى دەرەخنىڭ چوڭ شاخلىرىغا ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى چىگىپ ، ئوتتۇرىنى يەرگە تېگىپ قالمى-غۇدەك قىلىپ سېلىنىدۇ . قىزلار 4 — 5 تىن بۆلۈنۈپ ، بىر ئىلەڭگوچ سېلىپ نۆۋەت بىلەن ئۇچۇپ ئوينايدۇ . بىر قىز ئىلەڭگوچ ئۇچۇۋاتقاندا ، پەستە نۆۋەت كۈتۈۋاتقانلار بىردەك :

ئىلانى ،
گوچانى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىمم چاچاق ،
كىمم ئويناق .
مېنىڭ بالام توغايچاق ،
............
هويت ، هويت ، هويت ،
ماڭا قاراڭ ،
بەسلىكى بار ،
مەسلىكى بار .
بوز تايچاق ......

دېگەنگە ئوخشاش ئىلەڭگۈچ قوشىقىنى ئېيتىدۇ . نۆۋەت ئالماشتۇرۇش
ئۈچقۇچىنىڭ ئاڭلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشى ياكى قانائەت ھېس قىلغاندىن
كېيىن باشقىلارغا ئۆتۈنۈشى ئارقىلىقلا بولىدۇ .

22 . لىڭگىرتاقتاق ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئەزەلدىنلا بار ئويۇننىڭ نامى . ئۇ
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كەككەن — جەنەكلى ، جەنەكلى ، مەنەكلى»
«جىڭلى ، تىڭلى» ، «لىڭگىر - لىڭگىرتاقتاق» دېگەن ناملاردا ئاتى
لىپ ، ھەر خىل دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان ۋارىيانت ، ئەمما بىر خىل
ئىستېمالدا ئىشلىتىلگەن . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانى»
«maglli — qagli لىڭگىرتاقتاق ، بۇ بىر خىل بالىلار ئويۇنىنىڭ
نامى» دەپ ئېلىنغان (3 - توم ، 517 - بەت ) . بۇ ئويۇن ئادەتتە
قىش پەسلىدىن باشقا پەسىللەردە قىز - ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلى
دۇ . ياكى بالىلار ئۆز ھويلىلىرىدا ، مەھەللە - كويلاردىكى ئازادە
پاكىز سورۇنلاردا يەسلى ياكى مەكتەپ قورۇلىرىدا توپ - توپ بولۇ
شۇپ ئىككى بالا بىر- بىرىگە قارشى گۇرۇپپا بولۇپ ، ئېگىزلىك
ئۆزىنىڭ تىقىمى بويى ئېگىزلىكتە كېلىدىغان كۆتەك ، تۆت پۇتلۇ
ئورۇندۇق ، تاش ياكى كېسەكتە ياسالغان ئورۇندۇق شەكىللىك پاك
تاملار ئۈستىگە توغرىسىغا مىندۇرۇلگەن 4 — 5 مېتىرلىق ياغاچ ياك
چىرايلىق تىلىنغان شال ، لىم ياغاچلارنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئولتۇرۇپ

ئۆزلىرى ئولتۇرغان تەرەپلەرنى تۆۋەن باسىدۇ . ئىككى بالىنىڭ قاي-سىسى كۈچتۈڭگۈر ، ئېغىر بولسا ، ئۆزى ئولتۇرغان تەرەپنى يەرگە تىرەپ ، قارشى تەرەپنى بوشلۇقتا توختىتىۋالىدۇ . بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن يەڭگىل كېلىپ ياغاچ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغان بالا :

لىڭگىر ـ لىڭگىر تاق ـ تاق ،
ھەجەخان چاپاق .
ھەجەخاننىڭ بىر قىزى بار ،
يۈزلىرى قاسماق .
لىڭگىر ـ لىڭگىر تاق ـ تاق ،
ئىككىمىز ئىناق .
دائىم رەتلىك ئوينايمىز ،
يۈزىمىز ئاپئاق .

دەپ لىڭگىرتاقتاق قوشىقىنى ئېيتىدۇ . بۇ قوشاق ئېيتقۇچىنىڭ بىر قېتىم يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، دوستلۇق ئاساسىدا قايتا داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى . بۇنىڭ بىلەن يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ، ئورنىدىن مىدىرلاپ ، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ . ئويۇن يەنە يېڭى مەزمۇنغا كىرىدۇ . يەڭ-گۈچى بىلەن يېڭىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت يۇقىرىقى بويىچە داۋاملىشىدۇ .

23 . جىجىق ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى . ئۇنىڭدا ئويۇن نۆۋىتىنى ئالغان بالا قۇتىنى (شۇ قېتىمدا نېمە ئىشلەت-سە شۇنى ) ئاۋۋال كاتەكچە (پەللە ) گە تاشلاپ ، ئوڭ پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي سول پۇتىدا ئۇنى بىرمۇ بىر تېپىپ (ھەربىر كاتەكچىدە بىرلا قېتىم تېپىدۇ ) 1 ـ كاتەكچىدىن 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ كاتەكچىگىچە ئېلىپ چىقىدۇ . 6 ـ كاتەكچىدە قۇتىنى بىرلا قېتىم تېپىپ 7 ـ ، 8ـ كاتەكچە ۋە دوزاختىن ئاتلىتىپ چىقىرىۋېتىد-

دۇ . ئاندىن ئۆزى ، دوزاخقا دەسسىمەي ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ
1 ـ كاتەكتىن باشلانغىنى ئۇتۇقلۇق هالدا تۈگىگەندىن كېيىن ، قۇت
نى 2 ـ كاتەككە تاشلايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن 3 ـ ، 4 ـ ، 5
ۋە 6 ـ كاتەكلەرگىچە چىقىپ پەيپەيلەپ مېڭىپ قۇتىنى 6 ـ كاتەكت
بىراقلا تېپىپ ـ چىقىرىۋېتىدۇ . ئۆزى يەنە پەيپەيلەپ 7 ـ ، 8
كاتەكتىن ئۆتۈپ «دوزاخ» تىن ئاتلايدۇ . ئاندىن كېيىن 3 ـ
4 ـ ، 5 ـ قېتىملاردىمۇ رەت تەرتىپى بويىچە باشلاپ 1 ـ ، 2
كاتەكنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئورۇندايدۇ . 6 ـ كاتەكتىن كېيىنك
ئويىنىلىش تەرتىپى ئۆزگىچە بولىدۇ . يەنى 6 ـ كاتەككە كەلگەن
«دوزاخ» نىڭ قىرىدا كەينىچە تۇرۇپ قۇتىنى بېشىدىن هالقىت
تاشلاپ 6 ـ كاتەككە چۈشۈرۈش شەرت (بۇ باسقۇچ بىر ئا
قېيىن) . 7 ـ ، 8 ـ كاتەكلەرنى ئالدىنقى بەش كاتەككە ئوخشا
ئوينايدۇ . 9 ـ كاتەك («دوزاخ») كە كەلگەندە قۇتىنى 4 ـ كاتەك
نىڭ ئۇ چېتىگە تاشلايدۇ ـ دە ، 1 ـ كاتەكتىن باشلاپ پەيپەيلە
بېرىپ بىراقلا تېپىپ چىقىرىۋېتىدۇ . ئەگەر كىم يۇقىرىقى توققۇ
كاتەكنىڭ هەممىسىنى ئۇتۇقلۇق تۈگىتەلىسە قۇتىنى «دوزاخ» نىڭ
ئالدىدىن كەينىچە ئېتىپ خالىغان بىر كاتەككە چۈشۈرىدۇ ـ دە ، ش
كاتەكنى «ئۆي» قىلىدۇ . باشقىلار ئۇنىڭ «ئۆي» ىدىن قۇتىسىن
ئاتلىتىپ ، ئۆزىمۇ ئاتلاپ ئۆتىدۇ .

## 24 . لەگلەك ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئويىن
لىپ ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ، مەزمۇنغا با
بىر خىل ئويۇن . لەگلەك — روشەن پەسىل خاراكتېرلىك ئويۇ
بولۇپ ، ئۇ ئاساسەن باش ئەتىياز ۋە كەچ كۈز مەۋسۇملىرىنىڭ يە
گىل شامال چىققان كۈنلىرىدە ، بولۇپمۇ شامال كۈچى ۋە يۆنىلىش
بىر قەدەر ئېنىق بولغان ۋاقىتلاردا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئويىنىلىد
بۇ ئويۇن باللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ زورلۇقى ، تۈرل
رىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئاممىبابلىقى بىلەن هەممىگە تونۇشلۇق . بالى
هەرخىل شەكىلدىكى لەگلەكلەرنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ، مۇۋاپ

دەرىجىدە شامال چىققان پەيتنى تالالاپ، لەگلەك يىپىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇرۇپ ئوينايدۇ.

25. تاققا - تۇققا ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئامراق ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. بىر يەرگە جەم بولۇپ (9 — 10 دىن بىر گورۇپپا بولۇپ) ھەممەيلەن بىردەك ئوڭ پۇتىنى چىقىرىپ، سول پۇتىنى بېسىپ، ھالقا شەكىلدە ئولتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خالىغان بىرى ھالقا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزى خالىغان بالىدىن باشلاپ، ھەربىر بالىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە قولىنى تەگكۈزۈپ: «تاققۇ - تۇققۇ، ئاتنى توقۇ، ئاتنى توقۇپ نەگە بارىسەن؟ تاغقا چىقىمەن، تاغدا نېمە بار؟ نان بىلەن گۆش!» دېگەنگە ئوخشاش «تاققا - تۇققا» قوشىقىنى ئېيتىدۇ. چەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى بالىنىڭ قولى كىمنىڭ پۇتى ئۈستىگە چۈشكەندە بۇ قوشاقنىڭ ئاخىرىدىكى «گۆش» سۆزى ئېيتىلغان بولسا شۇ بالا بەخت - تەلەيلىك سانىلىپ، ئۇ پۇتىنى تارتىۋالىدۇ. ئويۇندا ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بالا «توكۇر» دېيىلىپ باشقا بالىلارنى قوغلاپ تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر تۇتالمىسا مەلۇم جازانى قوبۇل قىلىدۇ.

26. «چىم - چىم» ئويۇنى

بۇ ئويۇننىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. چۈنكى چوڭلارنىڭ لايدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل بۇيۇملارنى ياساپ، پىشۇرۇپ ۋە زىننەتلەپ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىشى بالىلاردا قىزىقىش قوزغاپ، بۇ ئەھمىيەتلىك ئويۇننى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، يېتىلىۋاتقان زېھنىنى ئۇرغۇتقان. ئۇزاق تارىختا ئىگە بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇن ئۇسمۇرلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭمۇ ئويۇنىشىغا باب كېلىدۇ. دېمەك، گېزى كەلسە چوڭ ياشتىكىلەرمۇ قىزىقىپ ئوينايدۇ. ئويۇن جەريانىدا ئوقۇلىدىغان تۆۋەندىكى قوشاقلار

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ دەلىلىدۇر :

چىم - چىم ئەتتىم چىم بىلەن ،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن .
ئېسۇ يادىم سەن بىلەن ،
سەن يۈرۈيسەن كىم بىلەن ؟
............
بىزنىڭ تامنىڭ ئارقىسى ،
بوستانلىق تېرەك .
چاتقۇيتىڭ شېخىنى ،
قالاشقا كېرەك .

بۇ ئويۇندا باللار ھەرئىككى قولىنى سۇغا تىقىپ ، ئاستىدىن قوم لاينى چاڭگاللاپ ئالىدۇ . ئاندىن ئۇنى سىقىپ سۇيىنى ئېقىتىۋەت كەندىن كېيىن ، «چىم - چىم» ئېتىش ئارقىلىق ھەرخىل بۇيۇملارنى ياسايدۇ . ياسىلىدىغان نەرسىلەر ھەركىمنىڭ بىلىش كۆچى ۋە تەسەۋ ۋۇر ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ (ئىختىيارىي بولىدۇ) . ئويۇن ئاخىرىدا ، يەنى ياسالغان نەرسىلەر قۇرۇغاندىن كېيىن ، شۇ كۆنلۈك ئويۇنغا قاتناشقان باللار بىر - بىرىنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئۆزئارا باھالىشىدۇ . كىمنىڭ ياسىغىنى كۆپ ھەم چىرايلىق بولسا ، شۇنداقلا ئەسلىي نۇسخىسىغا ئوخشىغان بولسا ، شۇ بالا «ئۇستام» سانىلىپ ، باشقىلارغا ھۈنەر ئۆگىتىدۇ .

27 . جىلدىرچاق ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى بۇ ئويۇندا باللار مەھەللىلەر بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ياكى ئارىلاش گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ ، ئۆزلىرى سوققان ياكى قومۇش يىلتىزىدىن ياسىغان ھەرخىل جىلدىرچاق چەمبەر ۋە «رول» لارنى ئېلىشىپ كەڭ مەيدانلارغا جەم بولۇشىدۇ . ئايرىم ۋاقىتلاردا زېرىكمە قالماسلىق ئۈچۈن قوي - كالا باققان ئېتىز - ئېرىق ، سايلىقلارغىمۇ ئېلىپ بېرىپ ماللارنى ئورمان ۋە زىرائەتلەردىن توسۇش ، سازلىقلار نىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قايتۇرۇشلاردا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ

ئۇلار مەخسۇس مۇسابىقىلىشىش مەيدانلىرىغا ئېلىپ بارغاندىن كې-يىن ، ئۇلارنىڭ «باشلامچىلىرى» ئورۇنلاشتۇرغان بويىچە ئۆزئۆن ـ قىسقا ئارىلىقلارغا يۈگۈرۈشۈپ ئوينايدۇ . ئۇلار يۈگۈرۈش ، جىلدىر-چاقلارنى چەبدەسلىك بىلەن ھەيدەش ، چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ سەپكە تىزىلىپ ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كارۋان تارتىپ يۈرگەن ئۇزۇن سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ .

## 28 . ئاق تاش ـ كۆك تاش ئويۇنى

بۇ ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ياغقان خاسىيەتلىك قاردىن پومزەك ياساپ ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئېتىپ ئويناشقا باب كېلىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بى-رى . بۇ يەردىكى «ئاق» ، «كۆك» سۆزلىرى مىللىتىمىز كىشىلىرى-نىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل ئەقىدىلىرى-نىڭ نامايانىدىسى . ئادەتتە بۇ ئويۇننى ئوغۇللار قىش پەسلىنىڭ قار ياغقان كۈنلىرىدە (مەكتەپ يېشىغا يەتكەنلەر قىشلىق تەتىلدە ) كەڭ دالا ، ئېتىزلىق ۋە ئازادە مەيدانلاردا ئوينايدۇ . ئويۇن رەسمىي باشلى-نىش ئالدىدا ئۈچ ـ تۆت بالا بىر يەرگە توپلىشىپ :

ئاق تاش ـ كۆك تاش ،
دەريادىكى سۈزۈك تاش .
بوينۇڭدىكى ئۈنچە تاش ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
ئېغىلدىكى كالا بارمۇ ؟

ئاق تاش ـ كۆك تاش ،
دەريادىكى سۈزۈك تاش .
ماڭا كېرەك كۆپ ئاداش ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسا ماڭا ئۇ كېرەك ،
ھەم ئاچا - سىڭىلدەك .
ئۇرۇشمايلى خورازدەك ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
ئېغىلدىكى كالا بارمۇ ؟

ئادىشىڭنىڭ بىرىمەن ،
ئوينايدىغان بالا مەن .
كۆپ ئويۇننى بىلىمەن ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ ؟

ئۇ قاش - بۇ قاش ،
دەريا بويىدا سۇزۇك تاش .
خانىنىڭ قىزى قەلەمقاش ،
ئۇنىڭ بىلەن مەن ئاداش .
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ ؟
مۆ...

ئاق تاش - كۆك تاش ،
دەريادىكى سۇزۇك تاش .
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش ،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
ئېغىلدىكى كالا بارمۇ ؟

ئاق تاش - كۆك تاش ،
دەريادىكى سۇزۇك تاش .
بىر تەكىيدە ئىككى باش ،
ئىككىلىسى قەلەمقاش .

قەلەمقاشنى ئويناتقان ،
هاشىماخۇن قاراقاش .
ئوينايدىغان بالا بارمۇ ؟
ئېغىلدىكى كالا بارمۇ ؟

دېگەن قوشاقلارنى مەھەللە ئايلىنىپ ئېيتىش ئارقىلىق ، ئويۇنغا مەيلى بار بالىلارنى قارلىق مەيدانغا جەلپ قىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يىغىلغان بالىلار «ئاق تاش ـ كۆك تاش ئويۇنى» نىڭ قوشاقلىرىنى پۇختا بىلىۋېلىش ئاساسىدا شۇ كۈنى ئۆزلىرى ئويناشنى خالىغان (قار ئۈستىدە ئويناشقا ماسلىشىدىغان ) تارماق ئويۇنلاردىن «توشقان قوغلىشىش» ، قاردا پومزەك ياساپ ئىككى تەرەپ بولۇپ «سوقۇشۇش» ، «قار بوۋاي» ياساش ، قار ئۈستىدە چېلىشىش ، قارغا خەت يېزىش قاتارلىقلارنى ئوينايدۇ .

29 . چىۋىق ئات ئويۇنى

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى . بالىلار چوڭ ئادەمنىڭ باش بارمىقى توملۇقىدىكى بىر يېرىم ، ئىككى مېتىرلىق سۆگەت چىۋىقىنىڭ قوۋزىقىنى سويۇپ ، ئۇنىڭ توم ئۇچىنى «باش» ، ئىنچىكە ئۇچىنى «ئاياغ» قا ئايرىپ «چىۋىق ئات» ياسايدۇ . ھەمدە «باش» تەرىپىنى پىچاقتا ئويۇپ ياكى ھەرخىل رەڭدە سىزىپ ئاتنىڭ بېشى شەكلىگە كەلتۈرىدۇ . بويۇن قىسمىنى ئايلاندۇرۇپ ئازراق ئويۇپ ، قوۋزاقتا باغلاپ قوۋزاقنىڭ ئىككى ئۇچىنى بىر قولىدا تۇتۇۋالىدۇ . بۇنى «يۈگەن» دەپ ئاتايدۇ . ئۇندىن باشقا يەنە بىر تال چىۋىقنى تەييارلايدۇ . بۇ «قامچا» بولىدۇ . بالىلار «ئات» ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك «جابدۇق» لارنى تەق قىلىۋالغاندىن كېيىن ، يەككە ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە «چىۋىق ئات» لارنى «مىنىپ» يىراق ـ يېقىنلارغا چاپتۇرۇپ ئوينايدۇ . ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان «چىۋىق ئات» لارنىڭ «يۈگەن» لىرىنى بىر قولىدا تۇتسا ، «قامچا» لىرىنى يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ ، ئاتنى تېز ۋە ئاستا چاپتۇرۇشتا ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ . بەلگىلىك ۋاقىتتا مەلۇم ئارىلىققا بېرىپ كېلىش ياكى مەلۇم بىر جايدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر نەرسە ئېلىپ كېلىشنى مەقسەت قىلىپ چېپىپ ئوينايدۇ . جەرياندا رەسمىي ئاتنىڭ ھەر خىل يۈرۈشلىرى (تېز چېپىش ، يورغىلاپ مېڭىش ۋە ئاستا مېڭىش ) نى دورايدۇ ، ھەتتا كۆزلىگەن نىشانغا بېرىپ قايتقاندىن كېيىن ئاتنىڭ «ئوت - چۆپ يېيىشى» ، «ئۇسسۇزلۇق ئىچىشى» ۋە «سوۋۇتۇلۇشى» قاتارلىق سەپەردىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى تەييارلىق ياكى خاتىمە جەريانلىرىنى ئورۇندايدۇ .

### 30 . تەپكۈچ ئويۇنى

ئۇسمۇرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئويۇن تۈرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى تەپكۈچ ئويۇننى ئاز بولغاندا ئىككى ، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە بالا بىرلىكتە ئوينايدۇ . ئەگەر ئويناۋاتقان تەرەپنىڭ نومۇر چېكى توشقان بولسا ، قارشى تەرەپ ئەزالىرى نومۇر توشقۇزغۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چەك نومۇرىنى ساناپ بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپ ، تەپكۈچنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالالىسا ئوينىغۇچى تەرەپنىڭ پۈتۈن نومۇرى «كۆيۈپ» كېتىدۇ . ئۇنداق بولماي ئويناۋاتقان تەرەپ ئاخىرقى نومۇر چېكىنى ساناپ بولۇپمۇ تەپكۈچنى قارشى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمىسا ، قارشى تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ (قىزلار ئۆز ئارا ئوينىغان چاغدا ئۇتقان تەرەپ «خېنىم» بولغان بولىدۇ ) . بۇنىڭ بىلەن يەڭگەن تەرەپنىڭ ھەربىر ئەزاسى نۆۋەت بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى تەرەپ ئەزاسىنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ بەرگەن تەپكۈچنى ئۆز ئەزالىرى ۋە قارشى تەرەپ ئەزالىرى بار مەيدانغا تېپىدۇ . ئىككى تەرەپنىڭ باشقا ئەزالىرى ئوتتۇرىغا تېپىلگەن تەپكۈچنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇشقا تىرىشىدۇ . ئەگەر ئوتتۇرىغا تېپىلگەن تەپكۈچ ئۆز ئەزالىرىنىڭ قولىغا چۈشسە تۇتقۇچىنىڭ ئەسلىي نۆۋىتىگە يەنە بىر نۆۋەت قوشۇلىدۇ (قانچىنى تۇتسا شۇنچە نۆۋەت قوشۇلىدۇ ) . قارشى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ، تەپكۈچىنىڭ نۆۋىتى تۈگەيدۇ (ئەگەر ئۇنىڭ بىر قانچە نۆۋىتى بولغان بولسا ئۇنىڭدىن پەقەت بىرسىلا تۈگەيدۇ ) . بۇ ئويۇن ئاساسەن قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ، يەنى قونچلۇق ئاياغ كىيىدىغان مەزگىللەردە ئوينىلىدۇ .

## 31 . قارلىق ئويۇنى

قارلىق ئويۇنى ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . ئۇيغۇر دولان خەلقى قارنى «خۇدانىڭ رەھمىتى» دەپ بىلىدۇ . شۇڭا تۇنجى ياغقان قار خۇشاللىقىدا «قارلىق ئويۇنى» نى باشلايدۇ . بەزىلەر تۇنجى قار يېغىشتىن بۇرۇنلا «قارلىق» تاشلىنىدىغان ئۆينى نىشانلاپ قويىدۇ . تۇنجى يېغىۋاتقان ياكى تۇنجى قار يېغىپ توختىغان ھامان :

قاردا قارلىق تاشلىدۇق ،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق .
يېڭى قارنىڭ خۇشلۇقىدا ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق .

دەپ باشلانغان ۋە :

قارلىق ئاپارغان كىشىنى ،
پەم بىلەن تۇتسىلا .
يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ ،
ئالدىمىزغا كەلسىلە .

دەپ ئاخىرلاشقان قارلىقنى يېزىپ ، نىشانلانغان ئۆيگە يېقىن بولسا پىيادە ، يىراق بولسا ئۇلاغلىق بېرىپ ، قارلىقنى ئۆينىڭ بەلگىلىك بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ ، ئۆيدىن چىقىۋېتىپ : «پالان يەرگە قارلىق قويۇپ قويدۇم» دەپلا قاچىدۇ . قارلىق تاشلانغان ئۆيدىن بىر ئادەم ئۇنى قوغلايدۇ . ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالسا ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى بوياپ ، جۇۋىنى تەتۈر كىيگۈزۈپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلاندۇرىدۇ . تۇتۇلۇپ قالغان تەرەپ ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ «قارلىق چېيى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئەگەر قارلىق ئەكەلگۈچى تۇتۇلماي قېچىپ كەتسە ، قارلىق تاشلانغان ئۆي قارلىق چېيى بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەھەللىدە قىش بويى «قارلىق چىيى» ئۆزۈلمەيدۇ . «قارلىق ئويۇنى
ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تەبىئەتكە سىغىنىش ۋە ئاقنى ئۇلۇغلاشتىن ئىب
رەت قەدىمكى ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان .

## 32 . بالىچۇق ـ چۈككا ئويۇنى

بالىچۇق ـ چۈككا ئويۇنى ۋاللەي ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .
كىشىلەرنىڭ چەنلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان ، قول ۋە پۇت ق
تارلىق بەدەن ئەزالىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ، ئۆپكىنىڭ ئىشلە
ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ۋە يۈرەكنى تاۋلايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋ
ئويۇننىڭ نامىدىن ئىبارەت .

بۇ ئويۇندا مەخسۇس مەيدان ۋە ئالاھىدە قورال تەلەپ قىلىنماي
دۇ ، قاتنىشىدىغان ئادەم سانىمۇ چەكلەنمەيدۇ . ئىككى كىشى قارىمۇ
قارشى ئوينىسىمۇ ، ياكى بىر قانچە كىشى ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ
ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ .

ۋاللەي ئويۇنى ئۇچۇن ئادەتتە تۈز كەتكەن ئوچۇق مەيداننىڭ بىر
چېتىگە رادىئۇسى ئەللىك سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر چەمبەر سىزىلە
دۇ . بۇ چەمبەرنىڭ مەركىزىگە ئانا ياغاچ (بالىچۇق ئۇرىدىغان كال
تەك ) نىڭ ئۇچى پاتقۇدەك 20 ـ 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بىر
ئۇزۇنچاق ئورەك كولىنىدۇ . ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئەگەر بالىچۇقنى
ئانا ياغاچنىڭ ئۇچىدا توختىتىپ ئۇرۇشنى شەرتلەشكەن بولسا ، ئورەك
كولانمىسىمۇ بولىدۇ . ئانا ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن سەكسەن
سانتىمېتىر ، تومراق قاتتىق ياغاچتىن سىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ
بالىچۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 ـ 15 سانتىمېتىر ، توملۇقى باشمالتاق
قولدەك بولۇپ ، قارىياغاچ ياكى يۇلغۇنغا ئوخشاش قاتتىق ياغاچتىن
ئىككى بېشى ئوق شەكلىدە ياسىلىدۇ .

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئىككى سەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن ، ئىكك
تەرەپتىن بىردىن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇن باشلاش ھوقۇقى
تالىشىدۇ . ئاخىرىدا ئويۇن باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپنى
ئەزالىرى رەت ـ رېتى بىلەن بالىچۇق ئۇرىدۇ . قارشى تەرەپ ئەزالىر
مەيدانغا تارقىلىپ ئۇرۇلغان بالىچۇقنى ھاۋادىن يەرگە چۈشكىچە ئار

لىقتا ئۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ . ئەگەر ئۇتۇۋالسا بالىچۇق ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ توپ ئۇرۇش ھوقۇقى «كۆيگەن» ھېسابلىنىپ ، بالىچۇق ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ . بالىچۇق چۈشكەن يەردە تۇرۇپ ، بالىچۇقنى ئورەككە توغرا قويۇلغان ئانا ياغاچقا نىشانلاپ ئاتىدۇ . بالىچۇق بەلگىلەنگەن چەمبەر ئىچىگە چۈشسە ياكى چەمبەر مەركىزىدىكى ئورەككە توغرا قويۇلغان ئانا ياغاچنى سوقۇپ چىقىپ كەتسە ، «ئۇتقان» بولۇپ ، بالىچۇق ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ . ئەگەر بالىچۇقنى چەمبەر ئىچىگە چۈشۈرەلمىسە ياكى ئانا ياغاچنى سوقالمىسا ، ئۇ ھالدا بالىچۇق ئۇرغۇچى تەرەپ بالىچۇقنىڭ چۈشكەن يېرىدىن ئانا ياغاچ بىلەن بالىچۇقنى چېكىپ ئۆرلىتىپ قايتا ـ ئۈچ قېتىم يىراققا ئۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالىچۇق قەيەرگە بېرىپ چۈشسە ، شۇ يەردىن بىر خىل ئۆلچەم بىلەن چامداپ بالىچۇق ئۇرۇش چەمبىرىكىگىچە سانايدۇ . بىر تەرەپنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى (چامدام سانى ) قاچانكى ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپ ئالدىن كېلىشىپ بېكىتـ كەن نومۇرغا يەتسە ، شۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەڭگەن تەرەپنىڭ ھەربىر ئەزاسى بالىچۇق ئۇرۇش مەركىزىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ قېتىمدىن بالىچۇق ئۇرىدۇ . بۇ چاغدا ئۇرۇلغان بالىچۇقنى قارشى تەرەپ توسۇۋېلىشقا ياكى ئۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ . شۇنداق قىلىپ بالىچۇقنىڭ چۈشكەن ئارىلىقى چەمبەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ . يېڭىلگەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى بۇنىڭ بەدىلىگە بالىچۇقـ نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىن چەمبەرگە قاراپ تىنماي «ۋاللەي ··· ۋاللەي ··· ۋاللەي···» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرىدۇ . ئارىلىقتا تىنماي (دەم ئېلىۋالماي ) نىشانغا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا مەجبۇرىيەتتىن خالاس بولىدۇ . ئەگەر «ۋاللەي» توۋلاپ نىشانغا يېتىپ كەلگۈچە تىنىۋالغانلىقى سېزىلسە ، يەڭگەن تەرەپ بالىچۇقنى تىنغان يەردىن باشلاپ يەنە بىر قېتىم ئۇرىدۇ . يېڭىلگەن تەرەپ يەنە شۇ بالىچۇق چۈشكەن ئاخىرقى چەكتىن باشلاپ «ۋاللەي» توۋلاشقا مەجبۇر بولىـ دۇ . ئۆپكە ۋە يۈرىكى چىداملىق كىشىلەر ئەلۋەتتە «ۋاللەي» توۋلاش مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا مەجبۇرىـ يەت بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ . قائىدە بويىچە ۋاللەي توۋلاش شەرتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ، بىر قېتىملىق ئويۇن ئاخىرلىشىد
«ۋاللەي» ئويۇنىنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەم قىزىقارلىق ، ھ
ئەھمىيەتلىك ئويۇن بولۇپ ، ئۇنىڭدا بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا ۋە
قىل- پاراسەتنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئامىللار ئۆز
گىرەلىشىپ كەتكەن .

33 . دارۋازلىق

دارۋازلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىد
لىككە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ
تارىخىي مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغا
دەۋرلىرىگە تۇتىشىدۇ . قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز كۆك تەڭرىگە بولغا
سېغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ، يەردىن مۇئەل
لەق تۇرىدىغان ئېگىز دارلارنى باغلاپ ئۆزلىرىنىڭ كۆككە ئىنتىلىش
روھىنى ئىپادىلىگەن . ئۇلارنىڭ ئېتىقادىي قارىشىدا دار ئۈستى
(تەختىراۋان) گە چىقىش گوياكى تەڭرى ماكانىغا چىققانلىق ھېساب
لىناتتى . شۇڭا خەلقنىڭ ئارىسىدا دارغا چىقىدىغان دارۋاز ئالاھىد
ئۇلۇغلانغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ھەمدە دارغا چىقىش تەنتەنىلىك
مۇراسىم شەكلىدە ئۆتكۈزۈلگەن .

مەيدان ۋە دارنىڭ تىكلىنىشى : دار ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىر
كەڭلىكى ئاتمىش مېتىر كېلىدىغان جايغا تىكلىنىدۇ . دار تۈۋرىكى
ئون مېتىردىن ئۇزۇن ئۇق ئۈچ ئۇق ياغاچتىن ئۇلىنىش بىلەن ئوتتۇ
مېتىردىن ئېگىز تەييارلىنىدۇ . دار ئۈستىگە تاختا پەردە ئورنىتى
ئۈستىنى قىزىل شەلپەر بىلەن گۈمبەز شەكلىدە ياسايدۇ . ئۇنىڭ ئۇ
بايرىقى بولىدۇ . تاختا پەردە ئاستىغا ئۈچ مېتىرلىق ياغاچ توغرىسىغ
باغلىنىپ ئىككى بېشىغا يالاڭ چىغرىق ، ئۇچما چىغرىق بېكىتىدۇ
ئۇڭ تەرەپكە ئىلەڭگۈچ شەكلىدە ئارغامچا تېڭىپ ، ئىككى ئۇچىنى
تاختاينىڭ ئىككى بېشىدىن چىگىپ قويىدۇ . سول تەرەپكە يەنە ئارغام
چا چىگىپ دىئامېتىرى ئوتتۇز سانتىمېتىر تۆمۈر ھالقا بېكىتىدۇ
دار ئارغامچىسى سەكسەن ئىككى مېتىر بولۇپ ، ئۇق ئارغامچا دېيىلى
دۇ . ئۇنىڭ بىر ئۇچى تاختا پەردىنىڭ ئاستىغا ، تۆۋەن ئۇچىدـ

30 ـ 45 گرادۇسلۇق قىلىپ يەرگە قوزۇق قېقىپ باغلايدۇ . ئارقا تام ئارغامچىسىنى دار تۈۋرۈكىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قىلىپ ، ئۇنى تۈۋرۈكنىڭ قارشى تەرىپىگە باغلايدۇ . يەنە دار ئارغامچىسىنى كۆتۈ- رۈپ تۇرىدىغان 9 ـ 12 مېتىرلىق ئىككى ئاچا ياغاچ بولىدۇ . بۇنى هاۋاز ياغىچى دەپ ئاتايدۇ . ئارغامچىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان ، ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇرىدىغان پەردە ئارغامچا بولىدۇ .

لەنگەر چوپ (تەڭشەك ياغاچ ) ئالتە مېتىر ۋە توققۇز مېتىرلىق بولۇپ ، ياپىلاق ياغاچتىن ياسىلىدۇ . ئۇ هاۋا قارشىلىقىنى پەسەيتى- دۇ ، دارۋازنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدۇ .

دارۋازنىڭ خاس كىيىمى بولۇپ ، پاپاق ، سەللە ، كەشتىلەنگەن گۈللۈك پۇچقاقلىق زەر تونقان شىم ، بەلۋاغ ، ئالما ئۇرۇقى دوخاۋا كالتە چاپاندىن ئىبارەت . دار ياسىغۇچىلار ، مۇزىكانتلارمۇ مىللىي ئۇسلۇبتا كىيىنىدۇ . دارۋاز مەيدانغا كولدۇرما ئاسقان يوپۇقلۇق ئات مىنىپ كىرىدۇ . قارشى ئېلىش مۇزىكىسى چېلىنىدۇ .

دار ئۇستى ماهارىتى ئارقان ئۇستىدە يالىڭاياغ مېڭىش ، ئولتۇ- رۇپ قوپۇش ، ئارقانغا مىنىش ، ئارقاندا موللاق ئېتىش ، كۆزنى تېڭىپ مېڭىش ، پۇتىغا تەخسە تېڭىپ مېڭىش ، تاقلاپ مېڭىش ، ياغاچ ئاياغ بىلەن مېڭىش ، داردىن سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىقلار .

چىغرىق ئويۇنى يالاڭ چىغرىقتا پىرقىراش ، بەلنى چىغرىقتا قويۇپ ئۆزىنى تۈۋەنگە ئېتىش ، چىغرىقتا قولتۇقتا قىسىپ تۇرۇش ، چىغرىقتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئارقىغا ئېتىش ، چىغرىق ياغىچىغا پۇتى- نىڭ ئۇچىنى ئېلىپ تۇرۇش ، بىر قولتۇقتا چىغرىقتا تۇرۇش ، بوش- لۇقتا شۇڭغۇش هالىتىدە تۇرۇش ، چىغرىق هالقىسىغا بىر پۇتىنى بىر تەرىپىگە قويۇپ پىرقىراش ، ئىككى هالقىغا پۇتىنى سېلىپ ئۆزى- نى تۈۋەنگە تاشلاش قاتارلىقلار .

دار رىتىملىك ساز ـ مۇزىكا ساداسى بىلەن ئوينىلىدۇ . دارۋازلار يالغۇز دار ئويناپلا قالماستىن ، جانبازلىق ، چەۋەندازلىق ، سېھرىكچى- لىكنى بىرگە ئوينايدۇ .

دارغا چىقىش بىر خىل ئالاھىدە مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، مىڭلىغان تاماشىبىنلار دارنى چۆرىدەپ ، دار باشقۇرغۇچىغا ئەگىشىپ دارۋازنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى تىلەپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىشىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر دارۋازلىرى بىلىگە ھېچقانداق «بىخەتەرلىك تاسمىسى» باغل
مايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ چەبدەسلىكى ۋە ھېچقا
مىدىن قورقماس باتۇرانە روھى ھەرقانداق تاماشىبىنلارنى ھەير
قالدۇرىدۇ .

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇ 2000 يىلدىن ئا
تۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن . «دارۋازلىق» ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قىلىن
ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان . ھاشىم جەمەتىنىڭ دارۋاز
لىقىلا 200 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە . XX ئەسىرنىڭ 30
يىللىرىدا ھوشۇر مۇسا ۋارىسلىق قىلغان . ھازىر دارۋازلىق بىلە
شۇغۇللىنىۋاتقان ئادىل ھوشۇر بۇ جەمەتنىڭ 6 - ۋارىسى . 1997
يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ، ئادىل ھوشۇر 13 مىنۇت 48 سېكۇن
79 دەقىقىلىك نەتىجە بىلەن چاڭجياڭ دەرياسى ئۈستىدىن تارتىلغا
چۇيتاڭشيا بوغۇزىدىكى 640.75 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات سىمدىن
ئۆتۈپ ، دۇنيا جىنىس رېكورتى گۇۋاھنامىسى ئالغان . 2000 - يىل
10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئادىل ھوشۇر 52 مىنۇت 13 سېكۇنتلۇق
نەتىجە بىلەن خېڭشەن تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى جۇرۇڭفېڭ چوققى
سىدىن فۇرۇڭفېڭ چوققىسىغىچە تارتىلغان 1399.6 مېتىر ئۇزۇن
لۇقتىكى ، 436 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات سىمدىن ئۆتۈپ ، يەنە
بىر قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارىتىپ ، جۇڭگو سىركچىلەر
جەمئىيىتى تەرىپىدىن «پەلەك شاھى» دەپ نام بېرىلدى .

دارۋازلىق ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ
دولانلار قەدىمدىن دارۋازلىقنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرى
قاتارىدا ئويناپ كەلگەن . يېقىندا نامى چىققان «ئۆسمۈر دارۋاز —
ئادىلجان» مەكىتنىڭ «قارا دولانلار» جايلاشقان يۇرتلىرىدىن بىرى
بولغان تومەنتال يېزىسىدا چوڭ بولغان بولۇپ ، ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ
ئەنئەنىۋى ئويۇن ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان[1] .

---

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئۈچۈن مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار ، يۇنۇس يولداش : «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلە
رىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» ‹1› ، (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1990 - يىل نەشرى ، 1997
يىل 2 - قېتىملىق باسمىسى ) ؛ مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار : «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
ئويۇنلىرى» ‹2› ، (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1994 - يىل نەشرى ، 1997 - يىل 2 - قېتىملىق
باسمىسى ) ؛ «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» ‹3› ، (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1998
يىل نەشرى ) ، «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» ‹4› ، (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
2000 - يىل نەشرى ) ؛ ئابدۇكېرىم راخمان ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ نىياز خۇشتار قاتارلىقلا
تۈزگەن : «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1996 - يىل
نەشرى . ) قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قاراڭ .

# 14 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكت — ئۈرۈمچى شېۋىسى ، ئىلى شېۋىسى ، تۇرپان شېۋىسى ، قەشقەر ـ ئاتۇش شېۋىسى ، قۇمۇل شېۋىسى ۋە تارىم شېۋىسىدىن ئىبارەت ئالتە شېۋىدىن تەركىب تاپقان .

تارىم شېۋىسى دولان دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى ، مارالبېشى ناھىيىسى ، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ ئاۋات ، ئاقسۇ قاراتال ، شايار ، ھەتتا كۇچانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار يەنى ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان شېۋىدۇر[1] .

«دولان شېۋىسى» ئىستېمال مەنىسى جەھەتتە «تارىم» شېۋىسى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە . «دولان شېۋىسى» كەڭ مەنىدە مەكىتتىن دولان دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ تا لوپنۇرغىچە بولغان تارىم دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شېۋىسىنى ، يەنى تارىم شېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، تار مەنىدە مەكىت ناھىيىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ . بىز بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغان «دولان شېۋىسى» تار مەنىدىكى «دولان شېۋىسى» نى ، يەنى مەكىت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ .

دولان شېۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى :

ئۇيغۇر دولانلىرى تىل ئادەتلىرى جەھەتتە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى ، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە خاس تىل ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدەك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر بىباھا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . دولان شېۋىسىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر

---

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى ، 98 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى



ئەدەبىي تىلى بىلەن فونېتىكا، لېكسىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن •
لىشتۇرغاندا يۇقىرىقى ئۆزگىچىلىكلەر تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىد
دولان شېۋىسىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
تۇرمۇش، ئەمگەك، دېھقانچىلىق، ئۆرپ - ئادەت، ناخشا - ئۇسسـ
قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى •
زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋ·
دىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ.

1. دولان شېۋىسىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يوق
پەقەت دولان شېۋىسىدىلا ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەر مەۋجۇت
ئۇلار: تەلپەك (تۇماق)، بۆك (دوپپا)، كۆپۈش (ئاياغ)، چۆكمە
(جىلىتكە)، تالقاندان (خۇرجۇن)، مۆك (چامغۇر)، لويلا (يېشـ
ماش)، دۆلەن (تايچاق)، خوتەك (تەخەي)، دالان (هويلا)، سۆقۇ
ما (تۇرۇك)، باسقۇ (شوتا)، ئاتا (دادا)، چوڭ ئاتا (چوا
دادا)، ئايلا (قېينانا)، ئاق ئانا (هاما)، ئامبال (هاكىم)، تۇخچ
(تەرجىمان)، پوگان (پالۋان)، جوگا (جۇۋا)، تامبال
(ئىشتان)، كىپىش (كەش)، قويماق (جىلىتكە)، قىزىلمۇچ (لا
زا)، چاپى (كارىۋات)، هېجىر ئاياق (تاۋاق) قاتارلىقلار.

2. دولانلارنىڭ شېۋىسىدە ئەسلىي مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى
بىلەن ئوخشاش، پەقەت فونېتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن ئەدەبىي
تىلدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: ئەدرەمكەش (ئە
رەڭگەچ) - دەرەپشىنىڭ چوڭى؛ ئام - ئەمچەك؛ ئالابويناق - ئالابو
يۇن؛ جۇگان- جۇۋان؛ يۇتگانە - يىڭنە. ئەلشەك - ئېشەك؛ سو
گۇن- سوۋۇن (سوپۇن)؛ ئەندىكا - ئەندۈۋە. دولان شېۋىسىدىك
بۇنداق سۆزلەر ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يەنە ئەدەبىي تىلدىك
تەڭدىشى بىلەن پاراللېل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئەشمە - بۇلاق
چەشمە؛ ئاق ئانا- هاما قاتارلىقلار.

3. دولان شېۋىسىنى ئەدەبىي تىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېڭىدىن
بارلىققا كەلگەن سۆزلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: شىپەك — ساپما كەش
ئاق ئاش - لەگمەن چۆپى؛ ئاپتاپخانا — كۈنگەيلىك
ئېشەك — خەرەك، ئولتۇرم — پالەچ قاتارلىقلار.

# 15 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە ، خېلى بىر قىسىم جانلىق ئادەتلەرنىڭ بىۋاسىتە توتېم ئېتىقادى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز .① شۇڭا ، فرېئۇد : «قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلىرىدە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ، مەلۇم دەرىجىدە توتېم دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان» دەپ كۆرسىتىدۇ .②

دىن — ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىستېمىسىز ، مەزمۇنى ئاددىي ، مۇكەممەل بولمىغان ، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا ، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىستېمىلىق ، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە ، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خۇدالىق سۈنئىي دىنلار بارلىققا كەلدى . دىن ھامان كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مەنىۋى ئادىتى تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ . مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، توتېم ، شامان ، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ، بۇددا دىنى ،

---

① ئەسئەت سۇلايمان : «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 2ـ ئاي نەشرى ، 291 ـ بەت .

② سىگموند فرېئۇد (ئاۋستىريە ) : «توتېم ۋە پەرھىز» ، 130 ـ بەت ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى . (ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» ، 291 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مانى دىنى ، نېستۇرى (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) دىنى ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان . بۇ دىنلار ئۇيغۇرلا نىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈ سىز يېڭىلىنىپ ، ئۆزئارا ئورۇن بوشىتىشىپ ، تاشلىنىپ قېلىشتە قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن . بۇ دىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق نى ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كەتكەن قالدۇق تەسىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇ شىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى . بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار مە كەزلىك ئولتۇراقلاشقان ، بىرقەدەر چەت ـ ياقا ، قاتنىشى قۇلايسىز سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغان جايلاردا ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەكىت ، مارالبېشى ئاۋات قاتارلىق جايلار — دولان رايونى مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيە لىك ئورۇنغا ئىگە بېكىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جايلار قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەر خىل قالدۇق تەسىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەھەل لىۋى تۇرمۇشىنىڭ ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇن سۈپىتىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولماقتا .

1 . تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى

مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ تەبىئەتكە چوقۇنغان بولۇپ ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ، تەبىئەت چوقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ ، توتېملارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان توتېم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بى خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىس سى . ئۇ بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار ئۆسۈملۈكلەر ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ

ئۇيغۇرلاردا توتېم ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش زېمىننى ئۇلۇغلاش (مۇقەددەس بىلىش) ، تاغ ـ دەريالارنى ئۇلۇغلا ئېتىقادى ؛ كۆك تەڭرى ۋە كۆك (ئاسمان) مەركەز قىلىنغان كۆ تەڭرى ، ئاي تەڭرى ، ھۆل ـ يېغىن ئىلاھى ، شامال ئىلاھى ، ئو

ئىلاھى ، ئوۋ تەڭرىسى قاتارلىق ئىلاھىي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بارلىققا كېلىپ ، تەدرىجىي توتېم مەيدانىغا كەلگەن .

توتېمنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قالدۇق تەسىرلىرىدىن دولان رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پسىخىك ھالىتىدە باشقا ئورۇنلارغا نىسبەتەن كۆچلۈكرەك ساقلىنىپ قالغانلىرىنى مۇنداق تۇرلەر بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ :

كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش بۇ ، قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي ، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ھازىر رېئال تۇرمۇشتا ، كۈن ، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى ، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىشنى ، ئەتىگەندە يۈزىنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى «يامان بولىدۇ» دەيدىغان ؛ كۈن چىققۇچە ئورنىدىن تۇرماي ياتقاننى «قىزىل قان ئىچىدە ياتقانغا ئوخشاش» دەپ يامان ئالىدىغان ؛ كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا (زاۋال بولغان چاغدا ) ياتقاننى «ئۇششاق كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ» دەپ يامان كۆرىدىغان ؛ ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن يۇلتۇزغا قاراپ تەبىر ئالىدىغان ؛ ھەر قېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەيدىغان ؛ يۇلتۇز ئاقسا ، ئاققان يۇلتۇزغا قاراپ «خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ كۆككە ئىلتىجا قىلىپ ، دۇئا قىلىدىغان ئادەتلەر ھەممە ئاي ، يۇلتۇز نامىنى كىشى ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت .

يەر (تۇپراق ) گە چوقۇنۇش تۇپراق ئېتىقادىمۇ تەڭرى ئېتىقادىـ غا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن بىـ رى . خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشىنى تۇپراققا باغلايدۇ ھەممە ئۇنى ئەڭ مۇقەددەس ، پاك نەرسە سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ . باشقا جايلارغا ئوخشاش ، مەكىت ئۇيغۇر دولانـ لىرى تۇرمۇشىدىمۇ تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ھازىرغىچە خېلى قويۇق . سودىدا پۇتۇشكەندە ، ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك بىلەن «بەرىـ كەت تاپ» دېيىشىپ ، ئوڭ قوللىرىنى يەرگە سۇۋاش (بۇ ، يەر ئىلاھىنى گۇۋاھلىققا تارتقانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر ) ؛ تۇنجى سودىدا غەللىگە چۈشكەن پۇلنى ئاۋۋال يەرگە تاشلاپ ئاندىن ئېلىش ؛ يەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇرسا ، قاتتىق دەسسىسە (يەرنى تەپسە) «يامان بولىدۇ» دەپ
راش ؛ ئىسرىق سېلىشتا داڭگال (چالما) ياكى خام كېسەكنى ئۇيۇپ
ئىسرىق قاچىسى قىلىش ؛ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش ، مېيىتنى يەرلى
كە قويغاندىن كېيىن ، جامائەت بىر سىقىمدىن توپىنى (بۇ «ئىخلا
توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئېتەككە تاشلاپ ، ئۇنى مېيىتنىڭ ئۈستى
چېچىپ قويۇش قاتارلىقلار .

سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش بۇ ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش
نىڭ ئومۇملاشقان يەنە بىر خىل ئىپتىدائىي شەكلىدۇر .

سۇ — ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ . ئۇ ، ئىن
سانلار جەمئىيىتىنى ياشنىتىدىغان ھەم خاراب قىلىدىغان تەبىئە
ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار سۇ ۋە ئوت
چۆپ قوغلىشىپ ياشىغان ۋە تېرىقچىلىق قىلغان ، شۇنداقلا سۇدىن
مۇداپىئە كۆرگەن ھەم پاناھلانغان . دېمەك ، ئىنسانلاردا سۇغا نىسبە
تەن خېلى بۇرۇنلا ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ ئۇلارنى
كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئېتىقاد ئادەتلىرى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ
يىلتىز تارتقان . مەكىت بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ، قالغا
ئۈچ تەرىپىنى تىزناپ دەرياسى ۋە يەكەن (مەكىت دائىرىسىدىك
قىسمى «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەريالىرى ئوراپ تۇرىد
غان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئىگە يۇرت بولغاچقا ، سۇنى
مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم . شۇڭا
مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇمغا ھەم ئۆزل
رىنىڭ ياشاش شارائىتىدا ھايات - ماماتلىق بىلەن باغلانغان س
ئېتىقادىغا ئائىت نۇرغۇن ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان . ھازىر رېئا
تۇرمۇشتا سۇغا تۈكۈرۈش ، چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلىش «ياما
بولىدۇ» دېيىلىپ ، قاتتىق چەكلىنىدۇ . «سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالا
بولىدۇ» ، «ئادەم سۇ ئۈزۈپ چۈش كۆرسە ، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھ
يۇيۇلىدۇ ھەم بەختلىك بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار . ئۇنىڭد
باشقا يەنە ، يازدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ، يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈ
دەريا بويىغا چىقىپ قۇربانلىق قىلىدىغان ، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلى
مەزگىلىدە ، دەريا بويىدا سۇ تىلەپ نەزىر - چىراغ قىلىدىغان ئادەت

بار . مەكىت يۇرت ئىچىدە «ئوردا كۆل» ، «خانكۆل» ، «خازانكۆل» ، «قوش ئېقىن» ، «يېڭىئۆستەڭ» ، «ئۆستەڭبويى» ، «قاشبويى» ، «ياركۆل» ، «غازكۆل» ، «لايداڭ» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» دېگەندەك سۇغا مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى كۆپ قويۇلغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسى ھەم ساقىندىلىرىدۇر .

ئوت ئېتىقادىمۇ ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى . ئىنسانلارنىڭ ئوت بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىي ھايات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىنى باشلاپ ، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئوتنى دەسلەپ بايقىشى ناھايىتى سىرلىق تۇس ئالغان بولغاچقا ، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تەسىر كۆرسەتكەن . يەنى ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئۇنى مەلۇم بىر ئىلاھىي قۇدرەت تەرىپىدىن يارىتىلغان دەپ قارىغان . شۇڭا ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان كۆپلىگەن قەدىمكى دىنلاردا مەخسۇس «ئوت ئىلاھى» بارلىققا كەلگەن . ئوتقا بولغان بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . ئوت پاكلىنىشنىڭ ، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . شۇڭا ، توي ـ تۆكۈنلەردە قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا گۈلخان يېقىلىدۇ ؛ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال گۈلخان يېقىلىپ ، ئوتتىن ئاتلىتىپ ، ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ . دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى گۈلخانسىز ئۆتمەيدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئوۋچىلىقى ۋە ئوۋ مەشرەپلىرى ئوتقاش ۋە گۈلخانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ ، غەلىبىگە ئوتقاش ۋە گۈلخان يېقىش بىلەن تەنتەنە قىلىنىدۇ . بۇ ھال مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بەك ئومۇمىي ئەھۋالدۇر .①

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 ـ يىل 4 ـ سان ، 68 — 70 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش   دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلا
ئادىتىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ـ
مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتـ
دەل ـ دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتقا ئوخشاش روھ بولىدۇ ، د
قارالغان . شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەل ـ دەرە
لەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن ، جۇمل
ىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلا
ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ ـ چىقىشـ
دەرەخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن . «ئىدىقۇت قوچو خانلىقى تەھـ
مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن : «... ئۇيغۇر
يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئـ
شۇ تاغنى مەنبە قىلغان . ئۇنىڭ بىرى ، توخۇسى دەرياسى ، يەنە بىرى
سولىڭگا (سېلىنگا) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ . بىر كۈنى كەچتە ئاسما
ىدىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ . ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنـ
كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ . بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندە
قورساق سېلىپ قاپتۇ ، بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي توققۇز كۈ
چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ . ئۇنىڭدىـ
بەش بالا چىقىپتۇ ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۆگۈ خاقان ئـ
كەن . قەددى ـ قامەتلىك ئىكەن ، ئۇ خەلقنى ئاينىتىپتۇ ۋە يۇرتـ
گۈللەندۈرۈپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ .» (قەدىمكى ئۇ
غۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى
1981 ـ يىل نەشرى . «مۇقەددىمە» 12 ـ بەت ) . بۇ خىل مەزمۇن
كى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي مەنـ
لەردە ئۇچرايدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلا
ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدا خې
كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ھازىرمۇ ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدا
ئېتىقادنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى دەرەخلەرنى ئاللاھىدە ئەتىۋارلا
ئۇنىڭغا سېغىنىش ئادىتى ساقلانماقتا .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پېرىخونلۇق ئادىتىدە ، تۇغ باغلىغاندا ئۇ

ئۈستىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويۇلىدۇ . پېرىخونىنىڭ قولىدى. مۇ ئالما شېخى بولىدۇ . چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا ، ئالما «يامان روھ» لاردىن خالىي بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ ، دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن ، دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سالىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى قېرى ، يالغۇز دەرەخلەرنى تىلسىملىق دەرەخ دەپ قاراپ ، كەسمەيدۇ . ھەتتا بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە ، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ .

خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ . كىشىلەر ئارىسىدا «ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق» دېگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا ، ھەربىر ئائىلە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ كەلگەن . ئادەتتە ياشقا چوڭ كىشىلەر ئوتتۇنىنىڭ ئۈۋىقىنى نانىنىڭ ئۈۋىقى بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ ، بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگە توشقاندا مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۆشۈككە سېلىش ئادىتىنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشقا ئائىت مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ .

**تۇزنى ئۇلۇغلاش** ئوتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت پىششىق يېمەكلىكلەر دەۋرىگە قەدەم قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىنسانلار تۇزدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ماددىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىدى . تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇ. خىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن . بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تۇزنىڭ بايقىلىشىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئوغلى ياپەسكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ . قىسقىسى ، تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەن قەدىمكى ئىنسان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لار تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي
بەرگىنىگە ئوخشاش ، تۇزغىمۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇ
لىغان ۋە قەدىرلىگەن .

خەلقىمىز ئارىسىدىكى تۇزغا بولغان ئەقىدىنىڭ پەيدا بول
ئۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغانلىقى بى
مۇناسىۋەتلىك .

ئۇيغۇرلار تۇزنى تاماقتا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ
ماستىن ، يەنە تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ تەر
لىمە پايدىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلار باقما ھايۋانلارنىڭ يەم
خەشەكلىرىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئاد
لەنگەن . شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ گۆشىنىڭ تەملىك بولۇشى ئەنە ش
نىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار تۇز ئارقىلى
ئادەملەر ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ بى
يۇرۇش يەرلىك ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىجاد قىلغان . ئادەتتە ماغدۇرسىز
كۆپ تەرلەيدىغان كىشىلەرگە تۇزنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى بۇ
رۇيدۇ . بەل ئاغرىقى ، سانجىق ، قورساق ئاغرىقى قاتارلىق سوغۇ
يەلدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارغا شور تۇز پارچىلىرىنى ئوتتا قىزىتى
لاتىغا ئوراپ ئاغرىغان يەرگە تېڭىپ كېسەلنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇ
دۇرىدىغان داۋالاش ئادەتلىرى كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭدىن باشقا بەز
تېرە كېسەللىكلىرىنى تۇز بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى ، ئۆي ھايۋانل
رىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش ، ھايۋانلاردىكى ھەرخىل يۇقۇملۇق ك
سەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ تۇزدىن پايدىلىنىدۇ . ئۇيغۇرل
تۇزنىڭ ھەرخىل چىرىتكۈچى مىكروبلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتى
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن گۆش قۇرۇتۇ
(سۇرلەش) ، مېۋە قاقلىرىنى تەييارلاش ، پەمدۇر ، لازا ۋە باش
كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ ساقلاش قاتارلىقلاردىمۇ تۇزغا تايىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا كىشىلەرنى قاقشاتقان ، بوزەك قى
غان نائەھلىلەرنى ، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يۈزسىزلارنى «تۇزكور قى
سۇن» دەپ قارغايدىغان ئادەت بار . قارغاش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغ
بۇ تۇراقلىق ئىبارىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن

بۇ ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويى رەسمىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . توي قىلىنغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراب (تۇز سۈيى) قا چىلانغان نان بۇردىسى يېگۈزۈلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتارمىش ، ئائىلە تۇرمۇشى تۇزى تەمشەلگەن تاماقتەك لەززەتلىك بولارمىش .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، ئۇيغۇر دولانلىرىدا تويدىن بۇرۇنقى «چوڭ چاي» دا قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان تويلۇق سوۋغا ـ سالاملىرى ئىچىدە تۇز بولۇشى شەرت قىلىنىغان ، توي داستىخىنىنى ئاچىدىغان كىشىمۇ ئالدى بىلەن تۇزنى داستىخانغا تىزىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاندىن باشقا سوۋغا ـ سالاملارنى تونۇشتۇرىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار توي قىلغان بالىلىرىنىڭ ئۆيىنى تۇنجى قېتىم مۇبارەكلەپ بارغاندىمۇ تۇز ئېلىپ بارىدۇ . بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن .

بۆرە توتېمى يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمكى ھەرقايسى ئۇرۇق ، قەبىلىلەردە توتېم ئېتىقادى چۇشەنچىسى كەڭ تارقالغان . «ۋېينامە . ھونلار تەزكىرىسى» دە : «ھون قىزى بىلەن بۆرىنىڭ ئالاقىسىدىن تەگرىقۇت تۇغۇلغان» دېيىلىدۇ . «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»دە : «تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن ، نۆكەرلەر فولى (ئۇيغۇرچە بۆرە) دەپ ئاتالغان . بۇ بۆرە دېگەنلىك ، ئۇلار ئەسلى بۆرىدىن تۇغۇلغان دېگەن سۆزدۇر . شۇڭا بۇ ، ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىقنىڭ نىشانى قىلىنغان» دېيىلگەن . «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى» دە : «ئوردىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ياغاچقا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ ئېسىلغان ، ئۇلار شەرققە قاراپ ئولتۇرىدۇ» ، «خاقان تەختكە ئولتۇرىدىغان چاغدا . . . ئالدى بىلەن بۆرە بېشى تۇغىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا ، بىر كەمەر تېپىلغان ، كەمەر توقىسىغا بىر چىشى بۆرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگ
1957- يىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئارخېئولوگى دورومجاسولو م
دىيە 570 - يىلى تۈرك قاغانى مويۇنچۇرنىڭ ئورناتقان بىر ئابىدە
تاپقان، مۇشۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان
بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان . خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئائىت ئەپسانىلەردە بۆرىدىن ئادەم تۇغ
غانلىقى، «ئاشىنا» ناملىق چىشى بۆرىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر ئۇرۇقل
رىدىن بىرى ئۆزىگە فامىلە قىلغانلىقى سۆزلەنگەن . «ئوغۇزنامە»
كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرىنىڭ قوشۇنغا يې
باشلاپ ماڭغانلىقى، شۇنداقلا ئوغۇزخاننىڭ «بۆرە بىزنىڭ بەلگىم
بولسۇن» دېگەنلىكى سۆزلىنىدۇ . تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېت
قادىدا قۇرت (بۆرە) بەخت تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ . يۇقىرىقىلارنى
ھەممىسى بۆرە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەڭ چوڭ توتېمى ئىكە
لىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە يىراق قەدىمكى دەۋر
لەردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ
ئادەتلەر ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە . گەرچە ئۇلارنىڭ بېشىدىن
قانچىلىك دىنىي ئېتىقادلار ئالماشقان، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئىپ
تىدائىي ئادەتلەر سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۆرە توتېمى ئېتىقادى
گويا بىر يوشۇرۇن كۆلەڭگىدەك ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئىز
چىل ساقلىنىپ كەلدى .[1] ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا بۆرە توتې
ئېتىقادىنىڭ تەسىرلىرى خېلى چوڭقۇر ساقلانغان بولۇپ، دولانلارنىڭ
ئېتىقاد ئادەتلىرىدە بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى خېلى بار . دولا
نلار بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى تۇمار ئورنىدا بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدۇ . بۆر
نىڭ چىشىنى ۋە تىلىنى تۇمار ئورنىدا بالىلىرىنىڭ چاپانلىرىنىڭ
ياقىسىغا تىكىپ ساقلايدۇ . مال - چارۋىلىرى ئاۋۇمىغان ياكى ياخش
تۆل بەرمىگەندە، مال قوتىنىدىن «بۆرىنى چاپتۇرىدۇ» (بۇ دېگەنلى
بۆرىنى قەستەن قوتانغا باشلاپ، مال - چارۋىلارنى سەگىتىدۇ

---

(1) ئەسئەت سۇلايمان : «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يى
2 - ئاي نەشرى، 291 — 292 - بەتلەر .

شاشلاشتۇرىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى ، تۆل بېرىشى كۆپ بولىدۇ ) .

ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە «بۆرە ئۇشۇقىنى بوينىغا ئېسىۋالسا ئامەتلىك بولىدۇ» دەيدىغان ئادەت قارىشى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە ، بۆرە تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن قوي گۆشىنى ھالاللاپ يېيىش ئادىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە . ناھايىتى ئېنىقكى ، گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۆرە توتېم ئېتىقادى سۇسلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بۆرە توتېم چۈشەنچىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى . تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېيىن ، شامان ، بۇددا ، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى بۆرە توتېم ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرمىغان .①

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن باشقا ، يەنە بەزى قۇشلارغا سىغىنىش ، ئېتىقاد قىلىش ئادەت چۈشەنچىسىمۇ بولغان . بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا ، ئاققۇ ، شۇڭقار ، قارلىغاچ قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە قۇش ھېسابلىناتتى . ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇۋچىلىقنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى قىلغان بولغاچقا ، شۇڭقار ، بۈركۈت ، قارچىغا قاتارلىق ئۇۋ قۇشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ؛ قارلىغاچنى «ئىنسانلارنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان ھاياتلىق ئەلچىسى» دەپ قاراپ : «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ، يىلان دۇنيادا قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى پاشىغا ۋەزىپە قىلىپتۇ . پاشا دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقلارنىڭ قېنىنى تېتىپ چىقىپ ، ئاخىرىدا ئادەمنىڭ قېنى ھەممىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ھەم بۇ خەۋەرنى تېزدىن يىلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا قارلىغاچ ئۇچراپ قاپتۇ . قارلىغاچ

① تۇمەرجان ئىمىن : «بۆرە توتېمى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «مىراس» ژۇرنىلى ، 1993 - يىللىق 3 - سان ، 24 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھۋالنى سورىغانىكەن ، پاشا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . قارلىغا
ئىنسانلارغا كېلىدىغان بالا - قازانى ھېس قىلىپ ، دەرھال پاشىنى
تىلىنى چوقۇۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن پاشا غىڭىلداپ ، يىلانغا ھېچنەر
ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئىنسانلار يىلانلاردىن كېلىد
غان زور بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ ھەم
«قارلىغاچ ئۆلتۈرسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىپ
قارلىغاچقا ئەقىدە قىلىدۇ . ئاشۇ ئەقىدە تۈپەيلى ، مەكىت قاتارلى
دولان رايونىدىكى كىشىلەر (باشقا جايلاردىكى كىشىلەرمۇ ) ئۆزلىر
نىڭ پېشايۋان - ئايۋانلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋا سالسا بەك خۇشال بول
دۇ ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ ، تېخى «قارلىغاچ ئۇۋا تىزغان
ئۆيگە بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ .

## 2 . شامان دىنى

شامان دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىر
گەندىن كېيىن ، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى
«ئىستىخىيىلىك دىن» دىن «سۇنئىي دىن» گە ئۆتۈش مەزگىلىد
پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى . ئۇ كۆپ
تەڭرىلىك دىن بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭغ
ئېتىقاد قىلغان .

شامان دىنى پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان ) ، زېمىن (يەر )
تەھتىسسەرا (يەر ئاستى ) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ، بۇ ئۈچ
قىسىمدا پەرىشتىلەر ، ئىنسانلار ، جىن - شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ
خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ . باخشىلار — ئىنسانلار بىلەن جىن
شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسان
لارنى يۆلەپ ، جىن - شاياتۇنلارنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى
دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇقلارنىڭ (ھەر قايسى ئۇ
رۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باخشى ، داخان ، پېرىخونلىرى بولغان ) دۇئا
تەلەپ ، نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇش ، «ئىلاھنىڭ ئىرا
دىسى» نى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ، ئىلاھتىن ئۇرۇق (قەبىلە ) ئەزال
رىنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى تىلەش ، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن ئىلا

ۋە ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش ، ئۆرۈق ئەزالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋا-
لاش ، ئۆرۈق ئەزالىرىغا پەرزەنت تىلەش ، مول ـ ھوسۇل ئېلىش
ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان . بۇ
دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي
ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۇيغۇرلار كېيىنكى چاغلاردا شامان
دىنىدىن باشقا زورو ئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) ، بۇددا ، مانى ، خرىس-
تىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، بىراق ، ئاشۇ
دىنلارنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرى قاتارىدا شامان دىنىنىڭ ئەقىدە ـ
ئېتىقادىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى .

بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە ـ
ئادەتلىرى ئاساسلىقى پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش ، ئىسرىق سېلىش ،
نوكچا قاداش ، پال ئېچىش ، رەممالىق قىلىش ، هورداش ، ئەملەش ،
ئوت كۆچۈرۈش ، قان چېكىش ، تېرىگە ئېلىش ، ئۇچۇقداش (تەرلە-
تىش) ، ياندۇرۇش ، ئاۋاق ئېشى ئېتىش ، چاچراتقۇ سېلىش ، تۇمار
پۈتۈش ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش (ياغ پۈرىتىش) ، ئىسسىتقۇ ، سوۋۇت-
قۇ قىلىش (جادۇ قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، كۆچۈرۈش (قونچاق
ياساپ يول بويىغا قويۇپ قويۇش ئارقىلىق كىچىك باللاردىكى كېسەل-
لەر كۆچۈرۈلىدۇ) قاتارلىقلار بولۇپ ، بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مەكىت
دولانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . بۇلاردىن باشقا يەنە ، مەكىت
رايونىدا قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ، ئېگىز چوققىلارنى «ئىلاھىي ماكان» ؛
يالغۇز دەرەخ ، ئەسكى خارابىلەرنى «جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى»
دەپ قاراش ؛ چوڭلار ئۇخلىغاندا ياستۇق (تەكىيە) ئاستىغا ، كىچىك
باللارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا «قارا باسمايدۇ» دەپ ، پىچاق قاتارلىق
تىغلىق ئەسۋابلارنى قويۇش ، چوڭ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ، مازارلارغا
(قەبرە بېشىغا) دەرەخ تىكىش ، قەبرە بېشىغا ئالىيېشىل لاتا ۋە
بايراقلارنى تۇغ ـ ئەلەم قىلىپ باغلاش ، كالا ـ قوتاز ، قوچقار
مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ .
«پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» مەكىتتىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ،
ئۇنىڭ جەريانى كىشىلەرگە بەك تونۇش .

شامان دىنىدا ئايالللار ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بو-

لۇپ ، ئايال ئىلاھى «ئۇماي» ئانا تەڭرى ياكى ئايال پەرىشتە سۈپ
ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدۇ . مەكىتتە ھېلىمۇ ئايال
ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ، سورۇننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ ، مېھماندارچى
ئۆيگە ئاۋۋال ئايالالار كىرىدۇ ، مەشرەپ – مۇقاملاردا ئەر –
ئوخشاش ، باراۋەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ .

## 3 . زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى

بۇ دىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە زوروئاستىر تەرىپ
دىن قەدىمكى پېرسىيە (ئىران ) نىڭ شەرقىدىكى داسا دېگەن جا
(بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بارخا ئەتراپىدا ) ئىجاد قىلىنغان . پېرس
يىنىڭ قەدىمكى دىنىي كىتابى «ئاۋېستا» نى بىردىنبىر مۇقەددە
دەپ قارىغان بۇ دىننىڭ ماھىيىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، يورۇق
لۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق تەلىماتى بولغانلىقى ھەمدە ئۆز مۇخلىسلىرى
دىن ياخشىلىق ئىلاھىغا سەمىمىي ئېتىقاد قىلىشنى ، يىرتقۇچ ھاي
ۋان ، زەھەرلىك يىلانلارنى يوقىتىشنى ، مال – چارۋا قىلىشنى
زىرائەت ، ئوت - چۆپ تېرىشنى ، باغۋاران قىلىشنى ، قۇرغاق رايونلار
دا سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تېزلا قوبۇل قىلىنغان .

زوروئاستىر دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە غەربىي
يۇرتقا — شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ ، مىلادىيە X ئەسىرگىچە مىڭ
يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە قۇجۇ (تۇرپان ) ، ئاگنى
(قاراشەھەر ) ، سۇلى (قەشقەر ) ، ئۇدۇن (خوتەن ) قاتارلىق جايلارغا
تارقالغان . ئاتەشپەرەسلەر ئوتنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچ
قا ، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا
ئوتنى ئۇلۇغلاش ، ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۇزۇنغىچە ساقلانغان .
شىنجاڭدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش ،مەكىت رايونىدىمۇ ئاتەشپەرەس
لىك دىنىنىڭ ئېتىقاد - ئادەتلىرى كەڭ ساقلانغان . مەسىلەن ، قاپاق
كۆيدۈرۈش (قاپاق كۆيدۈرۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ) ، ئىسرىق
سېلىش ، يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئاتلىتىپ ، ئوتنىڭ چۆرىسىنى ئايلان
دۇرۇش (بۇ گەرچە شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بولسىمۇ ،

بىراق زورۇئاستىر دىنى تارقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ ، كۆچلەنىپ بارغان ) ، نوكچا ياندۇرۇش ، قەبرە بېشىغا چىراغ يېقىش ، سۆخلاش ، ئوتلاق قېقىش (بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ ، ئاغرىق بالا ئۈستىدىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈش ) ، زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش ، ئىشتانىسىز ئوت ئالدىدا ئولتۇرماسلىق ، دولان مەشرەپ ـ مۇقام سورۇنلىرىدا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش ، ئوت يېقىلغان چىراغنى بېشىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت .

#### 4 . بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن 5 ـ 6 ئەسىر بۇرۇن شىمالىي ھىندىستاندا پەيدا بولغان . ئۇنىڭ ئىجادچىسى گوئاتاما (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 565 — 485 ـ يىللار ) بولۇپ ، بۇددىستلار ئۇنى ساكيامۇنى («ساكيا قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرى » دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتايدۇ . بۇددا دىنىنىڭ دىنىي كالامى «نوم» دېيىلىدۇ . بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ، قېرىشى ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى ئازاب دېمەكتۇر ؛ ئازابنىڭ مەنبەسى تۈرلۈك ئارزۇ ـ ھەۋەس . بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا ، ئاندىن تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش بولمايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا راھەت ـ پاراغەت دۇنياسىغا يەتكىلى بولىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت .

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ ، ئازغىنە كەم 1500 يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە پارلاق بىر سەھىپە ئاچقان . تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان بۇ رايوندا بۇددا دىنىنىڭ تازا گۈللەپ ، تەرەققىي قىلغان بىرقانچە مەركىزى بارلىققا كەلگەن . بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . بىراق ، بۇ دىنىنىڭ مەكمت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرىنى بەك روشەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ھەم ئانچە كۆپ ئۇچراپ كەتمەيدۇ . بۇ ، ئېھتىمال مەكىتنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىن يىراق بولغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقى ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپ ھەم ئالاھىدە بولغا قىدىن بولسا كېرەك . شۇنداقتىمۇ ھازىر مەكىت رايونىدا بۇ دىن بىر قىسىم ئەقىدە ـ ئادەتلىرىنى يەنىلا كۆرۈشكە بولىدۇ . مەسىلە يالغۇز مەھەللە ، يالغۇز دەرەخلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ھېيىقىدىغا پۈتى يوغان ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ، قومۇش ئۆسكەن جايىنى با كۆرۈپ تاشلاپ كېتىدىغان ، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نوكچا يېقىپ قو دىغان ، دائىم ياغ پۇرۇتۇپ تۇرىدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ بار .

## 5 . مانى ۋە خرىستىئان دىنى

مانى ۋە خرىستىئان (نېستورى) دىنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئا سىدا تارقالغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن ھەم مەركەزلىك بولۇپ، دىنلار مەلۇم سىياسىي ئىستەك ھەم ئىقتىسادىي ئېھتىياج قاتارل سەۋەبلەر بىلەن تارقالغان ھەم بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن . بىر ئومۇمىي بىر ھال ھەم كەڭ ئاساسنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ۋە ئا چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغان . ئەمما ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكە قو بولۇپ ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۇ دىنلارنىڭ پە قىسمەن تەسىرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، مانى دىنى ھې ئەقىدىلىرىدىن يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش ، ئاي ، كۈن كۆيسە ياكى تۇتۇلۇ ۋە سا نەزىر قىلىپ ، دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىپ ، ئاي ، كۈننىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەش ؛ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ئاي كۈن ، يۇلتۇز نامىنى ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئىسىملارنى قويۇش قاتارلىقلار ساقلانغان .

## 6 . ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 610 — 632 - يىللاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدە بارلىققا كېلىپ ، مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن كۈچلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . X ئەسىردە شىنجاڭغا يېتىپ تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە تۇنجى بولۇپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەپ

جاكارلىغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئىلگىرى - كېيىن
خوتەن ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ، شىمالى ھەمدە شەرقىي ئېتىكىدىكى
جايلارغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان .

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە
يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى . يەنى بۇ دىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەرياندا
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ، ئېتىقادىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ ، شىنجاڭدى-
كى دىنلار ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ ، تەسىرى ئەڭ
چوڭ ، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دىنغا ئايلىنىپ ، ئۇيغۇر-
لارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى-
نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى . ئۇيغۇرلار
ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان ،
ئىبادەت ، ئېھساندىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىسىگە ، ئىسلام دىنىدىكى
ئاللاغا ئىشىنىش ، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ، ئاللانىڭ كالامىغا ئىشى-
مىش ، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىش ، قىيامەتكە ئىشىنىش ، قىس-
مەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئېتىقادلارغا ، ئىمان ئېيتىش ، ناماز ئو-
ش ، روزا تۇتۇش ، ئۆشرە - زاكات بېرىش ، ھەج قىلىش قاتارلىق
رزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ . ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت ، قۇربان
ھېيت ، مەۋلۇت ، قەدىر كېچىسى ۋە بارات ، مېراج قاتارلىق بايرام
خاتىرە كۈنلىرىنى مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ، ئىسلام
نىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇيدۇ ، توي
غاندا موللىلارغا نىكاھ ئوقۇتىدۇ ، ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلدۇرى-
، بالىلارغا ئىسىم قويغاندا قۇلىقىغا ئەزان توۋلايدۇ ، ئادەم ئۆلگەن-
مېيىت نامىزى ئوقۇيدۇ ؛ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ . ئاز
نكى بىر قىسىم كىشىلەردە مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان ، مازارنى
لاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ، زىكىر قىلىدىغان ، ھاپىزلىق ،
لىق ، بۇۋلىلىق قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت . ئۇنىڭدىن باشقا
م دىنىدىكى : يالغانچىلىق قىلماسلىق ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ،
بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش ، ھاراق ئىچمەسلىك ، تاماكا چەك-
ك ، ئوغرىلىق قىلماسلىق ، زىنا قىلماسلىق ، ھارام يېمەسلىك
ق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا مۇئەي-

يەن تەسىرگە ئىگە . بىراق شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇيغ
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇر
ۋە ئىدېئولوگىيىسىدە بۇ دىنغا خاس چوڭقۇر ئەقىدە ـ ئادەت بار
كەلگەن بولسىمۇ ، بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك ، ئىسلام دىن
ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرىمۇ ئۇيغۇر دولا
رى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ، ھەتتا بەزى ئېتىقا
ئادەتلىرى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئايلىن
كەتكەن بولغاچقا ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئادەتلىرى بى
يۇغۇرۇلۇپ ، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەمدە نۇرغۇن تەرەپلە
ئۆزئارا قوشۇلۇپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ باردى . شۇڭىمۇ دو
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كېلىۋ
قان ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە بىر قىسىم مىللىي ئۆرپ
ئادەتلەرنىڭ قايسى دىننىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان
لەت شەكىللەندى . ھالبۇكى مەكىت رايونى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغر
پىيىلىك ئورنى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىر مەۋجۇ
بولغان ئىجتىمائىي ھالەتتىن باشقا ، قەدىمكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خا
ئېتىقاد ـ ئادەتلىرى ، ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنى ناھايىتى روشەن ساقلا
كەلمەكتە .①

**نانىنى ئۇلۇغلاش** ئۇيغۇر دولان خەلقى نانىنى قەدىرلەيدۇ
ئۇلۇغلايدۇ ، شۇڭا ئۇچۇن داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋا
لىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سالىدۇ . چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىر
نى «يامان بولىدۇ» دەپ ھەرگىز دەسسىمەيدۇ . چېچىلغان نان ئۇۋا
لىرىنى كۆرسە تېرىۋېلىپ ، ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە قويۇپ قوي
دۇ . يالغۇز بۇلا ئەمەس ، يەنە :

1 . بىراۋ ئۇزاق يەرگە سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ، ئۇرۇق
تۇغقان ۋە باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەيدۇ ۋە
يوللۇق تۇتىدۇ ؛ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىن بىرى . ئۇيغ
خەلقىنىڭ قارىشىچە : نان يۇملاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ دىدارنىڭ تى

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 ـ يىل 4 ـ سان ، 70 — 74 ـ بەت

سالى . نان يوللۇق تۇتۇش «دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

2 . بىر ئادەم چۈشىدە نان چۈشىگەن بولسا ، بۇنى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يۈز كۆرۈشىدىمىز ، دەپ قارايدۇ .

3 . تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا قىز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ . ئاتا ـ ئانا قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە قىزنىڭ بېشىدىن نان ، سۇپرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈيدۇ .

4 . ئۇيغۇر دولانلىرى ھالقىلىق پەيتلەردە ئەڭ قاتتىق ، ئەڭ ئىشەنچلىك قەسەم ئورنىدا «نان ئۇرسۇن» ، «نان دەسسەپ بېرەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ . «ژاپاغا جاپا» دەپ قارغايدۇ . بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ناننى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئەقىدە ئىپادىلەنگەن .

## تۇمارغا ئەقىدە قىلىش

سەن قاياقتىن كېلىسەن ،
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار .
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن ،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار .

دېگەن بۇ بىر كۇپلېت قوشاق ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۇمارغا بولغان ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئەقىدىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

تۇمار پۈتۈش ئەسلىدە شامان ئەقىدىسىدىكى ئەم ـ ئىرىملىك سېھرىي ئادەتلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ ، شامانىزم دەۋرىدە ئۇ مەخسۇس «كاھىن» ، «قام» دەپ ئاتىلىدىغان دىن ئادىمى — شامان تەرىپىدىن پۈتۈلەتتى . كېيىنچە بۇ ئادەت خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ قانداقتۇر كىشىگە روھىي خاتىرجەملىك بەخش ئېتىش خاسىيىتىگە ئىگە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنۋى ئەقىدىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىدە تۇمار «تىل تېگىش»، «كۆز تېگىش» تىن ساقلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭ ئۇلار سېرىق ئىتنىڭ تۈكى، قېرى سۆگەتنىڭ پورى، كونا چاپاننىڭ مېزى، ئادراسماننىڭ بەرگى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىرپىكى... قاتارلىق ئېرەملىك نەرسىلەرنى كىچىككىنە رەخت پارچىسىگە ئوراپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىپ ئۇدۇملۇق كىشىلەر «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ سۆزىدىن، ئىچى يامانىنىڭ ئىچىدىن ساقلىغايسەن خۇدايىم!» دەپ دۇئا قىلىپ ھۈرگەندىن كېيىن بۇ «كۆز تۇمار» نى ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا ياكى قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنداق «كۆز تۇمار» كىرلىشىپ، قاسماق بولۇپ كەتسىمۇ ئالدىراپ ئېلىۋەتمەيدۇ. «كۆز تۇمار» يەنە يۇمىلاق، تۆت بۇرجەك ۋە ئالتە بۇرجەك شەكىلدىمۇ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ياكى ئالا- بۇلىماچ يۇمىلاق مارجانغا يىپ ئۆتكۈزۈپ بالىلارنىڭ بوينىغا ياكى بۆشۈككە ئېسىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇمۇ تۇمارنىڭ بىر خىلى بولۇپ «كۆز مونچاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇق ئۆسكەن ھەرخىل زىرائەت ئېتىزلىرى-غا، ئازادە ياسالغان گۈل - گۈلىستانلىق ھويلا - ئاراملىرىغا ئۈزۈمى ئوخشىغان تال بېدىشلىرىگە، مېۋى باغلاپ پىشۋاتقان ئەنجۈر ۋە باشقا مېۋىزارلىقلارغا... «كۆز تېگىش» تىن ساقلاش ئۈچۈن ئىت-نىڭ بېشى، ئېشەكنىڭ كاللىسى، قارا قاغىنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلار نى ياكى كورۇمسىز «جىن قورچاق» لىرىنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇمۇ بىر خىل تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ گۈزەللىكنىڭ يارقىنلىقىنى خىرە لەشتۈرگۈچى «كۆز تۇمار» لىق خاسىيەت بار، دەپ قارايدۇ.

تۇمار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلقنىڭ نەزەرىدىكى ئارزۇلۇق ۋە قەدىرلىك نەرسىلەرنى «يامان كۆز»، «يامان تىل» لاردىن ساقلاپ قېلىش مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن

«ئوڭ» ۋە «سول» ئۇيغۇر خەلقى «ئوڭ» بىلەن «سول» غ
ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ مۇئامىلە كۈچ ۋە ئەپچىللىك جەھەتتىن پەرقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مۇھىمى، بۇنىڭغا بەزىبىر دىنىي

ئەقىدە سىڭگەنلىكى ئۇچۇندۇر . بۇنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ :

917 . ئېرۇر ياخشىلىق ئۇڭ ، يامانلىق ئۇ ، سول ،
جەھەننەم سولۇڭدا ، بېھىش ئوڭدا ئول .

بۇ مىسال ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» بىلەن «سول» غا بولغان ئەقىدە-سىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .
ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» بىلەن «سول» غا بولغان مۇئامىلە نۇرغۇن جەھەتتە كۆرۈلىدۇ :

1 . ئۇيغۇرلار ئوڭ قاپاق تارتسا ياخشىلىقتىن بېشارەت ، سول قاپاق تارتسا پېشكەللىكتىن بېشارەت ، دەپ قارايدۇ . شۇڭا تارتىۋاتقان سول قاپاقنى داۋاملىق تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا سامان پارچە-سى چاپلاپ قويىدۇ ياكى تۇكۇرۇك بىلەن قولىنى ھۆلدەپ ، تارتىۋات-قان سول قاپاقنى سىلاپ قويىدۇ .

2 . ياشانغان ئادەملەر مەسچىت قاتارلىق مۇقەددەس يەرلەرگە ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە «بىسمىللا» نى تىلغا ئېلىپ ، بوسۇ-غىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ كىرىدۇ . بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ :

4057 . ئىشىكتىن كىرورده كىر ئوڭ پۇت بىلەن ،
ئەمىر قىلسا ئاڭلا ، پاراسەت بىلەن .

3 . ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا ياكى ھۆرمەتلىك ئادەملەرگە چاي ، تاماق ياكى باشقا نەرسە سۇنۇش توغرا كەلگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتى-دۇ . سول قولنى ئىشلىتىش تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ :

4797 . سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ ،
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە ، يېيىسەن ئۆزۈڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4 . ئۇيغۇر خەلقى بىراۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ قولىنى كۆك- سىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ ياكى ئوڭ قولى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ .

5 . ئۇيغۇرلار كېچىسى ياتقاندا سول يانىنى بېسىپ ياتسا «يامان بولىدۇ» ، دەپ ئوڭ يانىنى بېسىپ ياتىدۇ . سول يانىنى بېسىپ ياتسا كېچىسى قارا بېسىپ قېلىپ مىجەزى چۈشلىشىپ قالسا ، باشقىلار ئۇنى «بۈگۈن ئوڭ يېنىدىن قوپماي سول يېنىدىن قوپقان ئوخشايدۇ» دەيدۇ .

6 . ئۇيغۇرلار بىرەر ئامەتكە ياكى ئوڭۇشلۇققا يولۇقسا «ئىشىم ئوڭدىن كەلدى» ياكى «ئىشىم ئوڭغا تارتتى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇ . «مېلىڭ ئونغا يەتكىچە ، يولۇڭ ئوڭ بولسۇن» دېگەن تەمسىلمۇ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان .

«قىبلە» نى ئۇلۇغلاش پۈتۈن مۇسۇلمانلاردا ، جۈملىدىن ئۇيغۇر- لاردا «قىبلە» تولىمۇ مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى بەيتۇللا قىبلە تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلار ھەرگىز قىبلىگە قاراپ تۈرۈپ چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ . ھاجەتخانىلارمۇ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشقا ماسلاشقان . ئاخشىمى ياتقاندا پۇتنى ھەرگىز قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتمايدۇ . باشنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتىدۇ . شۇنداقلا مۇردا گۆرگە قويۇلغاندىن كېيىن يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ قويىدۇ . مال بوغۇزلىغاندىمۇ مالنىڭ بېشىنى قىبلە تەرەپكە توغرىلاپ بوغۇزلايدۇ .

خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت ، خانىقا مېھرابلىرىغا ئوخ- شاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدىكى مېھمانخانا ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپىلەرنى تىزىپ قويىدىغان مېھراب ئويۇلىدۇ . ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە ئەنە شۇ مېھرابقا قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ . ئۆيلەرنىڭ ئىشكى قىبلە تەرەپكە قارىتىلمايدۇ ، بەلكى ئىشىك شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى «قىب- لە» نى ئۇلۇغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر .

«قىبلە» نى ئۇلۇغلاش نوقۇل ئىسلام دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنىي ئادەت ئەمەس . ئۇيغۇرلار تەبىئەتكە چوقۇنغان ئىپتىدا-

ئىي دەۋرلەردە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمىگەچكە، ئۇنى «ئىلاھىيلاشتۇ-رۇپ» تەسەۋۋۇر قىلغان. كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆككە بولغان ئېتىد-قادنى كۈن (قۇياش) گە مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇياشنى پۈتكۈل كائىد-ناتقا يورۇقلۇق بەرگۈچى باش «تەڭرى» دەپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىد-شىنى ئۇلار «تەڭرىنىڭ قۇدرىتى» دەپ بىلگەچكە، بۇ ساددا چۈشەنچىد-دىن تۆت تەرەپنىڭ «خاسىيىتى» ھەققىدە سىرلىق قاراشلار شەكىلد-لەنگەن، يەنى قۇياش پاتقان غەرب تەرەپنى «تەڭرىنىڭ ئۆيى» دەپ قاراپ، «قۇياش تەڭرىسى» گە بولغان يۈكسەك ئېتىقادى تۈپەيلىدىن غەرب (قىبلە تەرەپ) ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. مۇشۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدد-لىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ «قىبلە» نى ئۇلۇغلاش بىر خىل ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

**جۈمە** مۇسۇلمانلاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ جۈمە كۈنى ئارام ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغاچقا، شۇ كۈنى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، تىجارەتچى ۋە باشقىلار ئۆز ئىشىنى توختىتىدۇ. ھەر قايسى مەھەللد-نىڭ كىچىك مەسچىتىنىڭ جامائىتى چوڭ جامەگە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. بىر ھەپتە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن ئادەملەر مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن جۈمە كۈنى يول (سەپەر) غا چىقمايدۇ. مۇسۇلمانلار جۈمەنى ئۇلۇغ بىلگىنى ئۈچۈن، بىراۋ شۇ كۈنى ۋاپات قىلسا ياكى يەرلىككە قويۇلسا، ناھايد-تى خۇشال بولۇشىدۇ. جۈمە نامىزىغا كېلىدىغان جامائەت كۆپ بولغد-نى ئۈچۈن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ جىنازىسى جامەدە ئوقۇلىدۇ. ھازد-دارلار «ناماز تاپتى» دەپ، خۇرسەن بولۇشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ياش كېلىنلەر جۈمە كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە، يا ئۇلاغلىق، يا ھارۋا

ئۇيغۇر كىتاپ www.uyghurkitap.com



بىلەن جۇمەلەپ بىرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىدۇ .

## سان مۇقەددەسلىكى

### 1 . خاسىيەتلىك سان — «توققۇز»

«توققۇز» نى ئۇلۇغلاش قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۇرمۇشىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساننى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا «خاسىيەتلىك ‹9› سان چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشىدۇر» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن .

كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە ، «توققۇز» نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) ئايرىم- ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان ھەمدە يەتتە «ئىلاھ» نىڭ ھەر بىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم (تۇپراق) ۋە يەر ئاستى دۇنياسى (روھىناتلار ماكانى) قوشۇلۇپ ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن . شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن . شۇ سەۋەبتىن بۇ سان ئۇلۇغلۇقى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» كۆپىنچە ھالدا قەبىلە نامى سۈپىتىدە كەلگەن . چۈنكى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە قەبىلىلەرنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە» ، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتىلىشى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە «توققۇز»لۇق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەنە شۇ «توققۇز» نى مۇقەددەس بىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدىدىن كەلگەن .① شۇ سەۋەبتىن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى قەبىلە نامى سۈپەتىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» نى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى

---

① ليۇ زىشاۋ : «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 ـ قىسىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل 10 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 40 ـ ، 41 ـ بەتلەر .

سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . دولانلاردا توققۇز مۇقەددەسلىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئادەت كۆچىگە ئايلانغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇش كۆز قاراشلىرىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر مۇشۇ سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان . ئەڭ گەۋدىلىك مىساللاردىن بىرى شۇكى ، دولانلار ئۆزى چوڭ كۆرگەن نەرسىلەرنى ياكى ئۆزى ھۆرمەت قىلغان كىشىلەرگە سوۋغات قىلغان نەرسىلەرنى مانا شۇ توققۇز سانى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ . مەسىلەن ، توي ـ تۆكۈنلەردە تويلۇق سوۋغاتلىرى «بىر توققۇز نان» بىلەن ئۇتتۇرىغا قويۇلىدۇ .

2 . خاسىيەتلىك سان — «يەتتە»

خاسىيەتلىك سان «يەتتە» چۈشەنچىسى «توققۇز» سانىنىڭ سىرلىق خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، «يەتتە» بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان . بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە ‹يەتتە › نىڭ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ» دەپ يېزىلغان . ئەمما مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى «يەتتە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەر يۇقىرىقى قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ .

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، مەڭگۈ تاشلار Ⅷ ئەسىرلەردە ئورنىتىلغان . ئىسلام دىنى بولسا X ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان . ئەمما ئاشۇ مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان مۇقەددەسلىكى ئېڭىدىكى «يەتتە» گە دائىر كۆپلىگەن بايانلار ئۇچرايدۇ . شۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى ، «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس . بەلكى ئىسلام دىنى تەسىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن . «سىرلىق سان ‹يەتتە › ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى مەدەنىيىتى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن . ئۇنىڭ مانىي دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇئەييەن بىر ئادەت تۇسىنى ئالغانلىقى مەلۇم» .

ئۇيغۇرلارنىڭ سان چۈشەنچىسىدىكى «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن ،

www.uyghurkitap.com



بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن .

3 . خاسىيەتلىك سان — «ئۇچ»

«ئۇچ» مۇ خۇددى «توققۇز» ۋە «يەتتە» گە ئوخشاشلا ئەجدادلى
رىمىزنىڭ سان قارىشىدىكى خاسىيەتلىك سانلارنىڭ بىرىدۇر . ئۇنى
ئۇلۇغلىنىشىمۇ قەدىمكى شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
هازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ «ئۇچ» نى ئۇلۇغ سان دەپ بىلىدىغا
ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن ، ئاخۇنۇم توي نىكاھىنى
ئوقۇغاندا ، قىز ۋە يىگىتتىن نىكاھنى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى
نى پەقەت ئۇچ قېتىملا سورايدۇ . ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۇچ قېتىم
«تالاق» قىلسا ، نىكاھتىن ئاجراشقانلىق بولىدۇ . كىشى ئۆلگەندە
مېيىتنى يۇغاندىن كېيىن ئەر كىشى بولسا كېپەنلىكى ئۇچ قەۋەت
ئايال كىشى بولسا بەش قەۋەت تىكىلىدۇ . يولدا ۋە باشقا جايلاردا بىر
كىشىنىڭ ئالدىغا غايىبتىن نەرسە ـ كېرەك ئۇچراپ قالسا «بۇ نەرسە
كىمنىڭ ؟» دەپ ئۇچ قېتىم توۋلاش شەرت ، ئىگىسى چىقمىسا
ئاندىن ئۇ كىشى ئۇچرىغان نەرسىنى قولىغا ئالسا بولىدۇ . نامازغا
ئۆتەش ئۇچۇن تاهارەت ئالغاندا ، ئېغىزغا ئۇچ قېتىم سۇ ئېلىپ
چايقاش ، بۇرنىغا ئۇچ قېتىم سۇ ئېلىپ مەزە قىلىش . . . قاتارلىقلار
مۇ ئەنە شۇ «ئۇچ» سانىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر . مەڭگۇ تاش
پۈتۈكلىرىمىزدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان قارىشىدىكى «ئۇچ» توغ
رۇلۇق بايانلار خېلى كۆپ بولۇپ ، ئۇ بىزنىڭ «ئۇچ» مۇقەددەسلىكى
گە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە
مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان سۆز ـ جۈملىلەر گەرچە
ئاز ۋە ئاددىي بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردا سان مۇقەددەسلىكى خېلى
يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان . شۇڭلاشقا ، ئۇ «خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي
ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى» ① بولغان «ئۇچ» مۇقەددەسلىكىگە نىسبەتەن
چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرۇشتا بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ .

چىراغ ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى
دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلە

---

① ئىبراهىم ئىزاقى : «مۇقەددەس سان — ئۇچ» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993. يىللىق 8 ـ سانى ، 41 ـ بەت .

مىز . لېكىن ، بۇ دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-مۇشتا ماددىي شەكىلدە ساقلانغان ئەمەس ۋە ياكى ساقلانغان بىر قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە روشەن ئەمەس . ھالبۇكى ، ئۇيغۇر دولانلىرى ھازىر ساقلىنىۋاتقان «چىراغ» ئادەتلىرى بولسا ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى ، تەسىرچانلىقى ۋە شەكىللىرى بىلەن كىشىلەر-نىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن .

كونا تاش قورال دەۋرىدىلا (مىلادىيىدىن 30 — 70 مىڭ يىللار ئىلگىرى) ، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي چىراغنى كەشىپ قىلغان . ئەينى ۋاقىتتا ، تاش ، قۇلۇلە قېپى ۋە باشقا مۇۋاپىق جىسىم-لارنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇخ ۋە ھايۋانلارنىڭ مېيىنى قويۇپ ياندۇرۇش ئارقىلىق يورۇقلۇق چىقارغان .

يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جاي-لىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان قەدىمكى ئاھالىلەر ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىكى يورۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇ-رۇش ئۈچۈن ناھايىتى بۇرۇنلا پىلىكلىك ماي چىراغنى ئىشلىتىشكە باشلىغان . ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۇش ۋە قېزىشلاردا تېپىلغان ئەمەلىي بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە ، چىراغلار ئاسا-سەن تاش ، ساپال ، مىس ، تۆمۈر ، لاي ، ياغاچ ۋە قاشتېشى قاتارلىق ماتېرىياللاردا ياسالغان ، شەكىللىرىمۇ ھەرخىل . ئۇلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى چىراغلارنى ۋە كېيىنكى مەزگىل-لەردىكى ياسىلىشى بىرقەدەر نەپىس بولغان چىراغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھازىرغا قەدەر ، شىنجاڭ تەۋەسىدىن نۇرغۇن قەدىمكى زامان چىراغلىرى تېپىلدى[①] .

ھازىر مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا «چىراغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ ، بۇ ئادەت مەكىت ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا

① مىراجىگۈل ۋاھاپ : «چىراغ ھەققىدە» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 2004 ـ يىل 1 ـ سان ، 116 — 118 ـ بەتلەر .

يەنى يانتاق ، غازكۆل ، قۇمقسار ۋە تۇمەنتال ، قۇرما يېزىسىد
كىشىلەر ئارىسىدا كۆپرەك ساقلانغان . بۇ خىل ئادەت بويىچە بولغاند
چىرىغى بارلار يەنى بىر خىل چىراغتىكىلەر يەنە بىر خىل چىراغتىك
لەرگە ئاق بەرمەيدۇ (پاختا ، ئۇن ، تۇز ، سۈت ـ قېتىق قاتارلىق
قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق سىرتقى جايلاردىن مەكىتكە كېلىپ ئولتۇ
راقلىشىپ قالغان كىشىلەر دولانلارنىڭ چىراغ ئادىتىگە قارىتا مۇندا
دەيدۇ : «دولان خەلقى ئوخشىمايدىغان تائىپىكەن . ئۆيدە ئۇن ، تۇ
تۈگەپ كېتىپ دولانلىقلارنىڭ ئۆيىگە سوراپ چىقساق ئۇلار بەرمەيد
كەن . ئەگەر قېتىق سوراپ كىرسە ئىچىگە كۆمۈر سېلىۋېتىپ بېرىد
كەن . چىرىغى تۇتۇلۇپ قالىدۇ دەيدىكەن . بۇ دېگىنى دولانلىقلا
كۆزى تۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى ئاغرىپ قالىمىز دەپ قارايدىكەن . دولا
لىقلار ئۆزئارا ئېلىشىپ تېگىشىدىكەن . لېكىن باشقىلارغا قىىز بەرمە
دىكەن . تۇز بەرسە ئۆزىگىزنىڭكىنى ئاۋۋال ئىشلىتىپ تۈگىگەند
ئاندىن مېنىڭكىنى ئىشلىتىڭ ، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەڭ ، بولمىسا چىراغ
تۇتۇۋالىدۇ دەيدىغان گەپلىرى بار ئىكەن .»① بۇ ئاق كۆڭۈل ، مېھ
ماندوست دولان خەلقىنىڭ بېخىللىقىدىن ئەمەس ، بەلكى چىراغ ئارد
لىشىپ كەتسە بالا ـ قازا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇپ ، ئۇنداق
چىراغلاردىن قالپاق چىراغ ، ئاقساق چىراغ ، ئىشتان سالدى چىراغ
چولاق چىراغ دېگەنگە ئوخشاش 4 — 5 خىل چىراغ بار . بۇ چىراغلار
نىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىتىلىش ئادىتى ۋە قائىدە
سى بولۇپ ، ئۇلار چىراغلار ئارىلاشسا يەڭگىل بولسا كۆزگە ئاق
چۈشىدۇ ، ئېغىر بولسا ئۆلۈم ـ يېتىم بولۇپ ، ئۇرۇق ـ جەمەت
قۇرۇپ تۈگەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . كۆزىگە ئاق چۈشسە «چاچىراتقۇ سې
لىش» (چىراغ ئارىلاشقان ئۆيلەردىن ئۇن تىلەپ چىقىپ خېمىر
يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئوچاقتىكى قوقاس ئوتقا كۆمۈلىدۇ . موللام ياكى
داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ ھورۇيدۇ . خېمىر
قىزىق ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچ
لىپ كېتىدۇ . داخان بۇنى ئايەتنىڭ كۈچىدىن بولدى دەيدۇ ) ئارقى

---

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرى
ئېچىش توغرىسىدا تەتقىقات» تېما گۇرۇپپىسىنىڭ 2004 ـ يىلى دېكابىردا مەكىت ناھىيىسىدە ئېلى
بارغان تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ماتېرىياللىرى توپلىمى (ئۇنىئالغۇدىن رەتلەنگەن ) دىن ئېلىندى

لىق داۋالايدۇ . چىراغ ئادىتى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان ، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىقاد ـ ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلار-نىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلاشقا بولىدۇ .①

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى كەڭرى ، تارىختا ئۇلار جايلاشقان ئورۇنلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار ، قاتنىشى قۇلايسىز ، بولۇپمۇ يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغان ھەم ئاخىرى لوپنۇر كۆلىگە تۇتاشقان دەريا ئېقىنىنىڭ ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلقنىڭ ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بەزى پەرقلەر پەيدا بولغان ، ساقلانغان . مۇشۇ قاتارىدا دولانلارنىڭ چىراغ ئادەتلىرىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ ، مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات رايون-لىرىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ چىراغ ئادەتلىرىدە چىراغلارنىڭ نامى ، چىراغ ئۆتكۈزۈش تەرتىپ ، جەريانلىرىدا ئوخشاشماسلىق كېلىپ چىق-قان . شۇڭا ، «چىراغ» دېگەندىمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ . بۇلار «ئاق چىراغ» ، «قالپاق چىراغ» ، «ئاقساق چىراغ» ، «چولاق چىراغ» ، «ئىشتان سالدى چىراغ» ، «چەلپەك چىراغ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ چىراغنى ئاساس قىلىپ ، بىر چىراغتىكىلەر بىر جايغا توپلىشىپ رايون ياكى مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن . بىر چىراغتىكىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆز چىرىغىنى داۋام-لاشتۇرغان بولغاچقا ، ھەرقايسى چىراغنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك-لىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ۋارىيانت بولۇپ ، رەسمىيەت ـ ئىنتىزاملى-رى شەكىللەنگەن .

چىراغنى يىلدا بىر قېتىم ، بەزى رايونلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكۈزىدۇ . ئاۋاتلىقلار «ئاق چىراغ» ئۆتكۈزىدۇ . چىراغ ئۆتكۈزگەندە نەچچە يىلدا بىر ئۆتكۈزگەن بولسا بىر ئادەمگە ھەربىر يىلغا ئاتاپ بىر ئوچۇمدىن ئۇن سېلىپ ، سۈت قۇيۇپ ئوماچ سالىدۇ ياكى زاڭ

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001-يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 132 ـ ، 133 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېتىپ بىر چۆمۈچتىن سۈت قۇيىدۇ . ئىشىك تۈۋگە قوي يېغىدا بۇ
سالىدۇ . (بەزى جايلاردا بۇي سالمايدۇ ) نەزىر ئېشىنى يەپ بولۇ
دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىپتىدائىي بوۋىلىرىنىڭ (جەڭگى بوۋا ، چولپا
ئانىغا ) روھىغا ئاتاپ ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدۇ . باشقا چىراغلارە
بۇنىڭدىن ئانچە يىراقلاشمايدۇ .

چەلپەك چىراغ ، ئىشتان سالدى چىراغىنى ئاياللار ئۆتكۈزىدۇ
قازانغا ياغ قۇيماي نېپىز ناننى چاپلاپ قورۇق ئۇن بىلەن پىشۇرۇپ
پىشقان ناننى ئۇ تەرەپ ، بۇ تەرەپكە ئۆرۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ
ئاندىن كېيىن ناننى يەپ بولۇپ ، «چولپان ئانا» (ئىپتىدائىي ئەجدا
دى ) غا بېغىشلاپ دۇئا قىلىپ مەدەت تىلەيدۇ . ئاندىن كېيىن ئاياللا
ئىشتانلىرىنى سېلىپ ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە قويۇپ ئۆينى قاراڭغۇ
قىلىپ ، ئۆز ئىشتانلىرىنى تاپىدۇ . ئۆز ئىشتىنىنى تاپالىسا ، چىرىغى
ئىزىغا چۈشكەن بولىدۇ ، نەزىر قوبۇل بولىدۇ ؛ تاپالمىسا چىراغ
ئىزىغا چۈشمىگەن بولۇپ ، تاكى ئۆز ئىشتانلىرىنى تاپقانغا قەدەر
نەزىرنى قايتا ئۆتكۈزىدۇ . بىر چىراغتىكىلەر يەنە بىر چىراغتىكىلەر
بىلەن قۇدىلاشمايدۇ . چۈنكى بىر ئائىلىدە ئىككى چىراغتىكى كىشى
لەرنىڭ تۇرۇشىغا مۇمكىن بولمايدۇ . يەنى كېلىن بولۇپ كىرگۈچى
ھەرخىل بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ دەپ قورقىدۇ . بىر
چىراغتىكىلەر ئىككىنچى چىراغتىكىلەرگە «ئاق» (سۈت ، قېتىق
پاختا ) بەرمەيدۇ ، تۇز بەرمەيدۇ . تۇزنى ـ تۇزغا ، سۈتنى ـ سۈتك
ئارىلاشتۇرمايدۇ . ئاخشىمى ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە سۈت ، قېتىق كۆتۈر
مەيدۇ ۋە سۈت ـ قېتىقنى ، تۇزنى يەرگە تۆكمەيدۇ . بىر چىراغتىك
لەر يەنە بىر چىراغتىكىلەرنىڭ ئوچىقىنى (ئوچاق بېشىنى ) ئاتلىماي
دۇ . كۈلگە سىيمەيدۇ ، تۈكۈرمەيدۇ .

«چىراغ» ئۆتكۈزۈش ئادىتى ئازادلىقتىن كېيىن تەدرىجىي ئە
مەلدىن قېلىپ ، ئاساسەن تۈگەپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا چەت
ياقىلاردا ، كىچىك دائىرىدە ئاددىي رەسمىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ
ئەمما «چىراغ ئارىلىشىپ قالسا بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولىدۇ» دېگە
تەسىرات ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىگە سىڭىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، تۇ
ئارىلاشتۇرماسلىق ، ئاق ئارىلاشتۇرماسلىق ، تۆكمەسلىك ، كىشىنىلا

ئوچىقىغا تۆكۈرمەسلىك ، ئوچاق بېشىنى ئاتلىماسلىق قاتارلىق چىراغ ئادەتلىرىگە هازىرمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدۇ . «چىراغ» ئۆتكۈزۈش قانداق نام ياكى قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزۈلمىسۇن ، ئۇنىڭدا ئەتكەن تاماقنى جامائەتكە بەرگەنلىكى ئۈچۈن «نەزىر» هېسابلىنىدۇ . شۇڭا «چىراغ» ئۆتكۈزۈشمۇ نەزىر ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، چىراغ بىلەن نەزىرنى تەڭداش هېسابلاپ «نەزىر ـ چىراغ» دەپ ئاتايدۇ .①

**پېرە ئويناش** «پېرە ئويناش» شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە «پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» شەكلىدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئارىسىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

شامان ئەقىدىسىدە پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان) ، زېمىن (يەر) ، تەھتىسەرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر ، ئىنسانلار ، جىن ـ شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ . باخشىلار ئىنسانلار بىلەن جىن ـ شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئالدىنقىسىنى يۆلەپ ، كېيىنكىسىنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ . ئۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندا جىن چاپلاشتى دەپ قارايدىغان ئاددىي ئېڭىدىن پايدىلىنىپ ، ئەرۋاھلارنى قاغاپ ، نۇرانە پەرىشتىلەرنى مەدھىيىلەپ ۋە ياردەمگە چاقىرىپ ، ئەپسۇن ئارقىلىق ئوت چېچىپ ، سېھىرگەرلىك قىلىدۇ . ئۇسسۇل ئويناپ ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى سۆزلەيدۇ ، چۈشكە تەبىر بېرىدۇ ، رەممالىلىق ـ مۇنەججىملىك قىلىدۇ . گېپى راست چىقسا ، كارامىتىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ . يالغان چىقسا ، «كېسەل كىشىنىڭ ئالۋاستىسى جاھىلكەن» ياكى «گېپىمگە شەك كەلتۈرگىنىڭلار ئۈچۈن شۇنداق بولدى» دەۋالىدۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ كېسەل ساقايتىش هۈنەرلىرى بەزىدە نەتىجىسىمۇ ئېرىشىپ قالىدۇ .②

«پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» تا باش باخشى (پېرىخون ،

---

① مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى : «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايانىدىلەر» ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 4 ـ قىسىم ، 2004 ـ يىل 4 ـ ئاي ، 33 — 36 ـ بەتلەر .
② مۇختار قادىر : «پېرە ئويناپ داۋالاش ، نىڭ سىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان 92 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com



داخان ) ۋە ئۇنىڭ جەللىۋارە (داپچى ) شاگىرتلىرى قاتار ئولتۇرۇ
قان ، ئۇينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نوكچا يېقىلىپ ، كېسەل كىشىنىڭ تـ
قانلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ . باش باخشى قاچىدىكى ياغقا پـ
كىرگۈزۈپ ، چىراغ ياققاندىن كېيىن ، يەنە بىر قاچىدىكى سۇغا ئاي
ئوقۇپ ، دېمىدە قىلىدۇ ۋە كېسەل كىشىگە پۈركۈيدۇ . ئۇ قول
يامان روھلارنى قوغلايدىغان تاياق (بەزىلىرىدە ئېشلىگەن لاتا قامچـ
رمۇ تۇتۇلىدۇ ) ياكى بىر تۇتام سۆگەت شوپۇڭى تۇتقان هالدا ئەپسۇنـ
باشلايدۇ ، شاگىرتلىرى داپلىرىنى چالىدۇ . ئارقىدىن پېرە مۇناجىتـ
نى ئوقۇپ ، كېسەل كىشىنى تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكە سالىدۇ
قوشاقلارنى ئاهاڭغا كەلتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلايدۇ . باش باخشى ئارىلا
قولىدىكى نەرسە بىلەن تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەۋاتقان كېسەل كىشىـ
ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويىدۇ . باخشىلارنىڭ جەرىسى تازا يۇقىرى كۆتۈ
رۈلگەندە ، كېسەل كىشى «هوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ .» بۇ
نىڭ بىلەن باخشىلار ئوقۇشتىن توختايدۇ . باش باخشى يالاڭ ئايا
پۇتى بىلەن كەتمەندىكى چوغقا ياكى قىزىق كەتمەنگە دەسسەپ ، كىشـ
لەرنى هاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ . كېسەل كىشمۇ «روهلىنىپ»
ساقايغاندەك هالەتكە كېلىدۇ .①

شۋېتسىيىلىك مەشهۇر ئېكسپېدىتسىيىچى دوكتور سۋېن هېدىن
ئۆزىنىڭ «مەركىزىي ئاسىيادىكى ساياهەت خاتىرىسى» دە ئۇ 1899
ئايدا مەكىتتە ئۆتكۈزۈلگەن كەچلىك بەزمىدىكى ناخشا - ئۇسسۇ
ئەهۋالىنى مۇنداق خاتىرىلەيدۇ :

«كەچتە مەن ئىشچىلىرىم ۋە يەرلىك ئاهالىلەرنى چاقىرىپ بـ
قېتىملىق زىياپەت ئۆتكۈزدۈم . جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى پانۇس چېدىرـ
يورۇتۇپ تۇراتتى ، داپ ۋە تارىلىق چالغۇلارنىڭ ئۇدارلىرى ناهايىتـ
ماسلاشقان ، ئاياللار ئۇچىسىغا ئاق كىيىم كىيگەن ، ئۇزۇن ئۆرۈ
چاچ قويۇپ بېشىغا ئۇچلۇق دوپپا كىيگەن ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ
يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى . باير
كەيپىياتى يەركەن (دولان ) دەرياسى ۋادىسىنى قاپلىغانىدى②» .

---

① ئادىل مۇهەممەت تۇران : «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى
«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 - يىللىق 4 - سان ، 71 - بەت .

② سۋېن هېدىن : «مەركىزىي ئاسىيادىكى ساياهەت خاتىرىسى» ، لى شۇلى تەرجىمە قىلغان
«دولان مۇقاملىرى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتـ
نەشرىياتى ، 2004 - يىل 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 10 - ، 11 - بەتتىكى نەقىل ) .

سۋېن ھېدىن 1895 - يىلىدىكى باشقا بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «باشىق» (باخشى دېگەن سۆزنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن) نىڭ پېرىخون ئۇسۇلى ئويناپ باش ئاغرىقىنى داۋالىغانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن:

«3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىر چېدىرىمىزنى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى مەكىت كەنتىگە تىكتۇق. بۇ يەر بىزنىڭ بىر مەزگىللىك قارارگاھىمىز بولۇپ قالدى».

«مېنىڭ بېشىم بىر قانچە كۈن قاتتىق ئاغرىپ ئارامىمنى قويمىغاندا تودى خوجابەگ (كەنت باشلىقى) ماڭا كەنتتىكى جىن قوغلىغۇچىنى چاقىرىپ كېسىلىمنى داۋالاش تەكلىپىنى بەردى. «ساقاللىق ئۈچ بوۋاي ئۆيۈمگە كىرىپلا يەردە ئولتۇرۇپ بارماق، مۇشت ۋە ئالىقانلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ داپلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. داپقا كەرگەن كالا تېرىسى خۇددى مېتالغا ئوخشاش چىڭ كەرگەن. ئۇلار قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز ۋە بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان رىتىمغا ئەگىشىپ سەكرەيدۇ ۋە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داپنى بوشلۇققا ئېتىپ ‹دوڭ› قىلىپ بىرنى چېكىپ ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار مۇنداق قىلىپ بىرەر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. جىن قوغلاش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن قۇلىقىم ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن بىر كۈن يېرىم پاڭدەك بولۇپ قالدى[1]».

بۇنىڭدىن باشقا جى لو «مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭدىكى كېسەللىكلەر ۋە ئەينى چاغدىكى دورىگەرلىك - سەھىيە ئەھۋالى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئوخشاش بىر پائالىيەتنى بايان قىلغان: «دولانلارنىڭ جىن قوغلاش ئەپسۇنى» بىلەن ئىچكىرىدىكى «پېشۋالارنىڭ جىن قوغلاش» ى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار ئىككى قولىنىڭ بارمىقى بىلەن بىر يۇمىلاق داپنى چېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا دۇرۇت

① سۋېن ھېدىن: «مەركىزىي ئاسىيادىكى ساياھەت خاتىرىسى» 144 - بەت. («دولان مۇقاملىرى ئۈستىدە ئېتنولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەتتىكى نەقىل).

ئوقۇپ كېسەلنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ، رىتىم بارا -
تېزلەشكەندە ھەتتا بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىپمۇ قالىدىكەن»[1]

## 16 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ پەرھىز ئادەتلىرى

پەرھىز — پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت هاد
سىسى بولۇپ ، خەلقئارادا بىردەك «تابۇ» (Taboo ) ياكى «تا-
بۇ» (Tabu ) دەپ ئاتىلىدۇ .

تابۇ دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي تونگان (جۇڭگودىكى تونگان ياك
خۇيزۇ مىللىتى ئەمەس - ئا ) تىلىدىن ئېلىنغان . ئۇ ، تونگان پاد
شاھلىقىنىڭ خەلق تىلى بولۇپ ، پولىنېزىيىدىكى بىر كىچىك ئارال
(بەزىدە دوستلۇق ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نى كۆرسىتىدۇ ھەم «مۇ
قەددەس» ياكى «تېگىشكە بولمايدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ
تابۇ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە بار بولۇپ ، ئۇ مەلۇم خەلقلەر
نىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە مەلۇم شەيئى ، ھادىسە ، ھەرىكە
ياكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئاشكارا سۆزلەشكە بولمايدىغا
تىلىنى كۆرسىتىدۇ . قوبۇل بولمايدىغان ئىش - ھەرىكەت ۋە پائالى
يەتلەرمۇ تابۇ كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ .

تابۇ دېگەن ئاتالغۇ ئىككى خىل چۈشەنچە بېرىدۇ . بىرىنچى
دىنىي جەھەتتە بەك مۇقەددەس ياكى بەك يامان ، شۇڭا تېگىشك
بولمايدۇ ، ئېتى- نامى بىلەن ئاتاشقا ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ
دېگەنلىك . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلار باشقا مىللەت ياكى دىنى ئوخشمايد
غان ئادەملەر بىلەن ئاساسەن توي قىلمايدۇ . ئىككىنچى ، ئاممىۋ
سورۇنلاردا قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىش ياكى سۆزلەرگە قارىتىلغان
مەسىلەن ، ئاممىۋى سورۇنلاردا قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا سۆيۈشۈش
بولمايدۇ .

---

① خۇباگجۇ : «داۋلا ۋە دولان» دېگەن ئەسىرىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل («يىپەك يولى مۇزىك
ئۇسسۇل سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 - يىل 9 - ئاي خەنزۇچە نەشرى
324 - بەت ) .

مانا مۇشۇنداق خەلق ئارىسىدىكى تېگىشكە بولمايدىغان مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرگە تەگمەسلىك ، دېيىشكە بولمايدىغان گەپلەرنى دېمەسلىك ياكى قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ ئۆزى تابۇ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، يېقىنغىچە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ كىشىلەر باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ سۆزلىگەندە «bull» (بۇقا) دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي ، ئۇنىڭ ئورنىغا «he—cow» (ئۇي) ياكى «male beast» (ئەركەك ھايۋان) دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە .

دېمەك ، تابۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ، رەسىم ـ قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىيىلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ تىلدىكى كۆرۈنۈشىدۇر . بۇنداق بىر شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئېتى ـ نامى بىلەن ئاتىماستىن ، ئۇنى ئىككىنچى بىر سۆز بىلەن سىلىقلاپ ئاتىلىتىش ئۇيغۇر تىلىدا ئېۋفېمىزملىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ .

ئېۋفېمىزم گرېكچە سۆز بولۇپ ، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «سىلىقلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ . گرېك تىلىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە «ياخشى گەپ بىلەن سۆزلەش» نى بىلدۈرىدۇ . ئىنگلىزچە «Euphemism» (تەلەپپۇزى يۇفېمىزم) دەپ ئاتىلىدۇ . ئېۋفېمىزم قوپال ، ئەدەپسىز ئىبارىنى ياكى سۆزنى باشقا سۆز ياكى ئىبارە بىلەن پەردازلاپ ئېيتىشقا قارىتىلغان . ئېۋفېمىزملار مەنىلىرىدىكى بەزى قوپاللىق پەرقىگە قاراپ ، ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان ۋە تابۇ خۇسۇسىيەتكە تولۇق ياكى قىسمەن ئىگە بولغان سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن .

ئىنگلىزلاردا «تابۇ» دېگەن سۆزنى ھەممە ئادەم ھەتتا بالىلارمۇ بىلىدۇ . «ئېۋفېمىزم» ئاتالغۇسى بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . شۇڭا ئۇنى مەخسۇس ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلىدۇ . ئەمما بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇھىم .

كۆپىنچە تابۇدا قوپال سۆزلەر ياكى چەكلىنىشكە تېگىشلىك ھەرىكەتلەر ئېۋفېمىزم ئۇسۇلى بىلەن ، فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر ئىدىئوملار ۋە ماقال ـ تەمسىل قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . نۇرغۇن سۆز ـ جۈملىلەر شۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق پەيدا بولغان .

مەسىلەن ، «كەمبەغەل» دېگەن سۆزنى سىلىقلاشتۇرۇپ «قول ئىلكى-دە يوق» ، «قولى قىسقا» دەيمىز ، «ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن سۆز-نى سىلىقلاشتۇرۇپ «قازا قىلدى» ، «ۋاپات بولدى» ۋە «چىرىغى ئۆچ-تى» دەيمىز ۋە باشقىلار .①

خەلق پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا ، ئۇ قەدىمدە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ، ئىنسانلار مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىقنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن . ئىلا-ھ قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەيدانغا چىققان . ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «روھ» قارىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن دىنىي مۇراسىملار ، مۇرەك-كەپ پسىخىك ھالەتلىرى چوڭقۇر رول ئوينىغان . پەرھىز ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تىلسىز بۇيرۇقلار گەرچە زامان ، ماكان ، شارائىتقا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلسىمۇ ، ئەمما پەر-ھىزنىڭ پەيدا بولۇشىدا روھنىڭ غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش-تەك ئىدىيىۋى قاراش ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان . شۇڭىمۇ روھ ئېتىقادچىلىقى خەلق پەرھىزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم ئو-رۇنغا ئىگە . ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپتىن تەبىئەتتىن قور-قۇش ئىدىيىسى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى ، مول بولمىغان تەجرىبىلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتلە-رى ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن تۇغۇلغان خاتا قاراشلىرى ئاخىرى-دا يەكۈنلىنىپ بەلگىلىك پەرھىزلىك تىل ، پەرھىزلىك قائىدىلەرنى شەكىللەندۈردى . ئىنسانلارنىڭ بىر قېتىملىق ياكى كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىرىنى يوقىتىپ قويدى ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قايتا ئاكتىپلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلال-ماسلىقتەك سىرلىق پسىخىك ھالەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە تەرەپلىرىنى مۇت-لەقلەشتۈرۈپ ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ قويدى . نەتىجىدە ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان قائىدە ، مۇراسىملار بارلىققا كەلدى② .

---

① ئىبرنا گىرىم (شۋېتسارىيە) : «تابو ۋە ئېۋفېمىزم» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 84 ـ ، 85 ـ بەتلەر .

② قەلبىنۇر مۇھەممەت : «ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى توغرىسىدا» ، «مىراس» ژۇرنىلى ، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 8 ـ بەت .

ھەر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يامان ئىلىنىدىغان قىلىمىش ـ ئادەتلىرى بولىدۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭ ئىپادىسى ھەرخىل . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك قىلمىش ـ ئادەتلەر «يامان بولىدۇ» دېگەن پەرھىز ـ ئەقىدە ئادەتلىرى بويىچە يامان ئىلىنىپ تەقىبلىنىپ كەلگەن :

△ پاشانغانلارنى ، چوڭلارنى ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ، ئۇستازلارنى كۆرگەندە ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم !» (تەڭتۇش ، تونۇش ـ بىلىشلەر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام دەيدۇ ) دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش لازىم . سالام بەرمەسلىك ئەدەپسىزلىك ، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ چوڭلارنىڭ ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ، كۆيئوغۇل (كېلىن ) قېيناتا ، قېينانىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ .

△ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ . ئەرلەر تۇرغان يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە ، ئەرلەرنىڭ كەينىدىن ياكى ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈشى لازىم .

△ چوڭلار كىچىكلەرنى «بالام ، ئوغلۇم (قىزىم )» دەپ ئاتىشى لازىم . بولمىسا «ئالجىغان» ، «قېرىغىنىنى تۇيمىغان» دەپ ئەيىبلىنىدۇ . كىچىكلەر چوڭلارنى «دادا» ، «بوۋا» ، «موما» ، «ئانا» ، «ئاكا» ، «ئاچا» ، دەپ ئاتىشى لازىم . بولمىسا ، «ئەدەپسىز» ، «تەربىيە كۆرمىگەن» دەپ قارىلىدۇ .

△ كۆرۈشمىگەن (جۇملىدىن ، سەپەردىن كەلگەن ) ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوست ـ ئاغىنىلەر كۆرۈشكەندە چوڭلار ، تەڭتۇشلار قۇچاقلىشىپ مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ . كىچىكلەرنى بولسا ، بېشىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيىدۇ . ئاياللار ـ چوڭلار ، تەڭتۇشلار مۇرىلىرىنى تۇتۇشۇپ يۈزلىرىنى ـ يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ ، كىچىكلەرنى باش ـ كۆزىنى سىلاپ پېشانىسىگە ، مەڭزىگە سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ . بولمىسا ، «كۆيۈمسىز» ، «مېھرى يوق» ، «باغرى قاتتىق» ، «كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن» دەپ ئەيىبلىنىدۇ .

△ سىرداش دوست ـ ئاغىنىلەردىن باشقىلار ئادەتتە بىر ـ بىرىنى «سىز» ، «سىلى»... دەپ ئاتىشى لازىم ، «سەن» دېيىلسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«كۆزگە ئىلمىغانلىق» ، «پەس كۆرگەنلىك» دەپ يامان ئېلىنىدۇ
△ ئىشىك ئالدى ياكى ئۆيگە يېقىن ئارىلىقتا تونۇش ـ بىلىش
ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردە ، سالاملاشقاندىن كېيىن «ئۆيگە باشلاي»
«خىزمەتتە بولاي» دېيىش لازىم . بولمىسا «قىزغانچۇق» ، «ئادە
گەرچىلىكى يوق» دەپ ئەيىبلىنىدۇ .
△ مېھمان ياكى بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆيگە «ئەسسە
لام» دەپ كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دە
ئورنىدىن تۇرۇپ (يا يېرىم تۇرۇپ ) ئاندىن ئولتۇرۇش لازىم .
بېرىش ـ كېلىشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق قائىدە ، بولمى
«قائىدىسىز» ، «هاكاۋۇر» دەپ ئەيىبلىنىدۇ .
△ تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ، چوڭ ـ كىچىك تاھارەتتى
كېيىن قول يۇيۇش لازىم ، بولمىسا «تەبىئىتى يوق ، مەينەت» دە
ئەيىبلىنىدۇ .
△ قول يۇغاندا ، بولۇپمۇ ساھىبخان مېھمان قولىغا سۇ ئالغاندا
قولنى سىلكىمەي لۆڭگە ياكى قولياغلىققا ئېرتىش لازىم .
△ مېھمانغا چاي ، تاماق قويۇلۇپ ساھىبخان «ئالىلى ، باقىلى
دەپ تەكلىپ قىلمىغۇچە ئالدىراپ چاي ۋە تاماققا قول ئۇزىتىش
بولمايدۇ .
ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوڭ ، سولغا ئالاھىدە دىققە
قىلىدۇ . بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقا
«ئوڭ ، سول» قارىشىنىڭ ئىپادىسى . مەلۇمكى ، ئادەم ھەرىكەتلەنگە
دە ، ھامان ئوڭ قول ، ئوڭ پۇت بىلەن ئەپچىل ، يېنىك ھەرىكەتلىنى
دۇ ، سول قول ، سول پۇت سۆرەلمە كېلىدۇ . بەدەندىكى كۈچ سالم
قىمۇ ئوڭ قول ، ئوڭ پۇتتا ئارتۇق بولىدۇ . بۇ ھال ئەجدادلىرىمىز
ئوڭ ، سول قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن . بۇنى
بىلەن بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك خېلى نۇرغۇن ئادەت شەكىللەنگەن
△ مېھمانغا چاي ، تاماق سۇنغاندا ، ئوڭ قول بىلەن سۇنۇ
لازىم . بولمىسا ، «كۆزگە ئىلمىغانلىق» دەپ قارىلىدۇ .
△ سالام بەرگەندە ئوڭ قولنى كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ سا
بېرىش ، مېھمانغا چاي ، تاماق قويۇش ، سوۋغات تەقدىم قىلىش يا

بىرىگە بىر نەرسە بېرىشتە ئوڭ قول بىلەن بېرىلىشى شەرت ، سول قول بىلەن بېرىلسە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . ئۆيگە كىرىشتە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىدىن ئۆتىمىز ، ئات ـ ئۇلاغقا مىنگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى ئارتىلدۇرۇپ ئاندىن مىنىمىز ، كىيىم كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ يەڭگە ئوڭ قولنى سالىمىز ، ئىشتان كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا ئوڭ پۇشقاق سېلىنىدۇ ، ئاياغ كىيگەندىمۇ شۇنداق ، ھەتتا بىرەرىنىڭ ئىشتا پەملىكلىكى ، مە-جەز ـ خۇلقىنىڭ يېقىملىقلىقى ... «ئوڭلۇق» دېگەن بۇ ئىبارە بىلەن تەرىپلىنىدۇ . بىر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغان ، بولمىغانلىقى ، ياتقاندا قارا بېسىش ، بەزى كۆڭلىرى كىشىنىڭ سەپراسىنىڭ ئۆرلەپ قېلىشى قاتارلىقلارمۇ ئوڭ ، چەپ قارىشىغا باغلىنىدۇ . مەسىلەن ، «ئىشىمىز (تەلىپىمىز ) ئوڭغا تارتىپ (ئوڭدىن كېلىپ ) يۇرۇشۇپ كەتتى» ؛ «ئىشىمىز چەپكە تارتىپ ئىلگىرى باسمىدى» ، «سول تەرىپىمنى بېسىپ ياتقانىكەنمەن قارا بېسىپ قاپتۇ» ، «سول يېنىمنى بېسىپ ياتقانمۇ نېمە؟ قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىپتىغۇ» دېيىلگەنلەرگە ئوخ-شاش . مۇندىن باشقا ئادەتتە ، «ئوڭ گەپ قىلغىنا !» ، «توگمەنمۇ ئوڭ چۆرگىلەيدۇ» دېگەندەك تەمسىلىي سۆزلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ، باشقا مىللەتلەردىكىدەك ، ئۇيغۇرلاردىمۇ خوتۇن كىشى «ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارالغان» دەپ كەمسىتىدىغان ئادەت بار . بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ ، چەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

△ ئادەتتە مېھمان ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلى-قى ، تاماق ئاغزىغا تېتىمىغان تەقدىردىمۇ «ۋاي مەززىلىك بوپتۇ ، ئوخشاپتۇ» دەپ مەمنۇنىيەتلىك بىلدۇرۇش لازىم . بولمىسا ، كىشىنى ياراتمىغانلىق بولىدۇ .

△ مېھمان پۇتنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ سۇنۇپ ئولتۇرماسلىقى ، بولۇپمۇ داستىخانغا قارىتىپ پۇتنى سۇنۇپ ئولتۇرماسلىقى لازىم . ئۇنداق قىلىش ساھىبخانغا ، داستىخانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ . چوڭلار ئالدىدىمۇ پۇتنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ قىلىپ ، مىنگەش-تۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ .

△ مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى قالايمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قان تۇتماسلىقى ، ئاختۇرماسلىقى ، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە مېڭىپ يـ مەسلىكى ، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللار يېنىغا ، قازان بېشىغا بېرىۋالمـ لىقى لازىم . بۇ يات قىلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ .

△ مېھمان داستىخان يىغىلماستىن بۇرۇن ئالدىراپ تۇر كەتمەسلىكى كېرەك . تالاغا چىقىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا داستىخا دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتۈشكە ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بو مايدۇ ، ئۇنداق قىلىش ساھىبخانىنى ، مېھمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلـ بولىدۇ .

△ مېھماندارچىلىق سورۇنىدا ، ئادەتتىكى پاراڭ ، تاماق ئۈستـ بۇرۇن تارتىش ، بۇرۇن ـ قۇلاق كولاش ، مىشقىرىش ، تۈكۈرۈش تىرناق ئېلىش ، ئۇسۇرۇش ، جۈملىدىن ئاممىۋى سورۇنلاردا شۇندا قىلىش تەبىئەتسىزلىك ۋە ئەڭ چوڭ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ

△ مېھمانلار ، جۈملىدىن ، باشقىلار پاراڭلاشقاندا ئىشىك مار ماسلىق ، چوڭلار گەپ قىلغاندا لوقما سېلىپ ئېغىز غېرىچلىماسلـ لازىم . ئۇنداق قىلىش ئەڭ يامان قىلىق ، ئاقساقاللىق ، ئاتكاچلـ ھېسابلىنىدۇ .

△ مېھماندارچىلىق ئۈستىدە ۋە ئادەتتە غەيۋەت ـ شىكايە قىلىش يامان ئېلىنىدۇ . چۈنكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئاد ۋەتلەر ئاشۇنداق غەيۋەت ـ شىكايەتتىن كېلىپ چىقىدۇ .

△ مېھماندارچىلىقتا بالا ئەگەشتۈرۈپ بېرىش يامان ئېلىنىدۇ چۈنكى بالىلارنىڭ جۇداسىدا مېھماندارچىلىقمۇ كۆڭۈللۈك بولمايدۇ بالا ئاپارغۇچىمۇ ئارام خۇدا يەپ ـ ئىچىپ ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرالما ىدۇ . «تويغا بارساڭ تويۇپ بار ، بەش بالاڭنى قويۇپ بار» دېگەن ماقا شۇنداق ئادەتكە قارىتا مەيدانغا چىققان .

△ مېھمان داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دە دۇئا قىلىپ «رەھمەت» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ياكى يېرىم تۇرۇ ساھىبخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى لازىم .

△ مېھمانغا ئېيتقان يەردىن قالماسلىق ، ئېيتمىغان يەرگە با ماسلىق لازىم . چۈنكى سىزنى مېھمانغا چىللىغانلىق سىزنى ھۆرمەتلـ گەنلىك ، بارمىغانلىق قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ، ئېيتمىغـ

يەرگە بېرىش قىلىنىلىق ۋە تەمەخورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ . «ئېيتقان يەردىن قالما ، ئېيتمىغان يەرگە بارما» دېگەن ئىدىيىۋم شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن .

△ يالاڭباش ۋە ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش يامان ئىلىنىدۇ .

△ غىزا ـ تاماقنى چاچماي ، پاكىز يېيىش . ئاش ئەۋلادىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق لازىم . «بولمىسا ئادەمنىڭ رىزقى قالىدۇ» . «ئادەمنىڭ رىزقى كالتە بولىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ مېھمان ، جۇملىدىن ، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كىچىك بالا ۋە باققان مال ـ جاندارنى «ئەجەبمۇ چىرايلىق ئەت ئاپتۇ» ، «ئەجەبمۇ چىرايلىق سەمرىپتۇ»... دەپ تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ماختىماسلىقى شەرت ، ماختىسا «كۆز تېگىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ . ئاشۇنداق ماختاش بولسا ، قارشى تەرەپ ئىچىدە «ئاغزىڭغا تاش» دەپ قارغايدۇ .

△ بىرى بىر نەرسە يەۋاتقاندا ئۇنىڭغا قاراپ مەسلەنمەسلىك (تەلمۇرمەسلىك) لازىم ، مەسلىنىپ قارىسا «ئىچى كىرىپ قالىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ تاماق ئۈستىگە بىرى كىرىپ كەلسە ، ئۇنىڭغا تاماق قويماسلىق «قىزغانچۇقلۇق» ، «ئاچ كۆزلۈك» دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ مەيلى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوست ـ ئاغىنە بولسۇن ، تالادىن كىرگەندە ، بولۇپمۇ سەپەر ئۈستىدىن كەلگەندە شۇ ئۆيدىكى كىچىك بالىنى ئالدىراپ قولىغا ئالماسلىقى لازىم . بالا ئالدىراپ قولغا ئىلىنسا «يول ئىسسىقى ئۆتۈپ ئۇچۇنۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ يۈگۈرۈپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئالاقزادىلىكتە ئۆيگە كىرمەسلىك لازىم . چۈنكى ئۆي ئىگىسى بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال تۇغۇلغاندىمۇ؟ دەپ غەم ـ غۇسسىگە قالىدۇ .

△ ئۆيدە ئەخلەت قوندۇرماسلىق لازىم ، ئەخلەت قونۇپ قالسا «بەرىكەت قاچىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ .

△ ئىشىك ئالدىغا كىر سۇيى ۋە يۇندى تۆكمەسلىك لازىم . كىر سۇيى ـ يۇندى تۆكسە ئادەمنى مەينەت باسىدۇ ، ئادەمنى سۆرۈن تەلەت قىلىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



△ يۈز ـ كۆزنى سۈنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۇيۇش لازىم . بول
سا ، يۈندىدا يۈز يۇيغانغا باراۋەر ، دەپ قارىلىدۇ .
△ ئوچاق بېشى ، قۇدۇق بېشىغا كىر ، قول چايقايدىغان د
قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇشقا ، قۇدۇققا ، سۇ ئىدىشىغا چېلەك ، م
لىق نوگايدىن باشقا نەرسىلەرنى سېلىشقا بولمايدۇ .
△ ئىشىك ئالدىغا ، جۇملىدىن ئۆيگە (كىچىك بالا ، ئاغرىق
بۇنىڭ سىرتىدا ) ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چوڭ ـ كىچىك تاھار
قىلىسا تەبىئەتسىزلىك ، هاياسىزلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ .
△ كۈن ۋە ئايغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىش ، سۇ
سىيىش ، ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈش ، ئەتىگەندە يۈز يۇماي تۇرۇ
كۈنگە قاراش يامان ئېلىنىدۇ . «ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭ
چۈشەر» دېگەن ماقال شۇ ئادەتتىن كېلىپ چىققان .
△ زىرائەت ۋە يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسەش ، يۇلۇش
بولۇپمۇ ئۈستىگە سىيىش يامان ئېلىنىدۇ . دەسسەپ يۇلۇنسا ، ئۈست
گە سىيسە «ئۇلار «يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ
△ تۇزغا ، ئوتقا تۈكۈرۈش يامان ئېلىنىدۇ .
△ نان پارچىلىرىنى ، تۇزنى دەسسەشكە ، نان سالغان ساندۇق
ۋە تۇز خالتىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ ، بۇنداق قىلىش
نان ـ تۇزغا هۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ . چوڭ
ى نان ـ تۇزنى ئەجدادلار جاندەك ئۇلۇغلاپ كەلگەن . يېڭى تو
قىلغان ئىككى ياشقا تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش ئادىتى ، ناننى تى
ئېلىپ («نان تۇرۇپتۇ» ، «نان ئېلىپ ئۇرسۇن» ، «نا
دەسسەپ بېرەي» ) قەسەم قىلىش ئادىتى ؛ ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىنى
يۇرت ـ جامائەتتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى «تۇزۇم ئېلىپ ئۇرسۇن»
«تۇزكور» دەپ قارغاش ئادىتى ئەنە شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلى
چىققان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ، شۆھرەت ، هارام دۇنيا ، هۇزۇر
مەئىشەت قوغلىشىپ ۋەتەنگە ، خەلققە ، دوست ـ يارەنلىرىگە خائىنل
قىلغانلارنى «تۇزكور» دەپ قارغايدۇ .
△ ئۆيدىن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن ، ئارقىسىغا يانماسل
لازىم ، ئارقىسىغا يانسا «سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ» دەپ قارىلىدۇ

△ سەيشەنبە ، جۈمە كۈنى يولغا چىقىشقا بولمايدۇ ، چۈنكى كۈنلەر ئىچىدە سەيشەنبە قۇتسىز كۈن ، شۇ كۈنى «توڭگۇزمۇ موينى تاشلىمايدۇ» ؛ جۈمە روھىناتلارنىڭ سېغىنىشلىق كۈنى ، جۈمە كۈنى ئەجدادلار روھىغا دۇئا ـ تەكبىر قىلماي توپا بېشىنى يوقلىماي بولمايدۇ ، دەپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا بۇ ئىككى كۈندە يولغا چىقىش «يامان بولىدۇ» ، «پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ» دەپ قارىلىدۇ .

△ چارۋا ـ مالنى ، بولۇپمۇ قوينى ئۇرماسلىق ، تەپمەسلىك لازىم . چۈنكى قوي ئامەت ، بەختنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ . ئەتىگەندە قوي ئۇچرىسا «ئامەت كېلىدۇ» دېيىش ئاشۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن . شۇڭا قوينى ئۇرۇش ، تېپىش يامان ئېلىنىدۇ .

△ ئاياللار ئارغامچا ۋە كىر سۈيىنى ئاتلىماسلىق لازىم . ئارغامچىنى ئاتلىسا ، ھەمراھى ئاسان چۈشمەيدىغان ، كىر سۈيىنى ئاتلىسا ، تۇغۇتتا ھال باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

△ يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيگە يات كىشى كىرىشكە بولمايدۇ . شۇڭا ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇلىدۇ . ئادەتتە تۇغۇت يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ ئون ئىككى ئىددىتىدىن كېيىن يوقلايدۇ .

△ كىشىگە قول شىلتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىش يامان ئېلىنىدۇ . چۈنكى ئۇنداق قىلىش كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ، پەس كۆرگەنلىك بولىدۇ .

△ ئويىنىشىپ بولسىمۇ كىشىگە تىغ تەڭلەشكە بولمايدۇ ، چۈنكى تىغ شەرتلىك ، يامان بولىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

△ چوڭلارنىڭ ، جۈملىدىن ، ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكمەسلىك ، ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىچمەسلىك لازىم . ئۇنداق قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ .

△ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇش تولىمۇ يامان ئېلىنىدۇ . گەپ توشۇغۇچى «سۇخەنچى» ، «تەخسچى»… دەپ ئەيىبلىنىدۇ .

△ ئەتىگەندە ۋە ياتاردا چۈش ئۆرۈشكە بولمايدۇ . بۇنداق چاغدا ئۆرۈلگەن چۈش ئوڭغا تارتمايدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

△ ئەتىگەندە يىغلاش ۋە قايغۇ ، قورقۇنچ ئۇقۇمىدىكى سۆزلەرنى قىلىش يامان ئېلىنىدۇ ، چۈنكى ئەتىگەندە يىغلاش ، ئۇنداق سۆزلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىش پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

△ پۇتنى قىبلىگە سۇنۇپ يېتىش يامان بولىدۇ ، دەپ قارىلىد

△ چاچ ـ ساقال ، بۇرۇت ، تىرناقنى ۋە ئەۋرەت مويىنى قولتۇق مويىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېتىش يامان بولىدۇ ، دەپ قارىلىد

△ ئەر ـ ئايال بىللە بولغاندىن كېيىن ، شۇنىڭدەك بالاغە يەتكەن ئوغۇل ـ قىزلار ۋە چوڭلار چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتت بوزۇرلانغان (شەيتان ئاتلىغان) بولسا غۇسلى قىلىشى كېرەك غۇسلى قىلمىسا يامان بولىدۇ ، «ئادەمنى پالاكەت باسىدۇ» دەپ قار لىدۇ . ئاياللار ھەر قېتىم ئادەت توختىغاندا يۇيۇنمىسىمۇ «پالاكە باسىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ .

△ ئات ـ كالا ، قوي ، تۆگە ، جەرەن ـ كېيىك قاتارلىق ھايۋان غاز ـ ئۆردەك ، توخۇ ، كەكلىك قاتارلىق ئۇچار قاناتلاردىن باشقا چوشقا ، ئېشەك ـ قېچىر ، ئىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرتقۇچ (گۆش خور) ھايۋانلارنى ھارام دەپ يېمەيدۇ ، قوي ـ كالىلارنىڭمۇ رەسمى بوغۇزلانغانلىرىنى يەيدۇ ، قېنىنى ئىچمەيدۇ ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغاننى يېمەيدۇ .

△ ناماز ئوقۇغاندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىش ، ئەزان توۋلىغاند پاراڭ سېلىش يامان بولىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

△ ناماز ئوقۇۋاتقاندا سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ .

△ زاراتلىقتا قالايمىقان كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ .

△ ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيگە ، بولۇپمۇ قىبلە تامغا ئادەم سۈرىت ئېسىشقا بولمايدۇ .

△ ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى مەسچىت ئەتراپى ۋە ئىچىدىغان سۇ بويىدا چوشقا بېقىشى يامان ئېلىنىدۇ

△ كىشىنى تىللاش ، بولۇپمۇ بىراۋنىڭ ئايالىنى ئاتاپ تىللاش يامان ئېغىر ئېلىنىدۇ .

△ كەيپخورلۇق ، قىمارۋازلىق پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشى ئۇچرايدۇ .

△ قۇدۇق ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىغا ھاجەتخانا ، قوتان سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ .

△ زىنا قىلىش ، كىشىگە قارا ساناش ، كىشى ھەققىنى يېيىش قاتارلىق ئىشلارغا پۈتۈن جەمئىيەت لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇرىدۇ .
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، تۇرمۇشىمىزدا يامان ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇنداق قىلمىش ـ ئادەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق مىزانىمىز ئاساسىدا تەقىبلەنگەن ، بىر قىسمى ئىسلامىيەت ئەخلاق مىزانى ئاساسىدا تەقىبلەنگەن بولسىمۇ ، ئۇ قەدىمكى ئەنئەنىمىز بىلەن مۇجەسسەملىشىپ مىللىي ئەخلاق مىزانىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ، بۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئىجتىمائىي ئەخلاق سۈپىتىدە ئىزچىل تەرغىب قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ .

# 17 . ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدىكى خۇراپاتلىق ئادەتلىرى

خۇراپاتلىق ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان ئاڭ ۋە ئۇسۇل بولۇپ ، ئۇ يالغۇز نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بۇرمىلايدىغان بىر خىل تونۇش بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پەنگە زىت ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر .
خەلق ئىچىدىكى نوقۇل دىنىي خاراكتېر ئالغان ئادەتلەردىن تاشقىرى ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پېرىخونلۇق ، داخانلىق ، قەسىدىچىلىك ، ئاچلاش (ئوت كۆچۈرۈش ) ، تۇمارچىلىق ، پالچىلىق (رەممالچىلىق ، قۇرچىلىق ) قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان سېھىر ـ ئەپسۇنكەشلىك ئادىتىمۇ مەۋجۇت . بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ ـ ئېتىقادى بىلەن شامانىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، شامانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان «ياخشى روھ» لار ئارقىلىق «يامان روھ» لار (جىن ـ شاياتۇنلار ) نى قوغلاش ۋە ئۇلارنى «ئىشقا سېلىش» چارە ـ تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت . بۇ ئادەتلەر كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەۋرلەردە ، بولۇپمۇ فېئودالىزم دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ ـ
خىل سىرلىق كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلا
يەت شارائىتىغىمۇ ماسلىشىپ ، ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ھازىرغ
داۋاملىشىپ كەلگەن . ئادەتتە فېئودال خۇراپاتلىق ئادەت (ئىدىي
دېگىنىمىز دەل شۇنداق ئادەتلەرگە قارىتىلغان . بۇنداق ئادەتلەرن
تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان ئاساسلىق شەكىل ـ ئىپادىلىرى مۇنۇلا
دىن ئىبارەت :

## 1 . ئەجدادلارغا چوقۇنۇش

(1) ياغ پۇرىتىش : ئۆلۈم ـ يېتىمدا مەخسۇس نەزىر ـ چىرا
قىلىشتىن تاشقىرى ، ئازنا ، پەيشەنبە ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى (ساڭ
زا سېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ساڭزا خېمىرىدا بەش ـ ئالت
پوشكال سېلىش ) ، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ، «چۈش بۇزۇلغان»
چاغلاردا مەخسۇس پوشكال سېلىنىپ ئاددىي دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈ
لىدۇ . مۇشۇنداق مەخسۇس پوشكال سېلىشتا ئالدىنقى 2 ـ 3 پوشكال
(قۇيماق ) «يا ـ بىسمىللا ! بوۋىلىرىم ، مومىلىرىمنىڭ روھى مەدەت
قىلغاي» ياكى «ياھ ، ئۆلۈغلىرىم ـ پىر كامىللارنىڭ روھىغا تەگسۇن
(... روھى مەدەت قىلغاي ) !» دەپ سېلىنىدۇ (بۇ ئىبارىلەرنى ئادەتت
پوشكال سالغۇچى ئىچىدە ئوقۇيدۇ ) . ئادەتتىكى كۈنلەردە ئائىلە ئايال
لىرى تاماق ئېتىشتە قازانغا ماي قۇيۇشتىمۇ ئىچىدە ئاشۇ ئىبارىلەرنى
يادلاپ تۇرۇپ ماي قۇيىدۇ . بۇ ئادەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ياغ پۇرى
تىش» ياكى «ھىد سېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭدا «ياغنىڭ پۇرىقى
(ھىدى ) كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئەجدادلارنىڭ روھىغا يېتىدۇ ، بۇنىڭ
بىلەن ئۆلارنىڭ روھى يار ـ يۆلەك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە ئىپادىلەن
گەن .

(2) ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەپ ياخشى تىلەك بىلەن تىلغا ئېلىش
تۇگەپ كەتكەن چوڭلار توغرىسىدا گەپ ـ سۆز بولغاندا ئالدى بىلە
«مەرھۇمنىڭ (رەھمەتلىكنىڭ ) ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي !» ياك
«مەرھۇمنىڭ (...) قورۇنمىغاي» ، دەپ بولۇپ ئاندىن گەپ باشلىن

دۇ ، تاماقتىن كېيىن «×× نىڭ روھىغا تەگسۇن» دەپ دۇئا قىلىنىدۇ .

(3 ) ياشانغان پېشقەدەملەر جان ئۈزگەن ئۆي ئەقىدىسى : پېشقەدەملەر يېتىپ قوپۇپ جان ئۈزگەن ئۆيگە «ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن» دەپ يەتتە كۈنگىچە (بەزىلەر قىرىق كۈنگىچە ) تۈندە ئۈزۈلدۈرمەي چىراغ يېقىلىدۇ ، بەزىلەر ئۆلگۈچىنىڭ «روھى غېرىبسىنىپ قالىدۇ» دەپ ئۇ ئۆيدىن ئاسانلىقچە كۆچمەيدۇ .

(4 ) روھىناتلارغا داستىخان سېلىش : بۇ ئادەت ئاياللار ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ ، ئۆلۈغلار ، پىر ـ كامىللارنىڭ روھىغا سېغىنىپ مەخسۇس دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ، ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ـ ئامەت تىلەش مەقسىتىدە ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى ھازىرلاش بىلەن روھىناتلارغا ئاتاپ مەخسۇس داستىخان سېلىنىدۇ . شۇڭا بۇ ئادەت «روھىناتلارغا داستىخان سېلىش» دەپ ئاتالغان . جەريانى مۇنداق :

داستىخان سالغۇچى كەچ كۆز كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر چارشەنبە كۈننى تاللاپ مېھمانخانا ئۆيىنى چىرايلىق جابدۇيدۇ . ئوتتۇرىغا چوڭ داستىخان سالىدۇ ، داستىخاننى ئايلاندۇرۇپ يېكەنداز سالىدۇ . داستىخانغا قويۇلغان ھەرخىل نازۇنېمەتلەرنى ئايلاندۇرۇپ توققۇز ياكى يەتتە پىيالە قويۇلىدۇ . ھەربىر پىيالىگە توغرىلاپ ئاش ، مانتا ، سامسا ، جۇۋاۋا قاتارلىق تائاملاردىن ئاز ـ ئازدىن سېلىنغان تەخسىلەر قويۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بىردىن يېڭى ياغاچ قوشۇق دۈم قىلىپ قويۇلىدۇ . ھەممە نەرسە تەق قىلىنغاندىن كېيىن ، داستىخان ھازىرلىغۇچى ئايال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىماي ماڭغىنىچە ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ ، بىر كېچە ـ كۈندۈز كىرمەيدۇ . ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا كىرىپ قارىسا ، ئارىلاپ قوشۇقلار ئوڭدىسىغا بولۇپ قالارمىش . بۇ روھىناتلارنىڭ كىرىپ مېھمان بولغانلىقىنىڭ ، ھاجەتمەننىڭ تەلىپىنىڭ ئىجاۋەت بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىمىش . بۇ ئادەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ، داستىخان سېلىش ھەردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتى هويلا ـ ئارام ئەركىنشىدىن خالىي قالغان چاغدا ئورۇندىلى
ۋە ناھايىتى سىرلىق تۈتۈلىدۇ .

### 2 . سېھىر ـ ئەپسۇنكەشلىك

بۇ قەسىدىچىلىك ، جادۇگەرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ . سېھىر ـ ئە
پسۇنكەشلىك ئۇيغۇر دولانلىرى ئىچىگىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ
تۈرىمۇ كۆپ . يازما تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا ، سېھىر
ئەپسۇنكەشلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنلا كەڭ
تارقالغان . بۇ توغرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قولباق دېگەن بە
ئەۋلىيانىڭ «تەڭرىنىڭ قولى قولباق» دېگەن ئىبارىنى قارا تاش
يازسا ئاق ، ئاق تاشقا يازسا قارا چىقىدىغان كارامىتىنىڭ بارلىقى
يادا تاش ئارقىلىق يادا (سېھىر ) قىلىنىپ يازدا قار ياغدۇرۇلغانلى
قىنى ئاپتورنىڭ كۆرگەنلىكى ، باللارنى كۆز تېگىش ۋە جىن .
ئالۋاستىلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇپ «ئىسرىق ، ئىسرىق
دەپ ئىسرىقدايدىغانلىقى ، «جىن تەگكەن» ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگ
سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قۇۋۇچ ـ قۇۋۇچ» دەپ ئادىراسمان ۋە ئۇ
ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدىغانلىقى قاتارلىق ئادەتلەر توغرىسىد
مەلۇمات بېرىلگەن① . روشەنكى رىئال تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ كې
لىۋاتقان سىرلىق ھېسابلىنىدىغان «يادا تاش» سۆزى ئەنە شۇ «يادا
سۆزىدىن كېلىپ چىققان . شۇنىڭدەك تېخى يېقىنقى دەۋرلەرگىچ
داۋاملىشىپ كەلگەن يادا تاشقا ئايەت ئوقۇپ سۇ ، يامغۇر تىلەپ زارل
خەتمە ئوتكۈزۈش ئادىتى قاتارلىق ئادەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى «يادا
قىلىش ئادىتىنىڭ داۋامى .

سېھىر ـ ئەپسۇنكەشلىكنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان تۈر
شەكىللىرى :

(1 ) قەسىدىچىلىك : بۇمۇ بىر خىل كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملى
شىپ كېلىۋاتقان خۇراپىي ئادەت بولۇپ ، ئادەتتە قەسىدە ئوقۇتۇش
(ئوقۇش ) ، جۇدا قىلىش (قىلدۇرۇش ) ، ئىسسىتقۇ قىلىش (قىل

---

① مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 620 ـ بەت .

دۇرۇش ) ۋە سوۋۇتقۇ قىلدۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ . قەسىدە ئوقۇغۇ-
چىلار خەلق ئىچىدە ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ، ھەر-
خىل مۇشكۇلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرغۇچى دېگەن ئاتاققا ئىگە . شۇڭا
كىشىلەر ، بولۇپمۇ ئاياللار ئۇلارغا تولاراق ئەقىدە باغلاپ «ھال»
ئېيتىپ بارىدۇ . قەسىدىچىلەر كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپىگە قاراپ
قەنت - ناۋات ، چاي ، رەخت ، قورچاق ، سارقىندى تۇخۇم قاتارلىق
نەرسىلەرگە سېھىر - ئەپسۇن يەنى قەسىدە ئوقۇپ بېرىدۇ . بۇ «ئو-
قۇلغان» قەنت - ناۋات ياكى چاي بىلەن چاي دەملەپ نىشانلىغان
ئادەمگە ئىچۈرۈلسە ، رەخت كۆڭلەك ياكى ئىشتان تىكتۈرۈپ كىيدۈ-
رۈلسە ، شۇنى ئىچكەن ياكى كىيگەن قىز (ئايال ) بولسا ، يىگىتكە
(ئەرگە ) ، ئەگەر يىگىت (ئەر ) بولسا ، قىز (ئايال ) غا ئاشىق (رام )
بولارمىش ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ مۇناسىۋىتى
بۇزۇلارمىش ، شۇڭا بۇ «ئىسسىتقۇ» ۋە «سوۋۇتقۇ» دەپ ئاتالغان .
شۇنىڭدەك بەزى كۈنداش ، ھەسەتخور رەقىبلەر ئوقۇلغان قورچاق ياكى
سارقىندى تۇخۇمنى رەقىبىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمۈپ
تاشلايدۇ . مۇنداق قورچاقنىڭ بېشى ۋە كۆزىگە ، كۆكرىكىگە يىڭنە
سانجىلغان بولىدۇ ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورچاققا سانجىلغان
يىڭنىلەر ياكى سارقىندى تۇخۇم چىرىگەندە قەسىدە ئۆز كۈچىنى
كۆرسىتەرمىش . نىشانلانغۇچى ئايال بولسا ئىسسىتقا كېسىلىگە گى-
رىپتار بولۇپ ئۆلەرمىش ، ئەر بولسا ئالدى باغلىنىپ قالارمىش . بۇ
بەزى جايلاردا «جۇدۇ قىلىش» ياكى «جادۇ» قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

بەزى كېلىنى بىلەن چىقىشالمىغان قېينانىلار كېلىنىنىڭ ئوغلى
بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ ئوغلۇمغا قېينانىسى «ئوقۇ-
ۋەتكەن» دەپ باشقىلارغا دادلاپ بېرىدىغان ئادەتمۇ ئاشۇ خۇراپىي
ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللەنگەن .

(2 ) قان قىلىش : كىشىلەر قەسىدىچىلىككە بولغان ئەقىدىسى
بويىچە بەزى پۇت ، بەل ئاغرىقى قاتارلىق سۆرەلمە ئاغرىقلارنى ۋە بەزى
بىر نەرسە كىرىپ - سانجىلىپ كەتكەن باھانە - سەۋەبلەر بىلەن
يۇقۇملىنىپ پەيدا بولغان سۆرەلمە چاقا - جاراھەتلەرنى قەسىدىچىلەر-
گە ئوقۇتىدۇ . قەسىدىچىلەر مۇنداق ھاجەتمەنلەر كەلگەندە ، كېسەلگە

قاراپ «شامال دارىپتۇ» ، «خىزىر ياكى قىتمىر غوجام ئۆتتىدىغ يولغا ھاجەت قىلىپ قويۇپتۇ» ، «ئىگىلىك يەرگە بىر تەرەپ دەسسى ساپتۇ» ، «ئىگىلىك يەردىكى ياكى قىتمىر غوجامنىڭ چۈشكەن يېر ىدىكى دەرەخنى كېسىپ قويۇپتۇ» دېگەندەك «دىئاگنوز» قويىدۇ . قا قوي ياكى 3 ـ 4 قارا توخۇغا يەتتە كۈن ئوقۇپ ئاندىن شۇ «گۇما ىلىق» يەرگە قان قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىدۇ . ھاجەتمەننىڭ ھ زىرلىقى پۈتۈشى بىلەن «ئوقۇش» باشلىنىدۇ ، «ئوقۇش» جەريانى ئاغرىق ياتقان ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال نوكچا يېقىقلىق تۇرىدۇ «ئوقۇش» تۈگىگەندىن كېيىن ، شۇ ئۆينىڭ ئەتراپىغا يەتتە كۈنگىچ يەتتە يەرگە نوكچا يېقىلىشى شەرت . موللام ئوقۇيدىغىنىنى ئوقۇ بولۇپ قوينى گۇمانلىق يەرگە قان قىلىدىغىنىنى ئېيتىپ ، توخۇدىن بىرەرسىنى ئاغرىقنىڭ كۆز ئالدىدا قان قىلىپ ئالدىغانىنى ئېلى ماقچىدۇ . دېمەك شۇنداق ئوقۇپ ، قان قىلىنغاندىن كېيىن ئاغرىق تەدرىجي ساقىيارمىش . شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ داۋالاش ئۇسۇلى «قان قىلىش» دەپ ئاتالغان . خەلق ئىچىدە بەزى خېيىمخەتەردىن ئامان قالغاندا ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ خەتەرلىك ھېس قىلغاندىمۇ بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ خالىس نەزىر قىلىش ئادىتى ؛ «غايىب خەزىنە» ئۇچراپ قالغاندا بىر مالنى ، ھېچبولمىغاندا قول بارماقلىرىنىڭ بىرىنى چىش لەپ بولسىمۇ قان قىلىش ، دېگەن ئەقىدىلىك قاراشمۇ ئاشۇ «قان قىلىش» تىن كېلىپ چىققان .

(3) كۆچۈرۈش : كىچىك بالىلار تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ سا قىيالماي بارغانسېرى ئورۇقلاپ ئاجىزلىشىش ھالىتى يۈز بەرسە كىشىلەر بۇنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەقىدە بويىچە «شامال دارىغانلىقتىن بولغان» ، «يامان نەرسە — جىن چاپلاشقانلىق» دەپ قاراپ موللام بۇۋۋىلەرگە ئوقۇتىدۇ . بۇ «كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ . ئورۇندىلىش مۇنداق :

ئاغرىغۇچىغا سىمۋول قىلىپ (ئوغۇل بولسا ، ئوغۇلچە ، ق بولسا قىزچە) چىرايلىق قورچاق ياسىلىپ ، چىرايلىق كىچىك داست خان ۋە تۇتۇلمىغان بىر كىچىك تاۋاق ھازىرلىنىدۇ ، يەتتە ئۆيدى بىر بۇردىدىن نان تىلەپ كېلىنىدۇ ، موللام ياكى بۇۋۋىم بالىغا ئەپس

ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئايىغىغا قەدەر يەتتە قېتىم «كۆچ - كۆچ» دەپ ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ . ئاندىن تۈن يېرىملاشقاندا قورچاق كىشىگە تۇيدۇرۇلماي يولنىڭ دوقمۇشىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلۇش بىلەن ھېلىقى داستىخان ئالدىغا سېلىنىدۇ ، ئۈستىگە سۈپكۆچلەنگەن يەتتە بۇردا نان سېلىنىپ ھېلىقى تاۋاق قويۇپ قويۇلىدۇ ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغۇچى ئىشنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قارىماي ئۆيگە يېنىپ كېلىدۇ . بەزى جايلاردا يەتتە بۇردا نان ئورنىغا يەتتە ئۆيدىن ئاز - ئازدىن قۇرۇق ئۇن تىلەپ ، ئۇنىڭدا چامغۇرلار توغرالغان قۇرۇق سۇيۇقئاش ئېتىلىدۇ . ئاش تەييار بولغاندا ، بالا يالىڭاچلىنىپ ئۇنىڭ ھورىدا ھوردىتىلىدۇ (باشقا جەريانلىرى يۇقىرىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش ) ، بۇ (ئاۋاق ئېشى ) دەپ ئاتىلىدۇ . بەزى جايلاردا بولسا ، جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسىتىدە يەتتە تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلەپ كېلىنىپ ، سەيشەنبە چىقىپ چارشەنبە كىرىش ئاخشىمى ئاغرىق بالىنى يالىڭاچلاپ بەدىنىگە يەتتە قېتىم سۇرۇلىدۇ . بۇ «توزلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ . تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلىنىشى ئادەتتە تۈگمەننىڭ خىلۋەترەك كېلىشىدىن ، جىنلارنىڭ بىر ماكانى دەپ قارالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

(4) ئاچلاش : بوۋاقلار تولا يىغلاپ بىئارام بولسا ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر ، ھەتتا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر مېھماندارچىلىق ياكى تالا - تۈزدىن يانغاندا تۇيۇقسىز مەيدىسى ياكى قورسىقى ئاغرىپ كەتسە ، بۇ كىشىلەرنىڭ «ئېچى كىرىپتۇ» ياكى «ئۆتى تۇتۇپتۇ» ، «كۈدە بوپتۇ» دەپ قارىلىپ بۇۋۇملەرگە ياكى بۇۋۇملەردىن ئۇدۇم ئالغان ئاياللارغا ئوقۇتۇلىدۇ . بۇ «ئاچلاش» دەپ ئاتىلىدۇ . ئورۇندىلىشى مۇنداق :

بىر پىيالىگە لىق كېپەك ئېلىنىپ دۈم قىلىنىپ داكا ياكى داسمالغا ئورۇلىدۇ . ئاچلىغۇچى ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە ئوقۇغاچ پىيالىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە ئۈچ قېتىم ھۈرۈپ قويۇپ ، ئاندىن بوۋاقنىڭ (ياكى ئاغرىغۇچىنىڭ ) پېشانىسىدىن تا ئايىغىغىچە «كۆچ - كۆچ ! بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ئەسكى تۈگمەن (تاملىق ) گە بار ! قوشۇما قاشقا بار ! يالغۇز دەرەخكە بار ! ئۆزۈڭگە كىرگەنگە بار ! قوش خوتۇنلۇققا بار !» دەپ جىنلارغا خىتاب قىلىپ ئالا قويماي نوقۇپ

www.uyghurkitap.com



چىقىدۇ . بۇ ھەرىكەت شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ . كېپەك
يوق شارائىتتا ئاشلىغۇچى كېپەك ئورنىغا ئالىقىنىغا يەتتە بۇردا ناز
ئېلىپ ئاچلايدۇ . ئاچلىغۇچى ئاچلاش جەريانىدا ئەسنەك ئارىلاش
«ھۆك !» دەپ تۇرىدۇ . «كىشى بىر نەرسە يېگەندە يېگۈسى كېلىپ
قارىسا ئېچى كىرىپ قالىدۇ» ، «كۆرمىگەن بىرىگە ھەۋەسلىنىپ
قاراپ قالسا ، ئۈتى تۇتۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئالىدىغان ئادەت ئۇ
ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن .

(5) ئۈچۈقداش : بەزىلەر بىر باغلام قارا سۆگەت قىيپچىسىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ تۇرۇپ ئاغرىقنىڭ كىيىمىنى قايرىپ تۇرۇپ دۈمبىسىگە «كۆچ - كۆچ» دەپ ئۈچ قېتىم ئۇرىدۇ . بۇمۇ ئوت كۆچۈرۈشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، «ئۈچۈقداش» دەپ ئاتىلىدۇ .

(6) چاچراتقۇ سېلىش : كىچىك بالىلارنىڭ ئېغىزىغا ئۈششاق سۆلۈق چاقا چىقىپ بىرى ساقىيا - ساقايمايلا يەنە بىرى چىقىپ يۈز - كۆزىنى بېسىپ كەتسە بۇ «چاچراتقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىمۇ جىن - شاياتۇنلارغا تاقىلىپ «كۆل - ئەخلاتخا- نىغا تاھارەتكە ئولتۇرۇپ قويغانىكەن ياكى قوغۇن شاپىقىغا سىيىپ قويغانىكەن» (ئەپسۇنچىلار ئەخلەت ، كۆل تۆكۈلىدىغان يەرلەرمۇ يا- مان روھلارنىڭ ماكانى دەپ قارايدۇ ) دەپ «دىئاگنوز» قويۇلىدۇ . ئۇلارچە بۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ھەرخىل ، مەسىلەن :

A . موللام ، بۇۋۇملەر ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ چاچراتقۇ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم سۈي- كۆچلەپ «تۇكۇرۇپ» قويىدۇ .

B . قۇرۇق قوغۇن شاپىقىنى سوقۇپ ، كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ چوغ ئېلىنغان بەلگۈرجەككە سېلىش بىلەن بالىنىڭ بېشى - كۆزى ئىسرىقدىنىدۇ . بۇ ئۇسۇل پات - پات قوللىنىلىدۇ . بۇ ھەرىكەت ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ .

(7) پاق - پاق سېلىش : يەتتە ئۆيدىن بىر قوشۇقتىن ئۇن تىلەپ چىقىپ ، كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا ئۈچ پارچە خېمىر يۇغۇرۇ لىدۇ . ئاندىن بۇ ئۈچ پارچە خېمىر بىرلەشتۈرۈلۈپ توقاچ زۇۋۇلىسى چوڭلۇقىدا زۇۋۇلا قىلىنىدۇ . موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىد

ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ ، ھۆرۈپ تۇرۇپ قوقاسقا كۆمىدۇ ۋە داۋام۔لىق ئوقۇپ قوقاسقا ھۆرۈپ ئولتۇرىدۇ . خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچىلىپ كېتىدۇ . موللام (داخان) «مانا ئايەتنىڭ كۈچى ، خېمىر يېرىلىپ چېچىلىپ كەتتى ، ئەمدى چاچراتقۇمۇ كۆچىدۇ» دەپ ئالدىغاننى ئېلىپ يولىغا راۋان بولىدۇ .

(8) ياندۇرۇش : كىچىك بالا تۇغۇلۇشتا كۆزى ئاجىز تۇغۇلۇپ ، بارا ـ بارا ئەلەس بولۇش ياكى ئاق چۈشۈش خەۋپى تۇغۇلسا ياكى چوڭلارنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالسا ، بۇمۇ «شامال دارىغانلىق» دەپ قارىلىپ موللام (داخان) لارغا ئوقۇتۇلىدۇ . ئورۇندىلىشى : موللام (داخان) بۆرە ئۆلتۈرۈلگەن پىچاق تاپتۇرۇپ كېلىدۇ ، ئەگەر ئۇنداق پىچاق تېپىلمىسا ، قارا توخۇ ياكى كۆك كەپتەرگە ئوقۇپ ئۇنى بوغۇزلايدۇ . ئاندىن شۇ قان يۇقى پىچاقنى (بۆرە ئۆلتۈرگەن پىچاق۔نى) ، ئاغرىقنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئۈچ قېتىم ياندۇرمىلاپ قايرىيدۇ . شۇڭا بۇ «ياندۇرۇش» دەپ ئاتالغان .

(9) پېرىخونلۇق (داخانلىق ، باخشىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، پېرى۔خونلۇق «پېرە ئويناش» دېگەن تېما بىلەن ئالدىنقى قىسىملاردا بېرىل۔گەن . بۇ يەردە قايتا تىلغا ئېلىنمىدى) .

بۇنىڭدىن باشقا ، باخشىلار يەنە بەزى سوزۇلما بەل ، پۇت ئاغرىق۔لىرىنىمۇ «كەتمەن بېسىش» ئۇسۇلى بىلەنمۇ «داۋالايدۇ» . باخشىلار ئالدى بىلەن بىر كەتمەننى ئوتتا قىزدۇرىدۇ . كەتمەن قىپقىزىل ھالەتكە كەلگەندە ئىچىدە «ئوقۇغاچ» تاپىنىنى كەتمەنگە بىر سۈرتۈۋې۔تىپ ئاندىن كېسەلنىڭ ئاغرىغان يېرىگە پۇتىنى سۈرتىدۇ . شۇ تەرتىپ۔دە ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ . شۇڭا بۇ «كەتمەن بېسىش» دەپ ئاتال۔غان .

## 3 . پالچىلىق

پالچىلىق «رەممالچىلىق ، قۇرچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇمۇ شامانىزم ئەقىدىلىرىدىن قالغان سېھىر ـ ئەپسۇنكەشلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا كەڭ تارقالغان . ٧

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسىرگە ئائىت تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغ
پال چوكىلىرى ۋە IX ئەسىرگە ئائىت «ئىرق پۈتۈك» (پالنامە)
ھېكايە - چۆچەكلەردىكى كىشىنىڭ مۇشكۇلچىلىكىنى ئاسانلاشتۇرغ
چى سۈپىتىدە يارىتىلغان «خىزىر ئەلەيھىسسالام» (قۇرئەنداز دەپ
ئاتىلىدۇ) نىڭ ئوبرازى، خان - پادىشاھلارنىڭ «ئەقىلدارلىرى
سۈپىتىدە يانلىرىدا قۇرئەندازلاردىن ئايرىلمايدىغانلىقلىرى توغرىسىد
كى بايانلار ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەقىدە - ئاده
ئىسلامىيەتكىمۇ ماسلاشتۇرۇلۇپ رىسالىلىك كەسىپ سۈپىتىدە دەۋر
مىزگىچە يېتىپ كەلگەن. پالچىلار دانىيال ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىر
نىڭ پىرى ھېسابلايدۇ. شۇڭا پال سالغاندا «ياھ! مېنىڭ پال
ئەمەس، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى» دەپ تۇرۇپ پال سالىدۇ
بۇ ھال ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە بازار تېپىشىغا سەۋەب بولغان.

پالچىلىقنىڭمۇ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاساسەن
رىسالىگە قاراپ پال ئېچىش (سېلىش)، تاش - مارجان (قوناق -
قۇمىلاق) ۋە چوكا بىلەن پال سېلىش كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لوپنۇر
ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىنى ئوتقا سېلىپ پال سې
لىش ئادىتى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا سۆڭەكتە پەيدا بولغان
قاپارتمىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قاپارتمىلارنىڭ توپ - شاڭلى
قى، ئايرىلىقىنىڭ كەڭ - تارلىقى قاتارلىق ھالەتلەرگە قاراپ مەن
ئېيتىش ئاساس قىلىنغان. پالچىلار ئىچىدە رىسالىگە قاراپ پال
ئاچقۇچىلار بىر قەدەر داڭلىق بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار يۇرت ئارىلاپ
يۈرىدۇ. بەزى ھاجەتمەنلەر يۇرت كېزىپ يۈرۈپ شۇنداق پالچىلارنى
ئىزدەپ تېپىپ پال سالدۇرىدۇ. پالچىلارغا ھاجىتى چۈشىدىغانلار
تولاراق مال - ۋارانلىرى يىتكەن (ئوغرىلانغان) لەر، يىراقتىكى ۋ
سەپەر ئۈستىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماق
چى بولغانلار، ئۆمۈر - تەلەي سىناپ كۆرگۈچىلەر ۋە چۈش ئۆرۈۋ
مەكچى بولغانلاردىن ئىبارەت.

پالچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالدى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ
روھىي ھالىتىگە، مۇددىئاسىغا دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر «ما
بىر پال ئېچىپ باقسىلا» دەپ كەلسە، بەزىلەر پال سالدۇرماقچ

بولغان مۇددىئاسىنى ئىپىدىدۇ. پالچىلار شۇنىڭغا قاراپ رىسالىسىنى ئېچىپ بىردەم قاراپ ئولتۇرۇپ ياكى پال دەستۇر قېپىنى يەرگە يېيىپ (بەزىلەر يەرگىلا) ئۈستىگە تاش - مونچاقلىرىنى ياكى پال چوكىسىنى قويۇش بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئايرىپ، ھەرخىل شەكىللەرنى چىقىرىپ، ئاندىن ھاجەتمەندە مەلۇم بىر ئۈمىد ھاسىل بولغۇدەك قىلىپ «پالىڭىز مۇنداق چۈشتى. بۇ xx نىڭ بېشارىتى» دەپ سۆزلەيدۇ. مەيلى تاش - مونچاق ياكى پال چوكىسى بولسۇن ھەممىسىدە تەخمىن سان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ 43 دانە (تال) بولسا، بەزىلەرنىڭ 38، بەزىلەرنىڭ 28 دانە (تال) كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلىرىدا يەنە بىر خىل پال تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى پال تۈرلىرىدىن پەرقى، چوكا ياكى تاش - مارجانلارنى ئالدى بىلەن تۆت قۇر تىزىپ، كېيىن بۆلۈكلەرگە ئايرىپ تاق - جۈپلىرىگە قاراپ 16 خىل شەكىل چىقىرىلىدۇ. بۇ 16 خىل شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولىدۇ. ھاجەتمەنگە سۆزلىگەندە بۇ 16 شەكىلنىڭ نامىغا 16 پەيغەمبەرنىڭ نامى ۋە كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، سۇ، شامال ھەم ھەپتە كۈنىنىڭ نامى شىپى كەلتۈرۈلۈپ سۆزلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پالنىڭ قولنىڭ ئالىقىنىغا قاراپ ئاچىدىغان بىر تۈرىمۇ بار. پالچى ھاجەتمەننىڭ ئالىقىنىنىڭ ئىچىدىكى سىزىقلارنىڭ شەكلى، شاخچىلىرى ۋە قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقى، قايسى نۇقتىدا ۋە قانداق شەكىلدە قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىككە قاراپ تەبىر ئېيتىدۇ. ئېيتىلىدىغان تەبىر ئاساسەن «تەلەيلىك ئىكەنسىز؛ قولىڭىز ئوچۇقكەن؛ پىششىق ئادەم بولىدىكەنسىز؟ × نىكاھلىق بولىدىكەنسىز؛ × پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز» دېگەن دائىرىدىن چىقمايدۇ. شۇڭا بۇ «ئالىقان پال» دەپ ئاتالغان.

4. «توزلاندۇرۇش»

بالاغەتكە يەتمىگەن باللار تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ ئاۋاق بولۇپ قالسا «توزلاندۇرۇش» سېھرى ئىشلىنىدۇ. بۇنىڭدا يەتتە تۇگمەنگە (تۇگمەندە جىن - ئالۋاستىلار كۆپ بولارمىش) بېرىپ تۇگمەن توزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يىغىپ ئەكىلىدۇ . توزلايدىغان مەخسۇس سېھىرگەر بۇ توزنى ئاۋ
بالىنىڭ بەدىنىگە ھەر چارشەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن جەمئىي يە
نۆۋەت سۈرتىدۇ ۋە «توزلاندۇرۇش ئەپسۇنى» ئوقۇپ ، ھۈرۈيدۇ يا
ئاشۇ توزنى خېمىر قىلىپ نېپىز يايىدۇ . ئاندىن ئۇنى «ئاۋاق» نى
پۈتۈن بەدىنىگە چاپلايدۇ . بۇمۇ يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ .
«توزلاندۇرۇش» دېيىلىدۇ .

## 5 . «ئاۋاق ئېشى»

تۇيۇقسىز ئاۋاق بولۇپ قالغان بالىغا چاپلىشىۋالغان «جىن» نى
قوغلاش ئۈچۈن مەخسۇس «جىن قورچىقى» ياسايدۇ . بىر تۇرمۇشلۇق
بولغان يەتتە ئائىلىدىن «قۇرۇق ئۇنلۇق» سوراپ ئۇنى خېمىر قىلىپ
ئاش يايىدۇ ، ئۇششاق كېسىپ ، چامغۇر ، تۇزدىن باشقا نەرسە ئارىلاش
تۇرماي سۇيۇقئاش ئېتىدۇ ، ئاش پىشقاندا ھېلىقى ئاۋاق بالىنى يال
ئاچلاپ ، ئۈستىنى پۈتۈن ئەزايى كۆرۈنمەيدىغان دەرىجىدە ئەديال
ياكى رەخت بىلەن چۈمكەپ ، ھور چىقىۋاتقان قازاننىڭ ئۈستىگ
مىندۈرۈپ ، ھورلاندۇرىدۇ . ئارقىدىن شۇ ئاشتىن بىر قاچا ئىچكۈز
دۇ . قالغىنىنى ئىشلىتىلمىگەن يېڭى تاۋاققا ئېلىپ ، يېڭى ياغاچ
قوشۇق سېلىپ ، يولنىڭ يەتتە دوقمۇشىغا قويۇلغان ياغاچ قورچاق
ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ . بۇنى بېجىرگۈچى «ئاۋاق ئېشى» بىلەن قور
چاقنى ئورنىغا قويۇپ بولۇپ ، ھەرگىز ئارقىسىغا قارىماي يۈگۈرگەن
پېتى ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ . ئەگەر بۇ «ئاۋاق ئېشى» بىرەر ھايۋان
تەرىپىدىن ئىچىلگەن بولسا ئاۋاققا چاپلىشىۋالغان «جىن» قوغلانغا
بولارمىش .

## 6 . ئوت كۆچۈرۈش

سېھىرىي ئۇدۇمغا ئىگە بولغان ئاياللار تەرىپىدىن قورساق ئاغر
قىغا قىلىنىدىغان ئىرىمدۇر . بۇنىڭدا ئوت كۆچۈرگۈچى چاۋار
چاتقال ، ناننىڭ كۆيۈكى ، كېپەكنى ئالتىنىغا ئېلىپ «سۈپكۆچ
قىلغاندىن كېيىن ، ھېلىقى ئاغرىقنىڭ دۈمبە ، قورساقلىرىنى مۇجو
تۇرۇپ «چىقساڭ چىقتىڭ ، چىقمىساڭ بورا يۈگەپ ئوت قويۇپ بېر

مەن» دەپ «جىنغا خىتاب» قىلىدۇ. راسا قاتتىق ئەسنەپ تۈرۈپ ئاغزىدىن ئوت (ئىسسىق) چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېسەلدىكى «ئوت» نى كۆچۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تۇمار پۈتۈش»، «ئاچلاش»، «قان قىلىش»، «يامان روھلار» (جىن ـ شەيتانلار) نى توپلاش، «قەستلەش سېھرى» قاتارلىق كۆپلىگەن جىنكەشلىك ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس داخان، باخشىلار تەرىپىدىن بېجىرىلىدۇ. بۇ خۇراپىي ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شامان ئېتىقادىدىكى روھناتلار (ئەرۋاھلار) چۇشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان.

## 7. چۈشكە تەبىر بېرىش

چۈشكە تەبىر بېرىش ئەسلىي پالچىلىقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي ئۇدۇملۇق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكە تەبىر بېرىشۈپرىدۇ. IX ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق پۈتۈك» نى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا «چۈش تەبىرى» ياكى «چۈش تەبىرنامە» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا چۈش تەبىرىگە ئائىت نۇرغۇن بايانلار بار. ئۇنىڭدا كىشىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ھەرخىل شەيئىلەر بىر خىل ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ سۈرى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى چۈشكە تەبىر بېرىشتە خەلق ئىچىدە ھازىرمۇ ئەينەن قوللىنىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قارا قۇش كۆرۈپ چۈشىسە ئامەتلىك بولىدۇ. (ئاسماندا) ئۇچۇپ چۈشىسە پايدا ئالىدۇ. قوي پادىسى كۆرۈپ چۈشىسە باي بولىدۇ. بۇغا كۆرۈپ چۈشىسە بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ. ئورۇق ئات مىنىپ چۈشىسە، كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ھازىر خەلق ئىچىدە قوللىنىلىۋاتقان تەبىرلەرنىڭ ھەممىسى «ئىرق پۈتۈك» تىكى ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ سۈرى قىلىپ بايان قىلىنغان شەيئىلەرگە تەقلىد قىلىنغان. مەسىلەن، ئارغامچا (يىپ ياكى لەخمەن) كۆرۈپ چۈشىسە يول چىقىدۇ. سۇ ئۈزۈپ چۈشىسە ئامەتلىك، مەرتىۋىلىك بولىدۇ (غەم ـ غۇسسىدىن خالىي بولىدۇ). ئېشەك مىنىپ چۈشىسە دۆلەتمەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com



ئاياللار پىچاق كۆرۈپ چۈشىسە ئوغۇل تۇغىدۇ ، ئالتۇن ئۈزۈك كۆ
رۈپ چۈشىسە قىز تۇغىدۇ . ئەرلەر ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ چۈشىسە
ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ . ھارۋىغا ئولتۇرۇپ چۈشىسە جىنازىنى
سۈرى ، خام گۆش كۆرۈپ چۈشىسە ئاغرىقنىڭ سۈرى ، چىشى چۈشۈ
كېتىپ چۈشىسە مۇسىبەتنىڭ سۈرى ، ئايىغىنىڭ چەمى ئاجراپ كې
تىپ چۈشىسە نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ سۈرى ، ئۇرۇشۇپ چۈشىسە
خۇشاللىقنىڭ سۈرى ، شاد - خۇراملىق چۈشىسە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ
سۈرى ، ۋەھاكازالار .

چۈشكە تەبىر بېرىشكە مۇناسىپ ھالدا ، بىر ئەتىگەندە ، بىر
كەچتە چۈش ئۆرۈشنى ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە چۈش ئۆرۈشنى ياماز
ئالىدىغان ئادەتمۇ شەكىللەنگەن . «دوستۇڭغا ئۆرۈسەڭ چۈش ، يامانىنى
ئوڭ دەر ، دۈشمىنىڭگە ئۆرىسەڭ چۈش ، ياخشىنى يامان دەر» دېگەن
ماقالمۇ شۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن .

يۇقىرىقىدەك خۇراپاتلىق ئادەت - ئەقىدىلەر خەلق ئىچىگە كەڭ
تارقالغان بولسىمۇ ، خەلق ئۆزۈن مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە
«پالغا ئىشەنمە ، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ئاددىي چۈشەنچىگە كەلگەن .

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1 . ئابدۇكېرىم راخمان بوچى ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ
نىياز خۇشتار : «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، شىنجاڭ ياش -
ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1996 - يىل 8 - ئاي ، 1 - نەشرى .
2 . ئابدۇكېرىم راخمان بوچى : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە
بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 - يىل 7 - ئاي
1 - نەشرى .
3 . ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا : «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، شىن
جاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 - يىل 4 - ئاي ، 1 - نەشرى .
4 . ئابدۇكېرىم راخمان بوچى ، تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت
ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىقلار تۈزگەن : «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
2005 - يىل 4 - ئاي ، 1 - نەشرى .

5 . لۇ ۋاڭخاۋ : «شىنجاڭ فولكلورى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل 7 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .
（楼望浩≪新疆民俗≫、新疆人民出版社、1996 年 7 月）
6 . لۇ ۋاڭخاۋ : «جۇڭگو شىنجاڭ فولكلورى» ، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت ، فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .
（楼望浩≪中国新疆民俗≫、新疆美术摄影出版社、2003 年 5 月）
7 . بى يادىڭ قاتارلىقلار : «شىنجاڭنى كېزىپ چىقىش» ، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت ، فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 9 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .
（毕亚丁　张郁君　　柳用能≪走遍新疆≫、新疆美术摄影出版社、2000 年 9 月）
8 . شى شېڭتيەن قاتارلىقلار تۈزگەن : «شىنجاڭغا كىرىش» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .
（施生田　　石永强主编≪走进新疆≫、新疆人民出版社、2001 年 12 月）
9 . «مەكتەپ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .
10 . يۈەن جىگۇاڭ ، ليۇ لىن «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنىڭ فولكلورى ۋە ساياھەت» ( «جۇڭگو فولكلورى ، ساياھەت مەجمۇئەسى» (شىنجاڭ تومى ) ، ساياھەت مائارىپى نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە ، 2 ـ نەشرى .
（袁志广、刘琳《天山南北的民俗与旅游》中国民俗、旅游丛书〈新疆卷〉）
11 . «شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەنزىرە تەزكىرىسى» ( «جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەنزىرە تەزكىرىسى مەجمۇئەسى» ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 4 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .
（《新疆风物志》中国风物志丛书）
12 . گۇەن شۇشىن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ . قەشقەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالاھىدە مەنزىرە تەزكىرىسى» ، («جۇڭگو غەربىي قىسىم ئالاھىدە مەنزىرە تەزكىرىسى مەجمۇئەسى») يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 10 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .

(管守新、梁俊燕、张文亚《新疆・喀什风物志〈中国西部风物志〉丛书》云南人民出版社，2002 物年 10 月)。

13 . «شىنجاڭنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى» (ئىچكى ماتېرىيال)

《新疆旅游指南》(内部资料)

# ئالتىنچى باب
# دولان مەشرەپ -مۇقاملىرى

## 1 . دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى

دولان يۇرتى قەدىمىي سەنئەتنىڭ ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكنى مۇجەسسەملىگەن دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئارقىلىق ، تارىختىن بىرى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە .

بىز دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىغا نەزەر سالساق ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ، يەنە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز .

مەلۇمكى ، «دولان رايونىدىكى قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى دولان خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتمىغانلىقتىن ، يىراق قەدىمىي يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بىر يۈرۈش مۇقام — دولان مەشرەپ - مۇقامى ئەينەن ساقلانغان . ئۇلاردا دولان خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتى ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش كۈرىشى ۋە غايىسى ، شۇنىڭدەك فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇم - ئېزىشىگە قارشى ئۆز تەقدىرىنى ئۇتۇشاش ھەرىكىتى ، ئويغاق روھىيىتىدىكى ئىسيانكارلىق سادالىرى جارائلايدۇ »① . شۇ سەۋەبتىن بىز دولان مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ بىر

---

① ئىقبال تۇرسۇن : «ھېكمەت ئۇنچىلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1997-يىل 2 - ئاي نەشرى ، 157 - بەت .

پۈتۈن ھايات مۇساپىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز .

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتە شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىت بىلە قوشنا بولغان يېزىلىرى ، مارالبېشى ناھىيىسى ، ئاندىن غەربتە شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ، ئاقسۇ قار تال ، شايار ، كۇچا ، ھەتتا بۇگۇرگىچە بولغان جايلارغا تارقالغان ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇ لۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى بولۇپ ، «نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ، بىر قەدەر ئىپتىدائىي يېزا ـ يايلاق تۇرمۇش پۇرىقى نىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقى ، مىللىي ئۇسلۇبى نىڭ قويۇقلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى »[1] بىلەن ، قەدىمكى ئۇيغۇر ناخ شا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا مەنبەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇيغۇ ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا خەزىنە سىدىكى قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلە نىدۇ .

* * *

ئارخېئولوگىيە ئىلمى ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىگە دائىر ماتېرى يالاردىن قارىغاندا ، ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن دەۋردە ، يەنى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەز گىللىرىدە ، ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيەتلىرى پەيدا بولغانىدى بۇ چاغدا ئىپتىدائىي ئادەملەر ھەر خىل ئاددىي ئەمگەك قورالىرىنى ياساشنى ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولغان ۋە ئەدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپا دىلەيدىغان تىلغا ئىگە بولغانىدى . ئۇلار توپلىشىپ ياشىغان ، كوللېك تىپ ئەمگەك قىلغانىدى . . . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇسسۇللار ھەرخىل ھايۋانات ھەرىكەتلىرى دورالغان ۋە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانى قايتا ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشلىرى بىلەن

---

① ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «شىنجا سەنئىتى» ، 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 70 ـ بەت .

زىچ باغلىنىپ كەتكەن[①] . بۇ مەزگىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئوۋچىلار ئوۋ جەريانىدىكى غەنىيمەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئوۋ جەريانىنى قايتا ئىپادىلەش ئۈچۈن ، هايۋانلارنىڭ هەرىكىتىنى دوراشنى ئادەت قىلـ. غان . بۇ جەرياندا تەبىئىي هالدا ئوۋچىلار ئۇسسۇلى ئىجاد قىلىنغان . دېمەك ، «قەدىمكى چاغدىكى ئوۋچىلار ئۇسسۇلىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى — ئوۋ جەريانىدا هايۋانلارنىڭ هەرىكىتىگە تەقلىد قىلىشتىن كەلگەن»[②] .

شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرى ، قۇرۇم تاغلىرى ۋە شەرقىي تەڭرىـ. تاغ ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان ئىنتايىن كۆپ قىيا تاش رەسىملىرى ئۇيغۇر ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بوـ. لۇپ ، كونا تاش قوراللار دەۋرى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بۇ تاشكېمىر سەنئىتىدە شۇ دەۋرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ هايات كەچۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يايلاقلىرى ، تۇرمۇش خاتىرىلىرى ، بەدىئىي ئىنتىلىشلىرى ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرى يارقىن بەدىئىي ئوبراز شەكلىدە تاشلارغا ئويۇلغان . بۇ قىيا تاشلاردا ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ، قارىغا ئېلىۋاتقان ، ۋەهشىي هايۋانـ. لارنى قورشىۋالغان ، قوغلاۋاتقان ياكى ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ۋە بىر قىسىم بەدىئىي هەرىكەت شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن . مانا بۇ قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن ئېلىشىش ۋە يايلاقچىـ. لىق تۇرمۇش ئىگە قىلغان سەنئەت ئېڭىنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتنى شەكىللەندۇرگەنلىكىنىڭ بىر مىسالىدۇر[③] .

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشى قەدىمكى ئەجدادـ. لارنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتىگە ۋە ئۇ سەنئەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى راۋاجىغا باغلانغان بولۇپ ، ئاشۇ ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىق ئېلېـ. مېنتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان . دولان مۇقاملىرى ئەڭ بوـ. رۇن يەككە هالدا (مۇزىكىسىز ) بارلىققا كېلىپ ، بارا ـ بارا ئىپتىداـ.

---

① تۇرسۇنمۇهەممەت ساۋۇت ، ئىمىن ئەهمىدى قاتارلىقلار تۈزگەن : «سەنئەت نەزەرىيىسى ئاـ. ساسلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 281 ـ ، 284 ـ بەتلەر .

② پىلىخانوف : «يەنە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى هەققىدە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرـ. نىلى ، 1996 ـ يىل 1 ـ سان ، 22 ـ بەتتىكى نەقىل .

③ ئىقبال تۇرسۇن : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 ـ يىل 1 ـ سان ، 49 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com



ئىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئۇسسۇللۇق مە
رەپ ـ مۇقامىغا ئايلانغان ۋە مۇزىكىلىق مۇقام مەشرىپىنىڭ دەسلەپ
باسقۇچىنى شەكىللەندۇرگەن . بارا ـ بارا مەشرەپ شەكلى تولۇقلىنى
يېتەكچى سۇپىتىدە مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ
دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئۆز ئارا ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك
شەكىللەندۇرگەن . مەشرەپ دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلە
باشلىنىدىغان بولغان .

«ھەممىگە ئايانكى ، ھەر قانداق مىللەت ۋە قەبىلىنىڭ ئۆزى
خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى بولىدۇ . بۇندا
مەدەنىيەت كۆرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ . دولا
مەشرەپ ـ مۇقامى ، دولان ئۇسسۇلىمانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي كۆ
رەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن »② دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى
مەيدانغا كېلىش جەريانلىرىغا نەزەر سالساق ، ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ
قەدىمىيلىكى بىلەن بىزنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي
مەدەنىيىتى ، ئۇسسۇل شەكلى ، پسىخولوگىيىسى ، تۇرمۇش ئادىتى
قاتارلىق تەرەپلەردىن يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . دولان مەش
رىپى (ئۇسسۇلى) نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدىكى دولاندىكى پېش
قەدەم خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ رىۋايىتى ۋە ئۇسسۇل مۇتەخەسسى
لىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى دولان
ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدۇر . بۇ جەر
يان ھازىر دولان مەشرەپلىرىدە سىمۋولىستىك خاراكتېردە ئۆز ئىپادى
سىنى تاپقان . مەسىلەن : دولان مەشرىپىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى
ئاۋازى ئوبدان چىقىدىغان بىر نەغمىچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا داپقا تەگ
كەش قىلىپ «ۋاي ئاللا ، ۋاي ئاللا ! . . . » دەپ توۋلاشلىرى قەدىمكى
زاماندا كىشىلەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، چۇقان
سۈرەن سېلىپ ئادەم چاقىرىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرسە ، ئارقىدىن
باشلانغان «چېكىتمە» باسقۇچى ئەرلەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلە

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرى
دا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى
368 — 370 ـ بەتلەر .

② ئەمەتجان ئەخمىدى : «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشري
تى ، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 368 — 370 ـ بەتلەر .

ئېلىشىش ئۇچۇن ئۇياق - بۇياقنى ئاختۇرۇپ ، تاياق - توقماق ئىزدە- ۋاتقان ، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا زەن سېلىۋاتقان ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇرى- دۇ . ئىككىنچى رەتتىكى «سەنەم» باسقۇچىدىكى ئۇقيا تارتىش ، كال- تەك بىلەن دۇمبالاش ، نەيزە سانجىش ھەرىكەتلىرى ئۇۋ جەريانىدىكى كۈرەشنى ، باتۇرلۇقنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . ئۇچىنچى رەتتىكى «سەلى- قە» باسقۇچىدا ، كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ ، يىرتقۇچ ھايۋان- لارنى يوقىتىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ . تۆتىنچى رەتتىكى «سىيرىلما» باسقۇچى ئۇۋدىن كېيىنكى تەنتەنە ، غەلىبە شادلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . دېمەك ، «قەدىمكى زاماندا كىشىلەر مەيلى ئۇرۇش قىلسۇن ، مەيلى ئوۋ ئوۋلىسۇن ، ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقاندا ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى قانداقتۇر بىر ئۇسسۇل خاراكتېرىگە ئىگە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقان . زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھەرىكەتلەر ھەر قېتىملىق غەلىبىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوينايدىغان بىر خىل رىتىملىق ، سىستېمىلىق ئۇسسۇلغا قاراپ تەرەققىي قىلى- غان»[1] ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئۇسسۇللارنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك ھەرىكەت شەكلى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان .

دولان مۇقاملىرىدا «چېكىتمە» قىسمىدىن باشلاپ داپ چالىدۇ . چېكىتمە — تاكىت — ئۇدار تولىمۇ روشەن بولۇپ ، كىشىگە بۇرغى- دىن كېيىن دالا دۇمبىقى چېلىپ ، سەپ تىزىش ، نىشاننى ئىزدەش كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ . چېكىتمە — سەنەم — سەلىقە — سىيرىلما نەغمىلىرىنىڭ ئوينىلىش تەرتىپى — رېتى ، رىتىمى ئوخشاش بولۇپ ، مېلودىك كۈيى ئوخشمايدۇ . ئۇسسۇللار ئومۇمەن سەنەم شەكلىدە — ئەر - ئايال بىللە ئوينايدۇ . ئۇنىڭ جەڭ ئۇسسۇلى ، شىكار ئۇسسۇلى ياكى تاپقان جورىسى بىلەن ئوينالغان ئۇسسۇل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن . ئۇسسۇللار جۈپ كىشى ۋە ئوقيا ئۈزۈش شەكلىدە داۋام قىلىپ ، تەنتەنە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ[2] .

---

① ھېمىت مىھرىللا ، لەتىپە قۇربان : «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 61 - ، 96 - ، 126 - بەتلەر .

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى- ياتى ، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى ، 289 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇلجەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈم
كى رەسىملەرگە قارايدىغان بولساق، بەزى ئەرسىلەرنى چۈشىن
يېتەلەيمىز. بۇ رەسىملەر ئىچىدە كىشىنى ئۆزىگە بەكرەك جەل
قىلىدىغىنى ئۇسسۇلچىلار قىياپەتلىرىدىكى سۈرەتلەر بولۇپ، بۇ
يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە نىقابل
ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت.

يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدا، ئۇسسۇلچى ئۇزۇن كۆڭلەك كى
گەن بولۇپ، ئىككى قولىنى مۈرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ چۆرگىل
ۋاتقان، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى چۆرگىلەشتىن كۆپۈپ كەتكەن بىر خ
ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ كۆرۈنۈشى، گويا ھ
زىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆتىنچى ھەرىكىتى بولغان «سىيرىلما
غا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بىر ئۇسسۇلچى ئىككى قولىنى لاچىن قانا
كەرگەن شەكىلدە تۇتۇپ قەدەم تاشلاۋاتقان، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇ
كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سەل ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ شەكل
ھازىر دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىككىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەنەم
ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش قىسمىغا ئوخشايدۇ. ئۈچ كىشىلىك ئۇس
سۇلچىلارنىڭ قوللىرى ئوخشاشلا لاچىن قانات كەرگەن شەكىلدە بو
لۇپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ، ئۈچىلىسى بىر خىل رىتىمدا ھەرىكە
قىلىپ كېتىۋاتقان. ئۇسسۇلدىكى قىياپەت ناھايىتى جىددىي ھەم چاق
قان، ھەرىكەت شەكلى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۈچىنچى ھەر
كىتى بولغان «سەلىقە» ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ تۇرىدۇ[①]. بە
قاراقۇمدىكى مۇلجەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بۇ قىياتاش رەسىمل
رىدىكى ئوبرازلارنى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەكلى بولۇش
مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

ھازىر دولان ئۇيغۇرلىرى بىر قەدەر مەركەزلىشىپ توپلىنىش
ئولتۇراقلاشقان، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ۋە دولان چالغۇلىر
ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەكىت ناھىيىسىنى ئا
ساق، بۇ ناھىيىنى شىمال، غەرب، غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىك

---

① ھېمىت مېھرىللا، لەتىپە قۇربان: «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خ
نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 61 ـ، 96 ـ، 126 ـ بەتلەر.

ناھىيە ، شەھەرلەردىن يەكەن دەرياسى ئايرىپ تۇرىدۇ . شەرقىي تەرىپى بولسا چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ . قاتناش قۇلايسىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ رايون تارىختىن بويان ئەتراپتىكى قوشنا جايلار بىلەن كەمدىن ـ كەم ئالاقە قىلىپ تۇرغان بولغاچقا ، ئەتراپتىكى شەھەر مەدەنىيىتى ۋە قوشنا جايلارنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچراپ كەلگەن . شۇ سەۋەبتىن ، بۇ يەردىكى خەلق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قالغان ھەم كەڭرى كەتكەن توغراقلىقلاردا ، جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ خىل قەدىمكى كەسىپنىڭ ئىزنالىرى ھېلىمۇ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن : مېھمانلارغا قوينىڭ ئۇچىنى پۈتۈن پېتى ئېلىپ چىقىش ، قۇش ـ قارچىغا ، ئىت ـ تايغانلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ، ئوغلاق تارتىش قاتارلىقلار .

* * *

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر ئىپتىدائىي مىللىي سەنئىتى بولسا ، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغان ئىپتىدائىي سەنئەتتىن شەكىللەنگەن . ئىپتىدائىي سەنئەت ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇ ، ئىپتىدائىي توتېمىزمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ شەكىللىنىپ ، بەدىئىيلەشكەن ، ئىجتىمائىيلاشقان ۋە سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . توتېم بولسا مانا شۇ سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىق مەنبەلەردىن بىرى ئىدى .

توتېم ۋە توتېمغا ئالاقىدار مۇراسىملار ئىپتىدائىي سەنئەتنى شەكىللەندۈردى . قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ، ھايات تەسەۋۋۇرلىرىنى ھەرخىل ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا سىستېمىلاشقان ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە مۇڭ ـ كۈي شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا «سەنئەت»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توتېم ۋە ئىنسانلار ئېتىقاد قىلغان باشقا دىنلارنىڭ تەسرىدە ئۈزلۈ
سىز تەرەققىياتقا ئېرىشىپ ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن ھەمدە ئىجتىم
ئىي تۇرمۇشتا قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق ساقىندىلىرى بىلەن بىرد
كەن ھالدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

«دولان مۇقامى» خۇددى باشقا ئۇيغۇر مۇقاملىرىدەك ئەرك
ئۇدارلىق «مۇقام» نەغمىسى بىلەن باشلىنىدۇ . ئالاھىدىلىكى شۇكى
مۇقام باشلانغاندا مۇقامچىلار قوللىرىدا داپ تۇتۇپ ، «ۋاي ئاللا ، ۋا
ئاللا ، ۋاي ئاللا ، ۋاي ئاللا» دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىدۇ . بۇندا
«فائىلۇن ـ فائىلۇن ـ فائىلۇن ـ فائىلۇن» تۇسىدىكى قاتتى
ۋارقىراش بۇ مۇقامنىڭ دالادا ئادەم يىغىش ، كىشىلەرنى توتېم مۇر
سىملىرىغا توپلاش ، جەڭگە ياكى شىكارغا چاقىرىش ئالامەتلىرىن
ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك . ئۇنىڭدا ئوردا ـ ساراي سەنئىتى پۇرىق
كۆرۈنمەيدۇ .

بۇنداق مۇقەددەسلىك مېلودىك سېكىل ئېھتىمال كوللېكتىپ
جامائەت مۇراسىم پائالىيىتى بولغان توتېمىزىم نەغمە ئۇسسۇللىرىدى
بۇيان ساقلانغان بولسا كېرەك .

دولان ئۇسسۇللىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ئوخشاش ئۇسسۇ
تىلى ۋە ھەرىكەت رىتىمىغا ئىگە بولسىمۇ ، ئۇ يەنە ناھايىتى قاتتى
داپ رىتىمدارلىقى ، ھەرىكەت تەكشىلىكى ، ئەر ـ ئايال ھەرىكىتىدىك
ئىختىيارىي ئەۋرىشىملىككە يول قويۇلمايدىغان ئارىلىق ، پىرقىراش
تەك ـ تەكشىلىك ئىنتىزامچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن . بىر قاراش
ھەربىي ئۇسسۇلدەك كۆرۈنىدىغان بۇنداق سەنەم شەكىللىك ئۇسسۇللا
قەبىلە ۋە مۇراسىم مۇقەددەسلىكى ئەقىدىسى بىلەن باغلانغان شارائىت
شەكىللىنىشى مۇمكىن . بۇ ئۇسسۇللاردا بىرەر سىنىپىي ئورنى ئۇس
تۈن پادىشاھقا ياكى كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ چىققان مۆتىۋەر شەخس
جىلۋە قىلىدىغان دېتاللار كۆرۈنمەيدۇ . بۇ ، دولان ئۇسسۇللىرىنى
كوللېكتىپ كۈچنى ۋە ئۇسسۇلغا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىم (تەقل
مۇراسىم) پائالىيەتلىرىنى مۇقەددەس بىلىدىغان ئەقىدە بىلەن ئالاق
دار تولىمۇ ئىپتىدائىيلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ (ئەگەر بۇ ئۇسسۇلچ
لار مۆلجەر تاغ ، قۇمۇل تاغلىرى ، تەڭرىتاغ قىيالىرىغا سىزىلغ

توتېم ئۇسسۇللىرىدەك ئۇكە تاقاپ ، ھەتتا رەسمىي توتېم كېيىنىشى بىلەن ئوينالدى ، دەپ پەرەز قىلساق ، ئۇنىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكىگە گۇمانىمىز قالمىغان بولاتتى )[1] .

دولان رايونىدا قەدىمكى ھەرخىل دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن ئانچە چوڭقۇر ئەمەس . بولۇپمۇ ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە باشقا جايلاردىن پەرق قىلىدۇ . تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى ئاياللار بىلەن ئەرلەر بىرلىكتە ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن . ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش ئادىتى بولمىغان . شۇنداقلا ، تەكلىماكان بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئىسلامىيەتتىن كېيىن باشقا جايلاردا بولغىنىدەك ، مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان . شۇڭا ، بۇ رايوندا دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ، ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ مۇقام توۋلايدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان . بۇ «مىلادىيە 5 ـ ، 6 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 11 ـ ، 82 ـ غارىدىكى ، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 25 ـ غارىدىكى ، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 30 ـ غارىدىكى تام رەسىملەردە ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ساز سېلىپ ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن »[2] ھالەت بىلەن تامامەن ئوخشاش . شۇنداق ئىكەن ، دولان ـ مەشرەپ مۇقاملىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى تۇركۇمىدە خېلى قەدىمكى زاماندىلا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز . چۈنكى ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە يات بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىنكار قىلىنماي ، يەنىلا داۋاملىشىپ كېلىشى ئۇنىڭ تارىخىي ، مىللىي ئاساسىنىڭ چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

بىر قىسىم سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرى دولان ئۇسسۇلى-

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى ، 288 — 289 بەتلەر .

② ئەمەتجان ئەخمىدى : «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 368 — 370 ـ بەتلەر .

نىڭ تۆت يۇرۇشلۇك ھەرىكەت شەكلىنى سىخېملاشتۇرۇپ سىز
چىقىش ئارقىلىق، دولان مەشرەپلىرىدىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلەرنى
قانداقتۇر بىر نەرسىنى دوراش ياكى تەقلىد قىلىش بولماستىن، بەل
بىر خىل دىنىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغانلىقىنى يەنى، بۇ ھەرىكەتلەرنى
ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆك ئېتىقادچىلىقى — قۇياش - يۇلتۇز ئېت
قادچىلىقىغا ئېرىپ تاقلىدىغانلىقىنى، دولان مەشرەپلىرىدىكى ھەر
كەت شەكىللىرىنى ئۈستى تەرەپتىن كۆزەتكەندە دەل كۆك ئاسمان
قۇياش - يۇلتۇز ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، بۇ ھالىن
كۆنچى دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان قۇياش - يۇلتۇز شەكىللىك قەبرىل
بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دولان مەشرەپل
رىدە ئىپادىلەنگەن قۇياش - يۇلتۇز ئېتىقادچىلىقىنىڭ كۆنچى دەر
ۋادىسىدىن تېپىلغان قۇياش - يۇلتۇز شەكىللىك قەبرىلەردە ئەك
ئەتكەن دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشلىقى بارلىقىدەك ئى
مىي پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويدى[1]. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قاراشنى يەنى
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

* * *

دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت قاتلىم
دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى بېرىدىغان ئۇچۇر ئىنتايىن مول.
تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلاردا، ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشل
ىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى دولان راۋابى ب
لۇپ، دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قاي
بوستانلىقلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنل
كى، ئۇ مىلادىيە IV ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا خېلى كەڭ دائىر
قوللىنىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن[2]. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېپىلغ
ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنىڭ توغرا ئىكەنلىك
ئىسپاتلايدۇ. كۇچا قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 44 - غارى (مىلادى
281 — 581 - يىللىرىغا تەۋە) دا بىر مۇزىكانتنىڭ ھازىرقى دو

---

① بۇ خىل قاراشنى 2004 - يىل ئۆكتەبىردە ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدە ئېچىلغان «ئاپت
رايونلۇق 1 - قېتىملىق دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئاپتونوم رايو
مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى كۇرەش رەجەپ ئەپەندى ئۆز ئارا سۆھبەت جەري
ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

② «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە سانى، 1993 - يىل 7 - سېنتەبىر.

راۋابىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چالغۇنى چېلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن . ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ چالغۇنى ھازىرقى دولان راۋابىنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىماقتا .»①

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكشۇناسى بېلىيايېف ئۆزىنىڭ «ئۆزبېكىستان چالغۇلىرى» (1933 - يىلى موسكۋا نەشرى ) ناملىق ئەسىرىدە ، دولان راۋابىنى راۋابنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى دەپ تونۇغان . ئۇ يەنە ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىنى ، ھەتتا ھىندى راۋابىنىمۇ دولان راۋابىدىن ئۆزگەرگەن ، دەپ ھېسابلىغان . داڭلىق ئۆزبېك مۇزىكشۇناسى پروفېسسور ف . كارامەتوف ئۆزىنىڭ «ئېستىدرومېنتاللىق مۇزىكىلار» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر راۋابىنىڭ پەيدا بولۇش ئوچىقى دولان ۋادىسىدۇر» دەپ يازغان . ② ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇ چېڭباۋ ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلار ئىچىدىكى دولان راۋابى راۋابنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولۇپ ، دولان راۋابىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . . . قەشقەر راۋابىمۇ دولان راۋابىدىن ئۆزگەرگەن» دەيدۇ . ③

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە ، مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابى (مىلادىيە 870 — 950 - يىللار ) نىڭ قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ سىم سالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ . ④ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ ۋاڭ يەندى مىلادىيە 981 - يىلى ئىدىقۇتقا كەلگەندە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى ، چالغۇ ئەسۋاب خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى ، ھەتتا بارىبىت

---

① ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان - مەشرەپ مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىل 4 - سان ، 46 - بەت .

② ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان - مەشرەپ مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 - يىل 4 - سان ، 46 - بەت .

③ جۇچېڭباۋ : «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 411 - بەت .

④ مۆجىزى : «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 53 - بەت .

ۋە قالۇن قاتارلىق سازلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان
ھالبۇكى شىنجاڭ، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قالۇننىڭ مەۋجۇتلى
مىلادىيە 9 — 10 - ئەسىرلەردىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئوت
ئاسىيادىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردىن ئىلگىرىكى مە
سوپوتامىيىگە كۆچۈپ بارغان سۇمېرلار قەبرىگاھلىقىدىن ساندۇق ش
كىلدىكى قالۇن تېپىلغان② ئىدى. قالۇن بولسا، دولان مەشرەپ
مۇقاملىرىنىڭ ئاساسلىق چالغۇلىرىدىن بىرىدۇر. نۆۋەتتە، دول
قىل غىجەكنىڭ ئۇيغۇر غىجىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ۋە مەنبە
ئىكەنلىكى، ھازىرقى ئۇيغۇر غىجىكىنىڭ قەدىمكى دولان قىل غىج
كىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى، دولان غىجىكىنىڭ پارسلارنى
«كامانچا» دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇسىدىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇر غى
جىكىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېتىراپ قىلىن
ماقتا. دولان راۋابى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنب
سى ۋە گەۋدىسى بولغان «دولان توققۇز مۇقامى» نى ئورۇندايدىغا
ئاساسلىق چالغۇ بولغاچقا، دولان ئۇيغۇرلىرى مەركەزلىك ئولتۇراق
لاشقان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات، قۇمۇل (قۇمۇل راۋابىنىڭ
شەكلى دولان راۋابىنىڭكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ) قاتارلىق
جايلارغا تارقالغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

* * *

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىلىرى
بويىچە ئايرىغاندا ئىككى چوڭ غولغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، باياۋان -
ئورمان مۇزىكىسى، يەنە بىرى، باغۋاران - بوستان مۇزىكىسى.
ئەمما، بۇ ئىككى غول بىر - بىرىدىن مۇتلەق چېگرالانغان ئەمەس.
باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرى
مىزنىڭ كۆچمەنلىك باسقۇچىدا ياشاۋاتقان دەۋردىكى ماددىي مەنىۋى
تۇرمۇش ھالەتلىرىگە ماس كېلىدىغان سەنئەت شەكلى ئىكەنلىكىنى

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989 - يىل 3 - سان، 37 - بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ئېقىملىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، 167 - بەت.

ئەسلىتىدۇ . باياۋان - ئورمان مۇزىكىسى ئاساسەن دولان ئاھاڭلىرى-
دىن تەركىب تاپقان . ① دولان مۇقاملىرىدىكى كۆپ قىسىم مۇقام
نامىلىرىنىڭ «باياۋان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى بۇ نۇقتىنى
يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە «باياۋان» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كەل-
گەن دولان مۇقاملىرىدىكى مۇقام نامىنىڭ تارىخىي قاتلىمى دولان
مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر مۇ-
ھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىچىدە «باش باياۋان» ، «بوم باياۋان» ،
«چۆل باياۋان» ، «زىل باياۋان» ، «خودەك باياۋان» دېگەن مۇقام
نامىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، بۇ يەردىكى «باياۋان» سۆزى دولان
مۇقاملىرى سىستېمىسىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ
كەلگەن . خەلق ئىچىدە «باياۋان» سۆزى دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇ-
مىي نامى سۈپىتىدە «دولان مۇقامى» دېگەن نامنىڭ ئورنىدا قوللىنى-
لىپ كەلمەكتە . ھازىر بەزى دولان ئەلنەغمىچىلىرى «مۇقام ئېي-
تىش» دېمەي «باياۋان توۋلاش» دېگەننى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ . بۇنىڭ-
غا قارىغاندا ، «باياۋان» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «مۇقام» دېگەن
سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي باسقۇچى دەۋرىدە «مەقام» نامى
بىلەن كلاسسىك كۈيلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن ھەمدە مەنىسى
مۇقىملىشىپ بولغان ھالەتنىڭ ئومۇمىيۇزلۇك قوللىنىلغان دەۋرىدىن
ئىلگىرىكى چاغلاردا ، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ كەل-
گەنلىكى مەلۇم .

«باياۋان» دېگەن سۆز چۆل - جەزىرە ، جاڭگال ، بىپايان كەڭرى
كەتكەن دالا دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلى-
رىمىز ئوۋ ئوۋلاش ، بېلىق تۇتۇش ، ئورمان كېسىش ، بوز يەر
ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش
جەريانىدا ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ، ھەسرەت - نادامەتلىرى-
نى بېيىت - قوشاق قىلىپ توقۇغان . ئۇلار سەپەر قىلغاندا ، يايلاقلار-
دا ياكى چۆل - باياۋانلاردا يۈرۈپ يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق ھېس قىلغان

① ئىمىن تۇرسۇن : «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، 43 - بەت .

چاغلىرىدا ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۇچۇن ئاشۇ تەسىرلىك قوش
لارنى ئاھاڭغا سېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلىغان ، غەز
قىلىپ ئوقۇغان . ئاڭلىغۇچىلاردا ئىستېتىك زوق قوزغاپ ، ئۇلار
ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان . نەتىجىدە بۇ خىل مۇڭلۇق غەزەل
ئاساسەن «باياۋاندا توۋلانغان غەزەل ، غېرىبلىق ناخشىسى» ياكى «با
ۋان غەزىلى» دېگەن مەزمۇنلاردا «باياۋان» دەپ ئاتالغان[1] بولۇش
مۇمكىن . دولان مۇقاملىرى نامىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەربىر مۇقام
سېلىنغان مۇقام تېكىستلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . مەسىلەن

بالا دەشتىدە ئەرۋاھ ،
ئۇنىڭ ھالىنى كۆردۈم .
يېتىپتۇ داق سۆڭەك بولۇپ ،
ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۈم .

يايرىمىنىڭ قارا قويى ،
ئوتلايدۇ تېرىقلىقتا .
يايرىم كېتىپ مەن قالدىم ،
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا .

بۇ ئىككى پارچە قوشاق دولان باش باياۋان مۇقامىنىڭ تېكىستلە
رى بولۇپ ، ئالدىنقى قوشاقتا قەدىمكى زاماندا ھەرخىل دىنىي ئېتىقا
(توتېم) لارنىڭ تەسىرىدە ئادەم ئۆلسە كۆممەي ئوچۇق قويۇشتەك
ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولسا ، كېيىنكى قوشاقتا قەدىم
كى زامانىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنى
مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، بۇ ئىككى قوشاق
ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئورتاقلىقا ئىگە بولۇپ ، خەلقىمىزنىڭ قەدىمك
زاماندا ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ھەرخىل دىنىي ئېت
قاد (توتېم) نىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان ، ئۆزگىچە بولغان دەپ

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مۇقام نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرى
دا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشر
368 — 370 ـ بەتلەر .

قىلىش ئادىتى ۋە ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شۇڭىمۇ بۇ مۇقام ئۆزىدىكى ئىپتىدائىي ئامىللارنىڭ مولىلۇقى بىلەن، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان مۇقام سۈپىتىدە «باش باياۋان» دەپ ئاتالغان.

دولان مۇقاملىرىنىڭ باش باياۋاندىن كېيىنكىلىرى «زىل باياۋان»، «بوم باياۋان»، «سىم باياۋان» قاتارلىق مۇقاملار بولۇپ، بۇ مۇقاملارنىڭ نامى ئاساسەن مۇقام چالغۇلىرىنىڭ، جۈملىدىن دولان راۋابىنىڭ قايسى سىمدىن باشلانغانلىقىغا قاراپ قويۇلغان. بىراق، خەلق ئىچىدە ساقلانغان بىر رىۋايەتتە مۇقام ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قەدىمكى زاماندا نۇر بېيىت ئىسىملىك بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ھەر قايسى يۇرتلارغا ئەۋەتىپ، شۇ يۇرتنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن ئىكەن. بۇ ئوغۇللار ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ياكى يايلاق قوغلاپ پادا بېقىپ قايتىپ كېلىشىدە، ئۆزلىرىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ناخشىلىرىنى ئېيتىدىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازى بوم چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە ئولتۇرغان بوۋاي مومايغا «ھازىر بوم باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. كىچىك ئوغلىنىڭ ئاۋازى زىل چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە «مانا زىل باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئېگىز ـ پەس، ئالىتاغىل چىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە «مانا ئەمدى خودەك باياۋان قايتىپ كەلدى» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ سۆزلەر زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناخشىلارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ناخشىلار كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى مۇقام شەكلىگە كەلگەنىكەن. بۇ مۇقاملارمۇ ئاشۇ ناخشىلارنىڭ نامى بويىچە «بوم مۇقام»، «زىل مۇقام»، «خودەك مۇقام» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ رىۋايەتكە قارىغاندا، دولان مۇقاملىرىنىڭ بۇ ئۈچ مۇقامى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇ جاينى چۆل دېگەن ،
چۆل ئەمەس بازار ئىكەن .
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش ،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن .

ئۇيان باقسام ، بۇيان باقسام ،
ئاكام كەلمەيدۇ .
يايرىم بىلەن چۆلدە ياتسام ،
قورققۇم كەلمەيدۇ .

بۇ قوشاقلار دولان چۆل باياۋان مۇقامىغا سېلىنغان تېكىستلا
بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلە
رى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى ، يەنى چەك
سىز كەتكەن شىمالىي يايلاق چۆللۈكى بىلەن تارىم بوستانلىقىنىڭ
ئىپتىدائىي ھالىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھەم ئۆزىنىڭ قايناق مۇھەب
بەت ھېسسىياتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن . مۇقام نامىمۇ مۇشۇنىڭغ
ماس ھالدا «چۆل باياۋان» دەپ ئاتالغان .

بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، «خۇدەك» ئا
تالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى «خۇدات» دېگەن نامغا ئۇلىشە
دۇ . «خۇدات» قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە ھەر خىل ئېلىنغان
فونېتكىلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە «خۇدات» ( 呼揭 ) يەنە « 呼得
دېيىلگەن... بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى
ئۈستىدە ئىزدەنسەك... « 呼揭 » سۆزىنىڭ «خۇدات» (hudat)
« 呼得 » سۆزىنىڭ «خۇدەك» (hudak) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى
نى بىلىمىز . شۇڭا « 呼揭 » نىڭ ئاھاڭى بولغان سەك (sək) -
خۇداك (hudak) نى ساكا - تېگراخا ئۇدانىڭ قىسقارتىلغان ئاھاڭ
تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ . تەتقىقاتچى شۆزۇڭجېڭ ئۆزىنىڭ
«تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى
ناملىق ماقالىسىدە «خۇدات» سۆزىنى ئىزاھلاپ كېلىپ ، جۇڭگو تارى
خىدا خاتىرىلەنگەن «hudet» نىڭ تارىختىكى ساك دۆلىتى ، يەنى
ساكلارنى كۆرسىتىدۇ ، دەيدۇ . ئۇ يەنە بېناۋكۇجى (ياپونىيىلىك

تەتقىقاتچى ) نىڭ سۆزىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ساگا ـ تېگرا خائودا» دېگەن ئىسمىدىكى «تېگرا» «ئوقيا ئۇچى» ، «ئۇچ-لۇق» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ ، «خائۇدا» «قالپاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇلارنى بىرلەشتۈرسەك «ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار» دېگەن بولىدۇ... ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى . ئۇلار دەسلەپ يەنسەي بويلىرىدا ماكانلاشقان ھەمدە مىلادىيىدىن بۇرۇنلا «خۇدات» دۆلىتىنى قۇرغان . كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار ماكانىدىن كۆچۈش ـ يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان . غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا «تېلەنغۇت» قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ھەم غەربكە كۆچكەندە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئەمەلد-يەتتە ساك ـ خۇدات قەبىلىسى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىد-دۇ . چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەت ، كىيىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى ئۇلارنىڭ بىردەك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ . ساك قەبىلىسىنىڭ دەسلەپ يەنسەي بويلىرىدا ياشاپ كېيىن غەربكە كۆچۈشى ۋە باشقا ئورتاقلىقلار دولان خەلقى بىلەن ساك ـ خۇداتلار ئارىسىدا بىر تارىخىي باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ . «دولان مۇقاملىرى» نىڭ «خو-دەك باياۋان» دېگەن قىسىملىرىنىڭ بارلىقى ھەم كۆپىنچە باياۋاندىكى غېرىبلىق ھالىتىنى نامايان قىلىش بىلەن ئۇسلۇبىدا بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭ ، ئېلىشىشنى بىلدۈرۈشى دولان مۇقامىنىڭ دەل ئاشۇ ساكا ـ خۇداتلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ، سەرگۈ-زەشتىسىنى سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . «خودەك باياۋان» مۇقامىدا ئېيتىلىۋاتقان پىكىر ئېھتىمال ئۇيغۇر ئەجدادلىرى-دىن بىرى بولغان ساكا تېگرا خائودا — (خودەك ) لارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلى-رى ، كەچۈرمىشى ، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشلىرى بولۇشى مۇمكىن[1] .

* * *

دولان مۇقاملىرى ئۆزگىچە بولغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدىرەك بولغان «يەنە بىر مۇزىكى-

① ئىقبال تۇرسۇن : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسى-دا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ، 1996 ـ يىل 1 ـ سان ، 51 — 53 ـ بەتلەر .

لىق خۇسۇسىيىتى» ئۇنىڭ فورمانىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغ
لىقىدىن ئىبارەت.

دولان مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدا بارلىق چالغۇلار بىر خە
تەكشى چېلىنىش ئارقىلىق تەڭكەش قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ باش
لانغاندىن تارتىپ تاكى پۈتۈن بىر مۇقام ئاخىرلاشقىچە ھەرقايـ
چالغۇلار ئاساسىي مېلودىيىدىن چەتنەپ كەتمىگەن ھالدا باشقا - باش
ئاھاڭ بۆلەكلىرىنى چالىدۇ. چالغۇلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئاھاڭلىر
بىرلىشىپ مۇكەممەل بىر مۇزىكىلىق قۇرۇلما شەكىللەندۈرىدۇ. قىما
چىمۇ نوتا ساۋاتى بولمىغان سازەندىلەرنىڭ بۇ خىل ئورۇنداش ماھار
تى ئالاھىدە ھادىسە سانىلىدۇ. مانا بۇ دولان مۇقاملىرىدىكى فورمانـ
يىلىك خۇسۇسىيەت.

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دولان مۇقاملىرىدىك
فورمانىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراق ھالەتكە ئۆت
كەن، نوپۇس كۆپەيگەن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇنغ
ئۆتكەن جەمئىيەتتە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق جەمئـ
يەت مۇھىتىدا بارلىق چالغۇلار ئورۇنلايدىغان كۆي بىر خىللاشقان
ئاھاڭلار قېلىپلاشقان مۇزىكىلار شەكىللىنىدۇ. دولان مۇقاملىرىدىكى
فورمانىيىلىك خۇسۇسىيەتنى ئەجدادلىرىمىز ئولتۇراق ھالەتتىكى دېھ
قانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى ئاھالىلەر «سۇ، ئوتلاق
قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان»، نوپۇس ئاز ۋە تارقاق ھالەتتىكى
ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ
ئېھتىمال، ئۇ زامانلاردا ھەركىم ئۆزى خالىغان چالغۇلارنى ئۆگەنگەن
ھەم ئۆز ئالدىغا ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان، نەرسە ئالماشتۇرۇش
بىرگە ئوۋ قىلىش سەۋەبلىك جەم بولغان مەزگىللەردە بىرلىكتە نەغمە
قىلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان بولۇشى، مۇشۇنداق پائالىيەتلەرد
ھەركىم ئۆزى بىلگەن پەدىگە چالغان بولۇشى، مۇشۇ يوسۇندا داۋاملى
شىش جەريانىدا ئاھاڭلار ماسلىشىپ، قېلىپلىشىپ، ئىستىخىيىلى
يوسۇندا «فورمانىيىلىك» خۇسۇسىيەت شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن[1] »

---

[1] ئۆمەرجان ئىمىن: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى
1996 - يىل 1 - سان، 9 - ، 10 - بەتلەر.

* * *

دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت قاتلىمىنى بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلار تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. تەتقىقاتچى گۇباۋ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 960 — 1379 - يىللار) نىڭ 61 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 醉胡腾队 ئۆمىكى (بۇلار قىزىل تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، كىگىز قالپاق كىيىدۇ)، 玉兔浑脱队 ئۆمىكى (بۇلار رەڭدار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، ئاق توشقان تېرىسىدىن تەلپەك كىيىدۇ)، بۈركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى 射雕回鹘队 (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولۇپ، بۇ ئۆمەكلەر ئورۇندىغان ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھازىرقى شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماق بولۇپ، يەنىلا بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.»[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام›، ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618 — 907 - يىللار) دە شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە تارقالغان ‹چوڭ نەغمە›، ئىچىدە ‹ئىۋىرغول مۇزىكىسى›، ‹ئەتلەس كۆڭلەك›، ‹ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى›، ‹ئوقيا ئېتىش›، ‹كۇچا نەغمىسى›. . . . . قاتارلىق ئۇسسۇللار، مەشرەپلەر بار ئىدى» دەپ يازىدۇ ھەم بۇ ئۇسسۇللار ئىچىدىكى «ئوقيا ئېتىش ئۇسسۇلى» ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈش (مىلادىيە 840 -

---

[1] گۇباۋ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 32 -، 33 - بەتلەر.

يىلى ) تىن ئىلگىرى بار ئىدى» دەيدۇ ① .

دېمەك ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلى... جەريانى ، مەشرەپ ـ مۇقام قۇرۇلمىلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئامىللا... يېزا ـ يايلاق پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، قەدىمكى ئەجدادلار قالدۇرۇ... كەتكەن قىيا تاش رەسىملەر ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى تەسۋ... لەر ، چالغۇ ئەسۋابلاردىكى ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەكىل ، مۇق... ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ۋە تارىخىي قاتلىمى ، يازما مەنبەلەر... قالدۇرۇلغان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەر تەر... لىمە يورۇتۇپ بېرىشى بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا ، ناخشا... ئۇسسۇل سەنئىتى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي ، ئەڭ ئىبرازلىق ، ھازىر... غىچە ئۆزىنىڭ قەدىمكى ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر تۈر ئىكەنلى... كىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا . ئەمەلىيەتتىمۇ ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ نەغمە... لىرىنىڭ ۋە ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى ، ئۇلى ۋ... مەنبەسى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە .

## 2 . دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تەسىرى

دولانلار ياشاۋاتقان تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇ سېھىرلىك ماكا... ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ خۇددى تەكلىماكان — تارى... ئويمانلىقى كىشىلەرنىڭ قىزىقىش ئوبيېكتى ، دۇنيا سىرلىرىنى ئاچى... دىغان كۆزنەك بولۇپ قالغىنىدەك ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزەرىدە بو... كەلدى ۋە قىزىقىش نەتىجىسىدە باشلانغان دۇنياۋى خاراكتېردىك... ئىلمىي تەكشۈرۈش ، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئېلى... مىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى ، ئېكسپېدىتسىيىچى ـ سەيياھلى... رى بۇ يەرنىڭ سېھىرلىك چۈمپەردىسىنى ئاچتى ، بۇ يەردىكى يەر... لىك ، ئۆزگىچە مەدەنىيەتلەردىن ھۇزۇرلاندى ، دۇنياغا تونۇشتۇردى...

---

① جۇچېڭباۋ : «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ ي... خەنزۇچە نەشرى ، 285 ـ بەت .

«خېرىدارلىق بولمىسا ، زىبالىقنىڭ نەكېرەك ؟ » دېگەندەك ، شۇنىڭدىن باشلاپ تالاي ئەسىر جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان بۇ زېمىن — تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرى ھەرخىل ئىرق ، ھەرخىل رەڭدىكى چەت ئەللىكلەر ئۆزئۆلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ، ئۆز ئىگىلىرى جىم تۇرغان ئەھۋالدا ، بۇ ئەجنەبىيلەر «ئولجا» تالىشىدىغان ، غەلۋە - غوغا قايناپ تۇرىدىغان بىر جايغا ئايلاندى .

نۇرغۇن ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ، يادىكارلىقلىرىمىز سىرتقا ئېقىپ كەتتى ۋە بۇ سەۋەبلىك بىر تۈركۈم دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر كىشىلەرنى ئاپىرىدە قىلدى . ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىمدىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك ماكاننىڭ سۈكۈتلۈك ئۇيقۇسى ، جىمجىت مۇڭ-دىشى ئىچىگە يوشۇرۇنغان «سىر» نى ، ئاجايىپ كاتتا ، پەقەت مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارغىلا خاس بولغان «تارىملىقلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايان قىلدى . بىراق ، بۇ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى روھىي كۈچ ، ئۆزۈق بولغان مەنىۋى بايلىقلار — «شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» يەنىلا تارىمنىڭ باغرىدا ، تارىملىقلارنىڭ قەلبىدە ، چەكسىز باياۋاندا مۇڭ پېتى ساقلىنىپ قالدى .

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى قېزىش ، رەتلەش خىزمىتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ئارقىسىدا ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى — «شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قايتا يورۇقلۇققا چىقتى ؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت گۈلىستانىدىكى توزۇماس ئەتىرگۈل بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى تەشكىل قىلغۇچى يەرلىك مۇقاملارمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشقا مۇيەسسەر بولۇپ ، قايتا باش كۆتۈردى ھەم ئۆزلىرىدىكى مەھەللىۋى ، ئەنئەنىۋى ، كۆپ قاتلاملىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى جەملىگەن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى . «دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى» شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ جۇلالىق گۈللەرنىڭ بىرى ئىدى .

«دولان» دېگەن بۇ نام «دولان ئۇسسۇلى» (دولان سەنىمى) ، «دولان نەغمىسى» نىڭ كېيىن قېلىپلاشقان نامى — «دولان مەشرە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پى» ، «دولان مۇقامى» دېگەن نام بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا تونۇشلۇ بولدى ھەم ھازىرقىدەك داڭق چىقاردى .

1953 ـ يىلى شىنجاڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمە قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ۋە دولان مۇقامى توغرىسىدا بىر قاتار دەسلەپكى تونۇشتۇرۇش خاراك تېرىدىكى ماقالىلەر گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن «دولان مۇقامى» نى نوتىغا ئېلىپ تونۇش تۇرغان ، «دولان مۇقامى» دىكى «بوم باياۋان» ناملىق بىر مۇقامنى تۆت قىسىم ناخشا ئاھاڭلىرىنى رەقەملىك نوتا ۋە مۇقام تېكىستىنى خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان مۇزىكا نەزەر يىچىلىرى ليۇ جې بىلەن دۇەن چاڭدىن ئىبارەت . بۇ ئازادلىقتى كېيىن «دولان مۇقامى» غا ئائىت ئېلان قىلغان تۇنجى ئىلمىي ئەم گەكتۇر① .

1964 ـ يىلى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى تۇنجى قېتىم پاي تەخت بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىلىپ ، «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكى» دە ئورۇندالغاندا ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى ، دىققەت ـ ئېتىبا رىغا نائىل بولدى ھەمدە مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامچىلىرىدى سۇنايچى مەنسۇر شەيخىم ، قالۇنچى ئىسمائىل ئەھمەت ، مۇقامچى ئۇسسۇلچىلاردىن تۇرەك ئاۋۇت ، ئۆمەر ئوسمان قاتارلىقلار شۇ قېتىم قى كۆرەكتە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى نىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ، دۆلەت رەئىسى ليۇشاۋچى ، زۇڭلى جۇئېن لەي ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىق جۇدېلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ ، ئۇلار بىلەن بىر گ سۈرەتكە چۈشتى . 1986 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگە «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى» مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ماھارەت كۆرسىتىپ ، مەمل كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى ۋە

① ليۇ جې ، دۇەن چاڭ : «ئۇيغۇر مىللىي ناخشىچىلىق ئۇسسۇلى — دولان» ، «شىنج گېزىتى» ، 1953 ـ يىل 27 ـ ئۆكتەبىردىكى خەنزۇچە سانى . («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن مۇنبىرى» ، 2006 ـ يىل 1 ـ سان ، 49 ـ بەتتىكى نەقىل .)

لىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .

1992 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى خاڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ ، «خاڭجۇ ۋۇشەن بوتخانا سەيلە ـ ساياھىتى بويىچە 1992 ـ يىللىق سەنئەت بايرىمى» غا قاتنىشىپ ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى ـ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى . 1993 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «جۇڭگو شېنياڭ خەلقئارا مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرى 1993 ـ يىللىق تەكلىپ مۇسابىقىسى» گە قاتنىشىپ ، شەرەپ بىلەن «كۈمۈش ئەتىرگۈل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . «لياۋنىڭ گېزىتى» ، «شېنياڭ گېزىتى» ئارقا ـ ئارقىدىن مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تونۇشتۇردى ؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شېنياڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئەھۋالىنى ئامىمىغا كۆرسەتتى[1] . 2003 ـ يىلى دېكابىردا جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەكىت دولان خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ئەترىتى بېيجىڭدا «جۇڭگو مىللەتلەر ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ھازىرقى زامان سەنئىتى تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئويۇن كۆرسىتىپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى . ئۇلار 2004 ـ يىلى يانۋاردا ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭدا « ‹غەربىي رايون خەلق ناخشىلىرى › تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى» غا قاتنىشىپ ، «ئالتۇن لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 2004 ـ يىلى مارتتا ئۇلار يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى» تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئويۇن كۆرسەتتى . 2005 ـ يىلى مارتتا ، مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامى خەلق ئەل ئىچى سەنئەتچىلى ـ

---

[1] مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى ، 18 — 21 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رى ئويۇن قويۇش ئەترىتى فرانسىيە خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزى
تەكلىپى بىلەن فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگ
«پارىژ خەلقئارا ئەل ئىچى سەنئىتى 9-نۆۋەتلىك بايرىمى» غا قاتنىش
ۋە زور شان-شەرەپكە ئېرىشتى . بۇ ، ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمە سەنئىت
نىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تۇنجى رەت كۆرستىلىشى ھەم ئېتىراپ قىل
نىشى ئىدى . 2005 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ دولا
ئەلنەغمە سەنئىتى ئەترىتى تەكلىپ بىلەن ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلك
سىگە بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى . ئۇ
يەنە ئېلىمىزنىڭ گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلىرىدە بايراملارغا قاتنىش
كاتتا شۆھرەت قازاندى . 2005 - يىلى نويابىردا مەكىت دولا
مەشرەپ - مۇقامى ئەلنەغمە ئۆمىكى «ياپونىيە قىزىل كرېست جەمئى
يىتى» بىلەن «يىپەك يولى كۇلۇبى» نىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆتكۈزۈل
گەن «ياپونىيە يىپەك يولى ناخشا - ئۇسسۇل بايرىمى» غا قاتنىش
زور ئالقىشقا ئېرىشتى . ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەت بويىچە نۇرغۇن كات
سەنئەت پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغان ، قالتىس شان-شەرەپلەرگ
ئېرىشكەنىدى .

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلە
شىپ ، تۇنجى بولۇپ 1994-يىلى «دولان مەشرىپى» ناملىق تېلېۋ
زىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى ئىشلەپ ، دولان مەشرەپ-مۇقامل
رىنى سىستېمىلىق ، يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت ھالىتىدە دۆلەت ئىچ
ۋە چەت ئەللەرگە تونۇشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىد
مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەر ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ «دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى» نى ئاساسىي تېما ، ئاساس
مەزمۇن قىلغان تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرى ، «مەشرەپ
لەرنى ئىشلەپ ئۆز جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ، «دولان» ۋ
«دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى» نى تەشۋىق قىلدى . ئاقسۇ ۋىلايەتلى
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر «دولا
چېچەكلىرى» بولسا بۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ، ئەڭ يۈكسەك پەللىس
بولدى .

1989 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونو

رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى ، يىغىندا نۇقتىلىق ھالدا «دولان ۋە دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى» مۇھاكىمە قىلىندى ؛ 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، مەكىت ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى ؛ 2004 ـ يىل 10ـ ئايدا ، ئاۋات ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى . 1996 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك دولان مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇلاردىن باشقا ، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەر ، سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈش ماتېرىياللىرى ، VCD پلاستىنكىلىرى ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ئىشلەپ تارقىتىلدى .

بۇ يەردە يەنە فولكلورشۇناسىمىز ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ يازغان نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى — «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى — ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» نىڭ 1981 ـ يىل 22 ـ ئىيۇندىن 28 ـ ئىيۇنغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇرسا شەھرىدە ئېچىلغان «خەلقئارا 2 ـ قېتىملىق تۈرك فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ ، قالتىس ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىز مەرھۇم زوردۇن سابىر بىلەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايە ـ پوۋېست ، رومانلىرىدا دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ يۈكسەك سېھرىي كۈچىنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، ئەدەبىيات دۇنياسىدا ياراتقان شۆھرىتىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز ، ئەلۋەتتە .

دېمەك ، «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» شەكىللەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ ، تەرەققىي قىلىپ ، مۇكەممەللىشىپ بېرىش بىلەن بىرگە ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ، ئېتىقاد ، سەنئەت جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلدى .

www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ ، ئېلىمىزدە ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇل
غان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ، «دولان مەشرەپ-مۇقامل
رى» پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا تېخىمۇ يۈكسە
ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، زور شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولدى ، ئۆزىنى
مەۋجۇت ھالىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تولۇق نامايان قىلدى . «دو
لان» نامى چەكسىز باياۋاندىن ھالقىپ ، پۈتۈن يەر شارىنى كېزىشك
باشلىدى[1] . . .

## 3 . دولان مۇقامى بىلەن دولان مەشرىپىنىڭ مۇناسىۋىتى

دولان مۇقامى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىلىدىغان ، ھەرخىل قىزىقچە
لىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇن مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ
مەشرەپ — ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە ھەرخىل خەلق ئويۇن
لىرى بىلەن خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال
سەنئەت شەكلى .

دولان خەلقى ئەلنەغمە ، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىس ، مەشرەپك
ئامراق كېلىدۇ . دولان ئۇيغۇرلىرى ياشاۋاتقان رايونلاردا يەتتە ياشتىن
يەتمىش ياشقىچە ، ئەر ـ ئايال ھەممىسى دولان مەشرىپى ئويۇنىيالايدۇ
مەشرەپكە ئىنتايىن ئامراق كېلىدۇ . ئۇلار بىر قانچە ئون كۈن ئۈزۈل
دۈرمەي ئېغىر ئەمگەك قىلسىمۇ ، بىر مەيدان مەشرەپ ئوينىۋال
ھاردۇقى چىقىپ كېتىدۇ . بۇنداق ئادەتنى باشقا جايلاردا ئۇچرىتىش
قىيىن .

دولان مەشرىپى ئوينالغاندا چوقۇم مۇقام ئورۇندىلىدۇ ياكى ئۇس
سۇل ئوينىلىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مۇقامسىز مەشرەپ
مەشرەپسىز مۇقام بولمايدۇ . مۇنداق ئالاھىدىلىك دولان مۇقامىنى
مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى ھەم كىشىلەرنىڭ دائىملىق كۆڭۈ
ئېچىش مەنبەسى بولۇپ كەلدى .

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې
نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 97 — 101 ـ بەتلەر .

مەشرەپ دولان مۇقامىنىڭ مۇقام مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسى بىر كىشى تەرىپىدىن — ئاۋازى ئىنتايىن ياڭراق، تەمبەل كەلگەن مۇقامچى تەرىپىدىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسى تۈگىشى بىلەن داپ رىتىمى چېكىتىمگە ئۆزگىرىپ ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ باشلانغانلىقى مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دولان مەشرىپى كۆپ ھاللاردا ئاخشىمى باشلىنىپ يېرىم تۈنگىچە ۋە بەزىدە تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى كېچىسى كىشىلەر ئىشتىن خالىي بولىدۇ. بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان مەشرەپخانىلاردا ياكى كەڭ دالا ياكى سەينا مەيدانلارغا گۈلخان ـ چىراغلارنى يېقىپ، مۇقامچىلار مۇقام باشلاپ مەشرەپنى باشلايدۇ. كېچىسى مەشرەپ ئويناش دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتى. دولان مەشرىپى ۋە دولان ئۇسسۇلىدا بۇ ئادەت گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەشرەپ ئۆز تەرتىپى بويىچە ئۇسسۇل، كومېدىيىلىك قىزىقارلىق ئويۇن، دەررە (پوتا) ئويۇنى، چاي تۇتۇش ئويۇنى، بېيىت ـ قوشاق ئېيتىشىش قاتارلىق خىلمۇخىل تۈرلىرىنى ئورۇنلاپ مەشرەپ مەيدانىنى جانلاندۇرىدۇ.

دولان مۇقامىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەلق بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولالىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقى سۆيىدىغانلىقى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دولان مۇقامى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇنداق مەشرەپتە قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلىنىڭ ھەممە مەزمۇنى بولغاچقا، يەرلىك خەلق ئۇنى ئاش ـ نانىدەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل مۇقام مەشرىپى سورۇنلىرى باشقا كلاسسىك سەنئەت تۈرلىرىدىن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىمە سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ[1].

[1] مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار: «دولان مەشرىپى ـ مۇقاملىرى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 64 — 66 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېمەك ، دولان يۇرتلىرىدا دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈش ئۇي
دولانلىرىنىڭ دائىملىق پائالىيىتى ۋە قان - قېنىغا سىڭىپ كەتك
تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، دولان مەشرىپىدە چوقۇم دو
مۇقامى ئورۇندىلىدۇ . مەشرەپ بىلەن مۇقام خۇددى گۆش بىل
سۆڭەكتەك زىچ باغلانغان بولۇپ ، مەشرەپسىز مۇقام ، مۇقامسىز مە
رەپ بولمايدۇ .

دولان مۇقامى جەمئىي 9 مۇقامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ
ھەربىر مۇقام «مۇقەددىمە» ، «چېكىتمە» ، «سەنەم» ، «سەنقەم
ۋە «سىرىلما» دىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان . ھەر
بۆلەكنىڭ ئۇدار شەكلى ۋە مېلودىيىسى بىر - بىرىگە ئوخشمايدۇ
9 مۇقام جەمئىي 45 نەغمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باش
يەنە ھەربىر مۇقامنىڭ «سىرىلما» سىدىن كېيىن بىردىن چۇشۇر
مەرغولى ئورۇندىلىدۇ .

دولان مۇقامى — دولان راۋابى ، دولان غېجەكى ، قالۇن
داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ .

## 4 . دولان مۇقاملىرى

### 1 . دولان مۇقامناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى

مۇقام ناملىرى تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن با
لىنىشلىق ھالدا مۇقاملارنىڭ تارىخىي قاتلىمىنى مەلۇم دەرىجە
ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ . مۇقامنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ نا
ۋە بەزى مۇزىكا ئاتالغۇلىرى ئەينى مۇقام رەتلەنگەن ۋاقىتتىكى مۇز
تەرەققىيات ھالىتىنى ھەمدە مۇقام قىسىملىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى
ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ .

دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىن
شەكىللىنىشى ۋە ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىن
مەھسۇلى بولۇپ ، ھەربىر مۇقام نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى دولا
مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن چە
بەرچاس باغلانغان . دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ئاساسەن دېگۈدە

شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ، سورۇننىڭ خاراكتېرى ، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن خەلق تەرىپىدىن ياكى مۇزىكانتلار تەرىپىدىن قويۇلغان . شۇڭا دولان مۇقامناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەققىدە توختىلىش دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

**«مۇقام» ئاتالغۇسى**

تىلىمىزدىكى «مۇقام» سۆزى ئەرەبچە ئاتالغۇ . بۇ ئەسلىدە ئەرەبچىدىكى «قەۋم» دېگەن ئۇزەكتىن ياسالغان بولۇپ ، «مقام» (مەقام) شەكلىدە «ئورۇن» ، «جاي» ، «ماكان» ، «تۇرالغۇ» ، «دەرىجە» ، «مەنسەپ» ، «مەمۇرىي دەرىجە» ، «ئۇنۋان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۇرەتتى . ئەڭ قەدىمكى ئەرەب تىلى لۇغەتلىرىدە بۇ سۆزنىڭ يەككە ھالدا مۇزىكىغا خاس مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن . سۆز بىرىكمىسىدە بولسا ، بۇ سۆز «قاتلام» ، «دەرىجە» مەنىلىرىنى بىلدۇرگەچكە ، مۇزىكىغا ئائىت سۆزلەرگە بىرىكىپ ، مۇزىكا كۈيلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ، دەرىجىسىنى ئىپادىلىگەن [ قاراڭ : «مقان النغم» ـ مۇقام مۇننەغەم ـ ئاھاڭ دەرىجىسى ( 阶普 )] . شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا «مۇقام» سۆزى مۇستەقىل ھالدا «كۈي» ، «مۇزىكا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مەنە تەرەققىياتىغا ئېرىشكەن .

«مۇقام» سۆزى ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا ئۆزلەشكەندە ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقا ، «ئاھاڭ» ، «كۈي» دېگەن مەنىلىرىمۇ مۇقىملىشىپ قالغان . كېيىنچە ، پارسلارنىڭ كلاسسىك كۈيلىرىنى رەتلەش ، سىستېمىلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ ، «مۇقام» سۆزىنىڭ مەنىسى پەقەت «ئاھاڭ» ، «كۈي» مەنىسىلا ئەمەس ، بەلكى كلاسسىك ، ئەنئەنىۋى مۇزىكىلارنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە مەنىگىمۇ ئېرىشكەن ؛ يەنى كلاسسىك ئەنئەنىۋى مۇزىكا ـ كۈيلەر «مۇقام» نامى بىلەن ئاتالغان .

ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي» باسقۇچى دەۋرىدە ، «مەقام» ، سۆزى ھەر ئىككى مەنىدە ، يەنى ئەسلىي مەنىسى ئورۇن ، جاي ، ماكان ، دەرىجە ، مەرتىۋىلەردىن باشقا ، «ئاھاڭ» ، «كۈي» ھەمدە كلاسسىك

كۈيلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن .

ئۇيغۇر «چاغاتاي» تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ، مۇشۇ تىل
قوللانغان ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ كلاسسىك كۈي - مۇزىكىلىر
بىر قېلىپقا سېلىپ رەتلەپ ، سىستېمىلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ ، «م
قام» سۆزىنىڭ يەنە بىر تار مەخسۇس مەنىسى كېلىپ چىققان . يە
ھەممىلا يەككە كلاسسىك كۈي - مۇزىكىلارنىڭ «مەقام» دەپ ئاتىل
ئادىتى مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشتىن باشقا ، پەقەت سىستېم
لاشقان كۈيلەر گۇرۇپپىسى «مەقام» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇسلاشقا
ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن ، شۇنىڭ بىلەن «مەقام» سۆزى مۇزىكا ساھ
سىدە مەلۇم تەرتىپ بويىچە رەتلىنىپ سىستېمىغا سېلىنغان كلاسسى
كۈيلەرنىڭ بىر تۈركۈمى ياكى بىر گۇرۇپپىسىنىڭ نامى بولۇپ قال
غان① .

باياۋان نامى

دولان مۇقاملىرى خەلق ئىچىدە «باياۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن .
بۇ نام ئۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن دولان مۇقامىنىڭ تۇنجى پەيدا بولۇش
تارىخىي شارائىتىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن ، دولانلارنىڭ ئەينى
چاغدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ .

«باياۋان» دېگەن نام دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇش
تىن باشقا ، مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى ھەربىر مۇقامىنىڭ نامىغا قوشۇ
لۇپ ئىسىم بولۇپ ئاتىلىپ كەلگەن . خەلق ئىچىدە (ياشانغانلار
ھازىرغا قەدەر «دولان مۇقامى» دېگەن نام ئىشلىتىلمەي ، يەنىلا قە
دىمدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان «باياۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا
«مۇقام ئېيتىش» دېمەي ، «باياۋان توۋلاش» دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ «مۇ
قام» دېگەن نامنىڭ دولان «باياۋان» لىرىنىڭ ئورنىغا سىڭىپ كىرىش
كە باشلىغىنىغا تېخى ئۇزاق دەۋرلەر بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ

دولان كۈي - مۇزىكىلىرى دەسلەپتە يەككە ھالدا بارلىققا كەلگە
بولۇپ ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ، كۆپ خىل تۈرلەرنى شەكىللەندۈر

---

① ئابدۇشۇكۇر تۇردى : «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغ
سىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 -
نەشرى ، 68 — 73 - بەتلەر .

گەن ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەركىبىدە خېلى بۇرۇنلا يېتەك-
چى ئورۇننى ئىگىلىگەن، شۇنىڭدەك مۇقىملاشقان كۈيلەر گورۇپپى-
سىنى شەكىللەندۈرگەن. «مۇقام» ئاتالغۇسى دولان كۈيلىرى گورۇپ-
پىسىغىمۇ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا «مۇقام»
دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى دولان كۈيلىرىنىڭ نامىغىمۇ ئىشلەتكەن.
ئەمما ئۇنى دولان كۈيلىرى گورۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان
«باياۋان» سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دولان مۇ-
قاملىرىنىڭ نامى شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغان بولغاچقا، ھەر بىر يەككە مۇقامنىڭ
نامىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «باياۋان» سۆزىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمى-
گەن. خەلق ئىچىدە بولسا، «مۇقام» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى ئەمەس،
بەلكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئاتاپ كەلگەن «باياۋان» دېگەن نامنى
قوللىنىپ كېلىۋەرگەن.

«باياۋان» دېگەن سۆز چۆل ـ جەزىرە، جاڭگال، بىپايان كەڭرى
دالا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئوۋ
ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ئورمان كېسىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق
ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرى-
نىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى، مۇھەببەت ـ
نەپرەتلىرىنى، تەسىرلىك ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ، بېيىت ـ قوشاق-
لار توقۇغان. ئۇلار سەپەر قىلغاندا، يايلاقلاردا ياكى چۆل ـ باياۋانلار-
دا يۈرۈپ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشۇقى-
نى چىقىرىش ئۈچۈن، ئاشۇ تەسىرلىك قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ،
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلاپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇغان. بۇ
غەزەللەر ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچى-
لارنىڭ ئىستىتىك زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ
قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىل مۇڭلۇق غەزەللەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدا،
چۆل ـ باياۋانلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلغىنىغا ئاساسەن «باياۋاندا
توۋلانغان غەزەل»، «غېرىبلىق ناخشىسى» ياكى «باياۋان غەزىلى»
دېگەن مەزمۇندا «باياۋان» دەپ ئاتالغان. دولان «باياۋان» (مۇقام)
لىرى دەسلەپتە سىرتتا، باياۋانلاردا ئوقۇلغان بولسا، كېيىنچە خەلق

ئارىسىدىكى مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بېيىپ، ئاۋۋالقى يەككە ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ بارا بارا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، توي مەرىكە ۋە باشقا مۇناسىپ سورۇنلاردا ئېيتىلىپ، كىشىلەرگە مۇزىۋ بېغىشلايدىغان، ئۇنىڭ يېقىملىق مۇڭلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرىدىغان بولدى.

مۇزىكىلىق باياۋاننىڭ بارلىققا كېلىشى دولان مەشرەپىنىڭ تۇنجى شەكىللىنىش باسقۇچى بولۇپ، بارا ـ بارا ئۇسسۇللۇق مەشرەپنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. دولان مەشرەپىدە مۇقامنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى ۋە ھەربىر دورەمدىن كېيىن، بىر قېتىم مۇقام توۋلاپ، ئاندىن ئىككىنچى دورەمنى باشلىشى، مۇقامنىڭ سەنئەتنىڭ تۇنجى باسقۇچى بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «باياۋان» دېگەن ناممۇ ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن[1].

«باش باياۋان» «تۇنجى باياۋان» دېگەن سۆز بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇقام دەسلەپتە مۇزىكىسىز بارلىققا كەلگەن. مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن، يەنە باشقا مۇقام تۈرلىرى ۋە مۇزىكىلىق مۇقاملار بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشقان. مۇقاملارنى پەرقلەندۈرۈشتە، بۇ مۇقام ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن «باش باياۋان» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى ئىپادىلەنگەن.

«بوم باياۋان»

«زىل باياۋان»، «سىم باياۋان» دېگەنناملار شۇ مۇقام راۋابى نىڭ قايسى سىمدىن باشلانغان بولسا، شۇ سىمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان

دولان راۋابى پەدە بېكىتمەي چالىدىغان كۆپ خىل ئاۋازلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، بەزى جايلاردا ئون يەتتە تال سىم، بەزى جايلاردا ئون ئۈچ تال سىم سالىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. ئون يەتتە سىملىقنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ قۇلىقىغا ئىككىسى بوم، بىرى زىل ئۇ

---

[1] مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 368 — 371 ـ بەتلەر.

تال تار ، تۆۋەنكى قىسمىدىكى قولاقتا ئون تال سىم ئورنىتىلىدۇ . ئەمما ھەر ئىككىسى ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئاساسىي ئاھاڭى بوم ئاۋاز بىلەن تۈزۈلىدۇ .

بۇ راۋاب ئاساسلىق 1 ـ تارىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قولنىڭ تۆۋەنگە يۆتكىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن توققۇز ئاۋازغا تەڭ كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاۋاز چىقىرىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، مۇقامنىڭ بوم تارىدىن باشلانغىنى «بوم باياۋان» ، زىل تارىدىن باشلانغىنى «زىل باياۋان» ، سىمدىن باشلانغىنى «سىم باياۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن .

نوتا قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا ، ئېلىمىزدە سەككىز ئۇدارلىق نۇقتا يۇقىرى ئاۋاز نۇقتىسى سانىلىدۇ . ھالبۇكى دولان مۇقاملىرىنىڭ ئاۋازى سەككىز ئۇدار ئەمەس ، بەلكى 16 ئۇدارلىق نۇقتىغا يېتىدۇ . ھەتتا تىنىماي بىر يولى ئورۇنداشتەك مۇرەككەپلىككە ئىگە بولغان «زىل باياۋان» ، «ئەرزىھال» مۇقاملىرىنىڭ سوزۇلىدىغان قىسمىنى 24 ئۇدار ئورۇندايدۇ . بۇ خىل ھادىسە خەلقئارا ناخشىچىلىق تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدۇ . دولان مۇقاملىرىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش باسقۇچىدىكى قان ـ ياش بىلەن يۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار ھېسسىياتىنىڭ سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدۇر . بۇ خىل يۇقىرى ئاۋازلىق دېكلاماتسىيە خۇسۇسىيىتى ئاھالە شالاڭ ، «سۇ ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان» بىپايان ۋادىلاردىلا شەكىللىنەلەيدۇ . قىسقىسى ، دولان مۇقاملىرىدىكى «ۋاي ـ ۋۇي ، ۋاي ئاللا» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاش خۇسۇسىيىتى خۇددى خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەندەك ئەجدادلىرىمىز «··· پات ـ پات چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تۇرغان ، يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولغان ، يۇقىرى ئاۋازدا نالە ـ پەرياد قىلىپ ، كۆك ئىلاھىغا سېغىنغان» دەۋردىن قالغان[①] .

---

① ئۇمەرجان ئىمىن : «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1996 ـ يىل 1 ـ سان ، 9 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### «چۆل باياۋان»

«چۆل باياۋان» دولانلىقلار قەدىمكى ماكانلىرىدىن كۆچۈپ، رىم بوستانلىقىغا يېڭى كەلگەن زامانلاردا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۆچمەن دولانلىقلار يېڭى جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇ جايدىكى توغراق، يۇلغۇنلۇقلارغا قاراپ قوشاق قوشۇپ، بۇ مۇقامنى چۆل جاڭگاللاردا ئېيتقان. ئۇ چۆللۈكتە ياشاۋاتقان تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقامنىڭ نامىنى «چۆل باياۋان» دەپ ئاتىغان

### «ئۆتەك باياۋان»

دولان مۇقاملىرىدىكى «ئۆتەك باياۋان» مۇقامى ئىلگىرى «مۇشاۋىرەك مۇقامى» دەپمۇ ئاتالغان. «مۇشاۋىرەك» دېگەن مۇقام نامى ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى ئىچىدىكى قۇمۇل مۇقاملىرى، دولان مۇقاملىرى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقاملىرى ئىچىدىكى مۇقاملارنىڭ نامىدا ئۇچرايدۇ. بۇ نام ئىسلامىيەت كېچىكىپ تارقالغان رايونلاردا، ئەرەب، پارس تىللىرى ئومۇمەن تېپىك چاغاتاي ئىبارىلىرى كەم ئىشلىتىلىدىغان خەلق مەشرەپ - مۇقاملىرىدا ئۇچرىغانلىقى ئۇنى ئەرەب لېكسىكىسى بىلەن ئىزاھلاشقا راسا رىغبەتلەندۈرمەيدۇ. «مۇشاۋىرەك» ئىبارىسى «مۇشاۋىر ئاھاڭى» ياكى «راك» نىڭ «مۇشاۋىرى» مەنىسىدە①.

### «جۇلا»

جۇلا — «يالتىراش، كۆركەم» دېگەن مەنىدە. ئۇ مەخسۇس توي كۆچۈرۈش مۇقامىدۇر. تويدىن باشقا مەرىكىلەردە ئوقۇلمايدۇ، توي مەشرىپىدىمۇ توي ئاخىرلىشىپ، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندىلا ئېيتىلىدۇ.

«جۇلا» سۆزى يەرلىك تىلدا زاڭاق، قۇلاق تۇۋى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى:

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە - ئېقىنلىرى توغرىسىدا» «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي نەشرى 184 -، 185 - بەتلەر.

گۈل قىستىم جۇلايىمغا ،
يارىشىپتۇ چىرايىمغا .
سەن قىلساڭ يامانلىقنى ،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا .

دېيىلگەن «جۇلا» سۆزى دەل قۇلاق تۈۋىنى كۆرسىتىدۇ . دولانلىقلار-نىڭ توي كۆچۈرۈش ئادىتىدە قىزنى يىگىت ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ . قىز بىلەن يىگىت ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىن ، يىگىت قولدىشىدىن بىرى ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يېتىلەپ ماڭىدۇ . يەنە بىر توپ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەخسۇسلاشقان توي مۇقامىنى توۋلاپ ماڭىدۇ . شۇڭا ، بۇ مۇقام ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ مېڭىش داۋامىدا ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن ، «جۇلا» دەپ ئاتالغان[1] .

پېشقەدەملەرنىڭ ۋە دولان مۇقامچىلىرىدىن ياشانغانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋا ۋە ئۇستازلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن رىۋايەت قىلىشىچە : دولانلىقلار يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى قەدىمىي يۇرتلاردا ياشاپ تۇرغان زامانلاردا ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئارىدا يۈز بەرگەن بىر قانلىق ئۇرۇشتا ، دۈشمەن تەرەپنىڭ قىرىق قىزنى ئەسىر ئېلىپ ، دولان يىگىتلىرىگە بىر كەڭرى دالادا داغدۇغىلىق بەيگە ئۆتكۈزۈپ ، توينى قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەن . توي ئاخىرلاشقاندا ، ئاتتا ئولتۇرۇپ باقمىغان بۇ قىزلار زادىلا ئولتۇرالمىغانلىقتىن ، يىگىتلىرى قىزنىڭ ئىككى قولىنى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ، قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان . يىگىت قولداشلىرىدىن بىرى كېلىپ ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭغان . يەنە بىر توپ يىگىتلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ ماڭغاندا ، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتنى بىلمىگەن بۇ قىزلار ئۈنلۈك ئاۋازدا يىغلىماي ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ :

ژىگىلاڭ ، ھەي ژىگىلاڭ ھەر يەردە بار ،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر يەردە بار .

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى ، 375 ـ بەت .

دەپ ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىشىگە تەسەللى بەرە
ئاخىرىدا :

«ئاپتۇۋىدا سۇ قۇيسا قاينىمايدىكەن ،
يۈزى قېلىن قىز بالىكەن يىغلىمايدىكەن»

دەپ مەسخىرە قىلىپ قوشاق قوشۇپ ، مۇقام توۋلاپ ماڭغان . قىزا
يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا ، ئۆيلىرىگە باشلىسا ، يات كۆرۈ
كىرگىلى ئۇنىمىغان . قىزنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈ
مەشرەپ قىلىپ ، ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلسا ، نەغمە بىلەن كارى بو
ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغان . بۇنىڭغا قارىتا يىگىتلەر قوشاق قوشۇپ

بىزمۇ قىز ئالدۇق دەرد بىلەن ئەلەمگە ،
ئېپكىلىپ باشلىساق ، كىرمىدى گېرەمگە .
دولانغا داپ چالساق ، ئوينىدى سەنەمگە ،
بىز بۇنى دەيلى دادام بىلەن ئېنەمگە .

دېگەن قوشاقنى پەيدا قىلغان .
ئىلگىرىدىن تارتىپ «ژىڭگىلاڭ» دەپ ئاتالغان بۇ توي كۆچۈرۈ
مۇقامى (مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال ، چىقانچۆل قاتارلى
يېزىلىرىدا ھازىرمۇ «ژىڭگىلاڭ» دەپ ئاتاشلار بار ) ئاشۇ قىرىق قى
نىڭ تويىدىن كېيىن «جۇلا» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپ ، ئۆرپ ـ ئادە
جەھەتتىمۇ بۇ داغدۇغىلىق توينىڭ تەسىرىدىن بۇرۇلۇش ھاسىل بو
غان . ئۇندىن كېيىن قىز كۆچۈرگەندە يىگىت قىزنى ئاتقا مىنگەشت
رۇپ ئېلىپ مېڭىش ، بىر يىگىت ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ يېتىل
مېڭىش ، بۆلەك يىگىتلەر ئاتلىق مۇقام توۋلاپ قىز ـ يىگىتنى ئۆ
گىچە ئۇزىتىپ بېرىپ ، ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتك
زۇش قاتارلىقلار كەم بولسا بولمايدىغان رەسمىيەت سۈپىتىدە ئۆر
ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن . توي ئۆتكۈزۈلگەن جاي ھازىر «قىرىق ق

دالاسى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ، يەر نامى بولۇپ كەلمەكتە[1].

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر، مانا شۇ «قىرىق قىز دالاسى» ھەققىدىكى رىۋايەتنى خەلق تىلىغا ئۆزلىشىپ قالغان «قېرى قىز تالاسى» دېگەن ۋارىيانتى بىلەن قوبۇل قىلىپ، بۇنى «جۇلا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلاپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ جايلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى دولان دىيارىدا چوڭ مەرىكە مەيدانى بولغان. بۇ جايلارغا ھەرقايسى بەگلىكلەردىن كىشىلەر توپى ئۈزۈلمەي كېلىپ، سودا ـ سېتىق قىلىپ، ھەرخىل ئويۇن ـ تاماشىلارغا قاتنىشىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ قايتىدىغان، شۇ زامانىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مەركىزىي جايىغا ئايلانغان. كىشىلەر بۇ ئورۇنغا يىغىلىشقا ئامراق ئىدى. يىغىلىش سورۇنلىرى ناخشا ـ مۇزىكىسىز، نەغمىسىز بولمايتتى. «دولان توققۇز مۇقامى» نىڭ تۇنجى ئىجاد قىلىنغان «جۇلا مۇقامى» نىڭ دەل مۇشۇ جايدا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى پېشقەدەملەر، ئوقۇمۇشلۇق تارىخچىلار دەلىللەپ كۆرسەتمەكتە.

يۇرتلار ئىچىدە داڭلىق يۇرت چوڭلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ ۋايىغا يېتىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھامان مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇپ، بىر سۆزلەۋاتقان «قېرى قىز تالاسى» دېگەن جايغا قىرىق جۇپ قىز ـ يىگىتنى ياساندۇرۇپ، ئاتقا مىندۇرۇپ، ناغرا ـ كاناي، داقا ـ دۇمباق چېلىپ، ئەھلى جامائەتنى يىغىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزەتتى، ئۇلار كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ، ئۇسسۇل ـ مۇزىكا بەزمىلىرى ئەۋجىگە يەتكەندە، باش بەگ ئەمىر چۇشۇرۇپ، ھېچقاچان چالمىغان مۇزىكىسىنى چېلىشنى تاپشۇراتتى. نەغمە باشلىقى جىددىي ھالغا كېلىپ شاگىرتى بىلەن چوڭقۇر ھېسسىيات ئىچىدە، جەرەستانىنىڭ گۈزەل مۇھىتىغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، توي بولغان قىزلارنىڭ چېكىلىرىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان گۈللەرگە قاراپ تۇرۇپ ناخشا ـ مۇزىكا باشلايتتى. بارا ـ بارا بىللە نەغمە قىلىپ كەلگەن ئۇن ھەمراھى نەغمىگە قوشۇلۇپ، نەغمىلەرنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى.

---

[1] مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 377 ـ بەت.

ئۇسسۇلچىلار توپىمۇ ، توي بولۇۋاتقان قىرىق قىز ، قىرىق يىگىتنىڭ
ئۆزىنىڭ جۈپتى بىلەن ھەرىكەتكە كېلەتتى . شۇنىڭ بىلەن ناخشا
مۇزىكىچىلارنىڭ روھى تەدرىجىي تېخىمۇ ئۆرلەپ تۆت ئۆزگىرىشلە
يېڭى بىر نەغمە ئىجادىيىتى بارلىققا كەلگەن . مۇزىكىچىلار توپى با
نەغمىچىگە قوشۇلۇپ ئېيتىش داۋامىدا ھەر قانداق سورۇندا ئېيتىلىد
غان ، ئومۇملاشقان مىللىي ئەلنەغمىگە ئايلانغان . نەغمىچىلەر باشلا
چىسى بۇنى ئىجادىيەتنىڭ تارىخىي شارائىتىغا باغلاپ ، «جۇلا» دە
ئات قويغان[①] .

«خۇدەك باياۋان»

«خۇدەك باياۋان» مۇقامى ھەققىدە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ
ئۆزگىچە كۆز قارىشى بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا «خۇدەك
سۆزى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار تارىخىي دەۋر ۋە مەدەنىي
ھايات توغرىسىدا بەزى ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ :

«خۇدەك» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى «خۇدات»
دېگەن نامغا ئۇلىشىدۇ . «خۇدات» قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە ھەر
خىل ئېلىنغان ، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە «خۇدات» ( 呼揭
يەنە « 呼得 » دېيىلگەن... بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بۇ سۆزنىڭ قەدىم
كى ئاھاڭىنى ئىزدەنسەك . . « 呼揭 » سۆزىنىڭ «خۇدات»
( hudat) ، « 呼得 » سۆزىنىڭ «خۇدەك» ( hudak) دەپ تەلەپپۇز
قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز . شۇڭا « 呼揭 » نىڭ ئاھاڭى بولغان سەك
( sək) - خۇداك ( hudak) نى ساكا - تىگراخائۇدانىڭ قىسقارتىلغان
ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ . تەتقىقاتچى شۆزۇڭجېڭ ئۆزىنىڭ
«تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى
ناملىق ماقالىسىدە «خۇدات» سۆزىنى ئىزاھلاپ كېلىپ ، جۇڭگو تار
خىدا خاتىرىلەنگەن «hudet » نىڭ تارىختىكى ساك دۆلىتى ، يەنى
ساكلارنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ . ئۇ يەنە بېيناۋكوجى (ياپونىيىلىك تەتق
قاتچى ) نىڭ سۆزىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ساگا - تىگر

① مۇھەممەت ئەزىز : «دولان توققۇز مۇقامى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 - يىل 4
ئاي نەشرى ، 4 — 6 - بەتلەر .

خائودا» دېگەن ئىسمدىكى «تېگىرا» — «ئوقيا ئوچى» ، «ئوچلوق» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ ، «خائودا» — «قالپاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇلارنى بىرلەشتۈرسەك «ئوچلوق قالپاقلىق ساكلار» دېگەن بولىدۇ... ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى . ئۇلار دەسلەپ يەنسەي بويلىرىدا ماكانلاشقان ھەمدە مىلادىيىدىن بۇرۇنلا «خۇدات» دۆلىتىنى قۇرغان . كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار ماكانىدىن كۆچۈش - يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان . غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا «تېلەنغۇت» قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ھەم غەربكە كۆچكەندە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئەمەلىيەتتە ساك- خۇدات قەبىلىسى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى ئۆرپ - ئادەت ، كىيىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى ئۇلارنىڭ بىردەك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ . ساك قەبىلىسىنىڭ دەسلەپ يەنسەي بويلىرىدا ياشاپ كېيىن غەربكە كۆچۈشى ۋە باشقا ئورتاقلىقلار دولان خەلقى بىلەن ساك - خۇداتلار ئارىسىدا بىر تارىخىي باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ . «دولان مۇقاملىرى» نىڭ «خودەك باياۋان» دېگەن قىسىملىرىنىڭ بارلىقى ھەم كۆپىنچە باياۋاندىكى غېرىبلىق ھالىتىنى نامايان قىلىش بىلەن ئۇسسۇلىدا بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭ ، ئېلىشىشنى بىلدۈرۈشى دولان مۇقامىنىڭ دەل ئاشۇ ساكا - خۇداتلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ، ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ، سەرگۈزەشتىسىنى سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . «خودەك باياۋان» مۇقامىدا ئېيتىلىۋاتقان پىكىر ئېھتىمال ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان ساكا تېگر خائودا (خودەك ) لارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى ، كەچۈرمىشى ، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشلىرى بولۇشى مۇمكىن① .

**«دۇگامەت»**

«دۇگامەت» «دۇئا مۇقامى» دېگەندىن ئۆزگەرگەن بولۇپ ، تىل ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا دولانلىقلار «دۇئا» نى «دۇگا» دەيدۇ . ئاغزاكى تارىخلارغا ئاساسلانغاندا ، مەۋلانە جالالىدىن شەھرى كېتىكتىن چى-

① ئىقبال تۇرسۇن : «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي - مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ، 1996 - يىل 1 - سان ، 51 — 53 - بەتلەر .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىسپ ئاقسۇنىڭ ئايكۆل تەرەپكە ماڭغاندا ، يول ئۈستىدە يەكەن دەريا
ۋادىلىرىدىكى دولانلىقلار يۇرتىغا چۈشۈپ قونغان . دولانلىقلار مېھمە
دوست كىشىلەر بولغاچقا ، مەۋلانە جالالىددىننى قىزغىن كۈتۈ
ئاخشىمى مۇقام ـ مۇزىكا بىلەن بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن . دول
لىقلارنىڭ مۇقام ـ كۈيلىرى بۇ تاجىكقا بەكمۇ يېقىپ كېتىپ خۇش
بولۇپ ، بۇ مۇڭلۇق كۈي ـ مۇزىكىلارنىڭ راۋاجىنى تىلەپ د
قىلغان . بۇ مۇقام ئۇلۇغ زاتىنىڭ دىلىنى ئېرىتىپ زوقىنى قوزغاپ
دۇئاسىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ، شۇندىن باشلاپ «ئۇلۇغلارنىڭ دۇ
سىغا ئېرىشكەن» دېگەن مەزمۇن بىلەن «دۇئا باياۋان» دەپ ئاتالغان
يەنە يەرلىك تىل بىلەن «دۇگا باياۋان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان . ك
يىنكى چاغدا تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ، «دۇگامەت» دەپ ئ
تىلىپ قالغان[①] .

«دۇگامەت مۇقامى» «تاۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا تىلغا ئېلىنغا
بولۇپ ، «دۇگاھ» دېگەن تۈپ سۆزگە «مەت» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇ
لۇشى بىلەن تۈزۈلگەن . «دۇگاھ» پارسچە بولۇپ ، لۇغەت مەنىسى
چالغۇ ئەسۋابى دەستىسىنىڭ «ئىككىنچى پەدە» سى ، «ئىككىنچى
ئاۋاز»نى ھاسىل قىلىدىغان ئىككىنچى پەدە دېگەنلىكتۇر . ئومۇمەن
«دۇگاھ ، سىگاھ ، چارگاھ ، پەنجىگاھ» ئىبارىلىرى مەيلى ئۇيغۇ
ياكى باشقا خەلقلەر مۇقام مۇزىكىلىرىدا پەقەت بىرلا روشە
مەنىنى — شۇ مۇقاملارنىڭ بەرباب ، ئۇد ، ساتارنىڭ ئىككىنچى
ئۈچىنچى ، تۆتىنچى ، بەشىنچى پەدىسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆر
ستىدۇ ، خالاس . نوقۇل مۇزىكىلىق باشلىنىش پەدە ئورنىنى كۆرس
تىدىغان بۇ مۇقام ناملىرىغا قايتا ـ قايتا نام قويۇش ئەھۋاللىرى
بولغان . بۇنىڭغا سىگاھنىڭ «زەنگۇلە» ، «سىگاھ» نىڭ «ھىجاز»
«پەنجىگاھ» نىڭ «راس» مۇزىكىلىرى بىلەن مۇزىكىلىق باشلىنىش
لەد (پەدە) ئوخشاشلىقىنى مىسال قىلىش مۇمكىن[②] .

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغ
سىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 12 ـ ئ
نەشرى ، 177 — 178 ـ بەتلەر .

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىنلىرى توغرىسىدا»
«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى
187 ـ ، 188 ـ بەتلەر .

## 2 . دولان مۇقام تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، ھەربىر مۇقام ياكى مۇقامنىڭ نەغمىلىرى ئۈچۈن مۇقىم، قېلىپلاشقان تېكىست بولمايدۇ. مەشرەپنىڭ ۋەزىيىتى، مۇقامچىنىڭ كەيپىياتى ۋە قوشاقچىلىق ماھارىتىگە قاراپ مۇقام تېكىستلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى تەبىئەت، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش، چارۋا بېقىش، ئىشق - مۇھەببەت، ساداقەتلىك، گۈزەللىك، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دولان مۇقامىغا سېلىنغان تېكىستلەر خەلق قوشاقلىرى بولغاچقا، بۇ قوشاقلاردىكى نىسپىي مۇستەقىللىق مۇقام تېكىستلىرىنىڭ رەڭدار ۋە مول مەزمۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان. شۇڭلاشقا، مۇقامچى ھەربىر قېتىم مۇقام ئورۇندىغاندا، باي ۋە مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇننى يەنىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مانا شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دولان مەشرىپىنى خەلقنىڭ فولكلور مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

1 . دولان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى.

دولان مۇقامىغا سەپلەنگەن تېكىستلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرى بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىقى بولسىمۇ، يەنە ئۆزىگە خاس بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. دولان مۇقام تېكىستلىرىدىن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى، يەنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى (ياشىغان ماكان مۇھىتى)، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ۋە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى)، يەرلىك تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



(شېۋە ) ئالاھىدىلىكى ، باشقا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتا
لىقلارنى ناھايىتى روشەن بايقىغىلى بولىدۇ .

1 ) جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئالاھىدىلىكى .

بىز مەكىت ناھىيىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ، بۇ ناھ
تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ
بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى ھېچقانداق ناھىيىنىڭ يېزا ـ كەنتل
رى بىلەن تۇتاشمايدۇ . بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى پەقەت قومۇش
لۇق ، قۇملۇق ، چۆل ـ جەزىرە ، دەشت ـ باياۋان بىلەن چېگرالىن
دۇ . دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «باياۋان» سۆزىنى
قوشۇلۇپ كېلىشى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس . بەلكى بۇ دولا
دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئىنكاسى . مەسىلەن
دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدىكى 7 ـ مۇقام «سىم باياۋان» نىڭ
«مۇقەددىمىسى» گە سەپلەنگەن تۆۋەندىكى تېكىستكە نە
زەر سالايلى :

باياۋان دەشتىگە چىقسام ،
كۆرۈندى يارنىڭ ئورداسى .
مەن قاچان ئۆلگەندە كەتكەي ،
بېشىمدىن يارنىڭ سەۋداسى .

يۇقىرىقى قوشاقنىڭ 1 ـ مىسراسىغىلا نەزەر سالىدىغان بولساق
دولان دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋ
تاپالايمىز .

دولان مۇقامى مارالبېشى نۇسخىسىدىكى 3 ـ مۇقام «ئۆزھا
باياۋان» نىڭ چېكىتمىسىدىكى بۇ مىسراغا نەزەر سالايلى :

سايىسى يوق بوستاندىن ،
چۆل ـ باياۋان ياخشىراق .
بىلسە ـ بىلمەس ئادەمدىن ،
بىلسە ئادەم ياخشىراق .

بۇ بىر كۇپلېت قوشاقتىمۇ ئالدىنقى قوشاقتىكىگە ئوخشاشلا «چۆل ـ باياۋان» تىلغا ئېلىنغان .

دولان دىيارىدا جىگدە دەرىخى ئىنتايىن كۆپ ، جۇملىدىن مەكىت بۇنىڭ تىپىك مىسالى . دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدىكى 3 ـ مۇقام «راك باياۋان» نىڭ «سەنەم» نەقىراتىدىكى بۇ تېكىست بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى كۈچلۈك پاكىت بىلەن دەلىللەيدۇ .

قاغا جىگدەڭنى يېمەيمەن ،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ .
مەشۇغۇم يادىمغا يەتسە ،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ .

2 ) دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىدىكى قوشاقلار .

ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان دىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى هاياتىدا ئىنتايىن مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئىنسانلارنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاشمىغان دىنىي قارىشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاهى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇلكېرىم خان ) دىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى . شۇندىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ هەر قايسى ساهەلىرىگە شىددەت بىلەن سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى ، جۇملىدىن ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ تەرەققىياتىغا ناهايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زور بىر تۈركۈم دىنىي مەزمۇندىكى خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا كەلدى . بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردىكى سوپىزمچىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۇيغۇر فولكلورىنى مول دىنىي مەزمۇن بىلەن بېزىدى . مەسىلەن ، دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىنىڭ 9 ـ مۇقامى «دۇگامەت» نىڭ «سەنىقەس» بۆلىكىدىكى بىر كۇپلېت قوشاققا نەزەر سالايلى :

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



سەن ، سەن دۇنيا سەن دۇنيا ،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن .
هازازۇلدەك ئالىمنى ،
شەيتان قىلغان ئاللا سەن .

دىنىي چۈشەنچە بويىچە ، هازازۇل ئەسلىدە خۇدا ياراتقان ئىنت
يىن ئەقىللىق ، بىلىملىك بىر بەندە بولۇپ ، ئالىم ئىدى . ئەمما
خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن ، خۇدا ئۇنى شەيتانغا ئايلا
دۇرۇۋەتكەنمىش . دېمەك ، دىنىي ئەقىدىلەر ئەمگەكچى خەلق تەرىپ
دىن خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ ، دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستى
سەپلەنگەن .

جانىنغۇ بەردى خۇدا ،
بىر كۈن ئامانەت ئالغۇدەك .
مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ،
سالغان ئىمارەت قالغۇدەك .

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا
بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلىمىز .

3 ) تۇرمۇش ئۇسۇللىرى .

دولان مۇقام تېكىستىدە دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇل-
لىرى ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتەك بىر
قەدەر ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ چارۋىچى-
لىق ، يېزا ئىگىلىكى ، قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن
شۇغۇللانغانلىقى يۈكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن نامايـ
ـان قىلىنغان .

(1) ئوۋچىلىق تۇرمۇشى .

بىز دولان مۇقامى «ئاۋات نۇسخىسى» دىكى «سىيرىلما» نىڭ
تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت تېكىستىگە نەزەر سالايلى :

قارا مىلتىقنىڭ ئوقى ،
ھاۋادا ئۇچتى پىقىراپ .
قارا كۆز يارنىڭ ئوتى .
چىقمايدىكەن سىقىراپ .

ئىنسانلار ھامان ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان ۋە ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، كۆپ شۇغۇللىنىدىغان مەشغۇلاتلىرىنى دائىم تىلغا ئالىدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يۇقىرىقى بىر كۇپلېت تېكىستتە ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇۋچىلىق قورالى قارا مىلتىقنى تەسۋىرلىگەن .

داڭلىق دولان مۇقامچىسى مەھەممەد تۇردى ئورۇندىغان دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى كۇپلېت قوشاقنى ئۇچرىتىمىز :

ھويلاڭدىكى تېرەككە ،
لاچىن قوندۇرالامسەن ؟
بىز ئىككىمىز يار بولساق ،
يۈرەكنى قاندۇرالامسەن ؟

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا ،
قاما بىلەن قۇندۇز بار .
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم ،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار .

يۇقىرىقى ئىككى كۇپلېت قوشاقتىن ، بىز دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇشلارنى كۆندۈرۈش ئادىتىنى ھەمدە قاما ۋە قۇندۇز قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ناھايىتى ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇۋچىلىق خاراكتېرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز .

قارچىغا كۆندۈرۈش دولان دىيارىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى . داڭلىق دولان مۇقامچىسى تۇرەك ئاۋۇت ئورۇندىغان دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدا ئۇيغۇر دولانلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـرىنىڭ ئەنە شۇ ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ بۇ بەدىئىي كارتىنىسى ئىنـ
يىن ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن . مەسىلەن :

قارچىغام قونۇۋالدى ،
ئارقىدىكى تېرەككە .
تاتلىق ـ تاتلىق گەپ قىلىپ ،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە .

(2) چارۋىچىلىق تۇرمۇشى .
ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى
ئۇلارنىڭ مۇقام تېكىستلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مەسىلەن :

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ ،
يارىم شىپاڭدا ئوينايدۇ .
يار يادىمغا يەتكەندە ،
ئىچىمدە ئوتلار قاينايدۇ .

قويچى بولساڭ قويلارىڭنى ،
بىللە باقايلى .
ئىشچانلارنىڭ يۈرەكىگە
ئوتلار ياقايلى .

ئالا بوز ئات ، قارا بوز ئات ،
بوينۇڭنى ئۇزات .
بىر ئاخشامدا يار قاشىگە ،
يەتكۈزگىن بوز ئات ،

يۇقىرىقى ئۈچ كۇپلېت قوشاقتىن بىز ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ
چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ يارقىن بەدىئىي كارتىنىسىنى كۆرگەندەك
بولىمىز .

(3) يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشى .

ئۇيغۇر دولانلىرى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن پەيدىنپەي يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشىغا ئۆتكەن . دولان مۇقام تېكىستلىرىدىن ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت بىر مۇنچە ئەمەلىي پاكىتلارنى تاپالايمىز . مەسىلەن :

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ ،
ئاچقان سۇلىرىڭ قايسى .
بىزنى يامان دەپ بېرىپ ،
تۇتقان يالىرىڭ قايسى .

ئوتىغۇچ باشتا بولۇر ،
ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر .
ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە ،
تاڭ ئاتقۇچە ناخشا بولۇر .

يۇقىرىقى ئىككى كۇپلېت قوشاقتا دېھقانچىلىقتىكى سۇ تۇتۇش جەريانى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن ئوتىغۇچ تىلغا ئېلىنغان .

(4) سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش .

دولان مۇقام تېكىستىدىن يەنە ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىق ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مەسىلەن : دولان مۇقامى ئاۋات نۇسخىسىدىكى 4 ـ مۇقام «بوم باياۋان» نىڭ «سەنەم» گە سالغان بۇ بىر كۇپلېت قوشىقىنى كۆرۈپ باقايلى :

ئوقەت قىلمىدىڭ دەيسەن ،
قانداق قىلمەن ئوقەت .
يار يادىمغا يەتكەندە ،
مەندە قالمىدى تاقەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4 ) خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئىپادە قىلغان قوشاقلار دولان مۇقام تېكىستلىرىگە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ تەرى چوڭقۇر سىڭگەن . گەرچە مۇقام تېكىستلىرىدە خەلق ماقال تەمسىللىرى بىۋاستە ئەكس ئەتمىسىمۇ ، لېكىن خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەسلەن ئۇيغۇرلاردا ، «سەتنىڭ ھالى يامان ، چىرايلىقنىڭ دەردى (يامان) دېگەن خەلق ماقالىسى بار . دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدىكى مۇقام «زىل باياۋان» نىڭ سېرىلمىسىغا سېلىنغان تۆۋەندىكى قوشاقنى خەلق ماقالىسىنىڭ شېئىري شەكلىدىكى چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر .

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك ،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان .
ئىچىمدىكى دەردىمنى ،
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان .

«ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە ، پاخماق باشلىق ئاناڭ بىلەن قال» دېگەن بۇ خەلق ماقالىسىنىڭ يەكۈنى دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدىكى «ئۆزھال باياۋان» مۇقامىدا مۇنداق ئىزاھلانغان :

مەن ئانامدىن ئايرىلىپ ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ .
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ .

«ئاتا قارغىشى ئوق ، ئانا قارغىشى پوق» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالى دولان مۇقامى مەكىت نۇسخىسىدىكى «سىم باياۋان» مۇقامىدا تۆۋەندىكى قوشاق بىلەن ئىپادىلەنگەن :

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ ،
شىرغا يول بەرمەس .
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان ،
ئىلگىرى كەلمەس .

«قىزنىڭنى ئالغىچە قىرىڭدىن ئۆتەي ، قىزنىڭنى ئېلىپ جېنىڭدىن ئۆتەي» دېگەن بۇ خەلق تەمسىلىنىڭ مەزمۇنى دولان مۇقامى مەكتەپ نۇسخىسىدىكى «خۇدەك باياۋان» مۇقامىدا تۆۋەندىكى قوشاق بىلەن ئىزاھلانغان :

بۇ يىل شاپتۇل بەك بولدى ،
ئىششەك چارەك قاق بولدى .
ئانىسى يامان قېرى ،
بىرنى قويماي يەپ بولدى .

5 ) باشقا رايونلاردا ئۇچرىمايدىغان قوشاقلار .

دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستىدە باشقا رايوندىكى خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرىگە ئوخشىمايدىغان خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك قوشاقلار ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن :

ئالا پاچاق تېيىڭنى ،
ياندايلىمۇ قارا كۆز .
ئانچە ـ مۇنچە گەپ بىلەن ،
ئالدايلىمۇ قارا كۆز .

چىرىغىڭنى يورۇتۇپ ،
قويساڭ موراڭنىڭ بېشىدا .
مەن سېنى سۆيمەيمىدىم ،
دوڭغاق ئانارنىڭ بېشىدا .

بىز يەنە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى كۆرۈپ باقايلى :

ھەلىمخان ، سەلىمخان ،
قايان بارىلا .
نامازشامدا گۈلنى قىسىپ ،
جاننى ئالىلا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاھ ، خېنىم چېكەڭدە گۈل ،
ئاشنىڭىز خەجلەمدۇ پۇل .
ئاشنىڭىز خەجلىمىسە ،
مەن بېرەي بەش تەڭگە پۇل .

يۇقىرىقىدەك خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قوشاقلارنى دولان مۇقا
تېكىستلىرىدىن يەنىمۇ كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن[1] .

2 . دولان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى .

دولان مۇقاملىرى 9 مۇقام ، 45 ئۆزگىرىش ئاھاڭ ۋە
كۇپلېت تېكىستنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەربىر بۆلەك مۇقامدا ھە
كۇپلېتى ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن ، ئىككى كۇپلېت ئاساسلىق
تېكىست سىلىنغاندىن سىرت ، يەنە ھەر كۇپلېت تېكىستنىڭ ئاخىرىغ
بىر مىسرادىن بېزەك (قوشۇمچە ) تېكىست سىلىنىدۇ . پۈتكۈل
كۇپلېت تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى مۇشۇ شەكىل بويىچە كېلىدۇ . مەسلەن

ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ ، سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ ،
ئايا غۇربەت ئىچىدە قالغان يېتىمنىڭ ھالىنى دەيمۇ .
(ۋاي ۋاي يارەي ، ۋاي مەستانە يارەي ، ئوھۇي··· )
ئاللا يارىم خىيالىڭنى بىلسە بولمامدۇ ،
سەن كىرمىگەن كوچىلارغا كىرسە بولمامدۇ ،
(ۋاي ۋاي يارەي ، ئىگمەي يارەي ، مەستانە يارەي !··· )

ئىككى مىسرادىن بىر كۇپلېت تەشكىل قىلىش خۇسۇسىيىتى
بىردىنبىر ئالاھىدىلىك قىلغان دولان مۇقام تېكىستلىرىدە باش ـ ئايا
قاپىيە شەكلىنى تەڭ قوللىنىش خۇسۇسىيىتى كۆپ سالماقنى ئىگە
لەيدۇ . مەسلەن :

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ ،
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ .
يارىم بارمىغان تويغا مەن سورىماي بارالمايمەن ،

---

① ياسىن مۇخىۋل : «دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې
ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2003 ـ يىل 1 ـ سان ، 35 — 43 ـ بەتلەردىكى مەزمۇنلارغا قارالسۇن .

يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك ، چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن .

دولان مۇقام تېكىستلىرىدە كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك ئاياغ قاپىيە شەكلىدىن ئىبارەت . مەسىلەن :

دەريادا بېلىق يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ ،
ئات ئالدىدا قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ① .
بارسىلا بىللە بارايلى يولدا يالغۇزلۇق يامان ،
يالغۇزلۇقتا كىم ئۆلۈپتۇ ئايرىلىپ قالغان يامان .

دولان مۇقام تېكىستلىرىدە ئادەتتە ئاھاڭ بۆلەكلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىككى مىسرادىن بىر كۇپلېت تەشكىل قىلىنىدۇ . مىسرالارنىڭ بوغۇم سانى 12 دىن ئالتىگە قەدەر بولۇپ ، كۆپىنچە تەڭداش بۆلەكلىك خۇسۇسىيەتتە كەلگەندىن سىرت ، بىرىنچى مىسرادا تەبىئەت تەسۋىرىنى ، 2 ـ مىسرادا ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ . مەسىلەن :

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ ، چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن ،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ ، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن .
قارا تۇلكە ، ئالا تۇلكە ساينىڭ تۇلكىسى ،
ئۆلتۈرەمدۇ ، كۆيدۈرەمدۇ يارنىڭ خۇلقىسى② .

دولان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، خەلق قوشاقلىرىدىكى ھەربىر قوشاق ئۆز ئالدىغا بىر مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا ، بىر قوشاق ئالدى ـ كەينىدىكى قوشاق بىلەن باغلاشمىسىمۇ بولىدۇ . مۇقام تېكىستلىرىدىكى قوشاق مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ ئوخشاش بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ . بوغۇمنىڭ ئارتۇق كەملىرىنى مۇقام قوشۇمچىسىدىكى «ئاللا ـ ئاللا !» (تۆت بوغۇم ) ، «ئاللايەي ـ ئاللا !» (بەش بوغۇم ) سۆزى بىلەن تولۇقلاپ ئاھاڭغا چۈشۈرۈۋېرىدۇ . مەسىلەن :

قارا قاشىم بار مېنىڭ ،
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس .

① بۇ دولان مۇقام تېكىستلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ ، دولان مۇقاملىرىدا يەنە توتېم ۋە ئەنئەنىۋى مۆچەل تىپىدىكى بېيىتلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

② ئۆمەرجان ئىمىن : «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 13 — 16 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر ئاداشىم بار مېنىڭ ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس .

دېگەن تېكىستتە 1 ـ ، 3 ـ مىسرالىرى يەتتە بوغۇملۇق ، 2 ـ ، 4 ـ مىسرالىرى سەككىز بوغۇملۇق بولۇپ ، بۇنى مۇقامغا سالغاندا :

قارا قاشىم بار مېنىڭ ، ئاللايەي ـ ئاللا !
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس . ئاللا ـ ئاللا ،
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ ، ئاللايەي ـ ئاللا !
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس . ئاللا ـ ئاللا .

دەپ ئوقۇلۇپ ، ھەممىسى ئوخشاش 12 بوغۇمدا تەڭشىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ بايلىقى تېخىمۇ كۆپىيىپ ، مەزمۇنلىرى كەڭ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ[1] .

## 3 . دولان مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرى

### 1 . دولان مۇقامى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇناسىۋىتى

دولان مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى . ئۇ پەقەت دولان ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ياشىغان رايونلاردا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، باشقا يەرلىك مۇقام ياكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان ، شالغۇتلاشمىغان شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ، مىللىي ئالاھىدىلىك ساقلىنىپ قالغان . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغ ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە مۇزىكا تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان .

«ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى ۋە دەسلەپكى ئېقىملىرى جەھەتتىن ئالغاندا ، نوقۇل مۇزىكا ھادىسىسى سۈپىتىد

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 88 ـ ، 89 ـ بەتلەر .

ئەمەس ، بەلكى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى فولكلور ھادىسىسى — ئەل ئارىسىدىكى ئېتنىك مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ، راۋاجلانغان ۋە ئىجتىمائىي قىممەت تاپقان . مۇزىكا كۈيلىرىنى ئاساسى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن ئىبارەت بۇ «شېرىن مېۋە» ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ «مېۋىلىك دەرەخ» شېخىدا ۋايىغا يەتكەن[①] » .

دولان مۇقامى — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپ ، مۇقام ـ نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ، بىرقەدەر ئىپتىدائىيلىقى ، يېزا ـ يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى ، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس ، مەردانە ، سالماقلىقى ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . دېمەك ، ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ، تەرەققىي قىلىشى ۋە بۈگۈنكىدەك بىر پۈتۈن ھالەتكە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان .

بىرىنچى ، دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرىنچى قىسمى — «چوڭ نەغمە» تۈسىدىكى يەرلىك مۇقام بولۇپ… دولان مەشرەپ ـ مۇقامى بىرقەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ بىز ئۇنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ كونا مەنبەسى ۋە ئاساسلىق گەۋدىسى ، دەپ ئېيتالايمىز . چۈنكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى شەكلى «چوڭ نەغمە» ئىدى . كېيىنكى دەۋرلەردە ئاندىن ئۇنىڭغا «داستان» ، «مەشرەپ» لەر قوشۇلدى .[②] . «مەشرەپ» ئون ئىككى مۇقامنىڭ پەرداز بېرىلمىگەن بىر قىسمى . ئۇنىڭ مېلودىيىسىنىڭ ھەربىر قۇرى روشەن ھەم ناھايىتى ئىخچام . مېلودىيىسىنىڭ ئەسلىي رىتىمى ۋە رىتىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوچۇق بولۇپ ، ئۇدار شەكلى

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ئېقىملىرى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي ، 156 ـ ، 157ـ بەتلەر .

② ئەمەتجان ئەخمىدى : «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى ، 302 ـ بەت .

ئاساسەن داپنىڭ رىتىمى بىلەن تەڭ ماڭىدۇ . ھېچقايسىسىدا مەرغۇل بولماي
بۇ قىسىمىدىكى بارلىق مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىردەك «مەشرە
دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ ئاھاڭلىرى ئە
لىدە خەلق ئىچىدىكى بەزى «مەشرەپ» ئاھاڭلىرىدىن كەلگەن
«مەشرەپ» خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى خاراكتې
لىك كوللېكتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇل پائالىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن
«مەشرەپ» دەپ ئاتالغان بۇ مۇزىكا ئاشۇنداق ئاممىۋى سورۇنلار
ئىشلىتىلىدىغان مۇزىكىنىڭ نامى بىلەن قالغان . ئۇسلۇبى جۇشقۇن
مەردانە بولۇپ ، ئۇنىڭدا نازاكەتلىك ، نەپىس ، لىرىكىلىق ئاھاڭلار يوق[①]

ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە دولان مۇقامى بىلەن ئون ئىككى مۇقامىنى
ھەر قايسى يۈرۈشلىرىنىڭ ئۆز تەركىبىدىكى نەغمىلىرىنىڭ ئاھا
تۈسىنى بەلگىلەيدىغان ئورتاق مېلودىيىگە ئىگە مۇقىم مۇقەددىمە
بولغان بولىدۇ[②] .

ئىككىنچى ، «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرى ئەجدادلىرىمى
دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ ، ئولتۇراقلىشىشقا ئادەتلەنگەندىن كې
يىنكى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللە
نىپ قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىدۇر . «ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇز
كىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئىجرا قىلىنىش جەريانلىرىنى ئىنچىكىلە
بىلەن تەكشۈرگەندە ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتنى
مۇزىكىلىق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ» . «شۇ
نىسى ئېنىقكى ، شەھەرلەشكەن مەدەنىيەت بىلەن تېخى شەھەرلەشمە
گەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق ۋە ئايرىلىق بولىدۇ . يە
كېلىپ بۇ خىل پەرق مۇزىكا سەنئىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ
كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ ئاددىي ياك
مۇرەككەپلىكى ، كۈي مېلودىيىسىنىڭ بىر خىللىقى ياكى كۆپ خىلل
قى ، تەڭكەش قىلىنىدىغان ساز ـ چالغۇچىلارغا بولغان تەلەپنى
يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى (ئوركېستىرلىشىش دەرىجىسى) قاتارلىق تەرە

① شياۋگۇاڭشىن : «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۇدار شەكلى ۋە كۈي تەرتىپى قۇرۇلمى
نىڭ ئەھمىيىتى» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ ي
7 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 322 ـ بەت .

② تۇرغان شاۋزۇن : «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ ي
9 ـ ئاي نەشرى ، 54 ـ بەت .

لەردە بۇ خىل پەرق روشەن ئەكس ئېتىدۇ»[①] .

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دولان مۇقاملىرىدىكى فورمانىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتكەن، نوپۇس كۆپەيگەن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا ئۆتكەن جەمئىيەتتە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق جەمئىيەت مۇھىتىدا بارلىق چالغۇلار ئورۇندايدىغان كۈي بىر خىللاشقان، ئاھاڭلار قېلىپلاشقان مۇزىكىلار شەكىللىنىدۇ. دولان مۇقاملىرىدىكى فورمانىيىلىك خۇسۇسىيەتنى ئولتۇراق ھالەتتىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى ئاھالىلەر «سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان»، نوپۇس ئاز ۋە تارقاق ھالەتتىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ زامانلاردا ھەركىم ئۆزى خالىغان چالغۇلارنى ئۆگەنگەن ھەم ئۆز ئالدىغا ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان، نەرسە ئالماشتۇرۇش، بىرگە ئوۋ قىلىش سەۋەبلىك جەم بولغان مەزگىللەردە بىرلىكتە نەغمە قىلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان بولۇشى، مۇشۇنداق پائالىيەتلەردە ھەركىم ئۆزى بىلگەن پەدىگە چالغان بولۇشى، مۇشۇ يوسۇندا داۋاملىشىش جەريانىدا ئاھاڭلار ماسلىشىپ، قېلىپلىشىپ، ئىستىخىيىلىك يوسۇندا «فورمانىيىلىك» خۇسۇسىيەت شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن··· دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى ئوۋچىلىق - چارۋىچىلىق دەۋرىدە ياراتقان مۇزىكا مەدەنىيىتى كېيىنكى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشىدە خېمىرتۇرۇچلۇق رول ئوينىغان. مانا بۇ «دولان مۇقاملىرى ‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ ئىپتىدائىي ئاساسى» دېگەن مەۋھۇم چۈشەنچىنىڭ دەسلەپكى يەشىمىسى[②] .

ئۈچىنچى، دولان مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئاھاڭلىرى مۇئەييەن ئورتاقلىققا ئىگە. «مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇندىغاندا، مىللىي شېۋىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن زىنىنەتلىمە ئاۋازلار ئۇچرايدۇ. بۇ زىنىنەتلىمە ئاۋازلار چالغۇچىلارنىڭ

---

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 258 — 259 - بەتلەر.

② ئۆمەرجان ئىمىن: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىل 1 - سان، 10 - بەت.

سازنىڭ پەدىسىدە ئەسلىي ئاۋازدىن تېيىلدۇرۇش، دولقۇنلىت
(تىترىتىش)، يۇقىرى - تۆۋەن سىيرىش ۋە تارتىشتەك چېل
ماھارىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە ئاۋازلارنى ۋاقىتلىق كۆ
رۈش، چۇشۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مۇقام ئاھاڭلىرىن
مىللىي پۇرىقىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، ئاھاڭنىڭ مەھلىيا قىلىش كۈچ
نى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ھەمدە مىللىي كۈي شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىك
تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ. بۇ مۇقام ئاھاڭلىرىدىلا قوللىنىلىپ قا
ماي، پۈتۈن مىللىي خەلق ئاھاڭلىرىدىمۇ داۋاملىق قوللىنىلىپ ك
لىنىۋاتقان ئورتاق ئالاھىدىلىك»① .

تۆتىنچى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدە ئىسلامىيە
تىن بۇرۇنقى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ۋە ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبى
تىلى دەۋرىدىكى شېئىر - قوشاقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغار
بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاقلىرىغ
يېقىن كېلىدىغان تېكىستلىرى دولان مۇقام تېكىستلىرى بىلەن ئور
تاقلىقتا ئىگە بولۇپ، دولان مۇقام تېكىستلىرىدىكى بىر قىسىم قو
شاقلار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئوخشاشلا
دولان مۇقام تېكىستلىرىدە يەنە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» غا
سەپلەنگەن بەزى خەلق قوشاقلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئون
ئىككى مۇقام» نىڭ 2 - مۇقامى «چەبىيات مۇقامى» نىڭ «جۇلا»
سىغا سەپلەنگەن بۇ بىر كۇپلېت تېكىست «مارالبېشى نۇسخىسى»
دىكى 1 - مۇقام «زىل باياۋان» نىڭ «چېكىتمە» سىگە سەپلەنگەن

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
دەردكە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.②

① مامۇت قاسىم: «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ كۈي شەكلي ئالاھىدىلىكى»، «ئۇيغۇر ئو
ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 453 - بەت
② ياسىن مۇخپۇل: «دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې
ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 - يىل 1 - سان، 38 - بەت.

بەشىنچى ، دولان مۇقامى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى شۇكى ، ھەر ئىككىسى شەكىلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئوخشاشلا ئون ئىككى يۈرۈشتىن ئىبارەت سىستېمىغا ئىگە بولغان[1] (دولان مۇقامىمۇ تەكشۈرۈشلەردىن قاردىغاندا ئىلگىرى ئون ئىككى يۈرۈش بولۇپ ، ھازىر بىر قەدەر سىستېمىلىق ساقلىنىپ قالغانلىرى 9 يۈرۈش مۇقامدۇر ) . ئۇنىڭ ئۈستىگە دولان مۇقاملىرى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇقام ناملىرىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت . مەسىلەن : ئون ئىككى مۇقامنىڭ «راك مۇقامى» ، «مۇشاۋىرەك مۇقامى» ، «ئۆزھال مۇقامى» ئوخشاشلا دولان مۇقاملىرى ئىچىدە «دولان راك مۇقامى» (چۆل باياۋان ) ، «دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى» (ئۆتەڭ باياۋان ) ، «دولان ئۆزھال مۇقامى» (زىل باياۋان ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ .

## 2 . دولان مۇقامى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنىڭ يىلتىزداشلىقى ۋە پەرقى

دولان دىيارى بىلەن قۇمۇل (ئېۋىرغول ) دىيارى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىندۇر . ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ گەۋدىسى بولغان دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى دەسلەپتە پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىپ ، باشقا رايونلارغا تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى سەھنىسىدە شانلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى . ھازىر ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتى مەسىلىسى تېخىمۇ مۇھىم . بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەڭ قەدىمكى گەۋدىلىرىدىن بولغان قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرى ۋە كۇچا نەغمىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمدىن بۇيان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ،

---

[1] تۇرغان شاۋۇدۇن : «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 54 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەرلىك ئالاھىدىلىكى ، ئېتنىك مەنبەسى جەھەتتىن قويۇق قانداشـ
مۇناسىۋەتكە ئىگە .

دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى ئوخشاشلىق
ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسىدىكى ئېتنولوگىيىلىك
بىرلىكى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىم ئابدۇشۈكۈ
مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى مۇندا
بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ :

بىرىنچىدىن ، دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىر
ئىچىدىكى قەدىمكى بەدىئىي گەۋدە بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇ
مۇقاملىرىنىڭ مىللىيەتلىك مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ئىزچىل ھەم تە
پىك ساقلانغان . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن بولمىغان كۆچۈرۈلمە ياكى
تەقلىدىي سەنئەت بولغاندا ئىدى ، ئۆز مەنبەسى بولغان خەلق بىلەن
بىللە بىر قانچە مىڭ يىللارنى بېسىپ ئۆتمىگەن بولاتتى .

ئىككىنچىدىن ، بۇ مۇقاملار ئورتاق ئاممىۋى فولكلور پائالىيىتى
خاراكتېرىگە ئىگە . مىلىس ـ مەشرەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولغان
مەشرەپلەر ئومۇمەن توي ـ تۆكۈن ، بايرام ـ ھېيت ، چىللىما مەشـ
رەپ ، نورۇز ـ كۆك مەشرىپى ، تەنتەنە ـ خاتىرە پائالىيەتلىرى بىلەن
بىرلىشىپ كەتكەن . پۈتۈن جامائەت ئۈچۈن ئورتاق مۇھىم مۇراسىم
پائالىيەتلىرىدە سەنئەت مۇجەسسەملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئېتـ
نىك ئادەت بۇ مۇقاملاردا ساقلانغان .

ئۈچىنچىدىن ، بۇ مۇقاملار روشەن سەنەم ، ئەر ـ ئايال ناخشاـ
ئۇسسۇل خاراكتېرىنى ئالغان . ئىنچىكە تارىخىي قاتلام سەۋەبىدىن
دولان ـ قۇمۇل خەلق مەشرەپ ـ سەنەم مۇقاملىرىنىڭ نەغمە ـ
ئۇسسۇللىرىدا مەلۇم پەرقلەر كېلىپ چىققان بولۇپ ، مېنىڭچە ، دولان
مۇقاملىرى تارىخىي ـ جۇغراپىيىلىك ھايات شەرتى ، ئۆزگە تونۇش
بولمىغان جايلارغا يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىرىدىن ، ئۆزىنىڭ قە
دىمكى ئەنئەنىۋى شەكلىنى قاتتىقراق ساقلىغان بولۇشىغا قارىماي
يەنىلا قۇمۇل مۇقاملىرىدەك كۈچلۈك ئەر ـ ئاياللار ئۇسۇللىرى خا
راكتېرىنى ساقلىغان . پوتا ـ گۈل ـ بېيىت ئېيتىپ ئۇسسۇلغ
تەكلىپ قىلىش ، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇل

ئويناش ئادىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قەشقەر، پەرغانە مەشرەپ مۇقاملىرىدا خېلىلا چەكلەنگەن بولۇپ، ھەتتا تۆمۈرىيلەر زامانىدىكى ماۋەرائۇننەھر، خوراسان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدىمۇ ئەرلەر، ئاياللار ئۇسسۇل ـ سامالىرى ئايرىم ئوينىلاتتى. ئەگەر پەرق دېيىلسە، دولان مۇقاملىرىدا ئۇسسۇللار روشەن چېكىتمە، سەنەم، جۇلا، سەلىقە پۇت ھەرىكىتى ئۇدارلىرىدا ئوينىلىدۇ؛ ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتمەي، ئالدى ۋە ئارقا (مۇرە) جەھەتتىن يېقىنلاشقان بىر پۈتۈن (ئىككى كىشىلىك) ماسلاشقان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ؛ ئۇسسۇل ئۇدار ـ ھەرىكەتلىرى قاتتىق تەلەپ ۋە تېز تېمپىدا ئوينىلىدۇ؛ تولۇق نەغمە شەكلى، ھەتتا بىرەر مۇقام ئاخىرلاشماي ئىختىيارىي سالام قىلىپ چىقىپ كېتىلمەيدۇ؛ پۇت ـ قول ھەرىكىتى سالمىقى تېزراق ۋە چوڭ دائىرىلىك ئايلانما سىزىق چىقىرىلىشى لازىم بولىدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرىدا بولسا، ئۇسسۇللار چېكىتمە، سەلىقە ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا ئوينالسىمۇ نەغمە شەكىللىرى ئۇسسۇللىرى تەرتىپىدە ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇللار نەغمە شەكىللىرى تەرتىپىدە ئوينىلىدۇ؛ ئەر ـ ئايالنىڭ بىر قەدەر ئەركىن ئۇسسۇل ئوينىشى، ئارىدا سالام بېرىپ چىقىپ كېتىشى، ئورنىغا باشقا كىشىنى تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن؛ ئۇسسۇللاردا ئاياغ ھەرىكىتى سالمىقى كۆپرەك بولۇپ، ئۇدار تېمپلىرى سىلىقراق، يۇمشاقراق، قول ھەرىكىتى سۇسراق بولىدۇ، خالاس. بۇ، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ نەغمە ـ ناخشا شەكىللىرىنىڭ كۆپ ۋە ئۈزۈنلۈقى، قۇمۇلدا سۆز، رىتىم ـ تېمپىنىڭ سىلىق ۋە يۇمشاقلىقى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، بىر مۇقام ئاخىرلاشقۇچە ئۇسسۇل ئويناش ئېغىر كېلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرى مۇقام بېشى مۇزىكىسىدىن كېيىنلا ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق نەغمە شەكىللىرىنىڭ بىر خىل كۆي شەكلى (تاۋۇش قاتارى، پەردە، ئاھاڭ شەكلى) ئاساسىدىكى تۈركۈملىنىشى بولۇپ، سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى 12 تېمپېراتسىيەلىك كۆي سىستېمىسى تېپىدىكى فولكلور سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ. يىراققا نەزەر سالغاندا بۇ خىل مۇزىكا سىستېمىسى تېپى سۇجۇپتىن مۇقەددەم شەكىللەنگەن، تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەر ئاق جىنسلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com



ئارى (ساك - توخار - ئۇيغۇر - ئوغۇز) تۈركۈمدە مەيدانغا كەلگە
ۋە ساقلانغان. چالغۇلۇق مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇللۇق مۇزىكىدىن
ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرگەن. ئايرىپ قارالغاندا هازىرق
دولان مۇقاملىرى 12 تېمپېراتسىيىلىك ئۈچ مۇقامدىن (بۇ قەدىمك
ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مۇكەممەل ۋە قۇتلۇق سان ئىدى)، هازىرقى
قۇمۇل مۇقاملىرى 12 تېمپېراتسىيىلىك ئون ئىككى مۇقام (بەزى
مۇقاملىرىنىڭ شۆبىلىرى بار) دىن تەشكىل تاپقان؛ دولان مۇقاملىرى
ئىپتىدائىي قىسقا شەكىلدە مۇقام بېشى مۇزىكا - ناخشىسىنى ئورۇندا
داش، قۇمۇل مۇقاملىرى خۇددى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدەك
تېمپېرا ئەمما قىسقا شېئىرىي تېكىستتە مۇقام بېشى ئورۇنداش بىلەن
باشلىنىدۇ؛ قۇمۇل مۇقاملىرى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى يەتتە پۈتۈن ۋە
بەش يېرىم ئاۋازلىق لادنى (تاۋۇش قاتار) كۈي شەكلى (ئاهاڭ
شەكلى) قىلىشتىن باشقا، يەنە يېقىن ۋە ماسلاشقان ئارىلاشما كۈي
شەكىللىرىدىنمۇ نەغمە شەكىللىرى تىزمىسى هاسىل قىلغان؛ قۇمۇل
مۇقاملىرىدا «قىقاسچى» ۋە تىياترلىق پائالىيەتلەرگە ئورۇن بېرىلگەن.

بەشىنچى، دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىزچىل كىشىلىك قارىشى ۋە ئەخلاق قىممەت
قاراشلىرىنى مەركەز قىلىپ دىداكتىك، ئېپىك ۋە لىرىك شېئىرىي
تۇرلەر بويىچە، بارماق ۋە «تۈركىي ئارۇز» دەپ ئاتالغان تۈركىي
تىلدىكى ئاق جىنسلىق خەلقلەر مۇزىكا - ئۇسسۇل - رىتىم - ئۇدار
ۋەزىنلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. هازىرقى دولان مۇقاملىرىنىڭ تې-
كىستلىرى قىسقىراق بولۇپ، ئۇلار كۆچۈپ بارغان ئىسلام - ئۇيغۇر
رايونلىرى شېئىرىيىتى بويىچە قايتا تېكىستلەشكەن، جۈملىدىن قە-
دىمكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن نەمۇنىلەر ساقلانغان؛ هازىرقى قۇ-
مۇل مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى ناهايىتى نۇرغۇن (هەتتا كلاسسىك
ئون ئىككى مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «مەشرەپ
نەغمە» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تېكىستلىرىدىنمۇ كۆپ) بول-
غان، بىر قەدەر قەدىمكى تارىخىي قوشاقلار، مۇراسىم قوشاقلىرى
(مەسىلەن، «ۋاي - ۋاي ئۆلەن») دىن مۇشۇ زامان تارىخىي قوشاق-
لىرى (مەسىلەن «تۆمۈر خەلىپە») غىچە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

دولان - قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا خەلق قوشاقلىرى نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدىكى داستان، ئۇسسۇللۇق مەشرەپلەرگە مۇناسىپ كلاسسىك ياكى خەلق داستان، غەزەللىرى تېكىست قىلىپ ئېلىنغان. دولان - قۇمۇل مۇقاملىرى كۈچلۈك مەنىدارلىق قىممىتى ياراتقان①.

دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، چوڭقۇر، سىستېمىلىق سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يۇقىرىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خۇلاسە قىلغاندەك يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغاندىن باشقا، يەنە تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. تۆۋەندە، دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1) دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ نامى.

دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ئاساسەن شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە ئاساسەن قويۇلغان. تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۇرمۇش قېلىپى ئوخشاش بولغان ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گەرچە ياشاۋاتقان مۇھىتى، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن باشقا - باشقا بولسىمۇ، مۇقاملارنىڭ قېنى ۋە مۇقاملارنىڭ قىسمەن ناملىرى ئوخشاشلىققا ئىگە. بەزى ئورۇنلاردا يەرلىك مۇقامچىلار مۇقام ئىجاد قىلىش ۋە ئورۇنداش جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب مۇقامنىڭ ئىجاد قىلىنىش ئېھتىياجى ۋە ئىجاد قىلىنىش ئۇسلۇبى، مەزمۇن، مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە پەقەت شۇ جايغا خاس بولغانلىقىدىندۇر. بىراق يەنە قانداشلىق مۇناسىۋەت، پىسخىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئورتاقلىق ۋە مەدەنىيەت

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىل 1 - سان، 31 -، 32 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى ئالمىشىش ، قوبۇل قىلىش جەھەتتىن بىر قىسىم مۇقاملار
نىڭ ناملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بىردەكلەشتۇرۇشكە ئىنتىلگەن . مە
سىلەن : دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناملىرىدىكى
ئوخشاشلىقلارنى كۆرۈپ باقايلى :

دولان مۇقاملىرى

1 . باش باياۋان (بۇرۇن ئاتالغىنى زىل باياۋان
2 . زىل باياۋان (بۇرۇن ئاتالغىنى ئۆزھال
3 . چۆل باياۋان (بۇرۇن ئاتالغىنى راك مۇقامى
4 . ئۆتەك باياۋان (بۇرۇن ئاتالغىنى مۇشاۋىرەك
5 . بوم باياۋان
6 . سىم باياۋان
7 . جۇلا
8 . خۇدەك باياۋان
9 . دۇگامەت

قۇمۇل مۇقاملىرى

1 . دۇر مۇقامى (يۇردۇم ئالەم )
2 . ئۇلۇغدۇر مۇقامى
3 . يالغۇز تۇيۇن مۇقامى
4 . چارىگاھ (مۇستەھزات ) مۇقامى
5 . خۇپتى مۇقامى
6 . چەبىيات (جانىكەم ) مۇقامى
7 . مۇشاۋىرەك مۇقامى
8 . ئۆزھال مۇقامى
9 . دۇگا مۇقامى
10 . دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى
11 . ئىراق مۇقامى
12 . راك مۇقامى

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى
دۇگا ، راك ، مۇشاۋىرەك مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى بىلەن دولان مۇقا

لىرىدىكى 3 ـ مۇقام دولان راك، 4 ـ مۇقام مۇشاۋىرەك، 9 ـ
مۇقام دۇگامەت مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ئوخشاش. مۇقام ناملىرىدىكى
بۇنداق ئوخشاشلىق يەرلىك مۇقاملار بىلەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ،
يەرلىك مۇقاملار بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ
قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئاۋۋال روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.
بىراق ئوخشاش نامدىكى مۇقاملارنىڭ رەت تەرتىپى ئوخشىمايدۇ.
بۇنىڭدىكى سەۋەب، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئورۇن-
لاش ئۇسلۇبى، مۇقاملارنىڭ مەزمۇن سىستېمىسى جەھەتتىكى ئوخ-
شاشماسلىقتىن بولسا كېرەك. بۇنىڭغا قىسقىچە مىسال: قۇمۇل مۇ-
قاملىرىدا مۇشاۋىرەك مۇقامى (7 ـ مۇقام) دىن باشقا يەنە دولان
مۇشاۋىرەك مۇقامى (10 ـ مۇقام) بار. قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى
7 ـ مۇقام بىلەن 10 ـ مۇقامنىڭمۇ يەنە ئۆزىگە خاس يەرلىك نامى
بار. بۇلار نام جەھەتتىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، مۇزىكىلىق خۇسۇ-
سىيىتى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئەمدى دولان مۇقاملىرىدىكى «دو-
لان مۇشاۋىرەك مۇقامى» بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «دولان مۇشا-
ۋىرەك مۇقامى» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ كۈي شەكلى، ئاۋاز
باسقۇچى، رىتىمى، ئۇدارى ۋە ئورۇنداش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىگە
ئوخشىمايدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى 10 ـ مۇقام-
نىڭ «دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە
يەنە ئىزدىنىپ بېقىش كېرەك.

2) دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى،
مەزمۇنى ۋە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى.

قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ھەربىر مۇقامىنىڭ ئالدىدا مۇقام (يەنى
مۇقەددىمە قىسمى) بار. قۇمۇل مۇقاملىرى مۇقام، ناخشىلىق مۇزى-
كا، ناخشىلىق ئۇسسۇل قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. قۇمۇل
مۇقاملىرىدا دەسلەپ قۇمۇل غېجەكنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن
قىسقا مۇقام ئېيتىلىدۇ. ئاندىن مۇڭلۇق، يېنىك ھەم ئاستا ئېيتىلى-
دىغان مەشرەپ ناخشىلىرىغا ئۆزگىرىدۇ، ئارقىدىنلا شوخ، قىزغىن
كەيپىياتقا تولغان سەنەم ناخشىلىرى باشلىنىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ.
قۇمۇل مۇقام ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى مۇڭلۇق ئەمما دولقۇنسىمان،

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۇسلۇبى يېنىك ئەمما ئۆزگىرىشچان . بولۇپمۇ كۆي نەغمىلەرنى
تەشكىللىنىش تەرتىپلىرى مۇرەككەپ ، يېپىشقاق بولغانلىقتىن ئاھا
لارنىڭ ئۆزگىرىش ، چۈشۈرگىلىرىنىڭ ئالمىشىش جەريانىنى پەر
ئېتىش تەسرەك . دولان مۇقاملىرىدا بولسا ئۇنىڭ دەسلەپكى باشلىنى
قۇرۇلمىسى قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ . دولان مۇقا
لىرى جەمئىي 9 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ھەربىر قىسىم
نىڭ ئالدىدىكى مۇقەددىمە (مۇقام ) ئىختىيارىي ئۇدار تېمىسىدا دولا
راۋابى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ ، ئاندىن باشقا چالغۇلارنىڭ تەڭكەش قىلى
نىشى بىلەن ئاساسىي ئاھاڭغا ماسلاشقان ھالدا رىتىملىق ، تەرتىپلىك
ھالدا ئورۇندىلىدۇ . دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستى ۋە ئۇسسۇل ھەر
كەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنى مۇنداق مەزمۇنلارغا بۆ
لۈش مۇمكىن . (1) ئادەم قىشقىرىش ؛ (2) ئىز ئىزدەش ؛ (3
تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشىش ، توقۇنۇش ؛ (4) تاجاۋۇزچىلار بىلەن
جەڭدىي تىركىشىش ، ئۇلارنى يوقىتىشقا سىگنال بېرىش ؛ (5) غەلىبى
خۇشاللىقى ئىچىدىكى تەنتەنە قاتارلىقلار . دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇ
مىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭدا بىر خىل جەڭگىۋارلىق روھ
ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . دولان توققۇز مۇقامى مەزمۇن جەھەتتىن سىستېمە
لاشقان كۆي قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت . قۇمۇل مۇقاملىرى بولسا بىز
يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ جەھەتتە سەل مۇرەككەپرەك
ئۇنىڭدا زۇلۇمدىن زارلىنىش ، ئاشىقلىق دەرد ـ ئەلىمى ، تاجاۋۇزچى
لىققا قارشى تۇرۇش ، سوفىستىك پەند ـ نەسىھەت ، ئىسلام ئەقىدىلى
رى... قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئەمما
قۇمۇل مۇقاملىرىمۇ ئۆزگىچە خاس يەرلىك مۇزىكىلىق سىستېمىغا ئىد
گە . بۇ خىل مەزمۇنلاردىن قۇمۇل غېجىكىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى
ئىچىدە كۆز ـ ياش ، ئاچچىق ھەسرەت تامچىلىرى ساقىپ تۇرىدۇ

3 ) قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ چالغۇلىرىدى
مۇ قىسمەن ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ ، دولان مۇقاملىرى قالۇن
دولان راۋابى ، دولان غېجىكى ۋە نەغمە دېپىدىن ئىبارەت چالغۇلار
بىلەن ، قۇمۇل مۇقاملىرى قۇمۇل غېجىكى ، قۇمۇل راۋابى ۋە بىس
قانچە داپتىن ئىبارەت چالغۇلار بىلەن ئورۇندىلىدۇ . بەزى ئەھۋاللارد

نەي ، دۇتار ، تەمبۇر ، چاڭ قاتارلىقلار بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ . قۇمۇل راۋابى بىلەن دولان راۋابى ۋە بەزى چالغۇلارنىڭ شەكلى ئوخشاپ كېتىدۇ . ئەمما قۇمۇل مۇقاملىرىدا قۇمۇل غېجىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ ، دولان مۇقاملىرىدا دولان راۋابى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

4 ) قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ مەشرەپ شەكىللىرىدىمۇ قىسمەن ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ ، قۇمۇل مەشرەپلىرىدىكى پوتا ئۇسسۇلى (گۈللەك كەشتە ياغلىقنى توشقان قۇلىقى قىلىپ ئۆرۈپ ياسىلىدۇ ) بىلەن دولان مەشرەپلىرىدىكى دەررە ئۇسسۇلى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر . قۇمۇل مەشرەپلىرىدە ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن پوتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۈچ قېتىم ئوڭ ئايلىنىپ سالام قىلىشىدۇ . ئەگەر خاتا ئايلىنىپ قالسا ياكى مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپ ئەھۋال سادىر بولسا كۆپچىلىككە ياكى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغۇچىغا بېيىت ، قوشاق ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى ۋە باشقا ئويۇنلارنى قىلىپ بېرىدۇ . دولان مەشرىپىدىمۇ دەررە تۇتقۇچى ، دەررىگە تەكلىپ قىلىنغۇچىدا مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپ ئەھۋاللارنى بايقاپ قالسا ئۆز لايىقىدا «جازا» قوللىنىدۇ . بۇنداق شەكىللەر ئارقىلىق مەشرەپنى ئەۋجىگە ئېلىپ چىقىدۇ . دولان مەشرەپلىرىدىكى دەررە (70 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى رەختتىن چىڭ ئۆرۈلۈپ ياسىلىدۇ ) ئويۇنى بىلەن قۇمۇل مەشرەپلىرىدىكى پوتا ئويۇنىدا پەقەت ئىككىلا ئادەم مەيدانغا چۈشۈپ (بەزىدە بىر ئەر بىر ئايال ، بەزىدە ئىككى ئەر ، بەزىدە ئىككى ئايال ) جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ . مېنىڭچە دولان خەلق مەشرەپلىرىدىكى دەررە ئۇسۇلى بىلەن قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىدىكى پوتا ئۇسسۇلى تارىخىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ ، دولان خەلقىنىڭ دەررە ئۇسۇلى قۇمۇل خەلقىنىڭ پوتا ئۇسسۇلىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن . دەررە ئۇسۇلىنىڭ بىرقەدەر ئىپتىدائىي قوپال ھالەتتىن پوتا ئۇسسۇلىدىكى بىر قەدەر مەدەنىي ۋە سىپايە شەكىلگە ئۆزگىرىشى دولان مۇقاملىرىدىكى جەڭگىۋار كەيپىيات بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى مۇڭلۇق ، سىپايە ، سىلىق كەيپىياتنىڭ ئۇسسۇل شەكىللىرىدىكى ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن . بۇ يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان مەسىلە .

5 ) قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى مەنبە جەھەتتىن شۇ جايدىكى يەرلىك خەلق قوشاقلىرىدىن ئېلىنغان ئەمما قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ئۆزلىرىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە . بۇ جەھەتتىكى ئوخشاشلىقمۇ دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئاممىبابلىق جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇڭا بۇ يەرلىك مۇقاملار ئامما ئىچىگە تېزلا ئۆزلىشىپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالمىشىشنىڭ ئوبدان ۋاستىسى بولغان .

بۇ خىل ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى ، قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرى تارىختىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىزداش بولۇپ ئۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ، پەقەت كېيىنكى كۈنلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ، دىنىي پەرق (قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى دولان ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا ئىسلام دىنىنى كېيىنرەك قوبۇل قىلغان ) ، ھەر قايسى مۇقاملارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك قىسمەتلەر ئۇلارنىڭ پەرقىنى چوڭايتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن .

ئومۇمەن ، دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى كۆپ جەھەتتىن بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاقلىقتا ، ئوخشاشلىقتا ۋە ئۆزلىرىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىدا بۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ، مىللىي ئورتاقلىقىنى ، چوڭقۇر يىلتىزداشلىقىنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ياكى بىرىنىلا تەكىتلەپ ، يەنە بىرىنى قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ . دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەڭ قەدىمكى گەۋدىسى ۋە مەنبەسى[1] .

## 3 . مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى

مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرى ئوخشاشلا ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرىنىڭ بىر تۇغقان شاخچىلىرى بولۇپ

---

① بەگمەت يۈسۈپ : «دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى قىسمەن ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ، 1999 ـ يىل 3 ـ سان ، 68 — 71 ـ بەتلەر .

تۆپ يىلتىزىدىن بۇلار بىرلا مۇقامغا — ئۇيغۇر دولان مۇقامىغا تەۋە . بۇ نۇقتىدىن مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرى تامامەن ئوخشاش بولۇپ ، ئوخشاش بىر يىلتىز — ئوخشاش ئېتنىك مەنبە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ، تەرەققىي قىلغان ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . بىراق ، مەكىت دولانلىرى بىلەن ئاۋات دولانلىرى جايلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ، تارىخىي كەچمىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ، بىر قىسىم ئوخشىمايدىغان پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ قالغان . بۇ پەرقلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتا بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ :

تارىختىن بۇيان دولانلار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبى ، غەربىي چېتىدىكى مەكىت ناھىيىسى ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە قوشنا يېزىلىرىدا ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە قوشنا ئاۋات ، سېرىقبۇيا ، ئاقساقمارال ، شامال قاتارلىق يېزىلىرى ۋە تەكلىماكاننىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غوروچۆل ، تامتوغراق ، دولان ، باغتوغراق قاتارلىق يېزىلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، دولانلار ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت (تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە يەكەن ، تىزناپ ، ئاقسۇ ، تارىم دەريالىرى ئوراپ تۇرغان بىكىك مۇھىت ) دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقا جايلار ، خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىلا ئەمەس ، بەلكى مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات قاتارلىق جايلارغا تارالغان دولانلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنىمۇ چەكلىمىلىك ئېچىگە چۇشۇرۇپ قويغان . يەنى دولانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى يەكەن ، ئاقسۇ ، تارىم دەريالىرى پەسىللىك دەريالار بولۇپ ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەلكۈن مەزگىلىدە دەريادىن ئۆتكىلى بولماسلىق سەۋەبىدىن پات ـ پات ئۈزۈلۈپ قېلىپ ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى — شەرقىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن غەربىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بارلىققا كەلگەن . بولۇپمۇ غەربىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى كۆپ

بولغان . بۇ خىل ئەھۋال غەربىي قىرغاقتىكى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ قىسمەن شالغۇتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان① . ئېخىمۇ ئىنچىكە كۆزەتكەندە مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى بىلەن مارالبېشى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇق بولۇپ ، بۇ ئىككى جايدىكى دولانلارنىڭ ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشى ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى دائىملىق ، ئىزچىل بولۇپ ، بۇ ئىككى جايدىكى دولان مەشرەپ مۇقاملىرىدا قىسمەن مۇقام ناملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنىدىغان ئۆزگىچە تەرەپلەر ئاساسەن يوق . بۇ ئىككى جايدىكى دولان مەشرىپى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە . بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دولان مەشرىپىنىڭ بېيىت ـ قوشاقلىرى ، دولان ئۇسسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ، نەغمىلىرى ، مەشرەپ ئويۇنلىرى ، مەشرەپلەردىكى جازا ، مەشرەپ قائىدىلىرى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ، مەشرەپ تۈرلىرى قاتارلىقلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلار بۇنىڭغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ② . ئەمما «ئاۋاتنى مەركەز قىلغان ئاقسۇ ۋادىلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن دولان مۇقاملىرى كېيىنكى چاغلاردا كوچا كوي ئاھاڭلىرىنىڭ تەسىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلغان»③ . شۇڭا ، مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئوتتۇرىسىدا قىسمەن پەرقلەر بارلىقتا كەلگەن .

بىرىنچى ، مۇقام ناملىرى پەرقلىنىدۇ

مەكىت دولان مۇقاملىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى جەمئىي توققۇز مۇقام بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە تەرتىپى مۇنداق :

1 . باش باياۋان

2 . زىل باياۋان

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 114 ـ ، 115 ـ بەتلەر .

② ئەھەت داۋۇت : «دولان تارىخى ۋە دولان مەدەنىيىتى» ، «مارالبېشى تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) ، 1992 ـ يىل ، 90 ـ ، 91 ـ بەتلەر .

③ ئۇمەرجان ئىمىن : «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 4 ـ بەت .

3 . چۆل باياۋان
4 . ئۆتەڭ باياۋان
5 . بوم باياۋان
6 . سىم باياۋان
7 . جۇلا
8 . خۇدەك باياۋان
9 . دۇگامەت

كېيىنچە «بوستان باياۋان» (بۇرۇن ئاتالغىنى بوستان) ، «ساباھ باياۋان» (بۇرۇن ئاتالغىنى لاي لاي) قاتارلىق ئىككى مۇقام قوشۇلغان[1] .

ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقاملىرى تۆۋەندىكىچە :

1 . باش باياۋان
2 . بوم باياۋان
3 . سىم باياۋان
4 . باياۋان مۇقامى
5 . موغال باياۋان
6 . سامۇق باياۋان
7 . جۇلا باياۋان
8 . چۆل باياۋان
9 . دولامەت باياۋان
10 . دولان ساداسى مۇقامى
11 . بەشئېرىق بوستان مۇقامى 1 ـ نۇسخا
12 . بەشئېرىق بوستان مۇقامى 2 ـ نۇسخا

ئىككىنچى ، «مەكىت مۇقاملىرىنىڭ ھەربىرى بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ . مەسىلەن : مۇقام ، چېكىتمە ، سەنەم ، سەلىقە ، سىيرىلمىدىن ئىبارەت . بۇ مۇقاملار باشلىنىش بىلەنلا يۇقىرى ئاۋازلىق ، جانلىق ، قىزغىن تۈس ئالىدۇ . كېيىن يۇقىرى ئاۋازلىق مۇزىكىلار پەسلەپ ئاندىن چېكىتمە باسقۇچىغا ئۆتىدۇ . بۇ ئالاھىدىلىك

[1] «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى ؛ مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەشرەپ ئوينىغۇچىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ مەشرەپ مەيدانىنى بىر خىل جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كەيپىياتقا چۆمدۈرىدۇ. ئاۋات رايونىدىكى مۇقاملارنىڭ ئالدىنقى تۆت مۇقامى بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەكىت دولان مۇقامىغا ئوخشىمايدۇ. لېكىن مۇغال مۇقامىدىن باشلاپ مەشرەپ شەكلىنى ئالىدۇ. ئورۇنلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن قەشقەر مۇقاملىرىغا يېقىنلىشىدىغان سىلىق، نەپىس، مۇڭلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەكىت دولان مۇقاملىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر پەقەت دولانلار ھازىرقى زېمىنغا كۆچكەندىن كېيىن، تۇرالغۇ جاي ئايرىمىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. بۇ جەرياندا ئاۋات رايونىنىڭ مەشرەپ ـ مۇقاملىرى كۆپرەك سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. گەرچە ئۇزاق مۇددەت ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشاش جەريانىدا مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرىدا يۇقىرىقىدەك پەرقلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى جايدىن مۇقاملاردا باشلىنىش مۇقامى ھەم تۆت باسقۇچلۇق ئۇسسۇل شەكلى بار. ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى لاد ئاۋاز باسقۇچلىرى جەھەتتە يەنىلا ئورتاقلىقنى ساقلاپ كەلمەكتە[①].

ئۈچىنچى، دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئوينىلىش شەكلى، ئۇسسۇل باسقۇچلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، دولانلىقلار چەت جايلاردا يىراق ـ يىراق جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە بەزى رايونلاردا تولۇق ئوينالسا، بەزى رايونلاردا كەم ئويناش، بەزى رايونلاردا كۆپ ئۇدار بىلەن بىر ھەرىكەت تاماملانسا، بەزى رايونلاردا ئۇنىڭدىن ئاز ئۇدار بىلەن بىر ھەرىكەت تاماملىنىشتەك تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىر ـ بىرىگە قوشنا بولغان مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىلىرىدىكى دولان ئۇسسۇلى ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى ناھىيىگە يىراقراق بولغان ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان ئۇسسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا، مەلۇم پەرقلەر

① ئۆمەر ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 4 ـ سان، 49 ـ بەت.

كۆرۈلىدۇ . مەكىت ، مارالبېشىدا سەككىز ئۇدار ئىچىدە بىر ھەرىكەت تاماملىنىدۇ . ئۇسسۇلنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدىكى «سەلىقە» ھەرىكى‍تىدە مەكىت ، مارالبېشى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىلىرىدا بىر ـ بىرىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ چوڭ دائىرە قىلىپ چەمبەر شەكلىدە ئوينايدۇ . ئاۋات ناھىيىسىدە «سەلىقە» ھەرىكىتىدىكى دائىرە بولۇپ ئويناش ھەرىكىتى ئويناسالماستىن ، بىر جۈپ ، بىر جۈپتىن بولۇپ ئايلىنىپ ئويناىدۇ[1] .

تۆتىنچى ، دولان مۇقاملىرى قۇرۇلما ، مېلودىيە ، ئۇدار شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ . بولۇپمۇ ، مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە ئالاھىدە پەرق يوق ، بىراق ، تېكىست جەھەتتە مەكىت مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات مۇقاملىرىنىڭ ھەربىرىگە سەپلەنگەن تېكىستلەر بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ . مەسىلەن : مەكىت دولان مۇقامىنىڭ 1 ـ مۇقامى «باش باياۋان» (ئىلگىرى «زىل باياۋان» دەپ ئاتالغان ) نىڭ مۇقەددىمىسىگە تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاق سەپلەنگەن :

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ ؟
كۆيدۇرگىلى كەلدىڭلىمۇ ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ ؟

ئەمما ئاۋات نۇسخىسىنىڭ 1 ـ مۇقامى «باش باياۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىگە تۆۋەندىكى قوشاق سەپلەنگەن :

بارچە كىشىنىڭ داۋاسى بار ،
يار ئوتىنىڭ داۋاسى يوق .
سورىسام تېۋىپلار ئېيتىدۇ ،
يار ئوتىنىڭ داۋاسى يوق .

---

[1] مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى : «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايانىدىلەر» ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (4) ، 184 ـ ، 185 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 5 . دولان مەشرەپلىرى

## 1 . دولان مەشرەپلىرىنىڭ نامى ۋە تۈرلىرى

### ھېيت - بايرام مەشرەپلىرى

ھېيت - بايرام مەشرەپلىرى ئاساسەن چوڭ بايرام ياكى ھەممە
ئورتاق بولغان تەنتەنە قىلىش ، تەبرىكلەش خاتىرە - مۇراسىم كۈنلى
رىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ دائىرى
سى كەڭ ، داغدۇغىسى چوڭ بولىدۇ . ھازىر دولان دىيارىنىڭ بى
قىسىم جايلىرىدا ، بولۇپمۇ مەكىت ناھىيىسىدە مول ھوسۇلنى تەبرىك
لەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ۋە مىللىي خەلق سەنئە
بايراملىرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى . بۇ بايراملاردا ئاساسەن ، دولا
مەشرەپ ئۇسسۇلى ئوينىلىدىغان بولۇپ ، ياشلار ئۇسسۇل ئەترىتى
ياشانغانلار ئۇسسۇل ئەترىتى ، دولان ئۇسسۇلى ئويناپ ماھارەت كۆر
ستەتتى . ياشلار ئەلنەغمە ئەترىتى ۋە ياشانغانلار ئەلنەغمە ئەترىتى
دولان مۇقامىنى نەغمە قىلىپ ماھارەت كۆرسىتەتتى . خەلق ئاممىسى
بۇنداق بايرامدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋ
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يىلدا بىر قېتىم مول ھوسۇلنى تەبرىك
لەش يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ، يېزىلار
نىڭ دولان مەشرەپ مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ
قىلىپ تەلەپنامە سۇندى . ناھىيە باشلىقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ
لۈك تەلىپىنى قوللاپ ، يىلدا بىر قېتىم مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش
يۈزىسىدىن دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ياكى مىللىي خەلق سەنئەت
بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى . 1990 - يىلى دېكابىردا مەكىت
ناھىيىسىنىڭ توققۇز يېزىسىدا مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن
دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، تەخمىنەن 30 مىڭغا يېقىن
دېھقان دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا قاتناشتى .

### توي - تۆكۈن مەشرىپى

توي - تۆكۈن مەشرەپلىرىنىڭ ھېيت- بايرام مەشرەپلىرىگە

قارىغاندا دائىرىسى تارراق بولىدۇ . توي ـ تۆكۈن مەشرەپلىرى يەنە باشقا توي ـ تۆكۈن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . توي ـ تۆكۈن دېگىنىمىز ، نىكاھ تويى ، جۇۋان تويى (چاشۋاق تويى ) ، ئات تويى ، خەتنە (سۈننەت ) تويى ، ئۆي چېيى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇنىڭ ھەممىسىدە مېھمان چاقىرىپ ئاش ـ چاي بېرىپ ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇنىڭ دائىرد-سى مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى ، مەنسەپ دەرىجە-سى ، ئىقتىسادىي ھالى ، تويىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارغا قاراپ ئوخ-شاش بولمىغان دەرىجىدە بولىدۇ . مېھماننى قايسى دائىرىدە تەكلىپ قىلغان بولسا ، مەشرەپمۇ شۇ دائىرىدە بولىدۇ . ئاساسەن توي قاتناش-چىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ . ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بايلار-نىڭ ، مەنسەپدارلارنىڭ ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەڭرى دائىرىدە بولىدۇ . ئات تويى ، خەتنە تويى ، ئۆي چېيى قاتارلىق تويلار كىچىك دائىرىلىك توي بولغاچقا ، بۇنىڭ مەشرەپلىرىمۇ تار دائىرىدە بولىدۇ . جۇۋان تويى بىلەن نىكاھ تويى خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىد-لىككە ئىگە بولغاچقا ، بۇ ئىككى تويىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى ، قات-ناشقۇچىلارنىڭ قوللىنىدىغان قائىدە- يوسۇنلىرى ، مەشرەپلىرى بىر- بىرىدىن تامامەن دېگۈدەك پەرقلىنىدۇ .

(1 ) توي مەشرىپى : دولانلىقلاردا بىرەر ئائىلە قىز چىقارغاندا ياكى ئوغۇل ئۆيلىگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ، بۇ خىل مەشرەپكە بارلىق توي قاتناشچىلىرى ئىشتىراك قىلىدۇ . تويى بولىد-غان قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلەر ئۇلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ . توي ئاخىرلىشىپ قىزنى يۆتكەيدىغان چاغدا ئوغۇل تەرەپ ياخشى ئات جابدۇق تەييارلايدۇ . يىگىت ئالدىغا ، قىز كەينىگە مىندۇ-رۇلىدۇ . يىگىت تەرەپتىن ئىككى كىشى ئاتنىڭ ئىككى تەرەپ چۆلۈۋۇ-رىدىن تۇتۇپ ئاستا يېتىلەپ ماڭىدۇ . بۇ چاغدا نەغمىچىلەر جۇلا مۇقامىنىڭ نەغمىسىنى باشلاپ يول بويى نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ . ياشلار يولدا ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ تاكى قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغۇچە مۇشۇنداق مەشرەپ ئويناپ ماڭىدۇ . توي مەشرىپى بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەنلا تۈگىمەيدۇ .
نىكاھ تويى مەشرەپلىرى بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ
كۈندۈزى ئەتىگەندىن كەچكىچە قىزنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ . تو
تاماملىنىپ ، قىزنى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاخشىمى يىگىتنىڭ
ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ . كۈندۈزدىكى مەشرەپكە تويغا كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى قاتنىشىدۇ . ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلگەن يىگىتنىڭ ئۆيىدىكى
مەشرەپكە يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر قاتنىشىدۇ . بۇ ، توي مەشر
پىنىڭ بىر خىل شەكلى .
(2) جۇۋان توي مەشرىپى : دولانلارنىڭ قائىدىسىدە قىزلا
ياتلىق بولغاندىن كېيىن ، چوكان بولدى ، دەپ قارىلىدۇ . بىر
تۇغقاندىن كېيىن ، ئەمدى جۇۋان بولدى ھېسابلىنىدۇ . قىز جۇۋا
بولغاندا ئاتا ـ ئانىسى تەييارلىق قىلىپ قىزنىڭ جۇۋان تويىن
(«چاچباغ تويى» ، «چاشۋاق تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ئۆتكۈزۈپ بېر
دۇ . بۇنداق تويىنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گەدىنىمىزدىكى بۇرچىمىز
دەپ ھېسابلاپ ، ئۆز قىزىغا يېڭى كىيىم ـ كېچەك قىلدۇرىدۇ
كۈمۈشتەك چاچ چاتقۇسى ياسىتىپ تەييارلايدۇ . قىزنىڭ ئېرىمۇ ئالا
ھىدە سوۋغا تەييارلايدۇ . جۇۋان تويى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىد
ئۆتكۈزۈلىدۇ . توي كۈنى جۇۋان بولىدىغان قىزنى مەخسۇس ئايالل
گىرىم قىلىدۇ . يۈزلىرىنىڭ سېرىق تۈكلىرىنى قىرقىپ ئاقارتىدۇ
قاشلىرىنى رەتلەپ قارايتىدۇ . قىزنىڭ چوكان ۋاقتىدىكى ئۇششا
ئۆرۈيدىغان تال ـ تال چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدۇ
ئاندىن ئىككى ئۆرۈم چاچنى ئاتا ـ ئانىسى تەييارلىغان كۈمۈش چات
بىلەن چاتىدۇ . يۈز ـ كۆزلىرىنى كىشلەرنى مەپتۇن قىلغۇدە
گىرىم قىلىدۇ . تەييارلىغان چىرايلىق ، يارىشىملىق كىيىملەر
كىيدۈرۈپ يۈزىنى يېپىپ ، جامائەت سورۇنىغا ئېلىپ چىقىدۇ . بۇنى
بىلەن جۇۋان مەشرىپى باشلىنىدۇ . نەغمە چېلىنىش بىلەن تەڭ يىگى
بېشى جۇۋان بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى بىرلىكتە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلى
قىلىدۇ . ئۇلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . بىر ھازادىن كېيىن ئېرى ئۇ
سۇل ئويناۋېتىپ ئايالىنىڭ چۈمبىلىنى ئاستا تارتىپ چۈشۈرۈۋېت
دۇ . كۆپچىلىك يەنە جۇۋاننىڭ يۈزىنى كۆرىدۇ . مەشرەپ سورۇن

ئۆزۈنغىچە كۆلكە كۆتۈرۈلىدۇ. يېڭى جۇۋان بولغان ئايالنىڭ گۈزەل جامالى ئېرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جۇۋان بولغان قىزى ۋە كۈيئوغلىغا بەخت تىلەپ، ئەلگەككە قاچىلانغان ئۈچ ـ تۆت جىڭ پاختىنى قىزى ۋە كۈيئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. يىگىت تەرەپ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ پۇل ئۆرۈيدۇ. ئۆرۈگەن پاختا ۋە پۇللارنى نەغمىچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەغمە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ جۇۋان قوشاقلىرى ئوقۇلۇپ يېڭى مەشرەپ باشلىنىپ كېتىدۇ. جۇۋان مەشرىپىنىڭ قوشاقلىرى مۇنداق بولىدۇ:

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
ساچىنى ئۇزۇن سېلىپ،
بىر ياخشى جۇۋان بولدى.

ئاق بوز ئاتنى داغلايدۇ،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
ئەل قىزىنى داغلايدۇ،
ئاق جۇۋانغا يەتمەيدۇ.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام،
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.

يېڭى باغنىڭ شاپتۇلى،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرەر،
ئاق جۇۋاننىڭ ئوتلىرى.

دېگەندەك قوشاقلار بىلەن مەشرەپ جانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا

ھەممە ياشلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ[1] .

جۇۋان توي مەشرەپلىرىدە ، قىزنى جۇۋان قىلغۇچى تەر
يۇرت ـ مەھەللىكلىرىنى ئۆيىمۇ ئۆي بېرىپ تويغا ئېيتىدۇ . بۇ توين
نامى «چاشۋاق توي» دەپ ئاتىلىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەر توققۇز نا
بىلەن بىر قولياغلىق ئالما ئېلىپ كېلىدۇ . ھېچ بولمىغاندا 2 ـ
تال بولسىمۇ ئالما ئېلىپ كېلىشى شەرت . تويدا ئاش ـ چاي قويۇلۇ
بولغۇچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . مەشرەپتە جۇۋان بولغۇچىنىڭ قاش
كۆزلىرىنى تېرىپ ، يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ گىرىم قى
لىپ ، بېشىغا قاش ، نوھ قاداپ ، چېچىغا گۆيەك ئېسىپ ، ئەڭ ئېس
كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ ئۇسسۇلغا سالىدۇ . جۇۋان بولغ
چىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى مۇسۇلمانلار قائىدىسىدە سۈننەت ھېسابلان
غانلىقى ئۈچۈن ، ئۇسسۇل ئوينىمىسا بولمايدۇ . مۇشۇ زۆرۈرىيەت
تىن ، جۇۋان تويدا مۇقەررەر مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . تويغا كەلگۈ
چىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەس ـ بەس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشى
دۇ . بۇ مەشرەپ پەقەت جۇۋان بولغۇچىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆتكۈ
زۈلگەن بولغاچقا ، نەغمە تېكىستلىرىگىمۇ :

ئاتىنىڭ بالىسى تايلاق ،
بىر ئوبدان قۇلان بولدى .
چاشۋاقنى ئۈزۈن سىلىپ ،
بىر ياخشى جۇۋان بولدى .

دېگەن قوشاقنى سىلىپ ، جۇۋان بولغۇچىنى تەبرىكلەيدۇ .
توي كۈندۈزى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاش ـ چاي بېرىپ بولۇش بىلەن تەڭ
تۈگەيدۇ .

توي مەشرىپىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار . دولان رايونلىر
ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان توي شەكلى جەھەتتىن بىر جاي بىلەن ي
بىر جاي ئارىلىقىدا مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر بولغاچقا ، مەشرەپلىر

---

① مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشر
تى ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 84 — 86 ـ بەتلەر .

ئوخشىمايدۇ . ئالايلۇق ، مارالبېشى ناھىيىسىدە نىكاھ توپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوغلاق ئويۇنى بولىدۇ . تويغا ئېيتقۇچى كىشى توي بىلەن ئوغلاق ئويۇنىغا تەڭ ئېيتىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەر ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىدۇ . ئېتى يوقلار ، ئاياللار قاتارلىقلار مەشرەپ ئوينايدۇ . ئاتلىق-لار ئوغلاق تارتىشىش ئوينايدۇ . ئوغلاقنى قىز تەرەپ سېلىپ بېرىدۇ . ئوغلاق ئويۇنى مەشرەپ ئويۇنىنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى بولۇپ ، ئوغلاقنى سېلىپ بەرگۈچى كىشى «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» دېگەن بول-سا ، كىم ئېلىپ كەتسە شۇنىڭ بولىدۇ . توي ئىگىسى يەنە ئوغلاق سېلىپ بېرىدۇ . ئەگەر «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» دېمەستە ئېلىپ قاچقان بولسا ، شەرەپ ئېلىپ قاچقۇچىنىڭ بولىدۇ . لېكىن ئۇ ئەتىسى بىر ئوغلاققا يانداپ تۆت ـ بەش ئوغلاق سېلىپ بېرىپ ، ئاخشىمى بىر ئاخشام مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ ياكى ئوغلاق سېلىپ بەرسىمۇ ئەھلى-سەھەللىگە مال ئۆلتۈرۈپ ئاش ـ چاي بېرىپ ، ئاخشىمى مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ . بۇنداق سەۋەنلىكنى كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە قەس-تەن ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بەزىلەر «ئالغان ـ ئالغاننىڭ» قىلغان ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىپ ، ئىقتىسادىي ھالى ياخشى ، ئويۇنخۇ-مار ئەھلى ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ . بۇنىڭ ئوغلاق ئويۇنى ۋە مەشرەپكە شۇ ئۆي ئىگىسى مەسئۇل بولىدۇ . تويدا ئوغلاق ئويۇنى ئويناشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ، بىر جەھەتتىن ، دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر جەھەتتىن ، ئوغلاق ئويۇنى ۋاسىتىسى بىلەن مەشرەپ ئويۇنىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئوغلاق ۋاسىتىسى بىلەن ئوينىلىدىغان مەشرەپنىڭ ۋاقتى توي تۈگىگەندىن كېيىن بول-دۇ . توي كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ، توي ئاخشىمى يە-گىتنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان مەشرەپلەرگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ[①] .

### كۆتۈۋېلىش مەشرىپى

كۆتۈۋېلىش مەشرىپى ئاساسەن ، بىرەر ئائىلە مول ھوسۇل ئال-

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى » (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995-يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 204 — 207 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غاندا ، بىرەر تىجارەتتە ئالغان پايدىسى كۆپرەك بولغاندا ، پەرزەنتلە
چوك بولۇپ ، ياشلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ، يىراقتىن ئۇرۇق ـ ت
قان ، يار ـ بۇرادەرلىرى ، دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەلگەنە
مەھەللىدىكى قولۇم قوشنىلارنى چاقىرىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشر
بولۇپ ، بۇ كۈتۈۋېلىش مەشرىپى دەپ ئاتىلىدۇ .

## قاتار مەشرەپ

قاتار مەشرەپ ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتل
رىدا ياشلارنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىگىتۋېشىنىڭ باشلامچ
لىقى بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەتلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈ
بېرىلىدىغان مەشرەپتۇر .

بۇنداق مەشرەپنى بىرى مەن ئۆتكۈزىمەن دېسە ، يەنە بىرى مە
ئۆتكۈزىمەن دەپ تالىشىدۇ . بۇ چاغدا يىگىتۋېشى ئالدىنقى مەشرە
ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ ، بىر پىيالە چاينى ئەكىلىپ سورۇننىڭ
ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ . بۇ «قۇۋان چېيى» دەپ ئاتىلىدۇ . چاينى كى
بۇرۇن قولىغا ئېلىۋالسا ، ئۇنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچ
دۇ . بۇنىڭ بىلەن كېلەر قېتىمقى مەشرەپنى شۇ كىشى ئۆتكۈزىدۇ
بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . ئۇ كىش
ئوبدان تەييارلىق قىلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . مانا بۇ قاتا
مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ .

قاتار مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى نىسبەتەن چىڭ بولىدۇ
مەشرەپكە قاتناشقان ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئۇلارنىڭ يا
قۇرام ۋە سالاھىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . يىگىتۋېشى مەشرەپ كو
لېكتىپىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى سانىلىدۇ . ھەممە ئىش ئاممىنى
رازىلىقى ۋە يىگىتۋېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ . مەشر
بەرگۈچى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئەھلىنى مېھمان قىلىد
بۇنىڭدا مەجبۇريي بەلگىلىمە بولمايدۇ . قاتار مەشرەپلەر قىش كۈنل
رى كىشىلەرنىڭ يىغىم ـ تېرىم ئالدىراشچىلىقىدىن قولى بوشىغا
ئۆتكۈزۈلىدۇ . بىر قاتار مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر كوللېكتىپ سانىل
دۇ . ئۇلار مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا ، ھەر قېت
يىغىلغاندا مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى ئۈست

مۇھاكىمە قىلىدۇ ، مەسلىھەت بېرىدۇ . بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچرىغۇ-چىلاردىن ھال سورايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ . يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ . بۇنداق بىر ئۆم كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ قالغانلارنى پۈتۈن يۇرت ياخشى كۆرمەيدۇ . بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى بىرەر كىشىنى مەشرەپ كوللېكتىپىدىن چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبا-رەت . مەشرەپتىن ھەيدەلگەنلەر مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا باش ئېگىپ ، ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ناماقۇل بولغاندىلا ئاندىن مەشرەپكە قايتا قاتناش-تۇرۇلىدۇ . دولان خەلقى قاتار مەشرەپنى «بالا تەربىيىلەشنىڭ قېلى-پى » دەپ قارىغاچقا ، ھەممە كىشى دېگۇدەك ئاشۇ مەشرەپ كوللېكتى-پىنىڭ ئىتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ ۋە بۇنداق مەشرەپلەرنى ھىمايە قىلىدۇ .

تەكلىپ مەشرىپى

تەكلىپ مەشرىپى ئاساسەن بىرەر ئائىلىدە ئوغۇل بالىلىرى چوڭ بولۇپ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە ئۇنى ياش- گۆدەكلەر توپىغا قو-شۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ئوغلى چوڭ بولغاندا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنى ياش ـ گۆدەكلەر ئارىسىغا قوشۇۋېلىشنى يىگىتۋېشىدىن ئۆتۈنىدۇ . يىگىتۋېشى كۆپچىلىككە مەسلىھەت سېلىپ ، كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن ياشلار ئارىسىغا قوشۇۋالىدۇ . شۇنىڭ-دىن باشلاپ ، يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن ھېسابلىنىپ ، ياشلار جامائە-تىگە قوشۇلىدۇ . ياشلار ئارىسىدا بىر كىشىلىك سورۇن ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ ، گەپ ـ سۆزلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنىدۇ . سودا ـ سېتىق ، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان سالا-ھىيەتكە ئېرىشىپ ، جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئەزالىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ .

يەنە بىرى ، يىراق ـ يېقىندىن ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەھلى ـ بۇرادەرلىرى كەلگەن بولسا ، ئۇنى قولۇم ـ قوشنا ، ئەھلىمەھەللە بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ مەھەللە ياكى كەنت بويىچە كى-شىلەرنى ئاش ـ چايغا تەكلىپ قىلىپ ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . مەشرەپتە ئۇلارنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ .

شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، بىرەر ئائىلىدە بالىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



چوڭ بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلىدىغان مەشرەپ ، قىز بالى
ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ . قىز بالا چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە ، مە
رەپلەرگە ئەۋەتمەيدۇ ياكى ئاتا - ئانىسى بىرگە بارىدۇ . ياتلىق بولغ
دىن كېيىن ، ئەرلىرى بىلەن بىرگە بارىدۇ . ئۇنىڭغا ئاتا - ئانا
ئارىلاشمايدۇ . يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەل
ئاغىنىلىرىنى كۆپچىلىك بىلەن تونۇشتۇرۇشمۇ ئەرلەرن
ئاساس قىلىدۇ .

### ناماقۇللۇق مەشرىپى

ناماقۇللۇق مەشرىپى مەشرەپلەردىكى نۆۋەتتىن تاشقىرى مەشرە
بولۇپ ، مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن «جازالانغۇچى» ئۆتكۈزۈپ بىر
دۇ . ئەسلىدە بىرەرى مەشرەپ تۈزۈمىنى ئېغىر ھالدا بۇزسا ياكى
باشقا بىر ئەخلاققا خىلاپ ئىش قىلسا مەشرەپ ئۇنىڭغا جازا ئورنى
بىر «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ . ئاشۇ جازالانغۇ
چى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ «ناماقۇللۇق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ . ب
مەشرەپنىڭ دائىرىسى ئەسلىدە قايسى دائىرىدە خاتالىق ئۆتكۈزسە ، ش
دائىرىدە بولىدۇ .

### بولالىق (جازالىق) مەشرىپى

ھەرخىل مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە مەشرەپ ئىنتىز
زامىنى بۇزغان ھەمدە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىلە
كۆپچىلىك تەرىپىدىن بولا (جازالىنىپ) لىنىپ سەۋەنلىك سورۇشت
قىلىنىدۇ . ئۇ كىشى كەمچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بۇ يېتەرسىز
لىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن كېلەر قېتىم ئۆز ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈ
بېرىدۇ . مانا بۇ بولالىق مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ . بولى قىلىش -
بولا بولۇش دېگەن بۇ سۆز دولان يەرلىك شېۋىسى بولۇپ ، سەۋەنلى
ئۆتكۈزۈپ قويۇش ، جازالىنىپ قېلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىد
دولان مەشرىپىدە بۇ سۆز كۆپ ئىشلىتىلىدۇ .

### دەردمەنلەر مەشرىپى

دولان خەلقى ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ كەلگەن خەلق بولۇپ ، بىر

بىرىگە كۆيۈنۈشنى ، غەمخورلۇق قىلىشنى ، ھال - ئەھۋالىغا يېتىشنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ . شۇڭا بىرەر ئائىلىدە بىرەر چوكان ياكى جۇۋان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن لايىق تاپالماي ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالغان بولسا ، شۇنىڭدەك بىرەر يىگىتمۇ خوتۇننى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن كۆڭلىگە ياققۇدەك لايىق تاپالماي يۈرگەن بولسا ، ياشلار مەسلىھەتلىشىپ خوتۇنى يوق ئەرلەر بىلەن ئېرى يوق چوكان ، جۇۋانلارنى بىرەر ئائىلىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ . بۇ مەشرەپكە ئاساسەن بويتاقلار قاتنىشىدۇ . شۇڭا ، بۇ مەشرەپ دەردمەنلەر مەشرە- پى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل مەشرەپ جەريانىدا ئەر - ئايال دەردمەنلەر بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تونۇشىدۇ . ئۆزئارا دەردلىرىنى تۆكۈشۈپ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا بىر - بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ توي قىلىشقا ۋەدىلىشى- دۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى ئۇسسۇل ئويناشقا ، دەررە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ . بىر - بىرىگە چاي تۇتۇشىدۇ ، ھەرخىل قىزىقچىلىق سۆز ئويۇنلىرى ، تېپىشماق تېپىش ، قوشاق توقۇش قا- تارلىق ئويۇن - تاماشا پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ . دېمەك ، بۇ مەش- رەپ خاپىلىق بىلەن كەلگەن ئەر- ئايال بويتاقلارنى مانا مۇشۇنداق خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىدۇ .

### ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى

بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا ، يۇرت ئەھلى يىگىتۋېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ . بۇ مەشرەپكە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى چاقىرىلىدۇ . مەش- رەپ جەريانىدا يىگىتۋېشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەت سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بىر - بىرىنى كەچۈرۈشنى ، ئاداۋەتنى يۇيۇپ تاشلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇلارنى بىر - بىرىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ . ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئۆزئارا چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقاندىن كېيىن ، ئاداۋەت يۇيۇلغان ھېسابلىنىدۇ . مەشرەپ شاد - خۇراملىق بىلەن داۋام قىلىدۇ . ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئىچىدە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار ياكى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىپ كۆڭلىدە يەنە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن يامان كۆرۈلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇڭا، بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي ياخشىلاش رولى چوڭ بولىدۇ.①

**چاقپەلەك مەشرىپى**

چاقپەلەك مەشرىپى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان، ھەتتا پۈتۈن ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆپ سورۇنلۇق داغدۇغىلىق مەشرەپ. ئۇنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدۇ. چاقپەلەك مەشرىپىنى «نورۇز مەشرىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ. نورۇز مەشرىپىگە بىرىكتۈرۈپ ناھايىتى كۆپ تۈردىكى مىللىي ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ. ھەممىسى قوشۇلۇپ «نورۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بۇ مەشرەپنى «ھېيت - بايرام مەشرىپى» دەپ ھېسابلايدۇ. ھەر يىلى دېھقانلار يىلنىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش قىشتىكى بىكارچىلىقنى ئۈزۈش، ئەتىيازلىق ئەمگەكنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئويۇن دولانلاردا ئىنتايىن ئۇزاق تارىختا ئىگە چاقپەلەك مەشرىپى قەدىمدىن تارتىپ ئادەت تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دولان خەلقى ھەرقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىغىنىدا غا قارىماي، جەزمەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەشرەپ دېھقانلارغا كەلگۈسى بىر يىل ئۈچۈن تۈگىمەس غەيرەت بېغىشلايدۇ. بۇ ئويۇن ئاۋات ناھىيىسىدە «چاقپەلەك مەشرىپى»، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا «ساغادى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. چاقپەلەكنى تەييارلاشتا ياغاچنى - ياغاچقا ئۇلاپ 10 — 15 مېتىر ئېگىزلىكتە قىلىدۇ. بۇ ھارۋا چاقىغا (ھازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ پۇختا قىلىش ئۈچۈن ئاپتوموبىل چاقىنىڭ قازىنىنى ھارۋا چاقى ئورنىدا ئىشلىتى- دۇ) ھەر تەرەپكە ئىككى تالدىن تۆت تال ياغاچنى قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە مەھكەم چىگىپ، ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۇچىغا تاڭغان ھارۋا ئوقىنى كىيدۈرىدۇ. چاقىقا تېڭىلغان تۆت تال ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئۇزۇن (تىك) ئوق ياغاچ بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئۇزۇنلۇقتا ئارغامچا چىگىدۇ. ئوق ياغاچنى يۆلەپ يەرگە قادىغاندىن كېيىن، ھارۋىنىڭ چاقى پەلەكك

---

① مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار: «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 83 — 90 - بەتلەر.

چىقىدۇ . شۇڭا بۇنى «چاقپەلەك» دەيدۇ . هارۋىنىڭ چاقىغا تىكىلگەن كالتە ياغاچقا چىگىلگەن ئارغامچىنىڭ ئۇدۇل ئىككى تەرەپتىكىنى «گىلەڭگە» قىلىدۇ . يەنە ئىككى تەرەپتىكى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى 10 مېتىرلىق بىر تال يوغان ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا چىگىدۇ . ئۇ ياغاچنى «چاقپەلەك» نىڭ ئوق ياغىچىغا چاتىدۇ . ئويۇن باشلانغاندا توغرا ئېسىلغان ياغاچنىڭ هەر تەرىپىنى 10 دىن يىگىرمە ئادەم ئىتتىرىپ ئايلاندۇرىدۇ . ياغاچنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئوق ياغاچ ئۈس-تىدىكى هارۋىنىڭ چاقى چۆرگىلەيدۇ . چاقنىڭ چۆرگىلىشى بىلەن چاقنىڭ يەنە ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان گىلەڭگە بارغانسېرى ئۆرلەپ ، ئۇنىڭغا چىقىپ ئۇچقانلار يەر يۈزىدىن بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلى-دۇ . ئۇچقۇچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە ، چاقپەلەك ئىتتەر-گۈچىلەر توغرا ئېسىلغان ياغاچنى ئىتتىرىشنى ئاستىلىتىشقا باشلاي-دۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇۋاتقانلار ئاستا ـ ئاستا پەسلەيدۇ . بەزى ۋاقىتتا ئۇچقۇچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغۇچە ، ئۇچۇشقا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلار تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن «ساغادى» دەپ توۋلايدۇ . بۇ ، ئۇچقۇچى كىشى قورقۇپ چىرايلىرى سارغىيىپ كەت-تى ، ئۇچۇشنى توختىتىڭلار — دېگەننى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا بەزى رايونلاردا «چاقپەلەك» تىن ئىبارەت ئومۇمىي نامنى قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ، ئۇچۇش ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭ توۋلىشىدىغان «ساغادى» (چىرايلىرى سارغايدى ، قورقتى ) دېگەن سۆزلىرىنى نام قىلىنغان .

چاقپەلەك مەيدانىنىڭ كەڭرى ، تۈزلەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ، ئويۇن ـ تاماشا ، سودا ـ تىجارەت مەيدانلىرىنىڭ كەڭتاشا بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ . چاقپەلەك مەيدانىغا مىڭلاپ هارۋىلار كېلىدۇ . پۈتۈن شەهەر تىجارەتچىلىرى ، ئاشپەز ـ ناۋايلار ، سودىگەرلەر دۇكان-لىرىنى يۆتكەپ كېلىدۇ . ئويناش ۋاقتى بىر هەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ . مۇشۇ جەرياندا ، هېچقانداق ئادەم ئايرىلىپ قالماي ، چوڭ ـ كىچىك هەممە ئادەم هەركۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ، كەچتە قايتىپ ، چاقپەلەك ئويۇندا مەشرەپ ئوينايدۇ ياكى كۆڭلى خالىغان تاماشالارنى قىلىدۇ .

چاقپەلەك مەشرىپىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ ، چاقپەلەك مەيدانىدا بىرقانچە ئۇنلىغان جايغا چېدىر تىكىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



سورۇن - سورۇنلاردا مەشرەپ ئوينىشىدۇ . بۇ مەشرەپ خاراكتې
جەھەتتىن باشقا مەشرەپلەردىن پەرقلىنىپ ، ئۇسسۇلدىن باشقا ئويۇنلا
(ئەرزىيەت ، تەقلىد ئويۇنلىرى قاتارلىق ) ئوينالمايدۇ . سورۇننى
كەڭرى تۈزەپ ، بىر قېتىمدا 30 — 60 غىچە ، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ
ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلار سورۇنغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ
ئويۇن شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى ، مىرۋازلار چۆچەكلىرىنى ئۇسسۇل
چىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ شاراقلىتىپ توۋلاپ تۇرىدۇ ، ئۇس-
سۇلچىلار ئۆزلۈكىدىن ئارقىمۇ ئارقا مەيدانغا چۈشۈپ ئويناپ تۇرىدۇ
بىر تەرەپتە يىگىت - قىزلار چاقپەلەكتە بەس - بەس بىلەن ئۇچۇپ
تۇرىدۇ ، سورۇن - سورۇنلاردا بولۇۋاتقان نەغمە سادالىرى كىشىلەر-
نىڭ زوقىنى قوزغاپ ، مۇقام مۇڭلىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ ، بىر تەرەپتە
بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق ئويۇنى ئوينايدۇ ، قىزىقچىلار خىل-
مۇخىل ماھارەتلەر بىلەن ئويۇن كۆرسىتىدۇ ، تىجارەتچىلەر ، ئاشپەز-
لەر ، ناۋايلار خېرىدار چاقىرىپ توۋلىشىدۇ ، رەڭگارەڭ كىيىنگەن
ئوغۇل - قىزلار توپ - توپ بولۇپ سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرىدۇ ،
يېڭى جۇۋانلار يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ ، باشلىرىغا قاش ، نوھ قاداپ ،
چاچلىرىغا گۆيەك ئېسىپ ، ئەتراپلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىدۇ ، ئۇ-
نىڭغا ھەمراھ بولۇپ يالاپ ماڭغان بىر توپ قىز- چوكانلار تاماشىبىن-
لارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ ، نورۇز مەشرىپىنىڭ قىزىقارلىق تاما-
شىلىرى كىشىدە غەم - قايغۇدىن ئەسەرمۇ قالدۇرمايدۇ . گويا كى
كىشىنى غەم - قايغۇسىز بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇ-
رىدۇ . ئەگەر خەلقىنىڭ بۇ ئويۇنغا يول قويۇلمايدىغان بولسا ، ئۇلار-
نىڭ روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ناھايىتى ئازابلىنىدۇ . شۇڭا ، بۇ
ئادەت مەشرىپى ، دولان مەشرەپلىرىدە دائىرىسى ئەڭ كەڭ مەشرەپلەر-
دىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

### قارلىق مەشرىپى

تۇنجى قار ياغقان كۈنى قارنى مۇبارەكلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەش-
رەپ بولۇپ ، بىر كىشى ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ ، بىر پارچە
قەغەزگە بېيىت يېزىپ ، قولۇم - قوشنا ياكى ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ
ئۆيىگە بىر كىشىدىن ئەۋەتىدۇ . بېيىتكە مەشرەپتە يەيدىغان يېمەك-

ئىچمەكتىن تارتىپ ، سازچى ، ئۇسسۇلچى ، چېلىنىدىغان ساز تۈرلە-
رى ، ئوينىلىدىغان ئويۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىلغان بولىدۇ .
بىر كىشى قارلىقنامىنى ئېلىپ ، مەلۇم باھانە ـ سەۋەب بىلەن قارلىق
تاشلىماقچى بولغان ئائىلىگە كىرىپ ، نامەنى كىگىزنىڭ قېتىغا ياكى
دەرھال كۆرۈپ قالمىغۇدەك بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ ، خوشلىشىپ
تالاغا چىققاندا ئۆي ئىگىسىدىن سەل يىراقلىشىپ : «قارلىق بېسىد-
ۋالمىسۇن !» دەپ قاچىدۇ . ئۆي ئىگىسى قارلىقنى تاپماي تۇرۇپ ،
قوغلاشقا بولمايدۇ ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ قارلىقنى تاپقۇچە قارلىق
تاشلىغۇچى يىراقلىشىۋالىدۇ . شۇڭا بەزىدە پولۇ ئېتىپ چىنىنىڭ ئاستى-
غا خەتنى قويۇپ ، ئۈستىگە تارىشا قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولۇ
ئۇسسۇپ ئېلىپ كىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . بۇ ئاساسەن قولۇم ـ
قوشنىلار ئارا بولىدۇ .

قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ ، ئېشەككە
تەتۈر مىندۈرۈپ ، مەھەللە بويىچە سازايى قىلىپ كىشىلەرگە تاماشا
قىلىپ بېرىپ ئاندىن قويۇۋېتىدۇ . تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بېرىد-
غان مەشرەپنى قارلىق تاشلىغۇچى تەرەپ ئۆزى بېرىدۇ ۋە قويغان
شەرتلەرنى ئۆزى ئورۇنلايدۇ . ئەگەر تۇتۇلمىسا ، قارلىق بېسىۋالغۇ-
چى قارلىقنامىدىكى تەلەپكە ئاساسەن تەييارلىق قىلىپ ، مەشرەپ
ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . تۈنجى قاردىن باشقا ۋاقىتتا بۇ ئو-
يۇن ئوينالمايدۇ .

قارلىقنامىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى بولمايدۇ . ھەرقايسى جايدا
ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يازسىمۇ ،
لېكىن ئۇنىڭدا قىزىقارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مىللىي پۇ-
راق چىقىپ تۇرىدۇ .

دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە .
بەزى رايونلاردا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۈرلەر بار . مەسىلەن ، بازار كۈنلە-
رى بىرقانچە ئەلنەغمىچىلەر بىرلىشىپ بىرەر چوڭ ھويلىغا كىرىپ
نەغمە باشلاش بىلەن تەڭ ، بازارغا كەلگەنلەر بىردەمدىلا ھويلىغا تو-
شۇپ كېتىدۇ . كىشىلەر داپنىڭ ئۇدارى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتالماي
ئۆزلۈكسىز ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ باشلد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ـىنىپ كېتىدۇ . مەرۋازدىن بەرى چىقىپ چۆچەكلەر شاراقلىتىپ :

— پالاندىن مانچە پۇل كەتتى ، پوكۇندىن مانچە پۇ كەتتى ، — دەپ توۋلاشقا باشلىغاندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۆزلۈكىد ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ . بۇ پۇلنى مىرۋاز تاپشۇر ئېلىپ پۇل بەرگۈچىنىڭ نامىنى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئېلان قىل بولغاندىن كېيىن ، ئاپىرىپ نەغمىكەشلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ . مەر لىك قىلىپ پۇل ئۆرۈيدىغانلار كۆپ چىقىدۇ . بۇنىڭ بىلەن نەغمىكە لەرنىڭ ھەققىمۇ تىرىلىپ قالىدۇ . بۇنداق مەشرەپنىڭ قاتناشچىلىر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئائىلە مەشرەپلىرى ، ئېت مەشرەپلىرى ، ئاشپۇزۇل مەشرەپلىرى قاتارلىق نۇرغۇن مەشرەپلە بار . بۇلاردىن ئاساسلىقى يۇقىرىقىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يۇقىرىق دەك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھازىرقى ياشلار ئانچ بىلىپ كەتمەيدۇ .①

## 2 . دولان مەشرەپ ئويۇنلىرى

### دەررە (پوتا) ئويۇنى

دەررە ئويۇنى مەشرەپ ئارىلىقىدا نەغمىچىلەرنى ھاردۇرماسلىق مۇزىكىلارنى سازلىۋېلىش ھەمدە مەشرەپ ئەھلىنى زېرىكتۈرۈپ قوي ماسلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بۇ ئويۇن مەكىت ، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە «دەررە ئويۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئاۋات ناھىيىسىدە «پوتا» ئويۇنى دەپ ئاتىلىدۇ .

دەررە (پوتا) ئويۇنى كۆپىنچە مەشرەپكە كەلگەن نەغمىچى ياك ئۇسسۇلچى يىگىتلەرنىڭ بەلۋاغلىرىدىن تاللاپ ئېشىلىدۇ . ئۇي مەش رەپلىرىدە بولسا ، ئۆي ئىگىسى ياخشىراق ، پۇختا ماتا (رەخت) تاللا ئېشىپ تەييارلاپ قويغان بولىدۇ . پوتا ياساشتا بەلۋاغ ياكى ئەن ما (رەخت) دىن ئىككى مېتىردىن ئىككى يېرىم مېتىرغىچە تاللاپ

① مۇھەممەت تۇرسان : «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايانىدىلەر» ، «ئاۋات تارىخ ماتېر ياللىرى» 4 ـ قىسىم ، (2004 ـ يىل) ، 160 — 165 ـ ، 170 — 175 ـ بەتلەر) .

ئىككى ئەر كىشى ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ تولغاپ ئېشىدۇ. ئاندىن ئۆرۈمە شەكلىدە قاتلاپ بىر ئۇچىنى چىگىدۇ. دەررىنى چىڭ ئېشىش ئۈچۈن بەزىدە قوم ياكى سىم ئارىلاشتۇرۇپ ئېشىدۇ. بۇنداق دەررە ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بەك كۈچەپ ئۇرسا بەدەننى كۆكەرتىپ ئىش-شىتىۋېتىدۇ. شۇڭا دەررە (پوتا) ئەشكەندە مۇۋاپىقراق بولسا ياخشى بولىدۇ.

دولان مەشرىپىنىڭ ئومۇمىي ئۇسسۇل پەدىسى ئاخىرلىشىپ ھەمە كىشى ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن، يىگىتۋېشى (مەشرەپ تەرتىپىنى باشقۇرغۇچى) تاۋار بەلۋاغدا ناھايىتى چىڭ قى-لىپ ئىشلەنگەن دەررىنى بىر پىيالە چاي بىلەن پەتنۇسقا ئېلىپ سورۇنغا چۈشىدۇ. ئاندىن پۈتكۈل مەشرەپ ئەھلىگە تەبەسسۇم ئەيلەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ مەشرەپ كەچلىكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاتا-ئانىلار، ئاچا - سىڭىللار، ئاكا - ئىنىلار، قىز - يىگىتلەرنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك ئەيلەپ، مەشرەپ كەچلىكىمىزنىڭ ساھىبخانى XXX نىڭ مەشرەپ ئەھلىگە بىر پىيالە رەھمەت چېيى بار ئىكەن. قوبۇل كۆرۈلسە دەپ ئىلتىماس قىلىنۇدى، — دەپ مەشرەپ ئەھلىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى بىردەك «ھەشقاللا» دېيىشىدۇ. ئاندىن يىگىتۋېشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىغان ئادىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەررىنى تۇتۇپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپ ئويۇننىڭ باشلانغان-لىقىنى ئېلان قىلىدۇ:

چىڭىماس قولپا پەرىسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ دەررىسى بولمىسا.
بۇگۈنكى يىغىلىش كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
ئەمەستۇر ياكى توغى يوق بەرە.
تالىشىپ ئوينىساق قانداق؟
يىپەكتىن ساز ئېشىپ دەررە.

خۇشلۇق بىلەن ئېلىپ كەلدۇق،
دوستلارغا ئاتاپ دەررە ئېشىپ.
ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بىرگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوينىساق دەپ ئۇنى تالىشىپ .

شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان دەررە ئويۇنى باشلىنىدۇ – دە ، ئويۇن بېيىت – قوشاقلار بىلەن داۋاملىشىدۇ .

دەررە ئېشىپ يىپەكتىن ،
ئىزدەپ كەلدىم يۈرەكتىن .
تەگسە دەررەم يارىمغا ،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن .

كېلىپ قالدى دەررىمىز ،
تۈزۈلمىسۇن تەرىمىز .
بۇ مۇھەببەت قامچىسى ،
يوقتۇر سىلىگە قەھرىمىز .

ئېشىك ئالدىدا يوللىرى ،
زەيتۇن تاۋاردا تونلىرى .
دەررە ئېلىپ كېلىپ قالدۇق ،
تېگەرمىكىن چوللىرى .

شۇنداق قىلىپ ، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا كەسكىن «دەررە تالىشىش» ئويۇنى باشلىنىدۇ . قائىدە بويىچە دەررە تۇتقۇچى بىلەن تالاشقۇچى يۈزمۇيۈز تۇرغاندا تالاشقۇچى دەررىنى تارتىۋېلىشى ياكى قارشى تەرەپ ئۆتۈنۈپ بېرىشى مۇمكىن . مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تۇرغاندا ، دەررە تۇتقۇچىنىڭ قارشى تەرەپنى دەررە بىلەن ئۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ . پەقەت ئارقىچە ياكى يانچە بولغاندىلا ئۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ . شۇڭا ، دەررە تۇتقۇچى قارشى تەرەپنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ئوڭ – سولغا ئايلىنىدۇ . قارشى تەرەپمۇ شۇ يۆنىلىشتە ئايلىنىشى كېرەك . قارشى تەرەپنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ ، بىر ۋاقىتتا ئايلىنىپ بولالمىسا ياكى خاتا ئايلىنىپ قالسا ، دەررە تۇتقۇچە-

غا ئۇرۇش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ ـ دە ، دەررە تالاشقۇچىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشىدۇ . دەررە تالاشقۇچى ئەپچىل ، ھەرىكەتتە تېز بولسا ، ئۆزىگە دەررە تەگكۈزمەيدۇ . ئەكسىچە بولغاندا ، تاياق يەيدۇ ۋە كۇلكىگە قالىدۇ . ئويۇننىڭ نەتىجىسىدە ، يا تالاشقۇچى دەررىنى تارتىۋالىدۇ ، يا دەررە تۇتقۇچى ئۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە ، دەررىنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ . دەررىنى ئالغان كىشى يەنە باشقا بىرىنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىدۇ . مۇشۇ يوسۇندا ئويۇن داۋام قىلىدۇ . بۇ ئويۇن قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا بولغاندا قىزىقتۇرۇشى تېخىمۇ كۈچلۈك ، كۇلكە تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ . بەزىدە بۇ خىل ئويۇن مۇھەببەتداشلار ئوتتۇرىسىدا تىل بىلەن بايان قىلىپ بولمايدىغان ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ .

دولان خەلقى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان دەررە ئويۇنى كومېدىيىگە ئوخشاش كۇلكە كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى مۇھىمى كىشىلەردە ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا بايقاش سېزىمىنى يېتىلدۈرۈشنى ، ئۇلارنى ھەرىكەتتە تېز ، ئەپچىل ۋە چاققان قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەشرەپلەردە ئوينىلىپ ، خەلق ئىچىدە ناھايىتى چوڭـ قۇر يىلتىز تارتقان .

قارا چاي تۇتۇپ بېيت ئېيتىش ئويۇنى

چاي تۇتۇپ بېيت ئېيتىش ئويۇنى مەشرەپلەردە كۆپ ئوينىلىدىـ غان ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ كۆپىنچە ئەر ـ ئايال ، قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ . ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق :

يىگىتۋېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالە پەتنۇسقا سېلىنىپ مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرىگە تۇتۇلىدۇ . ئويۇنغا تەكلىپ قىلىنغان كىشى تەزىم بىلەن پىيالىنى ئالىدۇ ۋە ھەر ئىككى پىيالىنى قولىغا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئاندىن پىيالىنى قولتۇق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ ماھىرلىق بىلەن بىر پۈتۈن چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئايلاندۇرىدۇ ـ دە ، بىر كۇپلېت قوشاق ياكى بېيت ئېيتىپ ، كۆڭلى خالىغان باشقا بىرىگە تۇتىدۇ . پىيالە ئالغۇچى ئېيتىلغان بېيتقا بېيت قايتۇرۇپ ، ئاندىن پىيالىنى قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىدۇ ۋە ئاۋۋالقى ھەرىكەتنى تەكرارلايدۇ . شۇنداق قىلىپ بىر جۈپ پىيالە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، پۈتۈن مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايدۇ . ئەگەر پىيالە تۇتقۇچى پىيالىنى ئايلاندۇرۇشقا ماھىرلىق ئىشلەتمەستىن ، چاينى چايقالدۇرۇپ تۆكۈپ قويسا ياكى پىيالىلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتسە ، ئۇ كىشى ئويۇننى بۇزغان ھېسابلىنىپ «جازا» غا تارتىلىدۇ ـ دە ، بېيىت ـ قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە ياكى قىزىقچىلىق بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ .

بېيىت ئېيتىپ چاي تۇتۇش ئويۇنى ناھايىتى زور ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ . يۇزلىگەن جۈپ كۆزلەرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا پىيالە ئايلاندۇرۇپ ماھارەت كۆرسىتىش ، دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنى مۇۋاپىق گۈزەل بېيىتلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىش ، ئېيتىلغان بېيىتلارغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس . بۇ مەشرەپ قاتناشچىلىرىدىن يۇزلەپ بېيىت ـ قوشاقنى يادلاشنى ياكى ئىجاد قىلىشنى ، بىلگەنلەرنى مۇۋاپىق پىششىقلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنى ئارقىلىق مەشرەپلەردە يېڭى ـ يېڭى بېيىت ـ قوشاقلار مەيدانغا كېلىدۇ ، پىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن دولان مەشرىپىنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۆلىقى ، فولكلور خەزىنىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . ھەربىر مەشرەپ ئۈنىڭدا ئېيتىلغان بېيىت ـ قوشاقلار ئارقىلىق دولان خەلقىنىڭ كەچۈرمىشى ، تۇرمۇش ئادىتى ، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئەينەككە ئايلىنىدۇ .

مەشرەپتە ئېيتىلغان بېيىت ـ قوشاقلار ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى ، ئېيتقۇچىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ، مەقسىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىغا باغلىق ھالدا ، ناھايىتى باي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ . بەزىلەر تارتقان دەرد ـ ھەسرەتنى ئىپادىلىسە ، بەزىلەر كۆرەش مېۋىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ . بەزىلەر ۋاپاسىزلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا ، بەزىلەر سۆيگۈگە بولغان سادىقلىقنى ئىپادىلەيدۇ ، بولۇپمۇ ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلاردا سۆيگۈ ۋە ۋاپادارلىق كۈيى جاراڭلايدۇ . بۇ قوشاقلار خۇددى دولان ياشلىرىدەك شوخ ، تىزناپ دەرياسىدەك دولقۇنلۇق بو

لۇپ ، ئۇنىڭدا ياش يۇرەكلەرنىڭ قايناپ ـ تېشىپ تۇرغان كۇچ ـ قۇدرىتى ، ساپ ، نازۇك سۆيگۇ ـ ھېسسىياتلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ .

يىگىت :

خېنىم ، خېنىم ، جانان خېنىم ،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ خېنىم .
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ بولسۇن ،
ئاشىقمەن ، خۇمار خېنىم .
كۆز تەگمىسۇن جۇما جېنىم ،
ئېسۋېلىڭ تۇمار خېنىم .
جامالىڭنى ياپما خېنىم ،
شامال بولۇپ قاچما خېنىم .
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم ،
مەيدەم بىلەن توساي خېنىم .
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ خېنىم ،
ماموق قىلىپ ياتاي خېنىم .
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم ،
قومۇلۇق بولۇپ يۇتاي خېنىم .
ئاق مۇز بولۇپ قاتساڭ خېنىم ،
يۇرىكىمنى ياقاي خېنىم .
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم ،
بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم .
چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم ،
پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم .
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم ،
زەرگەر بولۇپ سوقاي خېنىم .
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ خېنىم ،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي خېنىم .
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوزالڭ بولۇپ ئۆيناي خېنىم .
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم ،
خۇش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم .

قىز :

يىگىت ـ يىگىت جانان يىگىت ،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت .
خەلقئالەم گۇۋاھ بولسۇن ،
مەنمۇ كۆيۈك خۇمار يىگىت .

جانغا جان داۋا يىگىت ،
ئېسىۋالسام تۇمار يىگىت .
تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت ،
قىسىۋالسام بىر گۇل يىگىت .
مەلۇم بولسۇن هالىم يىگىت ،
مانا چىنە تەزىم يىگىت .

يىگىت :

هەي خېنىم ، جېنىم خېنىم ،
يۆلەنمىگىن تېرەككە .
كۆيدۈرسەڭمۇ ئۆلمەيمەن ،
كىم ئۆلۈپتۇ كۆيەككە .

قىز :

ئادەم دېگەن هۆل نېمە ،
ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە .
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن ،
قارىمايمەن بۆلەككە .

يوقىرىقى بېيىتلار مەشرەپنىڭ چاي تۇتۇش پائالىيىتىدە ئېيتىلىدۇ . لېكىن يالغۇز مۇشۇلارنىلا ئېيتىش شەرت ئەمەس[①] .

**چىنە گۈل ئويۇنى**

مەشرەپتە چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئۈچ قېتىم «چىنە گۈل» دەپ توۋلايدۇ . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى كىشى يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتايدۇ . ئاندىن ئۈچىنچىسى ، تۆتىنچىسى . . . شەرت شۇكى ، بىر قېتىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى ئىككىنچى كىشى قايتا تەكرارلىماسلىق كېرەك . مۇبادا تەكرارلاپ قويسا ئۇ يېڭىلگەن بولۇپ ، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە قوشاق ياكى بېيىت ئېيتىپ بېرىشكە ، قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

**پىيالە ئۆرۈپ قوشاق ئېيتىش ئويۇنى**

دولان مەشرەپ ئويغۇر ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى . مەشرەپتە ھەربىر ئۇسسۇل ئارىلىقىدا نەغمىچىلەرنى كىچىككىنە ئارام ئالدۇرۇش يۈزىسىدىن يىگىتۋېشى ئىككى ئۈچ چىرايلىق پىيالىغا چاي قۇيۇپ كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىدۇ . چاي قۇيۇلغان (چاي يېرىم قۇيۇلغان بولىدۇ ) پىيالىنى مەلۇم بىر يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىزغا تۇتىدۇ . بېيىت ئوقۇپ ئەپچىللىك بىلەن پىيالە تۇتقان قولىنى ئىچى ۋە تاشقىرىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈپ قىزغا تۇتىدۇ . پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈگەندە ئىچىدىكى چاي تۆكۈلمەسلىكى كېرەك . ئەگەر چاي تۆكۈلۈپ كەتسە ، قىز پىيالىنى ئالمايدۇ . كۆڭلى يېرىم بولىدۇ . دەۋاگەر ئوتتۇرىغا چىقىپ مەشرەپ باشقۇرغۇچىغا ئەرز قىلىدۇ . مەشرەپ باشقۇرغۇچى مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىپى بويىچە پىيالە ئۆرۈگۈچىنى جازاغا تارتىدۇ . ئەگەر چاي تۆكۈلمەي ئەپچىللىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈلسە ، قىز يىگىتتىن رازى بولىدۇ . بۇ چاغدا يىگىتمۇ بېيىتنى ئوقۇپ ، پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلاپ بولۇپ قىز-

① «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى ، 344 — 346 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


غا تۇتىدۇ ـ دە ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇيدۇ :

باغىمدىكى كۆلچەكتىن ،
چېلەك بىلەن سۇ تارتتىم .
ئۆزۈم كىچىك بولساممۇ ،
دەردىڭىزدە ئۇھ تارتتىم .
ئىچىمدە دەردىم تولا ،
چاي ئىچىشىمەك نىم بولار .

قىز يىگىت قولىدىكى پىيالىنى ئالغاندىن كېيىن ، يىگىتكە جاۋا
بەن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ :

ئاق تاۋاردا كۆڭلىكىم ،
كۆك تاۋاردا كۆڭلىكىم .
مەن يارىمغا بەرگىنىم ،
ئالما ئەمەس يۈرىكىم .
چايىنى ئىچسەك ئىچەيلى ،
گەپلىرىدە تۇرالامىلا ؟

يىگىت جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ :

پىيالىنى ئۆرۈدۈم ،
سىز يارىمغا تۇتقىلى .
ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا ،
كۆڭلىڭىزنى ئۇتقىلى .
چايىنى ئىچسەك ئىچەيلى ،
ئۆمۈرلۈك يار بولالامىلا ؟

ئاندىن يىگىتكە ئوخشاشلا پىيالىنى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇ
ئۆرۈيدۇ . قىز قولى بىلەن پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈگەندىمۇ چوقـ
ئىچىدىكى چاي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك . پىيالىنى ئايلاندۇرۇ
ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئىچىدىكى چايىنى بىر ئوتلاپ كۆڭلى يېقـ
بىرىگە تۇتىدۇ . بېيىت ئېيتقاندا قىز ـ يىگىتلەر ئۆزى قايسى خىلـ

كى ۋە قايسى مەزمۇندىكى بېيىتنى قارشى تەرەپكە تەقدىم قىلماقچى بولسا شۇنى ئېيتىدۇ . ئۆلۈك ھالدا بىرەر كىشى تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن ئۆزگەرمەس بېيىت ـ قوشاق بولمايدۇ . دولان خەلق قوشاق-لىرى ئاشۇ دولان مەشرىپىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق تەرىپە-دىن تۈرلۈك تارىخىي شارائىتلاردا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل قورال بولۇپ كەلمەكتە . دولان مەشرىپىدە ئۇنىڭدىن باشقا ، قىز ـ يىگىتلەر ئەركىن ھالدا مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئوقۇپ ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ .

## 3 . دولان مەشرەپلىرىدە جازا[①]

دولاندا ھەربىر مەشرەپ ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ . شۇ-ڭا ، مەشرەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق ۋە مۇكەممەل تەرتىپ ، ئىنتىزامى بولۇپ ، بۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئەينى جەمئىيەتنىڭ قانۇن-قائىدىسى ، كىشىلەر ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ .

مەشرەپلەرنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىجرا قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن ، ئۇ ھەممە مەشرەپلەر ئۇچۇن ئورتاق ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن . مۇشۇنداق قاتتىق مەشرەپ ئىنتىزامى بولغاچقا ، دولان مەشرىپى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالىغان . مەشرەپ ئىنتىزامى ، بىر تەرەپتىن ، ھەربىر مەشرەپنىڭ قائىدە بويىچە تەرتىپلىك بولۇشىنى مەقسەت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەخلاق نورمىلىرىنى نامايان قىلىشنى ، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە خىلاپ ئىشلارنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئىنتىزامى ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭمۇ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى ۋە ياش

① دولان مەشرەپلىرىدىكى جازالار دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ سىيىت ئەپەندى تەرىپىدىن بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە تولۇق رەتلەنگەن بولۇپ ، بۇ كىتابقا ئاشۇ نۇسخا ئاساس قىلىپ ئېلىندى . (مۇتەللىپ سىيىت : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995- يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 80 — 82 ـ ؛ 91 — 105 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



ئەۋلادلارغا ئۆرپ ـ ئادەت ئۆگىتىپ ، ئۇلاردا ياخشى ئەخلاق ، خىسلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مەشرەپ ئىنتىزامىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر مەشرەپنىڭ قاتناشقۇچىلىرى يىگىتۋېشى ، قازىبەگ ، پاششاپ ، دورغا بەگلەرگە ئوخشاش تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارنى سايلاپ چىقىدۇ . ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر خالىس ، ئادىل بولۇشى ھەم مەلۇم ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ، مەشرەپ ئەھلى ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ ، مۇۋاپىق باشقا بىرىنى سايلىۋالىدۇ .

مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار ، مەسىلەن ، بىرى ئىجازەتسىز مەشرەپ مەيدانىدىن ئايرىلسا ، كېچىكىپ قالسا ياكى نەغمە ـ ئۇسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزسا ، ئەخلاققا خىلاپ ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا ، سەۋەبسىز مەشرەپكە كەلمىسە ، ئۇنداقلار «جازا» غا تارتىلىدۇ . ئاۋۋال تەرتىپ بۇزغۇچى ئۇستىدىن بىرەرى يىگىتۋېشىغا «ئەرز» قىلىدۇ . يىگىتۋېشى سوراق قىلىنغۇچىنىڭ «گۇناھ» ىنى دەلىللەيدۇ ۋە كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەيىبلەنگۈچىگە «جازا» كېسىدۇ . قازىبەگ كەسكەن «جازا» مەشرەپ ئەھلى ماقۇل كۆرگەن ۋە جازالانغۇچى رازى بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن دورغا بەگ تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ .

مەشرەپتە بېرىلىدىغان جازا ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بىرى ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان «ناماقۇللۇق» جازاسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا جازالانغۇچىنىڭ قىلغان گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىكىگە ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ، ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي سېلىق سېلىنىدۇ . بۇنداق سېلىقلارنىڭ كۆپى يېمەك ـ ئىچمەك ، مېۋە ـ چېۋە بولۇپ ، ئۇلار يەنە شۇ مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . بەزىبىر گۇناھى ئېغىرلارغا بىرەر قېتىم نۆۋەتتىن سىرت «ماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىش سېلىقى سېلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار .

مەشرەپ جازالىرىنىڭ ئىككىنچى بىر خىلى ، «سەۋەنلىك» جازاسى بولۇپ ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىگە گۇناھىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ كۈلكە ، ئىبرەت بولىدىغان ھەرخىل چارىلەر قوللىنىلىدۇ . بەزىلەرنى

قۇشلارنىڭ سايرىشى ، هايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى ۋە قىلىقلىرىنى دوراش. قۇزىدۇ . بەزىلەرگە قوشاق ئېيتىش ياكى لەتىپە سۆزلەپ كۆلدۈرۈش «جازا» سى قوللىنىلىدۇ . جازالار ئىچىدە مەشرەپ ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ، ھەتتا كومېدىيە تۈسىگە كىرگەن «جازا» تېخىمۇ خاراكتېرلىكتۇر .

مەشرەپ جازالىرىنى ئەينى ۋاقىتتا مەشرەپ ئويۇنى ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ جازالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ تۇرمۇ- شىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ، «سەنئەتلەشتۈرۈلگەن» . بۇنداق جازا ئويۇنلىرىدا دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، ھۈنەر ـ كەسپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شۇنداقلا رېئال ئىجتىمائىيلىقتىكى بەزى ئىللەتلەرگە بولغان قارشىلى- قى ، مەسخىرىسىمۇ ئەكس ئەتكەن ، ھەتتا بەزىلىرى كىچىك تىپتىكى خەلق كومېدىيىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇنداق «جازا» ئويۇنلىرىنى كىشىلەر ئېغىر ئالمايدۇ ، بەلكى ئۇنى ياقتۇرىدۇ ۋە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدۇ .

ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش

بىر نۆۋەتلىك مەشرەپ ياكى دەررە ئويۇنى ئاخىرلاشقاندىن كې- يىن ، ئالدىنئالا قويۇپ قويۇلغان مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ بېگى- نىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ :

— داد پادىشاھىم ! مېنىڭ ئەرزىم بار ، — دەيدۇ .

— ماۋۇ سولتەكنىڭ نېمە ئەرزى بار ؟ — دەيدۇ مەشرەپ بېگى تەييارلانغان كۇرۇستا ئولتۇرۇپ . ھۇدەيچى بەگ مەشرەپ نازارەتچى- سىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ھەي ئاغزى مايماق ، بوينى ساپاق ، كۆزى چاپاق ، بېشى قاپاق ، بۇرنى پاناق ، تىلى قاداق ، دىلى چاتاق ، نېمە دەردىڭ بار ؟ سۆزلە ! — دەيدۇ .

ھۇدەيچىنىڭ بۇ قىزىق قاپىيىلىك ئوخشىتىشلىرىدىن مەشرەپ ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ . پادىشاھ ئالدىدىكى تاقىلداقنى قاتتىق ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— تىنچلىنىڭلار ، ھاي خالايىق ، تىنچلىنىڭلار ، بولمىسا ھەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


مىڭلارنى قارا ئېتىپ ، ئاغزىڭلارنى يارا ئېتىپ يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىمەن ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . شۇئان ھۇدەيچىبەگ ھودۇققان ھالدا :

— ۋاي داد ، پادىشاھىم ! ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىسىلا ، ئاچچىغلىرىغا ھاي ، پۇقرالىرىغا ساي ① بەرسىلە . بولمىسا ئوردىلىرىغا ئىت كىرىۋالىدۇ ، — دەپ پادىشاھنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ .

— ۋاي داد ، مېنىڭ ئەرزىمنى سورامىلا ـ يوق؟ بولمىسا توكۇر خورىزىمغا مىنىپ ئەنجانغا كېتىمەن ، — دەپ ۋارقىرايدۇ مەشرەپ نازارەتچىسى .

— ھە ، سۆزلە ! — دەيدۇ پادىشاھ .

— ماۋۇ سېلىم دوڭغاق ، ئۇلۇغ شاھىمىز قەدەم تەشرىپ قىلغان ، يۇرت ئەھلى قاتناشقان مۇشۇنداق بىر كاتتا مەشرەپتە بىر جۇۋانغا قاش ئېتىپ كۆز بېقىشىپ ، شەرم ـ ھايانى تاشلاپ ، شېرىن سۆزنى باشلاپ ، ئۆزىنى جۇۋانغا تاشلاپ ، مەشرەپ ئەھلىنى كۆزگە ئىلماستىن ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ . بۇ يۇرت ئەھلى ۋە پادىشاھىمىزغا قىلىنغان ئەدەپسىزلىك . ئەگەر بۇ ئەدەپسىز كاززاپ جازالانمايدىكەن ، مەشرەپنى تاشلاپ ، يۇرت ئەھلىنى باشلاپ ، توكۇر خورازغا مىنىپ ئەنجانغا كېتىمەن ، — دەيدۇ ، پادىشاھ :

— ھاي ھاشىم تاختاق ، قاسىم چاقچاق ! — دەپ چاقىرىدۇ . ئىككى چوماقچى سەكرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ .

— لەببەي شاھىم .

— سېلىم دوڭغاق بىلەن ئۇنىڭغا ئامراق يۇزسىز جۇۋاننى دەرھال كەلتۇر !

— خوش شاھىم ! — ئۇلار يۈگۈرەشكىنىچە بېرىپ قەستەن دوڭغاق بولۇۋالغان قىزىقچى بىلەن ئايالچە ياسىنىۋالغان قىزىقچىنى سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ . ئايالچە ياسىنىۋالغان قىزىقچى تۈرلۈك ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن تولغىنىپ پادىشاھقا كۆز تاشلايدۇ . پادىشاھمۇ جۇۋاننىڭ ئەركىلەشلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ ھوزۇرلىنىدۇ .

① ساي — دولان شېۋىسىدە سايە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

— داد ، خالايىق ! پادىشاھ مېنىڭ ئاشنام بىلەن كۆز بېقىشىۋاتىدۇ ، — دەپ ۋارقىرايدۇ سېلىم دوڭغاق ، پادىشاھ چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىدۇ .

— ئاغزىڭنى يۇم دوڭغاق ! شاھ ئالىيلىرى سەندەك تېگى پەسنىڭ پاخمباش ئاشنىسىنى نېمە قىلىدۇ ؟

ھۇدەيچى شۇنداق دەپ دەررە بىلەن ئۇرىدۇ . ئەتراپتىن قىقاس كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ .

— ھەي ئەبگا ، بۇ ئەدەپسىزلەرنى قانداق جازالاپ بەرسەك دەردىڭ چىقىدۇ ؟ — دەپ سورايدۇ پادىشاھ .

— مېنىڭچە ئۆزى مۇشتتەك ، قۇيرۇقى نوغۇشتەك بۇ خوتۇنغا ئامراق دوڭغاققا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىپ ، خوتۇنغا تويغۇزۇپ ئىككىنچى قېتىم خوتۇن قارىسى كۆرسە ئون كۇنلۇك يەرگە قاچىدىغان قىلىۋەتمىسەك ، ھەتتا سىلىنىڭ خانىشنىمۇ ئازدۇرۇپ كەتكۇدەك بۇ دوڭغاق ، — دەيدۇ ئەرز قىلغۇچى .

— ھاي ھاشىم تاقتاق ، قاسىم چاقچاق ، مۇشۇ تەۋەلىكىمىزدىكى ئادەم بىر قارىسا ئىككىنچىلەپ ئايالغا قارىماس بولۇپ كەتكۇدەك بەتبەشىرە خوتۇندىن بىرنى ئەپكېلىپ ، قىچىشقاق باسقان ئەر خۇمار جۇۋاننى قوشۇپ سېلىم دوڭغاققا نىكاھ قىلىپ قويۇڭلار .

— خوش شاھىم ! — ئىككى چوماقچى ئايالچە ياسىنىۋالغان يەنە بىر قىزنىقچىنى سۆرەپ چىقىدۇ ، سېلىم دوڭغاق قاچماقچى بولىدۇ . يەنە ئىككى چوماقچى ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ . پادىشاھ ئايالچە ياسىنىۋالغان ئىككى قىزنىقچىغا :

— ئىككىڭلار بۇ كۈندىن ئېتىبارەن سېلىم دوڭغاقنىڭ خوتۇنى بولىسىلەر ، قېنى قايسىڭلار ئېرىڭلارغا ئامراق . مەرھەمەت ، — دەيدۇ .

ئىككى «ئايال» شۇئان بىر ـ بىرىدىن قىزغانغاندەك قىلىقلارنى قىلىشىدۇ . ئېتىلىپ بېرىپ سېلىم دوڭغاققا يېپىشىدۇ . ئۇلار دوڭغاقنى تالىشىپ سۆيگەندەك قىياپەتنى دورايدۇ . ھەر ئىككىلىسى سېلىم دوڭغاقنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئۆزىگە تارتىدۇ . تارتىشا ـ تارتىشا يېقىنلىشىدۇ . ئىككى «ئايال» سېلىم دوڭغاقنى بېسىۋېلىپ

www.uyghurkitap.com



تالىشىدۇ . بىرى تارتىپ ئۆزىگە قارىتىۋالسا ، يەنە بىرى سېلىم دوڭ-
غاقنىڭ قولىقىدىن تارتىپ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ ، ئۆزىگە
قارىتىدۇ . ئۇ ئەمدىلا سۆيەي دەپ بولغۇچە ئىككىنچىسى قولىقىدىن
سوزۇپ ، سېلىم دوڭغاقنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرىدۇ . بۇ
ئىش ئەنە شۇنداق ئون مىنۇت داۋام قىلغاندىن كېيىن سېلىم دوڭغاق
ھالسىزلىنىپ :

— ۋاي داد ! خوتۇنغا تويدۇم ، — دەپ ۋارقىرايدۇ . مەشرەپ
ئەھلى كۈلۈشۈپ تېلىقىپ كېتىدۇ . بۇ ئويۇن شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

## جوۋازغا قېتىش

ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، دلان مۇ-
قامى باشلىنىپ بىر پەدە مەشرەپ ئوينىلىدۇ . مەشرەپ ئاخىرلىشىش
بىلەن تەڭ مەشرەپ نازارەتچىسى سورۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ مەشرەپ
بېگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىدۇ .

— داد پادىشاھىم ، مېنىڭ ئەرزىم بار .

— ئېيت تىلىڭغا ھونناق ، گېلىڭغا پوقاق چىققان كالۋا ! — دەيدۇ
پادىشاھ .

— ماۋۇ مەشرەپ ئەھلىنى ، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ سەلتەنىتىنى
كۆزگە ئىلماي ، راۋۇرۇس ئولتۇرماي ، يېنى چىقىپ كەتكەن ئەبگا
ئېشەكتەك ياتىدۇ . جامائەت ئالدىدا ئېشەكتەك ئېغىناپ ، كالىدەك
پۇشۇلداپ ياتقان بۇ ئادەمنى جازالىمىسا ، توكۇر خورىزىمغا مىنىپ
بۇنداق ئەدەپسىزنىڭ يۇرتىدىن كېتىمەن ، — دەيدۇ ئەرز قىلغۇچى -

— ھاي ھاشىم تاقتاق ، قاسىم چاقچاق ، بەزمىدە ئادەم سورەتلىك
ھايۋان مەخلۇقنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇشى نومۇس . كەلتۈرۈڭلار ! — دەپ
بۇيرۇق قىلىدۇ پادىشاھ .

— خوش ! — دەپ ئىككى چوماقچى سورۇننىڭ بىر بۇرجىكىدە
يېنىچە يېتىۋالغان قىزىقچىنى سۆرەپ كېلىدۇ .

پادىشاھ :

— ھەي ، ھايۋان ئەبگا !

قىزىقچى :

— ھە ، ئادەم ئەبگا .

ھۆدەيچى :
— ئاغزىڭنى يۇم كالۋا !
قىزىقچى :
— شالىڭنى چاچما غالچا .
پادشاھ :
— ئەدەپ - جازا ! — دەپ ۋارقىرايدۇ . چوماقچىلار قىزىقچىنى دەررە بىلەن بىردەم ساۋايدۇ .
پادشاھ :
— ھەي ئەرزخور ، قانداق جازا بەرسەك دەردىڭ چىقىدۇ ؟
ئەرزچى :
— بۇنىڭ قىلىقى ھايۋان ، كۆزلىرى پىچىۋەتكەن بۇقىدەك چەكچىيىپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، كالا نەسلىلىكىنى جۇۋازغا قاتماق كېرەك ، شاھىم .
پادشاھ :
— قېنى ، قىرانلىرىم ، پۇقرالارنىڭ بۇ يىللىق قۇربان ھېيتىنى مەمۇرچىلىقتا ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن كەندىر يېغى لازىمدۇر . ياغنى چىقىرىدىغان جۇۋازچى مانا بۇنىڭدەك كۈچتۈڭگۈر توپاق لازىمدۇر ، بۇ توپاقنى جۇۋازغا قېتىڭلار !
— خوش شاھىم !
چوماقچىلار جازالانغۇچىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ ، يالاڭباش قىلىپ قويۇپ بىر قاچا سۇنى (يازدا قىزىق ، قىشتا سوغۇق سۇ ئىشلىتىلىدۇ ) ئېلىۋېلىپ ، بىرى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ . يەنە بىرى «چۇ ھۇشكە» دەپ «جۇۋاز» نىڭ يالاڭ بېشىغا مۇشتۇمىنى كۈچەپ پاتۇرۇپ چۆرگىلەيدۇ ، ئاندىن پات - پات سۇنى «جۇۋاز» نىڭ بېشىغا (جازالانغۇچى كىشى جۇۋازغا تەقلىد قىلىنىدۇ ) قۇيىدۇ . سۇ ھەربىر قۇيۇلۇپ مۇشت بېشىغا پاتۇرۇلغاندا «جۇۋاز» تۈگىلىپ كېتىدۇ . بۇ قىزىقارلىق ئويۇن كىشىلەرنى تازا كۈلدۈرىدۇ . بۇ ئويۇن تاكى ئىختىيارىي تۈگىگىچە ئوينىلىدۇ .

ھەرخىل جانلىقلارنى دوراش

بۇ ئويۇنمۇ ئوخشاشلا بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن مەشرەپ نازا-

www.uyghurkitap.com



رەتچىسىنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن سورۇنغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. نازارەتچى سەكرەپ سورۇنغا چۈشىدۇ ـ دە:

— داد پادىشاھىم. ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ئىككى كەپتەرۋاز كەپتەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. ماۋۇ بۇلۇڭدا ئىككى ئىتپەرەس ئىتلىرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. ماۋۇ بۇلۇڭدا ئىككى ئېشەكچى ئېشىكىنىڭ سۆلىتىنى داڭلىشىۋاتىدۇ. ماۋۇ يەردە بىر ۋاتىلداق ئايال مېكىيان توخۇدەك ۋالاقلاپ بەرسە، بىر لامزەللە قېرى خورازدەك جوغدىكىنى قوپۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنى قانداقمۇ مەشرەپ دېگىلى بولسۇن! — دەيدۇ.

پادىشاھ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سورايدۇ:

— ھەي نان قېپىلار! بۇ مەشرەپنى ئويىنىشامسەن ـ يوق؟ ئولتۇرغانلار بىردەك «ئوينايمىز» دەپ چۇرقىرىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى مۇتتەھەملەرنى ئاراڭلاردىن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ چىقىرىڭلار! — دەيدۇ پادىشاھ.

شۇئان مەشرەپ ئەھلى ھېلىقىلارنى ئوتتۇرىغا مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ:

— ھەي گومۇش، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ماۋۇ سەمىتاخۇن بىلەن ئېشىكىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ قاپتىكەنمىز، — دەيدۇ ھەيدەپ چىقىرىلغۇچى.

— ھە بىلدىم، ئۇنداق بولسا سەن ھاڭگا ئېشەك بولۇپ ھاڭرايسەن. سەن سەمەتباي مادا ئېشەكنى دوراپ ھاڭرايسەن، ھەربىرىڭ يەتتە مەرتەمدىن ھاڭرايسەن، — دەيدۇ پادىشاھ. بۇلار نائىلاج پادىشاھنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ. بۇ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پادىشاھ:

— ھەي جولدۇر كېپەن، سەن نېمە ئىش قىلغان؟— دەپ سورايدۇ يەنە بىرەيلەندىن.

— ماۋۇ سايلاخۇن بىلەن ئىتلىرىمىزنىڭ تالىشىشتا يامانلىقلىرىنى سۆزلىشىۋاتقاندۇق، — دەيدۇ ئىتپەرەس كىشى.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ سورۇندا مېنىڭ يەرگە تۇكۇرگەن تۈكۈرۈكۈمنى يەرگە سىڭگىچە تالىشىسىلەر. قايسىڭلار تالىۋەتسەڭلار مۇكاپات، — دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ پادىشاھ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى

ئىتپەرەس ئىتتەك تالىشىپ كېتىدۇ . . .

بۇ ئويۇن تاكى ئاشۇ ھەرخىل جانلىقلارنىڭ گېپىنى قىلىشىش تۈگىگىچە داۋام قىلىدۇ . ئۇلار نېمىنىڭ گېپىنى قىلىشقان بولسا ، شۇنى دورىغىلى سالىدۇ . بۇ ئويۇنمۇ ئىنتايىن قىزىق بولۇپ ، ھايۋانلارنى دورىغۇچىلار ئوخشىتىپ دورىيالماي مەشرەپ ئەھلى رازى بولمىسا ، قايتا دورايدۇ .

## مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناش

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ، بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن مەشرەپ نازارەتچىسى مەلۇم سەۋەب كۆرسىتىپ ، ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان قىزىقچىنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدىن پادشاھقا ئەرز قىلىدۇ . پادشاھ ئەرز قىلغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە قىزىقچىنىڭ مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئوينىشىنى بۇيرۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن قىزىقچى ئالدىن تەييارلىۋالغان قىزىل سىياقىدىكى قورچاقنى بېلىدىكى بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچىغا چىگىپ ئاغزىدا «لاي ، لاي» دەپ مۇزىكا چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . بەلۋاغ باغلانغان قورچاق ئۇسسۇلچى بىلەن تەڭ پۇلاڭلاپ «ئۇسسۇل» ئوينايدۇ . بۇ ئويۇنمۇ ناھايىتى قىزىق ۋە كۈلكىلىك تۈس ئالغان .

## سامسا يېقىش

ئۇسسۇلنى كۆرۈپ تۇرغان يەنە بىر قىزىقچى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قەستەن نان يېگىلى تۇرىدۇ . بۇنى كۆرگەن مەشرەپ نازارەتچىسى ئۇسسۇل تۈگىگەن ھامان پادشاھقا ئەرز قىلىدۇ :

— داد پادشاھىئالەم ! ما يەردە بىر ئاژناپ (ئاچ كۆز) خەلقئالەم مەشرەپ قىلىۋاتسا ،قارىنىنى باققىلى تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ماك ـ ماك نان چايناشلىرى خۇددى قورسىقى ئېسىلىپ قالغان ئىنەككە ، مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشكەنگە ، سامسا كۆرمىگەن بالاخور سامسا يېگەنگە ئوخشايدۇ ، ئەل تاماق يېمىگەن ۋاقىتتا ئەلگە كۆز ـ كۆز قىلىپ تاماق يېيىش ئەڭ كەچۈرگۈسىز ئەدەپسىزلىك ـ دەيدۇ مەشرەپ نازارەتچىسى .

— ھاشىم تاقىتاق ، قاسىم چاقچاق ، دەرھال بېرىپ ئاۋۇ ئەيسا كاساڭنى تۇتۇپ كېلىپ تونۇر قىلىپ سامسا يېقىڭلا ! مەشرەپ ئەھلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ سامسا يېگۈسى بار ، — دەيدۇ پادىشاھ . ئىككى چوماقچى شۇئان ئېتىلىپ بېرىپ ئەيسا كاساڭنى تۇتۇپ كېلىپ ، يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ بېلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويىدۇ . بىر ياقتىن ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان ناۋايدەك ياسىنىۋالغان كىشى ئىككى شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ يەڭلىرىنى تۈرۈپ سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ .

ناۋاي :

— هەي شاگىرتلار !

شاگىرتلار :

— خوش ئۇستام .

ناۋاي :

— بۈگۈن مەشرەپ ئەهلى بىزنىڭ سامسىنى كۆڭلى تارتىپ قاپتۇ . دەرهال بىرىڭلار تونۇرنى قىزىتىڭلار ، يەنە بىرىڭلار خېمىر يۇغۇرۇڭلار ، تونۇر ئوبدان قىزىماي ، خېمىر ئوخشىماي ، سامسا ئوبدان بولماي قالسا ، مەندىن ياخشىلىق كۈتمەڭلار ، مەن قىيما قىلاي .

شاگىرتلار :

— خوش ئۇستام !

شاگىرتنىڭ بىرى ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىگە سۇنى بولۇشىغا قويۇپ قوش مۇشتىنى راسا نىقتاپ «خېمىر» تاۋلاشقا تۇتۇش قىلىدۇ . مۇشت «خېمىر»غا هەربىر پاتۇرۇلغاندا «خېمىر» تولغىنىپ كېتىدۇ . يەنە بىرىمۇ ئۇستىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلايدۇ . ناۋاي بولسا ئەيسا كاساڭنىڭ بېشىنى گۆش چانايدىغان كۆتەك قىلىپ بولۇشىغا شاپىلاقلاپ قىيما قىلىشقا كىرىشىدۇ . (خېمىر يۇغۇرغۇچى ئەيسانىڭ دۈمبىسىنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرىدۇ . تونۇر قىزىتقۇچى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇتۇرۇق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ) . بۇ هەرىكەتلەر بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن خېمىر يۇغۇرغۇچى شاگىرت :

— ئۇستام ، خېمىر تەييار بولدى ، — دەيدۇ .

— ئۇستام تونۇر قىزىپ بولدى ، — دەيدۇ يەنە بىر شاگىرت .

— ئەمىسە تېز سامسا تۈگەيلى ، — دەيدۇ ناۋاي . ئۇلار ئۈچى قول قولىغا تەگمەي ئەيسا كاساڭنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ چىمداپ ، سامسا تۈككىلى تۇرىدۇ . ئاغرىققا چىدىمىغان ئەيسا كاساڭ تولغىنىپ

كېتىدۇ . بۇنى كۆرۈپ كىشىنىڭ كۈلۈپ ئۆچىيى ئۈزۈلگۈدەك بولىدۇ . سامسا تۈگۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ناۋاي :

— قېنى بالىلىرىم ، تونۇرنىڭ قىزىقىدا دەررۇ داپخانىنى ئېتىپ ، سامسىنى ياقايلى ! — دەيدۇ . بىر شاگىرت بىر ئەسكى لاتىنى ئېكىلىپ تونۇرنىڭ «داپخانىسى» غا تىقىدۇ . قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ . چۈنكى ، لاتىنى ئەيسا كاساڭنىڭ كۆتىگە قىستۇرغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ناۋاي ، ئىككى شاگىرت يەڭلىرىنى تۈرۈپ ، قوللىرىنى سۇغا چىلاپ «تونۇر» غا (ئەيسا كاساڭنىڭ دۇمبىسىگە ) پاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلايدۇ . تاكى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئېچىشقاندا ئاندىن «سامسا» تۈگەپ تونۇر ئاغزىنى ياپىدۇ (چاپاننى ئەيسانىڭ بېشىغا چۈمكەپ قويىدۇ ) . بىردەمدىن كېيىن چاپاننى ئېلىۋېتىپ سامسىنى قومارغىلى تۇرىدۇ (ئەيسا كاساڭنىڭ دۇمبىسىنى تازا ئۇۋىلاپ تارتقۇشلاپ چىمدايدۇ ) . بىچارە «تونۇر» نىڭ سامسا چىقىپ بولغۇچە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالىدۇ . بۇ ئويۇن ھەم جاپالىق ، ھەم كۈلكىلىك . بۇنىڭدا «تونۇر» رولىنى ئالغۇچى ھەقىقەتەن ئېغىر جاپا بىلەن رول ئالىدۇ . لېكىن بۇنىڭدىن قىلچە ئازاب ھېس قىلمايدۇ . بەلكى رولنى ياخشى ئالغىنى ئۈچۈن ئويۇن ئاخىرىدا خەلق ئۇنى ئالقىش ساداسى ئىچىدە مۇكاپاتلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغانلىرىنى بۇ ياخشى ئارتىسقا تارتۇق قىلىدۇ ھەم چەكسىز ھۆرمەتلەيدۇ .

## سۈرەتكە تارتىش

بۇنىڭدىمۇ بىر پەدە مەشرەپتىن كېيىن ، مەشرەپ نازارەتچىسى مەلۇم بىر قىزىقچى ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ . بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، مەشرەپتە مۇنداق ئەرز قىلىنىپ «رول» غا چىققۇچى پەقەت بىر قانچە قىزىقچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، مەشرەپكە قاتناشقان كىشى مەيلى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ، مەيلى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەر ياكى مەنسەپدار بولسۇن ، مەشرەپ سورۇنىدا ھەممە كىشى باراۋەر . مەشرەپ سورۇنىدا مەشرەپ قائىدىلىرىگە يات ھەر قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا ، كىم كۆرسە مەشرەپ بېگىگە ئەرز قىلىپ جازالاشنى تەلەپ قىلىۋېرىدۇ . بۇنى دولان خەلقى «بولا بولۇش» دەپ ئاتايدۇ . «بولا» بولغان كىشى ھەرقانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىسىمۇ ، بۇ جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ باتۇر ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، ئىشچان دولان خەلقىنىڭ شىجائىتىنى نامايان قىلىدۇ . «سۇرەتكە تارتىش» نى باشلاشتا ، بىرى سورۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ يىگىتۇېشىغا ئەرز قىلىدۇ .

— داد پادىشاھىئالەم . مايەردە بىر كۆزى چوقۇر ، يۈزى چۈپۈر ، بۇرۇتىنى پىلىكتە مايلايدىغان كاززاپ بىزنىڭ مەشرەپ سورۇنىمىزنى كۆزگە ئىلماي دىمىغىنى ئۇستۇن ، كومشىرىنى تۆۋەن قىلىپ ، كال-پۇكىنى دورداپىتىپ ، گەدىنىنى قاپاق تىرەكتەك غادايىتىپ ، مەشرەپنى ياراتماي خەلقىئالەم ئالدىدا مىشقىرىپ ، تۈكۈرۈپ شالىنى چىچىپ تۇرىدۇ . بۇنداق يات خۇيلۇق ئادەمنى جازالىمىساق ، بىزدىكى پەدە-شەپ ، شەرم ھايا نەگە كېتىدۇ ؟

پادىشاھ :

— ئەدەپ ـ جازا !

چوماقچى :

— لەببەي شاھىم !

پادىشاھ :

— ئۇ بىئەدەپ سولتەك دەرھال كەلتۈرۈلسۇن !

چوماقچى :

— خوش شاھىم !

ئىككى چوماقچى شۇئان ھېلىقى غادايغاننى سۆرەپ سورۇنغا ئېلىپ كىرىدۇ .

پادىشاھ :

— ھوي گەدەنكەش ، شاپتۇل قېقى مونەكباش ، نېمە سەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئەلگە يات ئىللەتلەرنى بازارغا سېلىپ ، جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ ، غەزىپىگە قالىسەن !

غادايغاق :

— مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولا بولامدىم ؟

ھۆدەيچى :

— ئەلۋەتتە ، سەن ئۆزۈڭنى ئەلدىن ئۈستۈن قىلىپ ئەرشىئەلا-دىن چۈشكەندەك كۆرۈنسەڭ ، بىراق بۇرنۇڭدىكى ماڭقا ، ئاغزىڭدىكى

سالقا سېنى ھەممە ئەلدىن بەتبەشىرە كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . بۇنداق يات ئىللەتنى ئىلاھىم خەلققە يۇقتۇرمىغايسەن ، ئاللاھۇ ئەكبەر (دۇئا قىلىدۇ ) .

پادشاھ :

— ئەدەپ ـ جازا !

چوماقچى :

— لەببەي شاھىم !

پادشاھ :

— بۇ رودىپاي ئۆزىدىكى مەرەزنى ئۆزى كۆرمەي غادىيىۋاپتۇ ، ئۆزىگە ساۋاق ، ئەلگە ئىبرەت بولسۇن ھەم مەرەزلىرى يۇيۇپ چىقىرىلسۇن . ئۆزىمۇ ، ئەلمۇ كۆرسۇن ئۇچۇن ئۇنى يالىڭاچلاپ ، تامغا سۇرىتىنى بېسىڭلار !

چوماقچىلار :

— باش ئۇستىگە شاھىم !

شۇنىڭ بىلەن چوماقچىلار ئولىشىپ كېلىپ ، مەجبۇرىي ھالدا غادايغاقنىڭ كۇساردىن باشقا ھەممە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ھاكلانغان تامغا دۈمبىسىنى چاپلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ ، سۇ چاچىدۇ . بۇ ئىش تاكى تامنىڭ ھەممە يېرى ھۆل بولۇپ ، ئەيىبكار لاغىلداپ تىترىگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ . ئاندىن ئەيىبكار تامدىن ئاجرىتىلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ گەۋدىسى توساپ تۇرغان يەردە سۇ تەگمىگەنلىكتىن ئادەمنىڭ شەكلى پەيدا بولىدۇ . بۇ ئويۇن ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بۇ رولنى ئالماقمۇ شۇنچىلىك تەس ۋە جاپالىق بولۇپ ، بۇنىڭغا ساغلام ئادەم بولمىسا ، ئاسان زۇكام تېگىپ قالىدۇ .

ئامۇت يېگۈزۈش

مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپتە بولا (سەۋەنلىك ) بولغان كىشىنى مەشرەپ سورۇنىغا ئەكىرىپ مەيداننى ئايلاندۇرۇپ :

— بۇ كىشىنى نېمە يەيسەن دېسەم ، «ئامۇت يەيمەن» دەيدۇ . قېنى كىمنىڭ پىشقان ئامۇتى بار ؟ بۇ كىشىگە كىم ئامۇت يېگۈزەلەيدۇ ؟ — دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ . مەشرەپ سورۇنىدا ئالدىن ھازىرلاپ قويغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مانا مەن ئاموت يېگۈزەلەيمەن . مېنىڭ ئاموتلىرىم راسا پىشتى ، — دەيدۇ ھەمدە سەۋەنلىك بولغان كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ ، ئاممىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ : «ئاۋۇ ئاموتنى يەمسىز ، ماۋۇ ئاموتنىمۇ ؟» دەپ بىردەم سورۇندا ئولتۇرغان مەلۇم ئادەمنىڭ بېشىنى ، بىردەم مەزكۇرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆرسىتىدۇ . مەشرەپ سورۇنىدىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ .

سەۋەنلىك بولغان كىشى ھېرىپ ـ چارچاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ . ئاموت يېگۈزگۈچى «سىز ھېرىپ قاپسىز ، مەن ئاموت ئۈزۈپ كېلەي !» دەپ «ئاموت ئۈزۈش» ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ . ئاندىن سەۋەنلىك بولغۇچى كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى قولتۇقى ئارىسىدىن قولىنى چىقىرىپ ، مۇشتۇمىنى ئاموت شەكلىدە تۈگۈپ : «ماۋۇ ئاموت ناھايىتى تاتلىق پىشىپتۇ . مانى يەڭ ، ماۋۇ ئاموت ناھايىتى چوڭ ئىكەن ، مانى يەڭ» دەپ سەۋەنلىك بولغۇچىنىڭ ئىككى كومشىرىغا جالاق ـ جۇلۇق قىلىپ تەگكۈزىدۇ . سەۋەنلىك بولغۇچى كىشى «بولدى ، ۋاي بولدى ، ئاموت يېگەنگە جاق تويدۇم ، ئەمدى يېمەيمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ . مەشرەپ سورۇنىدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشىدۇ . ئاما رازى بولغاندىن كېيىن ، ئاموت يېگۈزگۈچى بىلەن سەۋەنلىك بولغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ .

ئىككى كىشىنىڭ گەپ تالىشىشى

دولان مەشرەپلىرىدە ئىككى ئادەم بىراقلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ بولا بولۇپ قالسا ، مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ ئەھلىدىن قانداق جازا بېرىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ . مەشرەپ ئەھلى ئىككى ئادەمنىڭ بىراقلا بولا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، «سەنلەردىن مەنلەر چوڭ» ئويۇننى ئويناپ بەرسۇن ، دەپ تەلەپ قىلىدۇ . مەشرەپ نازارەتچىسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلەپ پىكرىنى مەشرەپ بېگىگە يەتكۈزىدۇ (مەشرەپ بېگى مەشرەپتىكى كومېدىيىلىك ئويۇنلاردا پادشاھ رولىنى ئالغان بولىدۇ) . مەشرەپ بېگى بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن ، مەشرەپ نازارەتچىسى ئىجرا قىلىدۇ .

جازالانغۇچى ئىككى ئادەم سىرتقا چىقىپ بىر دانە چاپاننى قاتلاپ ئۇڭ ياكى سول قولىغا ئادەم شەكلىدە چىگىپ ، ئوتتۇرىسىدىن بەلۋاغ

باغلايدۇ . يۇقىرىقى قىسمىغا تۇماق كىيدۈرۈپ ئادەم شەكلىگە كەلتۈ-رۈپ ، مەشرەپ مەيدانىغا كىرىدۇ . مەشرەپ نازارەتچىسى «سەن كىم» دەپ ھەر ئىككىلىسىدىن سورايدۇ . بىرى «مەن ھاكىم بەگ» دەيدۇ . يەنە بىرى «مەن بەگزادە» دەيدۇ . مەشرەپ نازارەتچىسى «قايسىڭلار چوڭ» دەپ سورايدۇ . بىرىنچىسى «مەن چوڭ» دەيدۇ . ئىككىنچىسى «مەن چوڭ» دەيدۇ . ئۇلار ئۆزئارا «سەنلەردىن مەنلەر چوڭ» دەپ بەس - مۇنازىرىگە چۈشىدۇ ھەمدە ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ . ئۇلار ئۆزئارا يەرگە يىقىشىپ دومىلىشىپ ھالىدىن كەتكەندەك بولغاندا ، مەشرەپ نازارەتچىسى كېلىپ : «خاپا بولۇشماڭلار ، ئىككىڭلار تەڭ» دەپ ئاج-رىتىۋېتىدۇ[1] . شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق ئويۇن ئا-خىرلىشىدۇ .

## 4 . دولان مەشرەپلىرىدىكى تەقلىد ۋە تىياتىر[2]

تەقلىد — تىياتىرنىڭ يەنە بىر ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ ، سەھنە سورۇنلاردا تاماشىبىنلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان ئويۇنلاردۇر .

تىياتىر — سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ ، ئىپتىدائىي سەنئەت تەقلىد قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن . كۆپ خىل قىزىقار-لىق تەقلىد ئويۇنلىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ ، بىر يۈرۈش مەشرەپنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭلاشقا ، مەشرەپلەر تەقلىد - تىياتىر ئويۇن شەكىللىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىش جەريانىدىن تەركىب تاپقان . دولان مەشرىپى بولسا كۆپ خىل تەقلىد — تىياتىر ئويۇن شەكىللىرى-نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن ، نۇرغۇن ۋەقە ۋە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدى-غان سەنئەت سەھنىسى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر دولانلىرىغا خاس بولغان ، يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلمەكتە .

---

① مۇتەللىپ سېيت قاتارلىقلار : «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» (2) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى ، 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى ، 90 — 164 - بەتلەر .

② دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدىكى تەقلىد (دراما) ۋە تىياتىرلار ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر بولغان بولسىمۇ ، بىراق ھازىرغىچە بىرقەدەر تولۇق ۋە سىستېمىلىق رەتلەنگىنى دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت ئوسمان ئەپەندىم ئىشلەپ چىققان نۇسخىسى بولۇپ ، بۇ كىتابتا شۇ نۇسخا ئاساس قىلىپ ئېلىندى . (مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى ، 254 — 269 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئات ئۇسسۇلى

بۇ ئويۇننى مەشرەپ سورۇنىدا پەقەت بىرلا كىشى ئورۇنلايدۇ. ئۇ، ياغاچنى جۇۋا بىلەن نىقابلاپ ئاتقا ئوخشىتىپ، ئۆزى خۇددى بىر ئادەم ئاتنى مىنىپ كېتىۋاتقاندەك شەكىلگە كىرىدۇ. ئات مىنگۈچى بىر قولىدا تىزگىننى تۇتۇپ، بىر قولىدا نەغمە رىتىمىگە ئاساسەن ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. ئات يېڭى كۆندۈرۈلگەن توسۇن قىياپەتتە بولۇپ، مەشرەپ سەھنىسىدە تۈرۈپ ـ تۇرۇپلا دۈيلۈپ ئادەمنى ئاتـ ماقچى بولىدۇ. ئادەم غالىب كېلىپ، ئاتتىن شىللاق ئاتقىلى تۇرغاندا نەغمىكەشلەر ئات توغرىسىدىكى تېكىستلەردىن:

ئاتىم ئويناپ سۇندۇردى،
قۇشباش ئېگەرىمنى.
ئەمدى ئېيتمىسام بولماس،
ئىچىمدىكى دەردىمنى.

دەپ غەزەل ئوقۇشقا باشلايدۇ.

«ئات ئۇسسۇلى» ئەسلىدە ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى بولۇپ، بۇ ئويۇندا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئەمگىكىنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ.

غاز ئۇسسۇلى

غاز ئۇسسۇلىنى بىر نەپەر ئارتىس ئورۇندايدۇ. ئارتىس جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بىر قولىغا ئورغاقنى تۇتۇپ جۇۋىنىڭ يېڭىدىن ئۆتكۈزۈپ غازنىڭ بوينىدەك ئەگرى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر پارچە قىزىل لاتىنى تۈگۈپ جۇۋىنىڭ يەڭ ئۇچىدىن چىقىرىپ، غازنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىدۇ. ئاندىن كېيىن تىزلىنىپ مېڭىپ مۇزىكا رىتىمىگە تەڭكەش قىلىپ، گاھىدا دۈمبىسىنى چوقلاپ پىتلىنىپ قويۇپ، گاھىدا ئۇسسۇل ئويناپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ. تەدرىجىي ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئوينايدۇ. كىشىـ لەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئادەملەرگە بىرـ بىرلەپ نەزەر

سېلىپ ، كېرىلىپ سەت ئۆلتۈرغان كىشىلەرنىڭ چاترىقىغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ خىرىس قىلىپ قويىدۇ . بەزىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىمسىز ، غەلىتە كىيىنگەنلەرنىڭ قاملاشمىغان جايلىرىنى چوقۇپ قويىدۇ . غەمكىن ئولتۇرغان ، ئۇگدەپ قالغانلارنىمۇ چوقۇپ بىردەم كۈلكە پەيدا قىلغاندىن كېيىن ، نىقابىنى سەھنىنىڭ ئۆزىدىلا ئېلىۋېتىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ .

بۇ ئويۇندا ، ياۋا قۇشلارنى تۇتۇپ كۆندۈرۈش بىلەن ئادەملەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئۆي قۇشلىرىغا ئايلاندۇرۇشتەك تارىخىي مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدۇ .

تۆگە ئۇسسۇلى

تۆگە ئۇسسۇلىدا تۆت ئادەم رول ئالىدۇ . ئىككى ئادەم تۆگىنىڭ رولىنى ئالىدۇ . بىر ئادەم مىنىدۇ . بىر ئادەم يېتىلەيدۇ . تۆگە مۇزىكا رىتىمىغا ماسلىشىپ ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈپ دەسسەپ ماڭىدۇ . ئۇسسۇل داۋامىدا تۆگە ئېگىزگە بويۇنداش ، يەرگە تەلپۈنۈش ، ئەتراپلىرىغا قاراپ جورا ئىزدەش ، ئەركىنلىك ئىزدەپ مىنگۈچىنى يىقىتىشقا ئۇرۇنۇش ھەرىكىتىنى ئورۇنداپ ، بارا - بارا ياۋاشلاپ ئىگىسىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ مىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ . تۆگىچى (كارۋان) تۆگىگە مىنگەندىن كېيىن ، يىراق يولغا سەپەر قىلىدۇ (بۇنى تۆگىگە مىنگۈچى ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇقام ياكى ھۆكمەت توۋلاش بىلەن ئىپادىلەيدۇ) . ئۇنىڭ تېكىستلىرىگە :

ئايا دوستلار ئاخۇنۇمنى ،
ئاق بايتالغا مىنگەشتۇردۇم .
كېچە قوپۇپ قېينئانامنىڭ
كۆشەكىنى سىلاشتۇردۇم .

دېگەنلەرنى سېلىپ ، تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرىدۇ . ئاساسلىقى مەسخىرە قوشاقلىرىنى كۆپرەك ئېيتىدۇ .

بۇ ئويۇننىڭ مەزمۇنىدا ، تۆگە ياۋاش ھەم چىداملىق ھايۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغاچقا ، ئادەملەر ئۇنى ئەك بۇرۇن تۇتۇپ كۆندۈرۈپ ، ئىپتىدائىي قاتناش ۋاستىسى قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ .

ئېگىز بولۇك موللام

بۇ ئويۇن بىر كىشى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ . ئارتىس قولىغا ياغاچ تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن كىيىم كىيدۈرۈپ كۆتۈرسە ئۇزىرايدىغان ، پەسەيتسە قىسقىرايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن نەغمىنىڭ رىتىمىگە ۋە غەزەل تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . غەزەل تېكىستلىرى بۇيرۇق شەكلىدە بولۇپ :

ئېگىز بولۇك موللام ـ ئېگىز بولۇك .

دېگەندە ، موللام تۆپىگە ئېگىزلەپ ئىككى ئادەم بويى ئۇزىرايدۇ .

قىسقا بولۇك موللام ـ قىسقا بولۇك .

دېگەندە ، موللام بارغانسېرى قىسقىراپ پاكار ئادەم شەكلىگە كېلىدۇ . نەغمىكەشلەر نەغمە بىلەن غەزىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

كۇلۇپ تۇرۇپ ئويناك ، كۇلۇپ تۇرۇپ ،
يىغلاپ تۇرۇپ ئويناك ، يىغلاپ تۇرۇپ .
ئىچىڭىزگە تولغان دەردنى قويماي ،
سۆزلەپ بېرىپ ئويناك سۆزلەپ تۇرۇپ .
قۇيماق بېرەي موللام ، چايناپ بېرىك ،
نەزىر بېرەي موللام ، «دۇئا» قىپ بېرىك .
ياۋاش بولۇك موللام گىدىيىۋالماي ،
ئۇسسۇل ئويناپ موللام ، ئېغىناپ بېرىك .

دەپ ، موللامغا بۇيرۇق بېرىدۇ . نەغمىكەش نېمىدېگەن بولسا ، موللام شۇنى قىلىدۇ . بۇنىڭدا ، موللام بىلەن نەزىرنىڭ مۇناسىۋىتى تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ ، نەزىرنىڭ كېيىنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە بۇيرۇقنى ئورۇندايدۇ .

غوجالدىرىۋاق

«غوجالدىرىۋاق» دېگەن سۆز ، جۇل ـ جۇل كىيىملىك ، جەپپەرە ، جونداق دېگەن بولىدۇ . بەزىلەر بۇ ھەقتە تىل مەنىسىدىن ئېيتقاندا يۇقىرىقى جاۋابقا قوشۇلسىمۇ ، مەزمۇن جەھەتتىن باشقىچە قاراشتا بولۇپ ، «غوجالدىرىۋاق» دېگەن «خوجا بولاي دېسەڭ جاندارمالنى باق» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ، مال باققۇچىنىڭ تەقى ـ تۇرقى غوجالدىرىۋاق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ، ئاۋۋالقى نام ئىستېمالدىن قېلىپ ، چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن باب كېلىدىغان «غوجالدىرىۋاق» دېگەن نام مۇقىملىشىپ قالغان دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلگەن . مېنىڭچە يۇقىرىقى ھەر ئىككى نام مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . بۇ ناملارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندىلا ، غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلىنىڭ مەنبەسى ۋە مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ .

غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلى چارۋىچىلىق ئۇسسۇلى بولۇپ ، ئۇيغۇر رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان ، ئەسلىدە بۇ ئۇسسۇل دولانلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان . غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ناخشا تېكىستلىرى بار . ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى بۇ ئۇسسۇلنىڭ دولانلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى شەك ـ شۈبھىسىز ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ . شەكىل جەھەتتىن رول ئالغۇچى كىشى تۇماق ۋە جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ ، جاڭگالدا يۈرۈپ چاتقاللىقتا كىيىملىرى جۇلـجۇل يىرتىلىپ كەتكەن مالچى قىياپىتىگە كىرىدۇ . بەللىرىنى شويندا باغلاپ ، بىر يېنىغا سۇ ئالىدىغان قاپاقنى ، بىر يېنىغا تاماق يەيدىغان چۆچكىنى ئاسىدۇ . قولىغا مالچىغا ئوخشىتىپ بىر ھاسىنى ئالىدۇ . ئاندىن كېيىن ئۇ ، نەغمە رىتىمىگە ئاساسەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . نەغمىكەشلەر غوجالدىرىۋاق پەدىسىگە نەغمە باشلاپ :

غوجالدىرىۋاققا ـ غوجالدىرىۋاق ،
بىر ئېتىزنى تېرىساڭ بىر ئېتىزى ئاق .
كەينىڭگە باقماي ئالدىڭغا باق ،
ئەللىك ـ ئاتمىش قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غوجالدىرىۋاقتا ـ غوجالدىرىۋاق ،
قېرىغاندا چوكان ئېلىپ كىندىكىگە ياق .
ئارقاڭغا باقماي ئالدىڭغا باق ،
بار پۇلۇڭغا قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق .

غوجالدىرىۋاقتا ـ غوجالدىرىۋاق ،
قېرىغاندا قىز ئالساڭ تېنىڭ بولۇر ساق .
قېرىسىغا يولۇقساڭ تاشلاپ قېچىپ باق ،
قويلىرىڭنى ئاپىرىپ يەكەن دەرياسىدا باق .

دېگەن مەزمۇندا بىر يۈرۈش ناھايىتى كۆپ تېكىستلەرنى ئوقۇيدۇ. بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدا، دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى دىيارنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسىلەر روشەن ئىپادىلەنگەن.

دولانلىقلار قەدىمكى زامانلاردا يەكەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ كەلكۈن سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پات ـ پات قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق تۇرمۇش شارائىتىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش پايدىلىق ئىدى. يەكەن دەرياسى ۋادىسى چارۋا بېقىشقا ئەڭ ئەپلىك، پايانسىز يايلاق بولغاچقا، غەزەل تېكىستلىرىدە، يەر تېرىش مۇمكىن بولمىغاندا مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ياخشى تۇرمۇش يولى ئىكەنلىكى، ھوشيارلىق، خاتىرجەملىك، تۇرمۇش لەززىتى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن.

«غوجالدىرىۋاق» تېكىستىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ جايلار ھەقىقەتەنمۇ چارۋىچىلىقتا ناھايىتى باب جايلار بولۇپ، ھازىرغا قەدەر يەكەن دەرياسىنىڭ ۋادىلىرى دولان رايونلىرىدىن ئاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ ئىلكىدە مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ كەلمەكتە.

بوۋاي بىلەن دوغۇر

بۇ ئويۇن بىر گۇرۇپپا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر رول

ئالدىغان سىستېمىلىق خەلق تىياتىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا بىر بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ پەقەت بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۆيدىن كۆڭلى ئاغرىپ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئەر- خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ يۈرۈپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. كۈندىن - كۈن ئۆتۈپ، ئايدىن - ئاي، يىلدىن - يىل ئۆتۈپ، بۇلار قېرىپ، بىر جۈپ بوۋاي بىلەن مومايغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، بىر يەردە نەغمە - ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا، بۇ دولانلىقلارنىڭ شەھىرى ئىكەن. بوۋاي بىلەن موماي «ئوغلىمىز نەغمە ساداسى كەلگەن جايدا بارمىكىن» دەپ ئويلاپ ئۇ يەرگە بارسا، بىر ئۆيدە مەشرەپ بولۇۋېتىپتۇ. بۇلار «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ مەشرەپكە كىرىپ، كۆپچىلىكتىن:

— جامائەت، مېنىڭ بىر ئوغلۇم يوقاپ كېتىۋېدى، ئاراڭلارغا كىرىپ قالدىمىكىن، — دەپ سورىغانىكەن، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئوغلىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىدا ئوغلى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. موماي بىلەن بوۋاي دۈمچىيىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ تەنتەنە قىپتۇ.

«بوۋاي بىلەن دوغۇر» ئۇسسۇلىدا مۇشۇ چۆچەك سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر ئەر دۈمچىيىپ كەتكەن قېرى بوۋاي شەكلىگە كىرىدۇ. يەنە بىر ئەر ئايالچە كىيىم كىيىپ دۈمچەك قېرى مومايىنىڭ شەكلىگە كىرىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇلاردىن بىخەۋەر مەشرەپ ئويۇنغىلى تۇرغاندا تۇيۇقسىزلا ئىشىكتىن بىر بوۋاي بىلەن موماي كىرىپ كېلىدۇ. بوۋاي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ:

— ۋاي جامائەت! مەن بولسام ناھايىتى يىراق شەھەردىن كەلدىم. بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كەتتى، ئاراڭلارغا كەلدىمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىۋىدىم! — دەيدۇ، يەنە بىر نەپەر رول ئالغۇچى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ:

— ئۆزىڭىز نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەيدۇ. بوۋاي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇخارادىن ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ . سورىغۇچى :

— بۇخارادا قونـاق قـانداق بـاش ئالـدۇ ، كېـۋەز قـانداق ئېچىلىدۇ ؟ — دەپ سورايدۇ ، بوۋاي ئۇنىڭغا قوناقنىڭ بېشى بىلەن كېۋەزنىڭ ئېچىلىشىنى مەلۇم ئوخشىتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ ، مەشرەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىۋېتىدۇ .

بوۋايدىن :

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — دەپ سورايدۇ .

بوۋاي :

— ئوغلۇمنىڭ ئېتى «دوغۇر» ئىدى ، — دەيدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، توۋلاپ بېقىڭ ، — دېگەندىن كېيىن ، بوۋاي قولىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— ۋاي ! ... ئوغلۇم دوغۇر...— دەپ 2 ـ 3 قېتىم جېنىنىڭ بارىچە توۋلايدۇ . بىر كەمدە يەنە بىر رول ئالغۇچى بىر بۇلۇڭدىن قوپۇپ :

— ۋاي ئاتا ، مانا مەن ، — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ، بوۋاي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئىككى يانغا قايرىلىپ ، سەكرەپ ، چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ . ئۇسسۇلدىن كېيىن بوۋاي ئوغلىغا قاپىيىلىك ، بىرقەدەر يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ ، سورۇندا قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ . ئارقىدىن بوۋاي بىلەن موماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ، دولان مەشرىپىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىنى ئويىنمايلا ئاخىرىدىكى «سىيرىلما» باسقۇچنى ئويناپ ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي كۆپچىلىك بىلەن خۇشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ .

بوۋاي بىلەن شاپىدىخان

بۇ ئويۇندا ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ . بۇلاردىن بىرى ئاياللچە كىيىم كىيىپ ياسىنىدۇ . ئويۇننىڭ مەزمۇنى خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، بىر قېرى بوۋاي ناھايىتى گۈزەل بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ . بوۋاي خوتۇننى باشلاپ بىر مەرىكىگە ئاپارسا ، بۇ خوتۇنغا باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ ، ئېلىپ قاچىدۇ . بوۋاي ئاجىزلىقىدا ھېچ ئىشقا قۇدرىتى يەتمەي يىغلاپ يۈرگەندە ، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ ، خوتۇننى تېپىپ بېرىدۇ . ئەر ـ خوتۇن بىر يەرگە

جەم بولغاندىن كېيىن ، خۇشاللىقتا مۇرىسىنى- مۇرىسىگە تىرەپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ .

باخشى بىلەن كېسەل

بۇ ئويۇن بىر باخشى ، بىر كېسەل ، ئۈچ داپكەش جەمئىي بەش رول ئالغۇچى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ ، بىرى ئايالچە كىيىنىپ ، كېسەلنىڭ رولىنى ئالىدۇ . تەييار- لىق پۈتكەندىن كېيىن ، بىر تال ئارغامچىنى يەردىن تورۇسقا تارتىپ تۇغ قىلىدۇ . كېسەل بولغۇچى كىشى تۇغنى تۇتۇپ ، پېرە ئويۇنىدىكى كېسەللەر قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن دورايدۇ . باخشى بولغۇچى كىشى كېسەلگە دۇئا ئوقۇشقا ، جىنلارنى چاقىرىشقا ، ئۇنى تۇتۇپ باغلاشقا باشلايدۇ . ئۇ خەنجىرىنى كېسەلنىڭ ئۇ يەر – بۇ يېرىگە ۋە مۇھىم يەرلىرىگە چوقۇپ ، ئوسال قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدۇ . كېسەل خوتۇنمۇ باخشىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ قاش- كۆزلىرىنى ئوينىتىشقا باشلايدۇ . بۇ چاغدا داپكەشلەر غەزەلگە خەلق قوشاقلىرىدىن :

باخشىنىڭ قولىدا تۇتقان ،
قەلەي پىچاق ـ خەنجەرى بار .
تارتىدۇ تامغا زىيانداش ،
كۆڭلىدە بىر خىيالى بار .

ئەجەبمۇ تولا ئىكەن ،
باخشىلارنىڭ پېرىسى .
پېرە قىلدۇرغان خېنىمنىڭ ،
كېچىسى بار ھىيلىسى .

كېسەلگە شىپا دەيدۇ ،
باخشى قىلغان پېرىنى .
باغلايدۇ زىيانداشنى ،
ئۇخلىتىدۇ ئېرىنى .

www.uyghurkitap.com



پىرە قىلدۇرغان خېنىملار ،
يامىشۋاپتۇ جىگدىگە .
باخشى خەنجەر تەگلىگەندە ،
چاپلىشۋاپتۇ ئېرىگە .

ئاق ئۆچكىنىڭ تېرىسى ،
كۆك ئۆچكىنىڭ تېرىسى .
نېمە ئۈچۈن يوقالمايدۇ ،
باخشى كاپىر پېرىسى .

باخشى تۈتمەن دەيدۇ ،
ئادەم تېنىدە جىننى .
ئايەتنى تەتۈر ئوقۇپ ،
بۇزۇۋاتىدۇ دىننى .

باخشىلارنىڭ ئايىتى ،
شامەن - شۈمەن ئەرمىنى .
كېسەل بىلەن ئىشى يوق ،
ئاق تەڭگىدە جېدىلى .

دېگەن تېكىستلەرنى سېلىپ ، باخشى بىلەن كېسەل بولۇۋالغان خوتۇن-
لارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ، ئېرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى قاتتىق تەنقىد
قىلىپ ، يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى پاش قىلىدۇ ، بۇ ئويۇندا ئېيتىلىد
غان غەزەل تېكىستلىرى مەزمۇنلۇق ، ئاڭلاشقا قىزىقارلىق ، ھەرىكەت
لىرى كۆلكىلىك بولۇپ ، كىشىلەرگە تەربىيىۋى رول ئوينايدۇ .

«شاھ بىلەن تاياخۇن»

بۇ ئويۇن مارالبېشى ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ ، 2 -
3 ئادەم رول ئالىدۇ . بۇلاردىن بىرى پادىشاھ ، بىرى چاپارمەن ، بىرى
پۇقرا بولىدۇ . پادىشاھ پۇقرادىن سوئال سورايدۇ . چاپارمەن قولىغ
بىر تال تاياقنى ئېلىپ ، تاياخۇن جاۋاب بېرەلمىسە ئۇرۇش ئۈچۈن
دېۋېلەپ تۇرىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ ھەربىر سوئالىنىڭ ئا

خىـرىدا «دوس !...» دەپ «دوس» تارتىپ بېرىدۇ . سوئال ـ جاۋابلار مۇنداق تەرتىپتە بولىدۇ :

پادىشاھ :

— تاياخۇن ! — دەپ توۋلايدۇ . تاياخۇن :

— خوش ، — دەپ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۆرە تۇرىدۇ .

پادىشاھ :

— مەن سەندىن سوئال سورايمەن ، جاۋاب بېرەلەمسەن ؟ — دەپ سورايدۇ . تاياخۇن :

— تەقسىر ، ئاشۇرۇۋېتىمەن — دەپ جىم تۇرىدۇ . پادىشاھ سوئالنى داۋاملاشتۇرىدۇ :

ئالتە كەپتەرگە يەتتە كوۋۇك ،
يازدا ياتقانغا قىشتا ئۇۋۇك .
يازدا ئىشلىگەننىڭ تۈگىمەس ئىشى ،
سايىدا ئۇخلىغاننىڭ ئىچىنۇر...

دېگەننىڭ مەنىسى نېمە ؟ (كۆلكە )

تاياخۇن :

يازدا ئىشلىسەڭ قىشتا چىشلەيسەن ،
يازدا ئۇخلىساڭ يالىڭاچ قىشلايسەن .

دېگەن بولىدۇ .

پادىشاھ :

ھەر ئادەم «ھە» دېمىگىچە «ھە» دېيەلمەس ،
قاپقان ـ تۇزاق قويمىغىچە قىرغاۋۇل توشقان يېيەلمەس ،
مۇشۇ كۈننىڭ قىزلىرى تۇزلەڭلىكتە سىيەلمەس ،

دېگەن نېمىنى بىلدۈرىدۇ ؟ (كۆلكە )

تاياخۇن :

ھەر ئىشنى قىلمىغىچە قىلغىلى بولماس ،
چارە ـ تەدبىر بولمىسا راھەت كۆرەلمەس .
كالتە كۆڭلەك قىزلارغا ھەرگىز ياراشماس ،
تۇزلەڭ ياكى سايلىقتا سىيگىلى بولماس .

دېمەكتۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھ :

— ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ ، ئوندا ئوغلاق ، يىگىرمىدە تۈلكە ، ئوتتۇزدا بۆرە ، قىرىقتا يولۋاس ، ئەللىكتە توختا ، ئاتمىشتا نوختا دېگەننىڭ مەنىسى نېمە ؟

تاياخۇن :

— ئوغۇل بالا ئونغا كىرگەندە ھەر قانداق كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك ئوماقلىشىدۇ . يىگىرمىگە كىرگەندە قىزلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ . ئوتتۇزغا كىرگەندە ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ . قىرىق ياشقا تولغاندا يولۋاستەك كۈچلىنىپ ، تۇتقانلا نەرسىنى قومۇرۇۋالىدۇ . ئەللىككە كىرگەندە ئۆزىنى توختىتىپ ، ھەر ئىشنى ئويدان ئويلاپ ، پۇختا قىلىدىغان بولىدۇ . ئاتمىشكە كىرگەندە ، ئىبادەتكە قەدەم قويۇپ ، ساقال ـ بۇرۇتنى قويۇۋېتىدۇ . ساقال ـ بۇرۇت ئېگەكنى نوختىلاپ ، ئېغىزىنى تىزگىنلەيدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

پادىشاھ :

— ئۆلۈپ ئولتۇر ، كۆلۈپ ئولتۇر ؛ ئۆلۈپمۇ ئولتۇرالمىساڭ ، كۆلۈپمۇ ئولتۇرالمىساڭ ، ئىككى كەم ئەللىك يەرگە دوگغايتۇ دېگەن نېمە ؟ — دەپ سورايدۇ . تاياخۇن جاۋاب بېرىپ :

— ئى ئۇلۇغ شاھىم ، ئۆزلىرىدەك ئابرۇيلۇق بىر چوڭ ئاخۇنۇم سەپەرگە چىقىپ ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە مارالبېشىدەك چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ كېتىۋاتسا تەرىتى قىستاپ كېتىپتۇ ـ دە ، خالاغا كىرىپتۇ . ئىشى پۈتكەندە قارىسا ، ئىستىنجا چالمىسى ئالماي كىرگەنىكەن ، بىر نەرسە تاپالماپتۇ . ئاخىر ئامالسىزلىقتىن ئىستىنجا چالمىسى ئىزدەپ خالادىن چىقىپ ئىككى كەم ئەللىك يەرگىچە دوگغىيىپتۇ ، — دېيىشى بىلەن مەشرەپتە قاتتىق كۆلكە پەيدا قىلىدۇ . پادىشاھ بۇنىڭدىنمۇ تاياخۇننى گەپتە چۈشۈرەلمىگەندىن كېيىن ، سوئالنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ سوراشقا باشلايدۇ :

— تاياخۇن !

— خوش .

— بېشىڭىزدا نېمە بار ؟

— تاجى – دۆلەت بار .
— كۆزىڭىزدە نېمە بار ؟
— گۆھىرى زىننەت .
— ئاغزىڭىزدا نېمە بار ؟
— كەلىمە شاھادەت .
— قولىڭىزدا نېمە بار ؟
— پايى خىزمەت .
—.... دا نېمە بار ؟
— پاسكىنا ئىللەت .

بۇ چاغدا مەشرەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا بولىدۇ .

«شاھ بىلەن تاياخۇن» ئويۇنىنىڭ سوئال – جاۋابلىرىدىكى پەيكىرلەر ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ھۇرۇنلۇقنى تەنقىدلەپ، ئەمگەكچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشىنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىشىنى، ئىش – ھەرىكەتتە جۇرئەتلىك بولۇشنى، چارە – تەدبىرلىك بولۇپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ، تۇرمۇشتىكى چاكىنا ئادەملەرنى قاتتىق مازاق قىلىدۇ . پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تاياخۇندىن ئىبارەت ئاددىي خەلق ۋەكىلى بولغان پۇقرالار پېرسوناژى كەسكىن جاۋاب بېرىپ، خەلقنىڭ ئەقىل – پاراسىتىنى نامايان قىلىدۇ .

قورچاق ئويۇنى

بۇ ئويۇن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات بازىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن . ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ . مەزمۇنى «قېرى قىزنىڭ ئەر تاللىشى» دىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ماقال – تەمسىللىرىدىن : «قىز قېرىسا قازى بولۇر، كىملا كەلسە رازى بولۇر» دېگەنگە ئاساسەن تەييارلانغان .

بۇ ئويۇندا بىر كىشىنى ياتقۇزۇپ پۇتىغا قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قورچاق ياسايدۇ . بۇ قورچاق قىزنىڭ رولىنى ئالىدۇ . ئىككى يىگىت ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ، قىزدىن سوئال سوراشقا باشلايدۇ . سوئالنىڭ مەزمۇنى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئەرگە تېگەمسىز ؟
— تېگىمەن .
— كىمگە تېگىسىز ؟
— كىم كەلسە شۇنىڭغا تېگىمەن ، — دەپ بىر تۇرۇپ ئوڭ تەرەپتىكى يىگىتنىڭ كۆزىگە ، بىر تۇرۇپ سول تەرەپتىكى يىگىتنىڭ كۆزىگە تەلپۈنىدۇ . بۇ ئىشتىن ھەر ئىككى يىگىتنىڭ رايى يېنىپ ، كەتمەكچى بولىدۇ . ئۇ چاغدا قېرى قىز جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ :
— ساڭىمۇ تېگىمەن (ئوڭ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ) ، ساڭىمۇ تېگىمەن (سول تەرەپنى كۆرسىتىدۇ) ، — دەپ ھەر ئىككىسىگە تېگىشكە رازىلىق بىلدۈرىدۇ . بۇنى كۆرگەن يىگىتلەرنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ، قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ، قىز قولىنى شۇنداق ئۈزىتىپلا بىر يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالىدۇ ـ دە ، جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ :
— نەگە بارسەن ، ساڭا تېگىمەن ، قورسىقىمدا بالام بار ، دادىسى سەن ، — دەپ ئېسىلىۋالىدۇ . بۇنى ئاڭلاپ بىچارە يىگىت قورقىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ، شۇ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقتىكى ناچار ئىللەتلەرگە جانلىق ھەرىكەت بىلەن تەنقىد بېرىدۇ . بۇ ئويۇن مەشرەپتە ھەم كۈلكە پەيدا قىلىدۇ ھەم ئادەملەرگە تەربىيە كۆرسىتىدۇ . بۇلاردىن باشقا ، ھەر قايسى جايلاردا ، شۇ جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن مەشرەپ سورۇنىدا ئويناپ كەلگەن ئويۇن شەكىللىرى بار . بىر كىشى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغان «خەت ئوقۇش» ئويۇنى دەيدىغان بىر ئويۇنمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن . بۇ ئويۇندا «خەت ئوقۇغۇچى» مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۆرە تۇرۇپ ، بېلىدىكى بەلۋاغنى يېشىپ ، خېتىنى ئېچىپ تۇرۇپ ، ئۆزى توقۇغان ياكى يادلىۋالغان قوشاقلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ . ھېچ بولمىغاندا قوشاقنىڭ سانى 100 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ . ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپ خىل بولۇپ ، جەمئىيەتتىكى ئېزىش ـ ئېزىلىش ، ساختىپەزلىك ـ كاززاپلىق ، سەممىيەتسىزلىك ، جازانىخورلۇق ، پارىخورلۇق ،

ئەخلاقسىزلىق ، بۇزۇقلۇق قاتارلىقلارنى قوشاق بىلەن ئىپادىلەپ ، يامان ئىش ، يامان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ . قوشاق مەزمۇن-لىرى شۇ مەھەللە ياكى شۇ يۇرتتىكى يۈز بەرگەن ئىشلارغا ناھايە-تى ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، بۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئىنتا-يىن زور بولىدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭ ئوقۇغان قوشاقلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاشتىن باشقا ، يادلىۋالىدۇ . خەت ئوقۇش قوشاقلىرى پات پۇرس-ەتتە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ، خەلق فولكلور خەزىن-ىسىنى بېيىتىدۇ .

«خەت ئوقۇش» ئويۇنىغا ماھىر ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل كەنتىدە ئىمىن موللام دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن (1870 — 1945) بولۇپ ، ئۇ ، مەشرەپلەردە «خەت ئوقۇش» ئويۇنىدا رول ئېلىپ ، ئۆچمەس نام قالدۇرغان . ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تار-قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمى ھازىرغا قەدەر «خەت ئوقۇش» ئويۇنىدا ئۆرنەك بولۇپ كەلگەن .

دولان مەشرىپى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-سەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ كومېدىيىلىك ئويۇنلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تېخى قېزىپ تېپىلمىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بولۇشىدا شەك يوق . خىلمۇخىل تەقلىد ئويۇنلارمۇ ئاز ئەمەس .

دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان بۇ ئويۇنلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخ-قا ئىگە بولۇپ ، دولان مەشرىپىدىكى كومېدىيىلىك ئويۇنلار ھازىرقى زامانىۋى تىياتىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان . مەشرەپ ئويۇنلىرى خەلقنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل بە-لەن ئوينالسىمۇ ، مەخسۇس كىيىملەرنى كىيىپ ، گىرىم قىلىپ ، تەييارلانغان سەھنىلەردە ئوينالغان بەزى ئويۇنلاردىن ھەرگىز كەم قالمايدۇ . ئويۇننىڭ دراماتىك دىئالوگى ئاساسىي جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش .

دولان مەشرىپىدىكى تەقلىد ، تىياتىرلارنى دولان مەشرىپىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى دەپ ئېيتىش مۇمكىن .

www.uyghurkitap.com



## 6 . دولان مەشرەپ قوشاقلىرى[①]

### بىرىنچى مۇقام باش باياۋان

مۇقەددىمە

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ ،
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ .
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى ،
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ .

چېكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

بارساڭلا سالام دەڭلا ،
شۇل يارغا مېنى دەڭلا .
شۇل يارىم سوراپ كەلسە ،
شەھىرىدە ئامان دەڭلا .

ئىككىنچى ئاھاڭ

كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى ،
تال ئېگىلدى پەس بولدى .
ئارىلىق يىراق بولغاچ ،
كۆرۈشمەكمۇ تەس بولدى .

سەنەم

بىرىنچى ئاھاڭ

ئۆيىڭىز دۆڭ مەھەللىدە ،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى .

---

① «دولان مۇقاملىرى» ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، 1996 - يىل نەشرى دىكەن كىتابقا قارالسۇن .

ئۆزىڭىز ياخشى جۇۋان ،
تونۇمايسىز ياخشىنى .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئاق توشقان ، قارا توشقان ،
جاڭگالدا ئۇنىڭ ئۆيى .
پات - پات كەلسىلە يارىم ،
بىزمۇ بارىمىز گايى .

نەقرات

مەستان يار جىنىما ،
چاققان يار خىنىما ،
ئايارەي ئا دەردىما .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

چىنىدە شاراب بولسا ،
تەخسىدە كاۋاپ بولسا .
مەن تولا ئۆكۈنمەيتتىم ،
يايرىمدىن جاۋاب بولسا .

نەقرات

مەستان يار جىنىما ،
چاققان يار خىنىما .
ئا يارەي ۋاي ، ۋاي .

سەنقەس

بىرىنچى ئاھاڭ

بۇ راۋاب قانداق راۋاب ،
قوي تارىسى سالغان ساۋاب .
ياخشى مىھمان كەپتۇ دەپ ،
توي بىلىپ چالغان راۋاب .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى ئاھاڭ

كېچە بىر ئۇيقۇدا ياتسام ،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۇڭ .
گېپىڭمۇ يوق ، سۆزۈڭمۇ يوق ،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۇڭ .

نەقرات

ئىگىمەي مەستانە يارەي ،
جېنىما چاققان يارەي ، ۋاي ، ۋاي .

سىيرىلما

بىرىنچى ئاھاڭ

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك ،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان .
ئىچىمدىكى دەردىمنى ،
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان .

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا ،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاققا .
يىراقتىكى شۇ يايرىم ،
سېغىنغاندۇ بۇ چاققا .

ئىككىنچى مۇقام زىل باياۋان

مۇقەددىمە

ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ ،
سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ .
ئاھ ، غۇربەت ئىچىدە قالغان ،
يېتىمنىڭ ھالىنى دەيمۇ .

چېكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

تاغدىكى گىيالىنى ،
كەكىدە كەسمەيلىمۇ .
سەنمۇ غېرىب بولساڭ ئەگەر ،
قول تۇتۇشۇپ يۈرمەيلىمۇ .

نەقرات

ئەھۋالىم خاراب ،
جىگەرلەر كاۋاپ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى ،
پەسلى باھاردىن سوراڭ .
مەن غېرىبنىڭ ھالىنى ،
كۆڭلۈمدىكى ياردىن سوراڭ .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

سەن قاياقتىن كېلىسەن ،
مەن يىغلىسام سەن كۈلىسەن .
كۆيگىنىمنى بىلىسەن ،
نېمە ئانداق قىلىسەن .

نەقرات

ئەھۋالىم خاراب ،
جىگەرلەر كاۋاپ .

سەنەم
بىرىنچى ئاھاڭ

بۇ راۋابقا تارا يوق ،
تارا سالاغا چارە يوق .
دەردى بار دەرد تارتىدۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



دەردى يوقنىڭ كارى يوق .

نەقرات

ۋاي - ۋاي مەستان يارەي ،
ۋاي - ۋاي چاققان يارەي .
ئاھ يارەي ، ئاھ جېنىما .

ئىككىنچى ئاھاڭ

باغدا قىزىل گۈل ،
ھەر باغدا بولماس ،
ھەر باغدا بولسا ،
سېنىڭچە بولماس .

نەقرات

ۋاي - ۋاي مەستان يارەي ،
ۋاي - ۋاي چاققان يارەي ،
ۋاي يار سېنىڭ دەردىڭ .

سەنقەس
بىرىنچى ئاھاڭ

ئۆلمەمدۇ كىشى ،
ئۆلسە تىرىلمەيدۇ كىشى .
ئۆلگەندىن كېيىن ،
يار بىلەن ئوينامدۇ كىشى .

نەقرات

ئوھوي يار سېنىڭ دەردىڭ .

سىيرىلما
بىرىنچى ئاھاڭ

سەن ، سەن مېنى سەن ،

خاراب قىلدىڭ مېنى سەن .
ئوتلەرگە سېلىپ ،
كاۋاپ قىلدىڭ مېنى سەن .

نەقرات

ئوھۇي يار سېنىڭ دەردىڭ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئات ئالدىم ئېگەر بىلەن يار ئىگىل ،
بېشىدا يۈگەن بىلەن يار ئىگىل .
دەردىم تولا ئىچىمدە يار ئىگىل ،
مەن شۇنداق يۈرگەن بىلەن يار ئىگىل .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

ئۆلەرمەنمۇ ، كۆيەرمەنمۇ ،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ .
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم ،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ .

ئۈچىنچى مۇقام چۆل باياۋان

مۇقەددىمە

سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كەيسەم ،
ساڭا ئوخشامدىمەن يايرىم .
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە ،
سېنى تاشلامدىمەن يايرىم .

چېكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

قارا كۆرپە تۇماغىڭنى ،
كەيگۈم كېلىدۇ .
ھەر ناشتىدا يار لېۋىڭگە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆيگۈم كېلىدۇ .

نەقرات

ۋاي ـ ۋاي سىنىڭ دەردىڭ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئۇيان باقسام ، بۇيان باقسام ،
ئاكام كەلمەيدۇ .
يايرىم بىلەن چۆلدە ياتسام ،
قورققۇم كەلمەيدۇ .

نەقرات

ۋاي ـ ۋاي سىنىڭ دەردىڭ .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن ،
مۇز داۋان بىلەن .
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن ،
بىر يامان بىلەن .

نەقرات

ۋاي ـ ۋاي سىنىڭ دەردىڭ .

تۆتىنچى ئاھاڭ

كۆيىمەنا ، كۆيىمەن ،
قاشى قاراغا كۆيىمەن .
كۆزلىرىنى ئويىنتىپ ،
جاننى ئالاغا كۆيىمەن .

نەقرات

مەستان يارەي ، جاننى ئالاغا كۆيىمەن .

سەنەم

بىرىنچى ئاھاڭ

باغىڭغا كىرىپ باقسام ،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق .
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئۇ قاتىدا سەن بولساڭ ،
بۇ قاتىدا مەن يايرىم .
ئانار گۈلى سەن بولساڭ ،
يوپۇرمىقى مەن يايرىم .

نەقرات

يار سىنىڭ دەردىڭ .

سەنىقەس

بىرىنچى ئاھاڭ

راۋاب چالدىم پەدىگە ،
سىز يايرىمىنىڭ دەردىگە .
تۇرالامسىز قارا كۆز ،
ئاخشام قىلغان ۋەدىگە .

نەقرات

يار سىنىڭ دەردىڭ .

سىيرىلما

بىرىنچى ئاھاڭ

باراي دەپتىم بارالمىدىم ،
هويلا باغىڭغە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاچ باغىڭدىن بىر تال ئالاي ،
تۇما باغىمىگە .

نەقرات

ئىگىمەي مەستان يارەي ،
ئاھ جېنىما چاقىان يارەي .

ئىككىنچى ئاھاڭ

يار بىلەن ئوينايمەن دەپ ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم .
يايرىمىنىڭ ياغلىقىدا ،
تاڭسام ساقايمادۇ قولۇم .

تۆتىنچى مۇقام ئۆتەك باياۋان

مۇقەددىمە

ئېچىم قايناپدۇ ، قايناپدۇ ،
قازاندا قاينىغان چايدەك .
سېنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم ،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك .

چېكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

ھاۋادا ئۇچار قۇشمەن ،
خېنىم گەپ قىلماڭ بىھوشمەن .
قەدرىمنى بىلەر بولساڭ ،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن .

نەقرات

ئاھ جېنىما مەستان يارەي ،
ئاھ خېنىما چاقىان يارەي .

ئىككىنچى ئاھاڭ

مەن كىمنى دەپ ئولتۇردۇم ،
سەن يارنى دەپ ئولتۇردۇم .
ئوقەتكە كۆيۈش قىلماي ،
غەم ـ قايغۇدا ئولتۇردۇم .

نەقرات

ئاھ جېنىما مەستان يارەي ،
ئاھ خېنىما چاققان يارەي .
ۋاي نەدۇر خىيالىڭ .

سەنەم
بىرىنچى ئاھاڭ

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى .
چەككىلى تاماكا يوق ،
ئوينىغىلى نەدە كىشى .

نەقرات

ۋاي ـ ۋاي مەستان يارەي ،
ۋاي ـ ۋاي چاققان يارەي .
ئايارەي نەدۇر خىيالىڭ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

يايرىم بارمىغان تويغا ،
مەن سورىماي بارالمايمەن .
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك ،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن .

نەقرات

ۋاي ـ ۋاي مەستان يارەي ،
ۋاي ـ ۋاي چاققان يارەي .
ئاھ يار سېنىڭ دەردىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەنقەس

بىرىنچى ئاھاڭ

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ ،
يايرىم شىپاڭدا ئوينايدۇ .
يايرىم يادىمغا يەتكەندە ،
ئىچىمدە ئوتلار قاينايدۇ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

قارا دەيدۇ ، قارا دەيدۇ ،
قارا مەندە يوق .
قاراسۇقنىڭ قاسىراقىدەك ،
گۇناھ مەندە يوق .

نەقرات

ئىگىما مەستان يارەي ،
ئاھ جېنىما مەستان يارەي .

سىم – سىم دەيدۇ ، سىم – سىم دەيدۇ ،
سىملار قوينۇمدا .
قىلچە گۇناھ مەندە بولسا ،
قىلىچ بوينۇمدا .

نەقرات

ئىگىما مەستان يارەي ،
ئاھ جېنىما چاققان يارەي .

سىيرىلما

بىرىنچى ئاھاڭ

ئاتادەك مېھرىبان قايدا ،
ئانادەك مېھرىبان قايدا .
بېشىمغا كۆنلەر چۈشكەندە ،
ئانادەك غەمگۇزار قايدا .

ئىككىنچى ئاھاڭ

سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى ،
مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى .
بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ ،
زەپ بىلمىدىڭ قەدرىمنى .

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن ،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن .
ئارىدا ئىككى قونۇپ ،
يار قېشىغا يېتىمەن .

بەشىنچى مۇقام بوم باياۋان

مۇقەددىمە

كەلدىم كۆرەي دەپ يارنى ،
ئاي پەرى رۇخسارىنى .
كۆرگىلى بولمايدىكەن ،
ئايدەك گۈزەل جامالىنى .

چېكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق .
كىشىنىڭ يايرى يار بولامدۇ ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئاللا يايرىم خىيالىڭنى ،
بىلىپ بولمايدۇ .
سەنلەر يۈرگەن كوچىلاردا ،
يۈرۈپ بولمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەنەم

بىرىنچى ئاھاڭ

ئايغا ئوخشاش يۈزىڭىز ،
چولپانغا ئوخشاش كۆزىڭىز .
خەلقىئالەم قىزلىرىغا ،
ئوخشىمايسىز ئۆزىڭىز .

نەقرات

قارا كۆزلەر ئوينايدىكەن ،
ئويناپ ، ئويناپ يىغلايدىكەن .
قەلەمدەك قاشلارىڭىز ،
يەلپۈنەدۇر ساچلارىڭىز .

ئىككىنچى ئاھاڭ

كېچىمۇ كېچە بولسا ،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا .
مەن يايرىمنى تاپقاندا ،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

هويلاڭدىكى تېرەككە ،
لاچىن قوندۇرالامسەن .
بىز ئىككىمىز يار بولساق ،
يۈرەكنى قاندۇرالامسەن .

نەقرات

جېنىم ئاچا ، خېنىم ئاچا ،
دەرد تولا يۈرەك پاچا .

سەنىقەس

بىرىنچى ئاھاڭ

سەندەك قىزىل گۈل ،
ھەر باغدا بولماس .
ھەر باغدا بولسا ،
سېنىڭچە بولماس .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن .
كىشىنىڭ يايرى يار ئەمەس ،
ھىجىيىپ تۇرغان بىلەن .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

يار دەردمەن ئادا بولدۇم ،
دەردكە مۇپتىلا بولدۇم .
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى ،
ئاشىق بىقارار بولدۇم .

مېڭىشىڭنى يولدا كۆردۈم ،
يېنىشىڭنى كوچىدا .
كوچىدا باسقان ئىزىڭ ،
بەلۋېغىمنىڭ ئۇچىدا .

سىيرىلما
بىرىنچى ئاھاڭ

كېتىپ بارىدۇ يولدا ،
شايى ياغلىق قولىدا .
كېتىپ بارسا توسماڭلار ،
نامەھرەم بولۇر يولدا .

ئىككىنچى ئاھاڭ

سېنى دەيمۇ ، سېنى دەيمۇ ،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ.

### ئۈچىنچى ئاھاڭ

نەگە بارسەن قاغا،
ئۆركەش تامدىكى يارغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
باغرىم قانمىدى يارغا.

### تۆتىنچى ئاھاڭ

ئاتاسى يوقمىدۇ يارنىڭ،
ئاناسى يوقمىدۇ يارنىڭ.
بىرىپ چۆللەردە ياتقۇچە،
ماكانى يوقمىدۇ يارنىڭ.

## ئالتىنچى مۇقام سىم باياۋان

### مۇقەددىمە

كېلىڭلار يارى دەردمەنلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغان يارنىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

### چېكىتمە

### بىرىنچى ئاھاڭ

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمىسۇن.
سالا كويغا خۇدا سالدى،
يامان دېمىسۇن.

### ئىككىنچى ئاھاڭ

جانى جانىم كېلىدۇ،

بۇلبۇل ئاۋازى كېلىدۇ .
قوپقىلى مادارى يوق ،
بىچارە يارىم كېلىدۇ .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

ياتىنىڭ ئۇتى ئۆچۈپ قالار ،
ئۆيگە بارغۇچە .
مەشۇق ئوتى ئۆچمەس ھەرگىز ،
قېرىپ ئۆلگۈچە .

سەنەم
بىرىنچى ئاھاڭ

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ ،
ئاچقان سۇلىرىڭ قايسى .
بىزنى يامان دەپ بېرىپ ،
تۇتقان يالىرىڭ قايسى .

نەقرات

ئاللا ، ئاللا كۇلەلا ،
دەرد كەلگەندە بىلەلا .

ئىككىنچى ئاھاڭ

يايرىمىنىڭ ئاتاسى يوق ،
بېلىدە پوتاسى يوق .
يېڭىياچە يار تۇتسام ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق .

ئۇچىنچى ئاھاڭ

گۇل تۇۋىدە ئولتۇرۇپ ،
گۇل سۇيى گۇلگە تامار .
ئارزۇلۇقىنىڭ ئارزۇسى ،
يارنى كۆرگەندە قانار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تورغاي قوندى يانتاقتا ،
قۇشقاچ قوندى قامغاقتا .
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي ،
ئورناپ كەتسۇن تامغاقتا .

نەقرات

ئاللا ، ئاللا ، كۇلەلا ،
دەرد كەلگەندە بىلەلا .

سەنەقەس
بىرىنچى ئاھاڭ

لىپۇلڭ دەيمۇ لىپۇلڭ دەيمۇ ،
لىپۇڭنى لەيلىگۇل دەيمۇ .
سالام قىلسام ئېگىلمەيسەن ،
قۇچاقىڭدا بالاڭ بارمۇ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئۇيان ئۆتىدۇ بىر گۇل ،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۇل .
ئىككى گۇل ئاراسىدا ،
سايراپ ئۆتىدۇ بۇلبۇل .

سىيرىلما
بىرىنچى ئاھاڭ

ئوينىدۇق ۋاي ئوينىدۇق ،
ئاقسۇ ، كۇچادا ئوينىدۇق .
مېھرىبان يايرىم بىلەن ،
بەزمىلەردە ئوينىدۇق .

نەقرات

ئاھ يار پەلەك ، كۆيدۇ يۈرەك ،

كىلىنىڭ ئوينايلى ، چوكان سىڭىلەك .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئاللا بوز ئات ، قارا بوز ئات ،
بويىنۇڭنى ئۇزات .
بىر ئاخشامدا يارىم قاشىگە ،
يەتكۈزگىن بوز ئات .

ئوقەت قىلمىدىڭ دەيسەن ،
قانداق قىلىمەن ئوقەت .
يار يادىمغا يەتكەندە ،
تەندە قالمىدى تاقەت .

يەتتىنچى مۇقام جۇلا

مۇقەددىمە

سىرىق سەبدە تولۇن ئايدەك ،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ .
سىنىڭ ئىشقى ـ پىراقىڭدا ،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ .

چىكىتمە

بىرىنچى ئاھاڭ

باردى دەيدۇ ، ياندى دەيدۇ ،
مەيلىم ئۈزۈمنىڭ .
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن ،
يايرىم ئۆزۈمنىڭ .

ئىككىنچى ئاھاڭ

شاپتۇلۇڭنى مەن يېمەيمەن ،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ .
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە ،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچىنچى ئاھاڭ

چىللاڭ توخام، چىللاڭ توخام،
يايرىم ئويغانسۇن .
لەۋلىرىدىن چىشلىۋالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن .

سەنەم
بىرىنچى ئاھاڭ

قەشقەرنىڭ بازارىدا،
رەڭمۇرەڭ تاۋارى بار .
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
ياخشى يار خۇمارى بار .

ئىككىنچى ئاھاڭ

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش .
سۆيەي دېسەم بويۇم پەس،
ئېگىلەمسەن قەلەم قاش .

ئۈچىنچى ئاھاڭ

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
قاما بىلەن قۇندۇزى بار .
كەچ بولسىمۇ كەل يايرىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇزى بار .

نەقرات

مەستان يارەي ئاھ يارەي .
چاققان يارەي ئاھ يارەي،
ئاھ يارەي جېنىما .
ئايارەي .
ۋاي باغ بىلەن بوستان،

كېلىنلىك ئويناپلى .
ئايار بىلەن چوكان .

سەنىقەس
بىرىنچى ئاھاڭ

سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم ،
بىر جان ئەمەسمۇ .
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم ،
قۇربان ئەمەسمۇ .

نەقرات

ئاباغ بىلەن بوستان ،
كېلىنلىك ئويناپلى .
ئايار بىلەن چوكان .
جۇۋان ئايلام چوكان ئايلام ،
قايان بارىسەن .
ناماز شامدا گۈلنى قىسىپ ،
جاننى ئالىسەن .

سىيرىلما

سارايمۇ ساراي ،
كۆرگىلى كەلدىم .
ياخشى يايرىمنى ،
سۆيگىلى كەلدىم .

مەن يارنى كۆردۈم ،
ئاھۇ نادامەت .
ھەر جايدا بولساڭ ،
بولغىن سالامەت ١٠

سەككىزىنچى مۇقام دۇگامەت باياۋان

مۇقەددىمە

ئاتام بۇ يولنى كۆرسەتتى ،
ئانام بۇ يولنى كۆرسەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆيەك ئوتى يامان ئىكەن،
بېهىش، دوزاخنى كۆرسەتتى.

چېكىتمە

بىرىنچى ئاهاڭ

تۇتما دېسەم خويمۇ تۇتتۇڭ،
بىلەكلىرىمنى.
ئىشقى ئوتى كۆيدۈرىدۇ،
يۈرەكلىرىمنى.

مەيلى قانداق تېڭىپ بولسۇن،
تومۇرنى تۇتار.
يار ئاغرىقى يۈرەكىمدە،
ئۇنى كىم ئۇقار.

سەنەم

بىرىنچى ئاهاڭ

غاز كۆلىنىڭ بازارىدا،
بىر بالىغا كۆيدۈمەن.
شۇ بالىغا ئېيتىڭلار،
مۇنداق جاندىن تويدۇمەن.

ئۆلسەممۇ چىقاي چۆلگە،
بىر موللاق ئاتاي كۆلگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى ياقاي يەرگە.

سەنقەس

مەن يارنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
ئەقلى - هوشۇم يوق.
دىۋانە بولدۇم.

نەقرات

شېرىن جان قارا كۆز ،
ئالتۇن جان قارا كۆز .
ئالما ـ ئانارنىڭ ياپراقىدەك ،
ئويناڭ قارا كۆز .
دىۋانە قىلغان ،
قارا كۆزۈڭدۇر .
ئوتلەرگە سالغان ،
شېرىن سۆزۈڭدۇر .

نەقرات

سىيرىلما

بىرىنچى ئاھاڭ

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ ،
بېھىنىڭ تاياقىمۇ .
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق ،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ .

نەقرات

شېرىن جان قارا كۆز ،
ئالتۇن جان قارا كۆز .
ئالما ـ ئانارنىڭ ياپراقىدەك ،
ئويناڭ قارا كۆز .

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا ،
كۆرۈنگەن دەرەخ بىزنىڭ .
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن ،
كۆيدۇ يۈرەك بىزنىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## توققۇزىنچى مۇقام خۇدەك باياۋان

### مۇقەددىمە

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا ،
ئاق يەرگە ساراي سالسام .
ۋاپادار نىگارىمنىڭ ،
بويىنغا گىرە سالسام .

### چېكىتمە
### بىرىنچى ئاھاڭ

ئىرماشلى ، چىرماشلى ،
شايى كۆڭلەككە .
شايى كۆڭلەك تۈگمىلىرى ،
تەگدى يۈرەككە .

يايرىم بىلەن ئوينىۋالاي ،
ۋەسلىگە تويۇپ .
ئەمدى قېنىپ ئوينىۋالاي ،
ئۇيقۇنى قويۇپ .

### سەنەم
### بىرىنچى ئاھاڭ

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە ،
ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە .
بىر سىقىم ئوسما بېرەي ،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە .

### نەقرات

مەستان يارەي ، چاقجان يارەي .

ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر ،
ئاپپاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر .
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ ،

يايرىم ماڭغان كوچىلار .

سەنقەس
بىرىنچى ئاھاڭ

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن ،
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك .
كەلگىن يايرىم ئوينايلى ،
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك .

نەقرات

ھەي شېرىن جان ، ھەي ئالتۇن جان .

يايرىمنىڭ ئۆيى باشقا ،
بىللە ماڭىمىز قاشتا .
مەن يايرىمنى بىر سۆيسەم ،
ھەپتىلىك بولار ناشتا .

نەقرات

ھەي شېرىنجان ، ھەي ئالتۇنجان .

سىيرىلما
بىرىنچى ئاھاڭ

جۇپ قولۇمدا قوش كەكە ،
بوسۇغاڭنى كولايمەن .
ئاخشاملىقتا سەگەك يات ،
تۇن تەڭ بىلەن تۇۋلايمەن .

نەقرات

ھەي شېرىنجان ، ھەي ئالتۇنجان .

ئات ئوقۇردا ئامانمۇ ،
بېدە يەمدۇ سامانمۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەق ئۆينىسا ھىچ گەپ يوق ،
بىز ئۆينىساق يامانمۇ .

نەقرات

ھەي شىرىنجان ، ھەي ئالتۇنجان .

## دولان مەشرەپلىرىدىكى ئۇششاق پەدە ناخشىلىرى

قەمبەرخان

قەمبەرخاننىڭ سازىمەن ،
كۆلدىن ئۇچقان غازىمەن .
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن .

قەمبەرخاننىڭ نىمىسى ،
قوللىرىدا خىنىسى .
خىنە قويسا قويمامدۇ ،
يۈز ئۆرگىنى نىمىسى .

قەمبەرخان سىخىي بوپتۇ ،
دەردمەنلەر كېلىپ كۆرسۇن .
بىزنى ئايرىغان دۈشمەن ،
دوزاخ ئوتىدا كۆيسۇن .

ھاجى ئاتام

پىچىقىمىنىڭ دەستىسى ،
يىلان بىشى ، كەكلىك قىشى .
ھاجى ئاتامنىڭ ئۆينىشى ،
ئاقساق مارال مارالبېشى .

نەقرات

ھەي ئاللاجان ئاللا ، قۇرباندۇر جانلار ساڭا .
ھاجى ئاتام كىردى باققا ،

سەللىسىنى ئىلدى شاخقا .
كەتتى ئۆزى جەننەت باققا ،
بىزنى قويۇپ ھەسرەت – داققا .

نەقرات

ئوينىدۇققا ، ئوينىدۇق ،
ئاقسۇ ، كۇچادا ئوينىدۇق .
قارا كۆزگە ياش ئېلىپ ،
ئاھ ئىسىت دەپ يىغلىدۇق .

ئاللا بالا

ئوسما قويغان قىز بالا ،
قاشلىرىنى داغلايدۇ .
يۈرەكتىكى دەردىمنى ،
كىمگە ئېيتسام ئاغلايدۇ ، ئاللا باللا .

نان پىشۇرغان تونۇرمۇ ،
خىش پىشۇرغان خۇمدانمۇ .
مېنى شۇنداق كۆيدۈرسىلە ،
ئۆزلىرىگە ئوبدانمۇ .

دۇتتۇرۇم بار توققۇز كۆز ،
دۇشمەن تاپتى يالغان سۆز .
دۇشمەن تاپسا تاپمامدۇ ،
ئايرىلمايلى قارا كۆز ، ئاللا باللا .

ئويناسۇن

ئۇيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن ،
بۇيانىغا تاشلاپ ئويناسۇن .
ساچىغا ئاسقان لېنتىسىنى ،
يانىغا تاشلاپ ئويناسۇن .

كېلىنلەر يايرىم ئوينايلى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېچكىم چەتتە قالماسۇن .
كىمنىڭ كۆڭلى كىمدە بولسا ،
قويۇپ بېرىڭ ئويناسۇن .

ھويلاڭدىكى قۇدۇققا ،
سەدەپ تاشنى تاشلايمىز .
دوست ـ دۇشمەننىڭ ئالدىدا ،
كۆز تاشلىشىپ ئوينايمىز .

يايرىم قارا كۆز

ئالما بەردىڭ قولۇمغا ،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا .

باغىڭغا كىرىپ باقسام ،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق .
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق .

باغىڭدىكى ئالمانى ،
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن .
مەسۇم چىرايلىقنى ،
قاچانغىچە كۆرمەيمەن .

تۇمۇچۇق خېنىم

ئۇ قاتتىمۇ يايرىم بار ،
بۇ قاتتىمۇ يايرىم بار .
ئۇقاتتىكى يايرىمدىن ،
ئۆلگۈچە تامايىم بار .
تۇمۇچۇق خېنىم .

ئېرىق چاپتىم قاش قويۇپ ،

ئىككى يانغا تاش قويۇپ .
بىرگە ئۆتسۇن ئۆمرىمىز ،
بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈنۈپ .
تۇمۇچۇق خېنىم .

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ ،
غوجىئاۋاتنىڭ تېرىكى .
بىز ھەقىقىي جۈپ بولساق ،
پۇلنىڭ نېمە كېرىكى .
تۇمۇچۇق خېنىم .

## بۇلبۇل سايرىغان باغدا

بۇلبۇل سايرىغان باغدا ،
غۇنچە پورەك ئاتامدۇ .
ماڭا كەلسە دەرد ـ ئەلەم ،
يارىم ھەسرەت چەكمەمدۇ .

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان ،
ئايغا كۆيىدۇ بۇ جان .
كەيگەن كۆڭلەكنى خەسە ،
تۇگمىسى يالاڭ مارجان .

كېچە ياتتىم غەم بىلەن ،
كۆزۈم ياشۇ نەم بىلەن .
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز ،
مېھرىبانىم سەن بىلەن .

## بوستان چاچ بالا

بىرىنچى ئۆزگىرىش

قېشىڭ بىلەن قارايسەن ،
زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن .
مەن سېنى نېمە قىلغان بوستان چاچ بالا ،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەقرات

ئويىنىۋالاي ئايدىڭدا ، مەنمۇ بارمۇ يادىڭدا .

قارچىغام قونۇۋالدى ،
ئارقىمدىكى تېرەككە .
تاتلىق ـ تاتلىق گەپ قىلىپ ، بوستان چاچ بالا ،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە .

نەقرات

ئاللا ، ئاللا لەيلەڭلا ، ئوينىمىساڭلا مەيلىڭلا .

ئىككىنچى ئۆزگىرىش

گۈل بەرگىنى قىسقىچە ،
غۇنچە قىسقان ياخشىراق .
بىۋاپا يار تۇتقىچە ،
يارسىز يۈرگەن ياخشىراق .

كىچىككىنە باغچىدا جېنىما ، خېنىما ،
مايسا كۆك بولامدىكىن .
كىچىككىنە يايرىمغا جېنىما ، خېنىما ،
يار كېرەك بولامدىكىن .

ئۈچىنچى ئۆزگىرىش

جۇۋان ئايلام ، چوكان ئايلام ،
سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن .
سېنىڭ مەلەڭگە بارغاندا ،
ساڭا يالغانچى بولمايمەن .

نەقرات

هەي ئاچا جېنىم ئاچا ، دەرد تولا يۈرەك پارچە ،

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى زەيسۇ ،
خېنىم پەشمەكنى كەيسەڭچۇ .

ناۋات ئاغزىڭ تۇرۇپ تۇرسۇن ،
شېكەر ئاغزىڭدا سۆيسەڭچۇ .

ئاقتام پەدىسى
بىرىنچى ئاھاڭ

لاچىن قونمىغان تېرەك ،
سويما سالمىغان پېلەك .
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ ،
يارغا قانمىغان يۈرەك .

كۆيۈپ قالدىم ئۆزۈڭگە ،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە .
ئالتە ئاي بولدى كۆيگىلى ،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە .

ئاق تاۋاردا كۆڭلىكىم ،
كۆك تاۋاردا كۆڭلىكىم .
مەن يارىمغا بەرگىنىم ،
ئالما ئەمەس يۈرىكىم .

لەيلىگۈل

ياخشىلارنىڭ يارىمەن ،
كۆڭلىدىكى بارىمەن .
قولغا ئېلىپ چالغاندا ،
راۋابنىڭ تارىمەن .

ئالما ئاتسام دەرياغا ،
لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ .
سەن يارىمنىڭ ئوتلارى ،
يالقۇنلايدۇ ئۆچمەيدۇ .

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام ،
سەن يايرىمدىن خەۋەر يوق :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىنىڭ ئۈچۈن دەرد تارتىپ ،
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق .

### ئاقتام پەدىسى

مەن راۋابنى چالىمەن ،
كەلسە - كەلمەس پەدىگە .
ئون جىنىمنىڭ بىرسى يوق ،
سەن يايرىمنىڭ دەردىدە .

مەن شۇنداق بولارمەنمۇ ،
يالقۇندا ياتارمەنمۇ .
خۇدايىم كىگىز بەرسە ،
سىلىپمۇ ياتارمەنمۇ .

كىتىپ بارىمەن دەردمەن ،
قولۇمدا يوغان كەتمەن .
دەردىگنى ماڭا ئېيتما ،
مەن سەندىن يامان دەردمەن .

### سەيلە قىپمىدۇق

باغدا سەيلە قىپمىدۇق ،
ئالما ئۈزۈپ يەپمىدۇق .
مۇرادقا يەتمەي تۇرۇپ ،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق .

چامغۇرلۇقتا چامغۇرلۇق ،
چامغۇرلۇقچە ماڭغۇلۇق .
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ،
ماڭا نىمە تاتقۇلۇق .

يار كىتىشتىن قورقمايمەن ،
ئۈستەڭلىرىم ئىگىز قاش .
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن ،

خۇما كۆزلۈك قەلەم قاش .

## بۇلبۇلۇك بولاي

بۇلبۇلۇك بولاي يايرىم ،
شاخىڭغا قوناي يايرىم .
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك ،
ۋەسلىڭگە قاناي يايرىم .

ئىشىك ئالدى باغ يايرىم ،
باغ ئىچىدە گۈل يايرىم .
چىدىمايدىكەن يۈرەك ،
ھەر ئاخشىمى كەل يايرىم .

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ ،
بېيىنىڭ تاياقىمۇ .
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق ،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ .

## ئۆيناڭ سارىخان

ئۇمىنى ئوراي دېسەم ،
چېچىلارمىكىن دەيمەن .
بىللە ئوينىساق كۆڭلۈڭ ،
ئېچىلارمىكىن دەيمەن .

تاماكىنىڭ ئاچچىقى بار ،
ناۋات قوشۇپ چەكسىلە .
يۈرەكلىرى چىدامدۇ ،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە .

ئۆينىڭ كەينى بېدىلىك ،
چۆرىسىدە جىگدىلىك .
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ ،
گېپى تاتلىق مەززىلىك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



## بىكىلىگە قارا كۆز
(مۇناجات)

سىم ـ سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى ،
دەريانى بويلاپ .
ئىككى كۆزۈم ئەما بولدى ،
يولۇڭغا قاراپ .

نەقرات

بىكىلىگە قارا كۆز ، بىكىلىگە قارا كۆز ،
باغدا ئوينايلى ، چىرمىشىپ ئوينايلى .
ئۇيان باقسام ، بۇيان باقسام ،
ئاكام كەلمەيدۇ .
يايرىم بىلەن بىللە بولسام ،
قورققۇم كەلمەيدۇ .

دارى دەيدۇ دارى دەيدۇ ،
قىچىنىڭ ياغىنى .
ئەقلىڭ بولسا سۆيمە ھەرگىز ،
كىشىنىڭ يارىنى .

يايرىم قېشىمدا

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدىن ،
سىيرىلدىم تۇزگە .
بىلەمسىزكى ، بىلمەمسىزكى ،
مەن كۆيدۈم سىزگە .

نەقرات

ئاق بىلىكىم بويىنىڭىزدا ،
دوپپام بېشىمدا .
ئاخشام يېتىپ سەھەر قوپسام ،
سەن يوق قېشىمدا .

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا ،
قۇرغۇي ئەگىيدۇ ،
چىن ۋاپادار يايرىڭ بولسا ،
يۈرەك سەگىيدۇ .

ئوي ئويلايسەن ، ئوي ئويلايسەن ،
ئويچىمىدىڭ سەن .
تاغ باغرىدىن كېلەلمەيسەن ،
قويچىمىدىڭ سەن .

قويچى بولساڭ قويلارىڭنى ،
بىرگە باقايلى .
ئىشچانلارنىڭ يۈرىكىگە ،
ئوتلار ياقايلى .

گۈل يايرىمنىڭ باغلىرى

ئۆستەڭ بويىغا چىقسام ،
گۈلنىڭ شېخى ئېگىلىشكەن .
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ،
سىز يايرىمدەك كېلىشكەن .

نەقرات

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا ،
ئۈن تاسقايدۇ لەڭزىدە .
بىزنىڭ قارىقاش يارىنىڭ ،
قان توختايدۇ مەڭزىدە .

نەقرات

زەپمۇ ئىللىق خۇش پۇراق ،
گۈل بېغىمنىڭ ھاۋاسى .
شۇ باغدىلا تېپىلار ،
يۈرىكىمنىڭ داۋاسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەقرات

گۇل يايرىمنىڭ باغلىرى ئىشەلدە ،
سىزدەك گۈزەل بارمىدۇ مۇشۇ يەلدە .

ئىگىمەي

گۇل ئېچىلسا نېمە بولۇر ،
غۇنچە ئېچىلسا نېمە بولۇر .
بىر قېتىم قىلغان گۇناھنى ،
يايرىم كەچۈرسە نېمە بولۇر ئىگىمەي .

يارنىڭ يارى تولا ،
سەندىن بۆلەك ، مەندىن بۆلەك .
مەن تېخى يار تۇتمىدىم ،
قارا كۆز سەندىن بۆلەك .

قاش ـ كۆزۈڭنى ئوخشىتاي ،
ئويناپ تۇرغان بۇلاققا .
بولسا قانچە گۇناھىم ،
ئۆزۈڭ ئالغىن سوراققا ئىگىمەي .

ئامبال بولامىلا
(قوش تېپىك)

ئامبال ئويناىدۇ ،
چۆگۈن قايناىدۇ ،
خام قايناق چاينى ،
ئىچكىلى بولمايدۇ .

ئامبال بولامىلا ،
دوتەي بولامىلا .
داغا چىققاندا ،
چاققان بولامىلا .

ئامبال ئالدىدا ،

دوتەي كەيىندە .
بىر سۆيۈپ قويۇڭ ،
تامىنىڭ كەيىندە .

ئامبالنىڭ قىزى ،
دوتەينىڭ قىزى .
چوقۇ دىمەڭلا ،
چىچەكنىڭ ئىزى .

## 7 . دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى

دولان مەشرەپلىرىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا جايلاردىكى مەشرەپ- لىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك ، بۇنىڭ پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى- لا بولماي ، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئىجتىمائىي رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ .

ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر مەشرەپلە- رىنى خېلى مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىنتىزامى بولغان خەلق مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ . مەشرەپلەر ئەڭ ئاۋۋال خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپە- دۇر . چۈنكى ، مۇشۇ سورۇن ، مۇشۇ مەكتەپتە (ئەلۋەتتە باشقا ئامىل- لارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ) باي ۋە رەڭمۇرەڭ خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن ۋە تەدرىجىي پىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . بۇ مەكتەپنىڭ ئىجادچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى بولغان خەلق تارقاق ھالدا ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان ناخشا - قوشاق ، ساز - نەغمىلەرنى ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوينالغان ئۇسسۇل ۋە قىزىق ئويۇنلارنى مەشرەپ ۋاستىسى بىلەن جەملىگەن ھەمدە مەشرەپ ئەھلىگە ئومۇملاشتۇرغان .

مەشرەپلەر بىر فولكلور مەكتىپىدۇر . چۈنكى ، مۇشۇ مەشرەپتە ناھايىتى نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا كەلگەن ھەم تارقاق بول- غانلىرى توپلانغان ۋە رەتلەنگەن . ئۇلار مەشرەپتىن - مەشرەپكە ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىپ ، بارغانسېرى كۆپىيىپ ، پىشىپ بارغان شۇنداقلا مەشرەپلەر خەلق كومېدىيىلىرى سەھنىسى بولۇپمۇ خىزمەت قىلىپ كەلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەنە بىر تەرەپتىن ، مەشرەپلەر كىشىلەرنى ، بولۇپمۇ ياشلارنى ئەخلاق ، مىللىي ئۆرپ – ئادەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان ، مىللىي ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر مەكتەپ . مەشرەپلەر ئارقىلىق ياش ئەۋلادلار قائىدە – يوسۇن ئۆگىنىدۇ ، مىللىي ئۆرپ – ئادەت ۋە سەنئەتنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ . مەشرەپلەر ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ، كوللېكتىۋىزملىق روھنى سىڭدۈرۈش ۋە مېھماندوستلۇقنى جارى قىلىشنىڭ ۋاستىسى . شۇنىڭ ئۈچۈن دولان خەلقى ئۆز مەشرەپلىرىنى قەدىرلىك بىر گۆھەر ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ زور ئىجتىمائىي رولى ، قۇدرەتلىك كۈچىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە[1] .

## 8 . دولان چالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن باشلاپ ناخشا – ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ماھىر خەلق . ناخشا – ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا بىرەر خىل مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئۇچرايدۇ . خەلق ئارىسىدا ھەتتا مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆيىنىڭ تۆرىگە بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېسىپ قويۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان .

ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن . بۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا ۋە سەنئەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇيغۇر مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ كۆپ ئۇدارلىق ، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەشرەپ – مۇقاملىرى ، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبە – ئېقىنلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە شەكلى خىلمۇخىل ، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك

---

① «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ پەن – تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2002 – يىل 8 – ئاي نەشرى ، 350 – بەت .

يۇراقتا ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى ئىچىدە قېلىپلاشقان ۋە يۈرۈشلەشكەن خەلق مۇقاملىرى ، خەلق ناخشىلىرى ، مەشرەپ ۋە سەنەم ئەلنەغمىلىرىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئورۇنلاشتا خاس ئىشلىتىدىغان قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى بار ، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن دولان مۇقامى بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە .

دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى قالۇن ، دولان راۋابى ، دولان قىل غېجەكى ، يۇقىرى ئاۋازلىق نەغمە داپ ، ئوتتۇرا ئاۋازلىق نەغمە داپ ، تۆۋەن ئاۋازلىق نەغمە داپ قاتارلىق ئالتە خىل چالغۇ ئەسۋابتىن تەركىب تاپقان . ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ باش نەغمىچى يۇقىرى ئاۋازدا مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇيدۇ . مۇقام باشلىنىشتا ئالدى بىلەن قالۇن ، دولان راۋاب ، دولان قىل غېجەك مۇقام ئاھاڭى بىلەن باشلايدۇ . دېمەك ، قالۇن بىر خىل مېلودىيىدە چالسا ، دولان راۋاب باشقا خىل مېلودىيىدە چالىدۇ . دولان قىل غېجەك بىر خىل مېلودىيىدە مۇقەددىمە ئوقۇيدۇ . مۇشۇ خىل ئورۇنلاش ئۇسۇلىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، دولان مۇقام ئاھاڭلىرىدا مۇستەقىل ئۆزىگە خاس تەبىئىي گارمونىيىلىك ئاۋاز ياكى قوشۇمچە مېلودىيىلەر ئورۇن ئالماشقان ھالدا شەكىللىنىپ تۇرىدۇ .

ئەگەر سىز دولان مۇقامى ياكى دولان خەلق ئاھاڭلىرىنى باشقا خىل چالغۇ ، يەنى دۇتار ، تەمبۇر ، غېجەك ، راۋاب ، نەي ، چاڭ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئورۇنلىسىڭىز ، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە گۈزەللىكى بىۋاسىتە تەسىرگە ئۇچرايدۇ . دېمەك ، دولان ئاھاڭلىرىغا چوقۇم دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم[1] .

---

① راخمان ئىبراھىم : «دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن دولان مۇقامىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 2002 - يىل 3 - سان ، 107 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



## دولان راۋابى

راۋاب — ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان قەدىمىي تارىلىق چالغۇلارنىڭ بىرى . ئىلگىرى ئۇ «راباب» ۋە «رەباب» دەپ ئاتالغان .

تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى دولان راۋابى بولۇپ ، دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى چاغدا ، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى ، ئۇ مىلادىيە 3 - ئەسىرلەردىن باشلاپ خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن . يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . كۇچا قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 14 - ، 38 - (مىلادىيە 281 - يىلىدىن 419 - يىلىغىچە ياسالغان ) ۋە 98 - غار (مىلادىيە 420 — 581 - يىللارغا تەۋە ) لىرىدا بىر چالغۇچىنىڭ ھازىرقى دولان راۋابىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چالغۇنى چېلىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن . ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ چالغۇنى ھازىرقى دولان راۋابىنىڭ دەل ئۆزى ، دەپ قارىماقتا .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناسى ۋ . بېلياېيېف ئۆزىنىڭ «ئۆزبېكىستان چالغۇلىرى» (1933 - يىل موسكۋا نەشرى ) ناملىق ئەسىرىدە ، دولان راۋابىنى راۋابنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ تونۇغان . ئۇ يەنە ئۇيغۇر راۋابىنى ، ھەتتا ھىندى راۋابىنىمۇ دولان راۋابىدىن ئۆزگەرگەن ، دەپ ھېسابلىغان . داڭلىق ئۆزبېك مۇزىكىشۇناسى پروفېسسور ف . كارامەتوف ئۆزىنىڭ «ئېيىستىرۇمېنتاللىق مۇزىكىلار» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇر راۋابىنىڭ پەيدا بولۇش ئوچىقى — دولان ۋادىسىدۇر» ، دەپ يازغان . ئاتاقلىق مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇ جىڭباۋ ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان راۋابلار ئىچىدىكى دولان راۋابى راۋابنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولۇپ ، دولان راۋابىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ... قەشقەر راۋابىمۇ دولان راۋابىدىن

ئۆزگەرگەن» دەيدۇ[1] .

مۇزىكشۇناس جۇجى ئەپەندى ئۆزىنىڭ 1987 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدىكى ئاۋۇت ئۇستا قولىدا ئالاھىدە بىر راۋابنى (دولان راۋابى) ئۇچراتقانلىقىنى ، ئاۋۇت ئۇستىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، بۇ راۋابنىڭ قارىنىنىڭ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى ، راۋابنىڭ دەستە ۋە بوينىنى ئاۋۇت ئۇستىنىڭ ئۆزى ياسىۋالغانلىقىنى يازىدۇ . گەرچە ، كاربون (14) كىسلاتالىق ئانالىز قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ، بۇ راۋابنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىق ئايرىش ھازىرچە مۇمكىن بولمىسىمۇ ، لېكىن راۋاب قارىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە چېكىلگەن ، بۇددا دىنىنىڭ تىپىك بەلگىسى سانالغان نېلۇپەر گۈل نۇسخىسى ئۇنىڭ خېلى قەدىمكى قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى راۋابقا ئوخشاشلا قەدىمىي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، قۇمۇل راۋابلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىمۇ بۇ خىل گۈل نۇسخىسى ئۇچرايدىكەن[2] .

دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئۇجمە ياغىچىدىن تېرە بىلەن كېرىلىپ ياسىلىدۇ . ئادەتتە ، دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە پەدە باغلانمايدۇ . بۇ جەھەتتىن ئۇ ، باشقا تارلىق چالغۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، راۋابنى چالغۇچىدىن ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا بەزى مىللىي پۇراقلارنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ . دولان راۋابىنىڭ 11 تالدىن 17 تالغىچە تارىسى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ، ئۈچ تالدىن بەش تالغىچە تارىسى ئاساسلىق تار ، قالغانلىرى قوشۇمچە ئاۋاز تەڭشىگۈچى تارلاردىن ئىبارەت . دولان راۋابىنىڭ تار سىملىرى ئىلگىرى ئۈچەيدىن قىلىنغان بولۇپ ، ھازىر ھەممىسى پولات سىمدىن بېكىتىلىدۇ . تار سىملارنىڭ ئاساسلىق سىملىرى راۋاب دەستىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى قۇلاقتا ئاستى قىسمىدىكى قورساقتىن ئۆلىنىدۇ . قالغان قوشۇمچە سىملىرى راۋاب دەستىسىنىڭ سول تەرىپىگە قورساق قىسمىغا يېقىن بېكىتىلىپ ، قوشۇمچە ئەكس سادا قايتۇرغۇچى ، ئاۋاز تەڭشە-

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «دولان راۋابى» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ، 1995 ـ يىل 1 ـ سان ، 50 ـ بەت .

② جۇجى : «راۋابنىڭ تارىخىدىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە نەزەر» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، خەنزۇچە ، 1988 ـ يىللىق 6 ـ سان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۈچلىك رولىنى ئوينايدۇ . بۇ خىل ئالاھىدىلىك دولان مۇقاملىرىنىڭ كۆي شەكلىگە ماسلاشتۇرۇلغان . راۋابنىڭ باش (قورساق) قىسمىدىن سەل يۇقىرى قىسمىغا قىسقا ئىككى نەقىشلەنگەن مۇڭگۈز بېكىتىلىدۇ .

دولان راۋابى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەسى ۋە گەۋدىسى بولغان «دولان توققۇز مۇقامى» نى ئورۇندايدىغان ئاساسلىق چالغۇ بولغاچقا، ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلارغا تارقالغان① .

## قالۇن

قالۇن قەدىمكى دولان چالغۇلىرىنىڭ بىرى . خەلقئارادا كۆپلەگەن تەتقىقاتچىلار ئۇنى 870 — 950 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ۋە مۇزىكىشۇناس ئەبۇنەسىر مۇھەممەت فارابى ئىجاد قىلغان، دەپ قارايدۇ . «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىمۇ، «فارابى ياسىغان» دېيىلگەن . فارابىنىڭ «مۇزىكا رىسالىسى» دىمۇ «قالۇننىڭ 45 تارىسى بار ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن (قالۇننىڭ فارابىدىن خېلى ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە بەزى گۇمانىي كۆز قاراشلار بولسىمۇ، بۇلار تېخى دەلىللەنمىدى) . ئۇ، XVIII ئەسىردىن باشلاپ شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە تارالغان بولۇپ، يەنىلا «قالۇن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن . ئۇنىڭ كېيىنكى نۇسخىلىرىدا يەتمىشتىن ئارتۇق تارا بولغانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر تەرىپىدىن «72 تارىلىق پىپا» دەپمۇ ئاتالغان② .

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردىن ئىلگىرى مېسسوپوتامىيىگە مەركىزىي ئاسىيادىن كۆچكەن سومېرلار قەبرىگاھلىرىدىن ساندۇق شەكىلدىكى قالۇن تېپىلغان③ . تۇرپان، كۇچا رايونلىرىدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام-

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «دولان راۋابى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، 1995 ـ يىل 1 ـ سان، 50 ـ بەت .

② تۇرسۇنجان لېتىپ : «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 99 ـ، 100 ـ بەتلەر .

③ يەنبەن چىڭشۇن : «ئىسلام مۇزىكىسى»، 1983 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت . («ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 167 ـ بەتتىكى نەقىل .

لىرىغا سىزىلغان بۇددىزىم مۇزىكا سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان رەسىملەردىكى ئۇسسۇلچىلار ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر سازلىرى — ئۇد، قالۇن، داپ، ساپايى، غىجەك قاتارلىقلاردا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ساز - بەزمە كۆرۈنۈشلىرى، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ[1] .

قالۇن ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . ئاۋاز ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ ، ئالدى تار ، كەينى كەڭرەك ، سول تەرىپى ئەگمە ، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ . قالۇننىڭ 16 ، 18 ۋە 24 تارلىق شەكىللىرى بار ، ھەربىر تارىسى جۈپ سىم قىلىنىپ ، بىر تەبىئىي ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تەبىئىي ئاۋاز باسقۇچلىرى رېتى بويىچە تىزىلغان . ئۇ دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەڭكەش قىلغۇچى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى . ئۇ ئاساسەن تۈز ياتقۇزۇلۇپ ، ئوڭ قولنىڭ باش ، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرانچى بارماقلىرى بىلەن سىمنى بېسىپ ، سول قولدا پەدە باسقۇچ (گوشتاپ ) ئارقىلىق سىمنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ . ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ ، پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . ئۇنىڭ ئون ئالتە ياكى ئون سەككىز جۈپ سىمى بولىدۇ ، ھەربىر جۈپ سىمى بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ .

### دولان قىل غىجىكى

غىجەكنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي شەكلى كامانچە ۋە قوبۇز بولۇپ ، ھون ، تۈرك قوبۇزلىرى ھەققىدە قەدىمكى زامان جۇڭگو يىلنامىلىرىدە خاتىرىلەر ساقلانغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كېيىنچە غەربكە كۆچكەن تۈركلەر ئارقىلىق ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارالغان . 15 - ئەسىردىكى ئىران تېمۇرخانلىقىنىڭ رەسىملىرىدە يېرىم شارسىمان ، يۇزىگە تېرە كېرىلگەن 2 - 3 تارلىق غىجەكنىڭ رەسىمى ساقلانغان بولۇپ ، بۇ خىل چالغۇمۇ «كامانچە» دەپ ئاتالغان (تۈرك-

① ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يۈنىلىشى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي نەشرى ، 250 - ، 251 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەرمۇ شۇنداق ئاتايدۇ ) . ئۇنىڭ شەكلى ئۇيغۇر غىجەكلىرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ . بۇ خىل ئىران غىجىكىنىڭ تارقىلىش دەۋرى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى . مۇزىكا تەزكىرىسى» (10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەر ) دە خاتىرىلەنگەن ئاتىنىڭ قىلىدىن تار ئېشىلىپ سىلىنغان ئۇيغۇر غىجىكى ۋە «ئەرەب مۇزىكا تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن X ئەسىردە تۈركلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن كامانچىلىق چالغۇ «شىساق» قا قارىغاندا 4 — 5 ئەسىر كېيىن تۇرىدۇ . شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان «غىجەك پارسلار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنىپ ئۇيغۇرلارغا تارالغان» دېگەن قاراشلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق . ئۇنىڭدىن باشقا ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئوردا مۇراسىمى مۇزىكا ئەسۋابلىرى شەكلى» ناملىق كىتابتا ، قەدىمكى غىجەك «غىرجەك» ( 哈尔扎克 ) دەپ ئاتىلىپ ، «ئۇنىڭ ئون نەچچە تارىسى بولۇپ ، ئىككىلا تارىسى ئاساسلىق چېلىنىدىغان تارا ، قالغانلىرى قوشۇمچە ئەكس سادا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلـىتىلـىدۇ » دېيىلگەن① . ئەمما ، پارسلارنىڭ غىجىكىدە ئەزەلدىن ھېچقانداق سادا قايتۇرغۇچ تارلىرى بولمىغان . بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمغا نىسبەتەن ئەتراپتىكى جىسىملارنىڭ ئەكس سادا قايتۇرۇشتەك رولى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت فىزىكىلىق ھادىسىنى خېلى بۇرۇنلا بايقىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ② . دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ «دولان غىجىكى» پارسلارنىڭ «كامانچا» سىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ ، ئەمما 10 تال قوشۇمچە مۇڭ تارى ئارتۇق بولۇپ ، بىر خىل يېڭى چالغۇ ئەسۋابقا ئايلانغان . شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنى غىجەك دەپ ئاتىشى ، بۇ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دېگەننى بىلدۇرىدۇ③ .

دولان قىل غىجىكىنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، غىجەكچىلەر ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ .

غىجەكنىڭ بېشى يۇملاق قىلىپ جىگدە دەرىخىنىڭ ھۆررىكىدىن

---

① جۇ جىڭباۋ : «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 420 ـ بەت .

② تۇرسۇنجان لىتىپ : «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى ، 121 — 123 ـ بەتلەر .

③ جۇ جىڭباۋ : «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى ، 109 ـ بەت .

ياكى يۇلغۇننىڭ ھۇررىكىدىن چىرايلىق ياساپ ، ئىچىنى تەكشى ئويۇپ خۇددى قاپاقنىڭ قىلىنلىقىدا قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭ تېرە كېرىدىغان داپ يۈزىنى غېجەك بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 10 — 14 سانتىمېتىرغىچە قىلىدۇ . غېجەك بېشىنىڭ داپ يۈزى كىچىك ، قورسىقى چوڭراق كومزەك شەكلىدە بولىدۇ . بەزىلەر چۆچەكتىن ، بەزىلەر قاپاقتىنمۇ ياساپ چالىدۇ . غېجەك دەستىسى ئاساسەن 70 تىن 80 سانتىمېتىرغىچە ئەتراپىدا بولىدۇ . كامانچىسى 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ . غېجەك بېشى بىلەن قىل تۆشۈكى (قۇلاق ) ئارىلىقى 40-50 سانتىمېتىر كېلىدۇ . دەستە توم ياسىلىپ ، ئۇچى تەرەپ قۇببە شەكلىدە خەرەكلىك بولىدۇ . ئاستى تەرەپتە غېجەكنىڭ بېشىدىن چىقىپ تۇرىدىغان تىرەك قىسمى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، ئۇنى كىشىلەر يوتىسىغا دەسسىتىپ تۇرۇپ چالىدۇ . غېجەكنىڭ ئاساسلىق تارىسى بىر تال بولغاچقا ، غېجەكنىڭ قۇلىقىمۇ بىر تال بولۇپ ، سىقىمغا بىرلا كەلگۈدەك دەرىجىدە توم ۋە كۆپ خەرەكلىك بولىدۇ . غېجەككە تارتىلغان قىل بىلەن كامانچا قىلىنىڭ توملۇقى پەرقلىنىدۇ . غېجەككە ئات قۇيرۇقىدىن 45 تال بىرلەشتۈرۈپ بىر تال تار قىلىپ سالىدۇ . كامانچىغا 55 — 60 تالغىچە قىلنى بىرلەشتۈرۈپ سالىدۇ . كامانچا قىلىنىڭ غېجەككە سېلىنغان قىلدىن توم بولۇشى تېخنىكىلىق جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ھەر قانداق غېجەك قىللىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك شەكىلدە بولۇشى مۇقەررەر تەلەپ قىلىنىدۇ . غېجەكنىڭ قىلىدىن كامانچا قىلىنىڭ توم بولۇشى ئاۋاز چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، بۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ . غېجەككە تار سېلىشتىن باشقا ، دەستىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە بىر تەرەپكە يەتتە تال ، بىر تەرەپكە ئالتە تال سىمنى بىر - بىرىدىن بەش مىللىمېتىرغىچە كەينىگە چېكىندۇرۇپ سالىدۇ . غېجەك دېپىغا دەستىلىگەن خەرەكنىڭ ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتىر بولۇپ ، قىل تارىسى خەرەكنىڭ ئۈستىدە يالغۇز تۇرىدۇ . سىملىرى خەرەكنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئېگىز - پەس ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ياكى خەرەكنى تېشىپ ، شۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ . كامانچا پەقەت قىلغا سۈركىلىپ سىمغا تەگكۈزۈلمەيدۇ . كامانچىنىڭ قىلى توم بولغاچقا ، غېجەك قىلىغا سۈركەلگەندە ئىنچىكە قىلغا بېسىم ھاسىل قىلىپ ، قىلنى

www.uyghurkitap.com



كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى خەرەك ئارقىلىق غېجەك دېپىنى تىترىتىدۇ . بۇ چاغدا غېجەك دېپىنىڭ تەبىئىي سىلكىشى بىلەن خەرەك تىترەپ ، سىم ھەرىكەتلىنىپ ، ئۈستىدىكى قىلنىڭ ئاۋازىدىن ئەكس سادا قوبۇل قىلىدۇ ـ دە ، قىلغا ماسلىشىپ سىرتقا چىقىرىدۇ . غېجەك دېپىدىكى قىل كۆتۈرگۈچ خەرەكنىڭ ئالدىدا بىر جايغىلا يۇمىلاق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالتە دانە كىچىك تۆشۈك بولىدۇ . تۆشۈكنىڭ چوڭلۇقى تېرىقتەك كېلىدۇ . غېجەك بېشىنىڭ كەينى تەرەپتە دەل ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى بىر يېرىم سانتىمېتىر چوڭلۇقتا يۇمىلاق تۆشۈك بولىدۇ . بۇ ئىككى تەرەپتىكى تۆشۈكلەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، غېجەكنىڭ ئاۋازى داپ يۈزىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن غېجەك چۆچىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، ئايلىنىپ ئارقىسىدىكى يوغان تۆشۈكتىن بىر خىل غوڭ ئاۋاز چىقىرىدۇ ، بۇمۇ بىر خىل قوشۇمچە مېلودىيە ھاسىل قىلىپ ، مۇزىكا ئېھتىياجىنى تولۇقلايدۇ .

يۇقىرىقىدىن باشقا ، غېجەكنىڭ يەنە بىر خىلمۇ بار بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلۇشى يۇقىرىقىغا تامامەن ئوخشايدۇ ، قىلى ئىككى بولىدۇ . بۇ خىل شەكىل ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇچرايدۇ .

## داپ

داپ — دۇمباق تىپىدىكى تەرەققىي قىلغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ياشىغان سۇمېرلار كەشىپ قىلغان ئىكەن (ئېھتىمال بۇ سۇمېرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى «كېش» لارنىڭ ناغرىسىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان يېڭى سوقما چالغۇ ئەسۋابى بولۇشى مۇمكىن) . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئاۋۋال ئاسۇرىيىگە ، ئاندىن مىسىر ، ئىراققىچە تارقالغان . ئورخۇن-ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېپى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ياپونىيىگە تارقالغان . مىلادىيىنىڭ IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدە داپنىڭ شەكلى كۆزگە چېلىقىدۇ① .

«سۈيىنامە . مۇزىكا تەزكىرىسى» ، «كونا تاڭنامە . مۇزىكا تەزكى-

---

① تۇرسۇنجان لېتىپ : «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 - يىل 5 - ئاي نەشرى ، 146 - بەت .

رىسى» ، «يېڭى تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» ، «قامۇسنامە» ، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ 6 قامۇسى» ناملىق كىتابلاردا يېزىلىشىچە ، كۇچا (كۇسەن) ، قەشقەر (سۇلې) ، ئىدىقۇت (قاراقوجو) قاتارلىق جايلار-نىڭ مۇزىكا ئوركېستىرى ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ كېيىنىش ئەھۋالى مۇن-داق بولغان :

كۇچا سازەندىلىرى 20 كىشى بىر ئوركېستىر بولۇپ ، ئۇلاردا تىك غوڭقا (ئورە غوڭ) ، بەرباپ ، سىڭ (18 تۈشـۈكلـۈك ھەـم نەي) ، يالغۇز زەك (نەي) ، بىلى (بالىمان) ، ناغرا ، داپ ، جاللا قاتارلىق 15 خىل چالغۇ بولغان . قەشقەر سازەندىلىرى 12 كىشى بىر ئوركىستىر بولۇپ ، ئۇلاردا تىك غوڭقا ، بەرباپ ، راباب ، يالغۇز زەك ، بالىمان ، دالا دۇمبىقى① ، ناغرا ، داپ ، يان دۇمبىقى ، دۇمداپ قاتارلىق 10 خىل چالغۇ بولغان . تۇرپان چالغۇلىرى قاتارىدا يالغۇز زەك ، شىاۋ ، بالىمان ، بەرباپ ، راباب (5 تارلىق پىپا) ، مىس بۇرغا ، غوڭقا ، داپ ، يان دۇمبىقى مۇزىكا رىتىمىنى ھاسىل قىلاتتى . «داپ ، دۇمباق خاتىرەنامىسى» دېگەن كىتابتا «8 ئاھاڭنىڭ يولباشچىسى ، ئۇنىڭسىز ساز بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلىپ ، ئۇنىڭ كۇچادىن كېڭەي-گەنلىكى تىلغا ئېلىنغان② .

داپ ئاۋازى جۇشقۇن ، ئۆزى يەڭگىل ، ئىشلىتىشكە ئەپچىل بو-لۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇ قول بارماقلىرى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان ، ئۇيغۇر دولان مەشرەپىدە كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . بەزى كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر يالغۇز داپ بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ .

داپنىڭ گەردىشى ئاساسەن ئۇجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . يۇزلى-كىگە ئات ، ئۆچكە تېرىلىرى كېرىلىدۇ . گەردىشى ئىچىگە نورغۇنلى-غان ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىدۇ ، ئۇلار داپ چېلىنغاندا شىل-دىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ . داپنىڭ تۈرلىرى

① ياپونىيە ئالىمى لىن جەنسەن «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلىرى تەتقىقاتى» ، (1962 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدا دالا دۇمبىقىنى «داپلاپ» (Tap—lap) دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنى كۇچادا پەيدا بولغان ، ياپونىيىدىكى ئۆزگەرگەن نۇسخىسىدىكى دى تەيكو (缔太鼓) دەپ كۆرسىتىدۇ . (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، 49 - بەتتىكى نەقىل) .

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 - يىل 3 - ئاي نەشرى ، 48 - ، 49 - بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



چوڭ ـ كىچىك ھەرخىل بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ . دولان مەشرەپ دېپىنىڭ دىئامېتىرى 25 — 30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

### قوشۇق

قوشۇقمۇ دولان مەشرىپى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى . ئۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوشۇققا ئانچە ئوخشاشمىغان شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئىكەن . كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق سايمان بولمىغاچقا ، ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوشۇق ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ چالغۇ «قوشۇق» دەپ ئاتالغان ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قوشۇقلارمۇ شەكىل جەھەتتە تاماق قوشۇقلىرىغا ئوخشىتىلىپ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەجمى سەل يوغان بولۇپ ، ئۇستىگە خىلمۇخىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ . قوشۇق چېلىشتا ، ئوڭ قولدا بىر جۈپ قوشۇقنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ ، قوشۇقلارنىڭ دۈمبىسى بىر ـ بىرىگە توغرىلىنىدۇ ۋە سول قولنىڭ ئالىقىنى بىلەن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى (مۈرە ، تىز ۋە باشقا جايلار) غا ، يەر ۋە باشقا جىسىملارغا سوقۇشتۇرۇپ ، مۇزىكا رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ئاۋازلار پەيدا قىلىنىدۇ .

### تاش

تاش — چاقچۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئىككى جۈپ ياپىلاق ئېلىلىپىسىمان تاشتىن ئىبارەت . بۇ خىل تاش ھەربىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇلىدۇ ۋە بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ـ بىرىگە سوقۇپ چېلىنىدۇ . ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا ۋە دولان خەلق ئەنئەنىسىدە تاش ئىشلىتىشمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە .

ئېلىلىپىسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر ، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تۇرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاپتونوم رايونى-

مىز دۇنيا مۇزىكا تارىخىي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى بولۇپ قالماقتا. ئىشىنىمىزكى، تەتقىقاتچىلىرىمىز، چالغۇچىلىرىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمىزنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى بايلىقلىرىمىز دۇنياغا نامايان بولغۇسى.

## 9. مەكىت دولان مۇقام ئەلنەغمىچىلىرى[①]

### 1. مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخان

ئامانىساخان (مىلادىيە 1534 — 1567 ـ يىللار) يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 1514 — 1678 ـ يىللار) دا ياشاپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى، رەتلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان شائىرە، خەتتات. ئۇ تارىختىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ شۆھرەت قازانغان ئايال ئالىم ۋە مۇقام ئۇستازى.

ئامانىساخان مىلادىيە 1534 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى غاز كۆل يېزىسىنىڭ قومۇش مەھەللىسى كەنتىدە مەھمۇد ئىسىملىك سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىدىن ساز چېلىش، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ 13 ياشقا كىرگەن يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان (مىلادىيە 1509ـ 1569) شىكارغا چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن تاسادىپىي مەخمۇتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئامانىساخاننى ئۇچرىتىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا، شېئىرىيەت، خەتتاتلىقتا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خانىشلىققا ئوردىغا ئېلىپ كەتكەن.

ئامانىساخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ يەكەندىكى ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ زاماننىڭ يېتۇك مۇقام ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى بىلەن بىرلىكتە، ئابدۇرېشىتخاننىڭ قوللىشى بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى مۇكەممەل

① دولان مەشرەپ ـ مۇقامچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» (شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى) بىلەن مۇتەللىپ مىيىتنىڭ «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ ، يۇرۇشلەشتۇرۇپ ، قېلىپلاشتۇرۇپ چىق-قان .

ئامانىنىساخان مىلادىيە 1567 ـ يىلى بەختكە قارشى يەكەندە ۋاپات بولغان . ئۇ ، ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ ، قېلىپلاشتۇرۇپ چىققاندىن باشقا ، «نەفىسە» تەخەللۇسى بىلەن «دى-ۋان نەفىسە» نى يازغان . خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇ-نىدا «ئەخلاقۇل جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق ) ناملىق كىتابنى يازغان ، «شۇرۇھلۇقۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى ) ناملىق بىر رىسالە يازغان . «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى ) ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغان .

سەنئەتىمىزنىڭ بۈزرۈكۋارى ئامانىنىساخاننىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك مىراسىغا ئەۋلادلار مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىدۇ . ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئەۋجىدە ئەبەدىي جاراڭلايدۇ .

## 2 . خەلق مۇقامچىسى ماڭسۇر شەيخى

داڭلىق خەلق مۇقامچىسى ماڭسۇر شەيخى 1884 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق «پىسەن» دېگەن كەنتتە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ كونا ئۆتمۈش جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ ، سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا تۇر-مۇش كەچۈرگەن . دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاكىسىدىن ناغرا ـ سۇناي چېلىشنى ئۆگەنگەن . ئۇ چاغلاردا «ئوردا خېنىم» غا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان «تاۋاپچىلار» كې-لەتتى . ماڭسۇر شەيخى ئاكىسى بىلەن بۇ يەردە ناغرا ـ سۇناي چې-لىپ ، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ياخشى «شەيخىم» بولۇپ قالغان .

ئۇ ، ئاكىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ، «ئوردا خېنىم» دىن يۆتكە-لىپ مەكىتكە كەلگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، ھاياتىنىڭ 65 يىلدىن كۆپرەكىنى مەكىتتىكى دولان خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن . مەكىت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇشتىكى راھەت ـ پاراغەتتىن بەھرىمەن بولغان .

ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە دولان مۇقام ئاھاڭلىرىنى سۇناي ئارقىلىق ئىپادىلىگەن . 1965 ـ يىلى ، پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ سۇناي چېلىپ پايتەخت خەلقىگە ياخشى تەسىر بەرگەن . پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ماۋ زېدۇڭ ، جۇئېنلەي ، ليۇشاۋچى ، جۇدې-لارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن . 1986 ـ يىلى ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئالتە نەپەر ئىز باسار تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى بەرگەن . ئۇ ، بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ ، ناھىيە خەلقى ئۈچۈن ئالتە نەپەر سۇنايچى تەربىيىلەپ بەرگەن . 1988 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ، مەكىت خەلقى تا ھازىرغىچە ئۇنى ياد ئېتىدۇ ۋە سېغىنىدۇ .

### 3 . داڭلىق دولان خەلق سەنئەتكارى مامۇت شەيخ

داڭلىق دولان سەنئەتكارى دولان يىگىتۋېشى مامۇت شەيخ (مامۇت كېرىم ) 1903 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى ئۇيلۇق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتىسى كېرىم مەزىن يۇرتتىكى ھال ـ ئوقتى ياخشى ، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن . ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغۇل بولغان مامۇت شەيخ يالغۇز ئائىلىنىڭ ماددىي مەئىشەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپلا قالماي ، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ سەنئەت خۇمار دولان خەلقىنىڭ مول مەدەنىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولغاندى . ئۇ 1910 ـ يىللاردىكى بالىلىق مەزگىللىرىدە سىرتنىڭ مەدەنىيىتى تېخى تەسىر قىلغۇدەك سىڭىپ كىرمىگەن ، ئىچكى جەھەتتە خەلقنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئىختىيارىي ئويۇشۇپ ، ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بارىدىغان بارلىق مەشرەپ تۈرلىرىنى كۆردى ھەم ئۆگەندى . ئوغلاق تارتىش ، چېلىشىش ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، ئىت تالاشتۇرۇش ، توخۇ سوقۇشتۇرۇشقا ئوخشاش خەلقنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنلىرى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى چىرماپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سەنئەت خۇمارلىقنىڭ ئۆچمەس تامغىسىنى باستى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1915 ـ يىلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1919 ـ يىلىغىچە بىر مەزگىل ياتتاقتىكى مەدرىسىدە ئوقۇپ دىنىي ساۋاتىنى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دولان دىيارىدىكى داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بولغان نۇرەك خەلپىتىم، سەمەت موللام ۋە ئىمىنهاجى قاتارلىق پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى دولان مەشرەپلىرىنى ئۆگىنىش، بېيىتىش ۋە توي ـ تۆكۈنلەر، ئۆلۈم- يىتىم قاتارلىق جامائەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ماموت شەيخ بىر ئۆمۈر دولان دىيارىدىكى بارلىق مەشرەپلەرنىڭ يىگىتبېشى، مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ۋە جامائەت ئەربابى بولدى. ئۇ يالغۇز مەكىتنىڭ ئەمەس، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ھەر- خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، دولان مەشرەپ ـ مۇقام- لىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتتى.

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىتتە ئېچىلغان 9 ـ نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا ساھىبخان تەرەپ — مەكىت ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ كىرىپ، بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇردى. 1986 ـ يىلى كۈزدە، مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئاپتونوم رايونى- مىزدا ئېچىلغاندا، يېشى 80 دىن ئاشقان ماموت شەيخ دولان مەشرەپ- چىلىرىنى باشلاپ پاراتتىن ئۆتتى ۋە ئۇ ئوينىغان دولان مەشرىپى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى- نىڭ رەئىسى، سابىق مۇئاۋىن زۇڭلى ۋەن لىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن نەنسەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، مۇئاۋىن زۇڭلىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى ئۇنى ئايروپىلان بىلەن يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويدى.

1992 ـ يىلى يازدا، خاڭجۇ خەلقئارا سەيلە ـ ساياھەت، مىللىي سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، مەكىت دولان مەشرىپى ئۆمىكى خاڭجۇغا يۈرۈپ كەتتى. ئۆمەك تەركىبىدە ماموت شەيخمۇ بار ئىدى. بۇ قېتىم يېشى 90 غا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ پېشقەدەم سەنئەتكار ھاۋانىڭ ئىسسىق، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشتەك ئەھۋا- لىغا بەرداشلىق بېرىپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئۆزى ۋە مەكىت ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپ قازاندى. 1992 ـ يىلى كۈزدە مەملىكەت-

لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پېشقەدەم يازغۇچى سەيـ-
پىدىن ئەزىزى يازغان «ئامانىنىساخان» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى
سۈرەتكە ئېلىشقا قاتنىشىپ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ هاياتىي
كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

مامۇت شەيخ مەشرەپ، ئوغلاق تارتىش ۋە باشقا تۈرلۈك پائالىيەتـ-
لەرنىڭ پەقەت يىگىتۋېشىلا بولۇپ قالماي، بەلكى تەتقىق قىلغۇچىـ-
سى، بېيىتقۇچىسى، جان كۆيدۈرگۈچىسى ئىدى. ئۇ ۋىلايەت، ئاپتو-
نوم رايون تەۋەسىدىلا ئەمەس، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت كەسپىي تەتقىقات ئورۇنـ-
لىرىدىن هەر يىلى كېلىپ تۇرىدىغان تەتقىقاتچى خادىملارغا دولان
مەشرەپلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپلا قالماستىن، هەتتا
ئۆز ئائىلىسى، قوشنا ـ قولۇم، پۈتۈن يۇرتقا دولان ئۇسسۇلىنى
ئۆگىنىشنى، ئۆگەنگەندىمۇ هەقىقىي ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.
هالبۇكى، ناهايىتى قەدىمىي بولغان، بىراق هېچقانچە يازما تارىخى
قالمىغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۇنىڭ
ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكىنى مەكىتكە خاس هالەت بىلەن ساقلاپ قېلىشقا
زور كۈچ چىقاردى. تۆهپىكار دولان خەلق سەنئەتكارى، يىگىتۋېشى
مامۇت شەيخ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 1997 ـ يىل 19 ـ نويابىر
94 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نامى، ئىش ـ ئىزلىرى
خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلانغۇسى! ①

## 4. دولان مۇقام ئەلنەغمىچىسى، قالۇنچى ئىسمايىل ئەخمەت

ئىسمايىل ئەخمەت مەكىت ناهىيىسىدىكى ئاتاقلىق دولان مۇقام
ئەلنەغمىچىسى، ئۇستا قالۇنچى. ئۇ 1932 ـ يىلى مەكىت ناهىيىسىـ-
نىڭ يانتاق يېزىسى ئارالئۇچقا كەنتىدە دولان ئەلنەغمىچىسى ئائىلىسىدە
تۇغۇلغان. ئاتىسى ئەخمەت قالۇن شۇ زامانىنىڭ داڭلىق قالۇنچىسى

① بۇ تېما تۇرسۇنبەگ ئىبراهىمنىڭ «ئورنى كەم قالغان ئادەم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1998 ـ يىل 2 ـ سانىدىكى ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ ، بەش ئەۋلادقىچە قالۇن چېلىپ ئۆتكەن . ئىسمايىل ئەخمەت ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان 6 - ئەۋلاد قالۇنچى .

ئىسمايىل ئەخمەتنىڭ ئاتىسى ئەخمەت قالۇن مەكىت ناھىيىسى بويىچە ئاتاقلىق قالۇنچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچىمۇ نامى چىققان ئۇستا قالۇنچى ئىدى . ھايات ۋاقتىدا ئۇن نەچچە شاگىرت يېتىشتۈرگەن . ئۇ 1963 - ۋە 1964 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى نۇرمۇھەممەت سايىتقا قالۇن چېلىشنى ئۆگەتكەن . نۇرمۇھەممەت سايىت قالۇننى قېتىرقە-نىپ ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ، بۇ شاگىرتىدا ئۇمىدىنىڭ چوڭلۇقە-نى بىلگەن . ئەخمەت قالۇن ئۆز قولى بىلەن بىر دانە قالۇن ياساپ نۇرمۇھەممەت سايىتقا سوۋغا قىلغان . نۇرمۇھەممەت سايىت قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىپ ئۆمەككە قايتقاندىن كېيىن ، چەت ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا بارغاندا قالۇن مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ ، دۇنيا جامائەتچىلىكە-گە تونۇتقان .

ئىسمايىل ئەخمەت 1955 - يىلىدىن باشلاپ ئارالئىقا ۋە يانتاق ، مەكىتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن دولان مەشرەپلىرىدە ئۇستا قالۇنچىلىق ماھا-رىتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان . 1965 - يىلى ، ئاپتونوم رايون بويىچە تاللىنىپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ ناخشا - مۇزىكىسىغا قاتنىشىپ ، پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەن-ئەت خادىملىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . پارتىيە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىدىن ماۋ زېدۇڭ ، جۇئېنلەي ، ليۇشياۋچى ، جۇدېلار-نىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ناھىيە-لىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭ تالانتىغا ئاساسەن ، ئۆمەكنىڭ مۇزىكانت-لىقىغا قوبۇل قىلغان .

1968 - يىلى ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تارقىتىۋېتىش شامىلى چىققاندا ، ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قايتىپ ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق قىلغان .

ئۇ بولمىسا ئارالئىقا كەنتىدە ، پۈتكۈل يانتاق يېزىسىدا توي - تۆكۈن ۋە مەشرەپ بولمايتتى . خەلق ئۇنى سۆيەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى .

ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ، ئۆز سازەندىسىگە ئايلانغانىدى . خەلق ئۇنى ھىمايە قىلاتتى . ئۇنىڭدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقنى كۆرگەن يېزىلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى يېزىلىق مەدەنىيەت مەركە-زىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاند-ى . ئۇ يېزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىدە ئىشلەپ بىرقانچە ئىز باسار تەربىيىلەپ چىقتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆگىنىپ ئۇنىڭ ئىزىنى باسقىنى ئۆز قىزى ئانارگۈل بولدى . ئۇ 1990 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قالۇنى ، ئۇنىڭ يېقىملىق مۇقام ناخشىلىرى ھېلىھەم خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا . ئۇنىڭ ئاتىسىدىن تەۋەررۇك بولۇپ قالغان ، ئۆز قولى بىلەن بىر ئۆمۈر چالغان قالۇننى قىزى ئانارگۈل چېلىپ داۋام-لاشتۇرماقتا .

## 5 . دولان مۇقامچىسى ئاۋۇت ئىزىز

دولان راۋابىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پۈتكۈل دولان رايونىغا تونۇشلۇق بولغان دولان مۇقامچىسى ئاۋۇت ئىزىز يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەن يېزا باغ ئاۋات كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1953 ـ يىلىغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق ۋە مال بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ مال بېقىش جەريانىدا دولان راۋابىغا ئاشىق بولۇپ ، دولان راۋابى ، دولان غېجىكى قاتارلىق سازلارنى ئۆگەنگەن . 15 ياشتىن ئاشقاندا بۇ سازلارغا بولغان ھەۋەسى تېخىمۇ ئېشىپ ، قەدىمىي دولان دىيارى مەكىت ، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىكى شۇ ۋاقىتنىڭ مەشھۇر دولان مۇقامچىلىرىدىن مۇقام ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىنىڭ كەس-پىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن . 1951 ـ يىلى مارتتا شۇ ۋاقىتتىكى يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ئارتىس-لىرىدىن تۇرسۇن تۇردى ، ئابدۇقادىر ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇ-رۇشى ئارقىلىق مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى ، سەنئەت يېتەكچىسى ۋالىي قاسىمجان قەمبىرى بىلەن تونۇشقان . قاسىمجان قەمبىرى ئۇ-نىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ ھەم كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قولىدىن تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئۆمەككە خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەنئەتكارى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان، ئۇ يەكەن سەنئەت ئۆمىكىدە 1955 - يىلى ئاۋغۇستقىچە ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەلگەن. ئاۋۇت ئېزىزنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى 1960 - يىلىدىن تارتىپ باشلانغان، ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەش جەريانىدا، 1960 - يىلى «پولاتچى قىز ئۇسسۇلى»، 1963 - يىلى «ئەمگەك ساداسى» قاتارلىق بىرقانچە مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. «راك»، «ئۆزھال» قاتارلىق مۇقاملارنى تولۇقلاپ ئىشلەپ سەھنىلەشتۈرگەن.

ئۇ ئىجاد قىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن «خوش ساز»، «ئەمگەك ساداسى»، «چۆل باياۋان»، «سارىخان» قاتارلىق مۇزىكىلار شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ، هازىرغا قەدەر ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە.

دولان راۋابىنىڭ چالغۇچىسى، دولان مۇقامىنى دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلاپ قالغۇچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى خەلق مۇقامچىسى ئاۋۇت ئېزىز پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، داۋاملىق تۈردە دولان مۇقامىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تولۇقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، دولان «جۇلا» مۇقامىنىڭ ئاهاڭلىرىنى رەتلەش ۋە ئۇنى بىر كېچىلىك سەنئەت نومۇرى قىلىپ تەييارلاش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەن.

ئاۋۇت ئېزىز قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، يەكەن ناهىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 6. دولان ئەلنەغمىچىسى تۇرەك ئاۋۇت

ياغراق مۇقام ناخشىلىرى بىلەن پۈتكۈل دولان رايونىغا تونۇشلۇق بولغان نەغمىچى تۇرەك ئاۋۇت 1938 - يىلى مەكىت ناهىيە يانتاق يېزىسىنىڭ بولقا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇرەك ئاۋۇت كىچىككىدىنلا دولان مۇقاملىرىغا ۋە دولان چالغۇلىرىغا

ئىشتىياق باغلىغان . 15 ياشقا كىرگەندە دولان مۇقاملىرىنى ئىشتىياق بىلەن نەغمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن . 20 يېشىدا دولان مۇقاملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ ، مەشرەپلەردە مۇستەقىل نەغمە قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان . يېزا ـ كەنت بويىچە نەدە توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ، خەلققە دولان مۇقاملىرىدىن نەغمە قىلىپ بېرىپ ، مەشرەپنى قىزىتقان . ئۇ داپ بىلەن نەغمە قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇستا سازەندە ، ئۇ كىچىكىدىنلا ساز ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ ، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دولان غېجىكى ۋە قالۇن چېلىشنى پىششىق ئۆگەنگەن . ئۇنىڭ دولان مۇقام ئەلنەغمىسى ۋە دولان ئۇسسۇلىدىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن ، 1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن تاللىنىپ ، ماڭسۇر شەيخى ، ئىسمايىل ئەخمەت ، ئۆمەر ئوسمانلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا ـ مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىپ ، پايتەختتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . پارتىيە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىدىن ماۋ زېدۇڭ ، جۇ ئېنلەي ، ليۇشاۋچى ، جۇدې قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان .

ئۇنىڭ دولان مۇقامى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگەن يانتاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى 1980 ـ يىلى يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەكلىپ قىلغان . ئۇ سەنئەت ئەترىتىدە دولان مۇقاملىرىنى رەتلەش ، توپلاش ، راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ، «سىيىت نوچى» ، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى تەييارلاپ ، ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا دولان مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ كىرگۈزدى . كومېدىيەلەردىكى «سىيىت نوچى» ، «نەسىردىن ئەپەندى» رولىنى ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ، خەلق ئارىسىغا كىرسە مۇقام ئەلنەغمىچىسى بولۇپ ، يۇرتتىكى قېرى ـ ياش ، ئەر ـ ئايال خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى . ئۇ بەختكە قارشى 1991 ـ يىلى مايدا ، يۇرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 7 . دولان ئەلنەغمىچىسى ھۈسەيىن يەھيا

ياڭراق يۇقىرى ئاۋازلىق دولان مۇقام ناخشىلىرى بىلەن پۈتۈن دولان دىيارىغا تونۇشلۇق بولغان ھۈسەيىن يەھيا، 1938 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى قىياقلىق ئۆي كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 15 ياشقا كىرە - كىرمەيلا مەشرەپ سورۇنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش چوڭ پېشقەدەملەر بىلەن نەغمە قىلىشنى باشلىغان، ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل دولان رايونىدا ھېچكىمنىڭ ئاۋازى بىلەن ئوخشىمايدۇ . ئۇ نەغمە قىلىشنى باشلىغان 40 يىلدىن بۇيان، ئاۋازى بىر قېتىممۇ پۈتۈپ قالمىغان . ئۇ دولان مەشرەپلىرىدە نەغمە قىلغاندا مۇقام ئاھاڭلىرىنى ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ . ئاۋازى ھەم يۇقىرى، ھەم بوم چىقىدۇ . ھۈسەيىن يەھيا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يالغۇز مەكىتتىلا ئەمەس، بەلكى مارالبېشى، يەكەن، پوسكام، قاغىلىقتىكى مۇقامچىلار بىلەنمۇ تونۇش . ئۇ 1983 - يىلى بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىپ يولداش جوگۇاڭخۇا يازغان «چېگرا يېزىدىكى مۇھەببەت» ناملىق كىنو فىلىمىدىكى دولان مەشرىپى كۆرۈنۈشىدىكى دولان مۇقامىنىڭ ناخشىسىنى ئورۇنلىغان . 1986 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، مەكىت دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «نەنمىن تەنتەربىيە سارىيى» دا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى پاراتتىن ئۆتكەندە دولان مۇقامىنى نەغمە قىلىپ، دۆلەت باشلىقلىرىدىن ۋەنلى ۋە ۋاڭ ئېنماۋ، تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان.

1992 - يىل 9 - ئايدا، خاڭجۇ شەھەرلىك باغ - ئورمان ئىدارىسى ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىك ئېلان شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن خاڭجۇغا بېرىپ، 1992 - يىللىق «خاڭجۇ ۋۇشەن بۇتخانىسى سەيلە- ساياھەت بايرىمى» غا قاتنىشىپ، خاڭجۇ شەھەر خەلقى ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . خاڭجۇدا تۇرغان 23 كۈن جەريانىدا گۈزەل شىخۇ باغچىسىدا ئۇنىڭ مۇقام ئېيتقان

ياڭراق ئاۋازى باغچا ئىچىنى لەرزىگە سالغان .
1993 ـ يىلى مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنـ-
جاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ چوڭ تىپتىكى بەدىئىي فىـ-
لىم «دولان مەشرىپى» نى ئىشلىگەندە ، ئۇ فىلىمدىكى دولان مۇقام
ناخشىلىرىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېيتقان .
1993 ـ يىل 9 ـ ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىـ-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە شېنياڭ شەـ-
ھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مەكىت ناھىيىلىك
دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى شېنياڭغا بېرىپ ، «جۇڭگو شېنياڭ خەلقئارا
ياڭگې بايرىمى» غا قاتناشقاندا ، ھۇسەيىن يەھيا بۇ ئۆمەك تەركىبىدە
جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارتىسلارغا دولان مۇقام ناخشىلىرىنى نەغمە
قىلىپ ، ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى . شېنياڭدىن بېيجىڭغا
قايتقاندىن كېيىن ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدـ-
نىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى . ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ تەكلىپى بىلەن
بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ،
ياڭراق يۇقىرى ئاۋازى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى نەغمە قىلىپ ،
پايتەختتە خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىـ-
شىغا ئېرىشتى .
ھۇسەيىن يەھيا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، دولان مۇقاملىرىنى نەغمە قىلىشنى ئۆزىـ-
نىڭ ئوغلىغا ئۆگىتىپ ، ئىز باسار قالدۇرۇش يولىدا تىرىشىپ ئىشـ-
لىمەكتە .

### 8 . داڭلىق دولان مۇقامچىسى مۇھەممەت تۇردى

مەكىت ، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ، ياڭراق
قالۇنى بىلەن شۆھرەت قازانغان داڭلىق دولان مۇقامچىسى مۇھەممەت
تۇردى 1940 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى ئويبوغداي
كەنتىدە بىر كەمبەغەل ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن .
1953 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە ۋە ئۆز يېزىسىنىڭ باشلانغۇچ
مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1953 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئائىلىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1958 ـ يىلى يانتاق (ئەينى ۋاقىتتىكى قىزىل بايراق ) گۇڭشېدا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىدە قالۇن ، دولان راۋابى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالغان . دادىسى يۇرت بويىچە ئۇستا دولان راۋابچىسى ۋە مۇقام نەغمىچىسى ئىدى . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسى بارغان دولان مەشرەپلىرىدە ۋە ئائىلىسىدە دادىسىنىڭ راۋابىنى ئاڭلاپ ، دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆگىنىشكە زور ئىشتىياق باغلىغان . توققۇز ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان . 11 ياشقا كىرگەندە ئەيسا روزىدىن دولان قىل غېجەكنى چېلىشنى ئۆگەنگەن . 13 ياشقا كىرگەندە يۇرتتىكى داڭلىق قالۇنچى ھاشىم قالۇن ۋە ئىسمايىل ئەخمەتلەردىن قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان . 15 ياشقا كىرگەندە داپ بىلەن مۇقاملارنى نەغمە قىلىشنى يۇرتتىكى داڭلىق ئەلنەغمىچى ئىسمائىل روزىدىن ئۆگەنگەن . ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىن باشلاپ مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ مۇزىكا سېزىمى خېلى بالدۇر يېتىلگەن . 1980 ـ يىلى ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دولان مۇقام مۇزىكىلىرى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە قالۇن چېلىشقا تەكلىپ قىلغان .

1986 ـ يىلى ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەكلىپ قىلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا «چەبىيات» مۇقامىنى تەييارلاشقا قاتناشتۇرغان . ئۇ مۇقام ئانسامبىلىدىكى ئۇستازلاردىن «چەبىيات» مۇقامىنى ئۆگىنىپ ، قالۇن بىلەن ياخشى ئورۇنلىغانلىقتىن ، شۇ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىپ ، 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ھەر يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە 1 ـ ، 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلگەن .

1992 ـ يىلى نويابىردا بېيجىڭغا بېرىپ ، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ ، «مەملىكەتلىك خەلق مۇقامچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن .

1992 ـ يىلى سېنتەبىردە ، خاڭجۇ شەھەرلىك باغ ـ ئورمان ئىدارىسىنىڭ ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىك ئېلان شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن خاڭجۇغا بېرىپ ، خاڭجۇنىڭ 1992 ـ يىللىق «خاڭجۇ ۋۇشەن بوتخانىسى سەيلە ـ ساياھەت بايرىمى» غا بېرىپ دولان مەشرىپىنى كۆرسىتىشكە قاتناشقان . 1993 ـ يىلى سېنتەبىردە ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن شېنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شېنياڭ شەھىرىگە بېرىپ ، «جۇڭگو ـ شېنياڭ خەلقئارا ياڭگې بايرىمى» دا مەكىت دولان ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە قاتنىشىپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . 2000 ـ يىلى مايدا ، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مەكىتتە ۋاپات بولغان .

### 9 . دولان ئۇسسۇلچىسى رەھىم قادىر

پۈتۈن ئىشقىنى دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلىغا بېغىشلاپ ، دولان خەلقىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن رەھىم قادىر 1943 ـ يىل مەكىت ناھىيە بازار جەمى يېزا كۆتەكلىك كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان . 1958ـ يىلى يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى باشلىغان . 1959 ـ يىلى ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايقىغان تەشكىل ئۇنى ناھىيىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلغان . شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئۇ مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتىدۇ .

رەھىم قادىرنىڭ مۇقام ۋە ئۇسسۇلغا بولغان ئىشتىياقى ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى قوزغالغان . ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە قوزغالغان بۇ ئىشق ـ ھەۋەس ئوتى ئۇنى داڭلىق خەلق مۇقامچىلىرى ، ئۇسسۇلچىلىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرغان . ئۇ ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياق ، قەتئىي ئىرادە بىلەن دولان مۇقامىنى ، دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ ، ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . جاپالىق مەشىق ، ئېرىنمەي ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئۇ دولان مۇقاملىرى ۋە دولان ئۇسـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇلىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىۋالغان .

رەھىم قادىر ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن دولان مۇقاملىرىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ، مۇقام ناملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، مۇقام تەرتىپىنى رەتكە تۇرغۇزۇش ، مۇقام تېكىستلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن . 1993 ـ يىلى شىنىياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مىللىي خەلق (ياڭگې) ئۇسسۇل بايرىمىدا ئۇ ئىجاد قىلغان دولان ئۇسسۇلى مۇنەۋۋەر رېژىسسورلۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن .

ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق مۇقامچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى داڭلىق خەلق ئۇسسۇلچىسى ، شۇنداقلا مول ھوسۇللۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى . ئۇ ئىجاد قىلغان 20 دىن ئارتۇق سەنئەت نومۇرى قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . يالغۇز كىشىلىك ناخشا «خۇشال مەشرەپكە ماڭدىممەن» ، «گۈل دىيارىم» ، «گۈللە دولان» ، «چاقچاق يايرىم» قاتارلىق ناخشىلار شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلغان . رەھىم قادىر ماھىر تەربىيىچى بولۇپ ئۇ 20 دىن ئارتۇق دولان مۇقامچىسى ۋە ئۇسسۇلچىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ، ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ناھىيىلىك دولان مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار ۋە دىرامىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

### 10 . دولان غېجەكچىسى قۇربان تۇردى

دولان دىيارىدا كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق دولان غېجەكچىسى قۇربان تۇردى 1922 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسى پىلتە قومۇش كەنتىدە خەلق ئەلنەغمىچىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . مۇقام ـ ئەلنەغمىچى ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىش ئۇنىڭ مۇقاملارنى تېزلا ئۆگىنىۋېلىشىغا ناھايىتى چوڭ ئاساس سالغان . ئۇ دادى-

ىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە 17 ياشقا كىرگەندە قالۇن ، دولان غىجەكى ۋە دولان راۋابى چېلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋال-غان . ئۇ دولان مۇقامىنى ئېيتىش ۋە دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش جەريانىدا خەلق ئارىسىدا تېزلا داڭ چىقارغان . 50 يىللىق دولان مۇقامى ئورۇنداش ۋە دولان غىجەكى چېلىش ھاياتىدا خەلقنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى سۆيۈملۈك كىشىسىگە ئايلانغان . يۇرتتا ئۇ بولمىسا مەشرەپ قىزىمىغان ، ئۇ بولمىغان دولان مەشرىپى كىشىلەرگە كۆڭۈل-لۈك تۇيۇلمىغان ، شۇڭا يۇرتتا مەشرەپ بولغاندا خەلق ئۇنى چاقىرىش-نى ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغان ، خەلق ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە ، ئېپتىخارلىق بىلەن ئۇنى «قۇربان غىجەك» دەپ ئاتاشقان .

ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ دولان مۇقامچىلى-رى قاتارىغا قوشقان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تالانتقا ئىگە بولغانلىرى ساۋۇت تۇردى ، نىياز ھوشۇر ، روزى ئايۇپ قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىشى . ئۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن دولان مۇقاملىرىنىڭ نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، مۇ-قام رەت تەرتىپى تۇرغۇزۇش ، مۇقام تېكىستلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ ناھايىتى زور كۈچ چىقارغان .

شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى دولان مۇقامىنى قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەشتە ئۇنى دولان قىل غىجىكىنى چېلىشقا تەك-لىپ قىلغاندا ئۇ ئۆزگىچە چېلىش ماھارىتى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى سۈپەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . ئۇ ھازىر مەكىت ناھىيىلىك دولان مۇقام تەتقىقات جەمئىيى-تىنىڭ ئەزاسى ، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ دولان مۇقام يېتەكچىسى .

## 11 . ئاتاقلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان

پاتەم قۇربان 1932 ـ يىلى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى مەكىت ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1951 ـ يىلى سەنئەت گۈلزارىغا قەدەم قويغان . ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋىلايەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئويۇن قويۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆمەكلىرىنىڭ تەركىبىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاق-لىرى، شەھەر ـ بازار، زاۋۇت كارخانىلار ۋە ھەربىيلەر ئارىسىغا كۆپ قېتىم بېرىپ ناخشا ئېيتىپ ھەر مىللەت خەلقىگە بەدىئىي زوق بەخش ئەتكەن. بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئويۇن قو-يۇشقا قاتنىشىپ مەملىكەت ئىچىگە تونۇلغان. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىس-تان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جۇمھۇ-رىيەتلىرىدە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ «شىنجاڭ بۇلبۇلى» دەپ تەرىپ-لەنگەن. ھازىرغا قەدەر ئۇ ئېيتقان «لەيلىگۇل»، «ئاسىگۇل»، «گۇل ئايشەم»، «يارۇ»، «يايرىم خۇمالىق»، «ئەمگەكچى بالا» قاتارلىق ناخشىلار خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشىلاردۇر.

پاتەم قۇربان 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ 6 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. ئۇ يەنە ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇدې، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشتەك شەرەپلەرگىمۇ مۇيەسسەر بولغان. دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس ئۇنۋانىنى ئالغان. 1987 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان بولۇپ 1991 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل تىياتىر ئۆمىكى ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنىڭ 40 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەن. 1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 66 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

## 12. ئاتاقلىق ناخشىچى، كومپوزىتور تۇردى روزى

تۇردى روزى 1940 ـ يىلى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى مەكىت ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1955 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى، كومپوزىتورى بولۇش

مۇپىتى بىلەن ۋىلايەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئويۇن قويۇش ئۆمەكلى-رىنىڭ تەركىبىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەڭ يېزا قىشلاقلىرى ، شەھەر ـ بازار ، زاۋۇت كارخانىلار ۋە ھەربىيلەر ئارىسىغا كۆپ قېتىم بېرىپ ناخشا ئېيتىپ ھەر مىللەت خەلقىگە بەدىئىي زوق بەخش ئەت-كەن . ھازىرغا قەدەر ئۇ ئېيتقان ۋە ئىجاد قىلغان «كەشتىدىچى قىزلار» ، «مول ھوسۇل» مەشرىپى «ئانارگۈل بالا» ، «قەشقەردە باھار» ، «پايانسىز چاڭجياڭ» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلار خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشىلاردۇر .

تۇردى روزى 1989 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىققان . 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 53 يېشىدا ۋاپات بولغان .

## 13 . ئابدۇرېھىم نىياز

تالانتلىق مۇزىكانت ئابدۇرېھىم نىياز 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاڭغىتلىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . 1953 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەكىت ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . 1960 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1965 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . 1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالغان . 1968 ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ مۇزىكانتلىق بىلەن شۇغۇللى-نىپ چاڭ چالغان . 1983 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە شىئەن مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىجادىيەت فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان .

ئابدۇرېھىم نىياز 30 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكا ئىشلىرى ۋە سەنئەت پائالىيىتىدە تىرىشىپ نەتىجە يارىتىپ كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئابدۇرېھىم نىياز كىچىكىدىنلا ئانا يۇرتى دولان دەرياسى بويىدا سەنئەت-خۇمار خەلق ئارىسىدا چوڭ بولۇپ خەلق سەنئىتىنىڭ پۈتمەس ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇگىمەس بۇلىقىدا كۈچلۈك سەنئەت ھەۋىسىنى يېتىشتۈردى . ئابدۇرېھىم نىياز مۇزىكا ساھەسىدە ماھىر چالغۇچى بولۇپ قالماستىن ، مىللىي مۇزىكا ئىجادىيىتىدە جاپالىق ئىزدىنىپ مىللىي سەنئەت گۈلزارىنىڭ نۇرغۇن غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇردى . ئۇ ئىجاد قىلغان «چىللايدۇ ۋەتەن بىزنى» ، «دولان دەرياسى بويىدا كېچە» ، «مۇز تاغدىكى بەيگە» ، «ھايات قايناق ـ كۆڭۈل شادىمان» ، «كۆڭۈل ئارزۇسى» ، «گۈلدەستە» ، «ۋەتەن مۇھەببىتى» ، «تومۇچۇق» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ناخشا ، قوش ئاۋازلىق ناخشا ، ئومۇمىي مۇزىكا ۋە باللار ناخشىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇسابىقىلىرىدا 1 ـ ، 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

1989 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «ئامانىسا ۋە پەنجىگاھ» نىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىنى ئابدۇرېھىم نىياز ئىشلىگەن بولۇپ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىجادىيەت ۋە ئورۇنلاشتا 1 ـ دەرىجىلىك قوش مۇكاپاتقا ئېرىشتى . 1993 ـ يىلى ئۇ ئىشلىگەن «رەسسام قىز» ناملىق راۋاب قوشقى مەملىكەت بويىچە خوخخوتتا ئېچىلغان ئەلنەغمە كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1993 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن چوڭ تىپتىكى بەدىئىي سەنئەت فىلىمى «دولان مەشرىپى» نىڭ مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ، نوتىغا ئېلىش ۋە ناخشا ئىجاد قىلىشقا قاتنىشىپ فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا چوڭ تۆھپە قوشقان .

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — دولان مۇقاملىرىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ، نوتىغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ قىسقىغىنا سەككىز ئاي جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق دولان مۇقاملىرىنى بەش سىزىقلىق نوتىغا ئېلىشتىكى قىيىن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دولان مۇقاملىرىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەملىك بەش سىزىقلىق نوتىسىنى ئىشلەپ ، دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ دولان مۇقام تەتقىقاتىغا زور تۆھپە

قوشتى . ئۇنىڭ دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ !

ئابدۇرېھىم نىياز ھازىر دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى .

## 14 . ئابدۇرېشىت توختى

«كارۋان ناخشىسى» ، «كۆركەم تەڭرى تاغلىرى» ، «بۇلبۇل» ، «ئاق ئۆرۈك» تەك ئېسىل ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان تالانتلىق كومپوزىتور ئابدۇرېشىت توختى ، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراققا ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ۋە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلگە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە .

كومپوزىتور ئابدۇرېشىت توختى 1943 ـ يىل 5 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مەكىت خەلقىنىڭ سەنئەت سۆيەر ئادىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ناخشاـ مۇزىكىغا چەكسىز ئىشتىياق باغلايدۇ . باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىدۇ ؛ 1956 ـ يىلى بىۋاستە ھالدا شىنجاڭ ناخشاـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ ، كەسپىي مۇزىكانت بولۇپ تەربىيىلىنىدۇ ؛ ئۇ شۇ ئۆمەكتە مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى قاۋۇل تۇردىدىن چاڭ چېلىشتىكى تۇرلۇك تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ ، ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆمەكنىڭ بىردىنبىر ماھىر چاڭچىسى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەت بىلەن ئورۇندىلىشىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشىدۇ .

كومپوزىتور ئابدۇرېشىت توختىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى 1959 ـ يىلىدىن باشلىنىدۇ ؛ ئۇ بىر مەزگىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يارامىلىق بىر كومپوزىتور بولۇش ئۈچۈن مۇزىكا ئىجادىيىتىگە ئائىت تۈرلۈك نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاملىرى ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ، ئۇلارنىڭ رايون ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇزىكا ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپ نەزەر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ، بىلىم قۇ-رۇلمىسىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى يارىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ جەھەتتە سىستېمىلىق ئىزدىنىشنى باشلايدۇ ؛ ئۇ 1960 ـ يىلى «بۇل-بۇل» ناملىق ناخشىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان قىلىدۇ ؛ بۇ ناخشا ناھايىتى تېز خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ .

ئابدۇرېشىت توختى ، شۇنىڭ بىلەن مۇزىكا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار مۇنەۋۋەر ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ بۇ ساھەدە ئالدىنقى قاتاردىكى كومپوزىتور-لاردىن بولۇپ قالىدۇ . ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاياللار يۇقىرى ئاۋازلىق ۋە ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىلاردىن «نىجات يۇلتۇزىمىز» ، «بۇلبۇل» ، «كارۋان ناخشىسى» ، «ئاق ئۆرۈك» ، «كۆركەم تەڭرى-تاغلىرى» ، «تەكلىماكان» ، «باق يولۇڭغا» ، «دولان قىزى» ، «گۈزەل مەكىت» قاتارلىق 30 غا يېقىن ناخشىسى ئومۇم مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدىن «سېغىنىش» ، «شادلىققا تولغان بىر كۈن» ، «ئەتلەسچى قىزلار» ، «ئوۋچىلار ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئونغا يېقىن مۇزىكىسى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ ؛ بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ، ئاھاڭى مول ، بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە . بۇ ئەسەرلەر سەھنە ، ئېكران ۋە رادىئولاردا توختىماي ياڭراپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە .

ئابدۇرېشىت توختى يەنە «يۇرتۇمغا سەپەر» ناملىق كىنو فىلىمى-نىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ، «دولان مەشرىپى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمىنىڭ ئاساسلىق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ ، شۇ فىلىملەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان .

ھازىرغىچە كومپوزىتور ئابدۇرېشىت توختىنىڭ ئون پارچىگە يېقىن ناخشا مۇزىكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ئابدۇرېشىت توختى 1982 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كەسپىي مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆمەك تەركىبىدە ئۇنىغا يېقىن دۆلەت ۋە رايونغا ئويۇن قويۇشقا چىقىپ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى — چاڭنى جاھانغا تونۇتقان.

ئابدۇرېشىت توختى ھازىر جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك مۇزىكانت.

## 15. راخمان ئىبراھىم

راخمان ئىبراھىم 1960 - يىل 11 - ئايدا مەكىت ناھىيىلىك يانتاق يېزىسى يانتاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1975 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە ۋە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1975 - يىل 10 - ئايدا ئۇ يانتاق يېزىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىدە ئىشلەۋاتقاندا نەي چېلىشتىكى ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى سەزگەن ئۇستازلار ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلغان. ئۇ مۇزىكا سىنىپىدا تۆت يىل بىلىم ئالغاندىن كېيىن 1979 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ مەكىت ناھىيىلىك دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 1990 - يىلىغىچە بۇ ئۆمەكتە مۇزىكانت، مۇزىكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئۆمەك ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئاتا تۇپرىقى ئۇنىڭ يىلتىز تارتىپ مېۋە بېرىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئاتا يۇرتى ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ ئۆزىدىكى بارلىق مۆجىزاتلارنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان. بەدىنىدىكى ساپ دولان قېنى ئۇنى يارامىلىق دولان ئوغلى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ دولان مۇقاملىرىنى پىششىق ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن. ئۇ ئۆمەكتە مۇزىكا كەسپىنى ئىشلەش جەريانىدا ئىسمائىل ئەخمەت، مەھەممەت تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دى ، تۇرەك ئاۋۇت ، روزى موللا ،ئابجىل روزى ، ئوسمان قادىر قاتارلىق دولاندىكى تالانتلىق مۇقامچىلاردىن مۇقام ئۆگەنگەن . ئۇنىڭ ئىجادىيەت تالانتى ئاشۇ مۇقام يۇرتىدا پىشىپ يېتىلگەن . دولان مۇقاملىرىنى نەي بىلەن ئورۇنلاش ماھارىتىنىمۇ ئاشۇ زېمىندا تاۋلاپ چىققان . 1990 ـ يىلى ئۇنىڭ نەي چېلىشتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى بايقىغان شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى رەھبەرلىكى ئۇنى يۆتكەپ ئەكەلگەن بولۇپ ، ئۇ ھازىرغىچە شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلەپ كەلمەكتە . ئۇ نەي چېلىشتىكى يۇقىرى تالانتى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئابرۇي تاپتى . ئۇ شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە سۈرىيە ، ئىئوردانىيە ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ، فرانسىيە ، ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە ئارقىمۇ ئارقا ئويۇن قويۇشقا چىقىپ چەت ئەللەردىكى دوستلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . 1993 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئىراننىڭ نۇرلۇق كۈننى خاتىرىلەش بايرىمىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان . تەكلىپ بىلەن مالايسىيا ، ياپونىيىگە ئويۇن قويۇشقا بېرىپ نەي بىلەن دولان مۇقاملىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان مۇزىكىلارنى ئورۇنلاپ قىزغىن قارشى ئېلىنغان . ئۇ نەي بىلەن دولان مۇقاملىرىنى ئورۇنلىغان بىردىنبىر كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكانت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى . ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلىپ يالغۇز نەي بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكا «خۇشال يېزام» 1993 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا ئورۇنلاش كۆرىكىدە «پاختىزارلىقتا» ناملىق مۇزىكىنى نەي بىلەن ئورۇنلاپ 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت ۋە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . يېقىندا شاڭخەي خەلق مۇزىكا نەشرىياتى «پاختىزارلىقتا» ناملىق يالغۇز نەي مۇزىكىسىنى نەشر قىلدى . «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ئۇنىڭ «نەي چېلىشتا ئايلانما نەپەس ئېلىش ماھارىتىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ئۇ ھازىرغىچە «دولاندا باھار» ، «دولاندا شادلىق» ، «دولان قىزى»

قاتارلىق 20 گە يېقىن مۇزىكا ئىجاد قىلىپ ئۆزى ئورۇنلىدى . بۇ قېتىم ئۇ دولان خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەش سىزىقلىق نوتىسىنى ئىشلەپ دولان مۇقاملىرى تەتقىقاتى ۋە دولان خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى .

## 16 . گۈزەلنۇر قۇربان

گۈزەلنۇر قۇربان 1967 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ مەكىت ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ، 1982 ـ يىلى مەركىزىي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلاش فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ ، 1986ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان .

1986 ـ يىلدىن تارتىپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئۇ «ئامانىنساخان» ، «گۈلەمخان» ، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرالاردا رول ئالغان . بۇ ئويۇن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئەللەردە 40 نەچچە مەيدان قويۇلغان بولۇپ ، ھەممە يەردە چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماي ، ئۇيغۇر ئوپېرا سەنئىتىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغان .

گۈزەلنۇر قۇربان تۆھپىسىگە لايىق ئۇتۇق قازانغان . ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئوپېرا ئۆمەكتە مۇكاپاتقا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن ، ئەڭ زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس بولۇپ قالدى . 1989 ـ يىلى «خەيشيا تۆگىلي لوڭقىسى» مۇكاپاتىغا ھەم مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1992 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكا مۇسابىقىسىدە ئالاھىدە ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئوپېرا مۇسابىقىسىدە ئۇ چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى»دا ئايال باش پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالغان . بۇ تىياتىر مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تارقاتقان «مەدەنىيەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ ، ئۇ 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1997 ـ يىلى ئۇيغۇر ئوپېراسى «گۈلەمخان» دا ئايال باش پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالغان . بۇ ئوپېرامۇ مەدەنىيەت مىنىستىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىقى تارقاتقان «مەدەنىيەت مۇكاپاتى» ۋە «بەشتە بىر قۇرۇلۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «شىنجاڭنى قۇرۇش ۋە ئېچىش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، شۇ يىلى يەنە «8 ـ مارت بايراقدارى» بولۇپ باھالانغان. 1997 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە ھەر يىلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئىلغار خىزمەتچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 ـ، 2001 ـ، 2003 ـ يىللىرى مەدەنىيەت نازارىتى سىستېمىسى بويىچە 100 ئىلغار خىزمەتچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆھپىسى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» ۋە «قوش ئەخلاق قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مەملىكەتلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «قوش ئەخلاق» ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىدىكى 100 مۇنەۋۋەر شەخسنىڭ بىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

2000 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دەپ باھالانغان. 2001 ـ يىلى مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 12 ـ نۆۋەتلىك ئورۇمچى مۇكاپاتلىق ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ئەڭ ياخشى ئېيتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار كەسپىي تېخنىك خادىمى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

گۈزەلنۇر قۇربان ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى بولغان بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتىغا ئەۋەتىلىدىغان مۇزىكىلىق ئوپېرا «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» دا ئايال باش پېرسوناژ يالغان گۈلەندەمنىڭ رولىنى ئۇستىلىق بىلەن ئالغان بولغاچقا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

گۈزەلنۇر قۇربان ياخشى ئوبراز يارىتىپلا قالماي، تۇرمۇش، خىزمەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەك-

تە . ئۇ كەسىپكە پىشقان مۇتەخەسسىس بولۇپلا قالماي ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن سەنئەتكارلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان . ئۇنىڭ جاپا- مۇشەققەتكە چىداش ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتەك خىزمەت روھى شىنجاڭ سەنئەت تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەربىر سەنئەتكارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بۆرچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# يەتتىنچى باب
# مەكتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى

## 1 . مەكتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى

مەكىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ، ئاخىرقى ئېقىنى (بۇ يەردىكى دەريانى يەرلىك كىشىلەر «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتايدۇ ) ۋە تىزناپ دەرياسى (بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى يەرلىك كىشىلەر «خالاستان دەرياسى» دەپ ئاتايدۇ ) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان . مەكىت ناھىيىسى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ، ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلار ، ئىككى دەريا بىلەن ئورالغان ، گىرە-لەشكەن بىر بەلۋاغقا جايلاشقان بولغاچقا ، بۇ خىل تەبىئىي شارائىت ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ مەكىت تەۋەسىدە ئىنسانلارنىڭ هايات كە-چۈرۈشى ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قۇلاي شارائىت هازىرلىغان .

بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تېپىلمىلاردىن قارى-غاندا ، مەكىتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇندىن 6 — 7 مىڭ يىل ئىلگىرى )گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان ، بۇ دەۋر (يېڭى تاش قورال دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىپتا ،ئىنچىكە ، قورال دەۋرى )دىكى سىپتا تاش قوراللار ، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكلىدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تېپتىكى تاش قوراللار ) ، بىۋاستە ياسالغان ئۆتكۈر قوراللار (ئوق بېشى ، نەيزە ئۇچى ، پىچاق ، پالتا قاتارلىقلار )دىن ئىبارەت بولۇپ ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى① ئىدى . 1913 ـ يىلى ئارخې-

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 182 ـ بەت . ۋۇچېن : «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ .

ئولوگ ئاۋرېل ستەين شىنجاڭغا قىلغان 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلاپ 9 - ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مارالبېشى ئارقىلىق مازارتاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرەپىدە بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىلگىرى مەكىت تەۋەسىدە بولغان ئىكەن. بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، مەكىت خەلقى ئەسلىي تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەردە ياشىغان بولۇپ، كېيىنكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي غەربكە كۆچۈپ ھازىرقى يەكەن، تىزناپ دەريا بويلىرىدىكى سۇيى ئەلۋەك، تەبىئىي شارائىتى ياخشى جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر مەكىت بىلەن مازارتاغ ئارىلىقىدا «كەندىرلىك» دېگەن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالدى. گەرچە ھازىر تېخى بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ ئېنىق بىر يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق دەسلەپكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە بىر قىسىم سېلىشتۇرما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتتا تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىلگۈسى) ئەتراپىغا كېلىپ، بۇ جايدىن نۇرغۇن كىچىك خارابە ئىز، شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان[1] ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا ئۇچىنى بايقىغان. يېقىندا، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەربابنىڭ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1965- يىلى 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەكىتتىن قەدىمكى ئوقيا تېپىلدى (بايقالدى)» دېگەن تېمىدىكى ماقالىنىڭ ئۇچۇرىغا ئىگە بولدۇم[2] (ئەپسۇسكى شۇنچە ئىزدەپمۇ ھازىرغىچە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى تاپالمىدىم).

مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى يېڭى تاش قورالغا ئىگە بولغان ياكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن تاش قورال ياساپ،

---

① جېننىبىتتى مىرىسكىي: «ستەين ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 - يىل 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 - بۆلۈم، 329 - بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 6 - ئاي خەنزۇچە نەشرى 793 - بەت.

ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان دەۋر ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە «يېڭى تاش قورال دەۋرى» دەپ ئاتالغان . ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرىدە (بۇندىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى ) تەبىئىي تاشلاردىن پايدىلانغان ياكى تەبىئىي تاشلارنى ئاز- راق ئۇرۇپ - سوقۇپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ تۇر- مۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان بولسا ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەن- دە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ ، تەبىئەتنى بويسۇندۇ- رۇش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلغان ھەم ئىنچىكە ، سىپتا بولغان ، مۇقىم شەكىلگە ئىگە تاش قوراللارنى ياسىغان . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى» مانا شۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاساسلىق تاش قوراللاردۇر . ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى بولۇپ ، ئوقيا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ- شىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى . يەنى ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ ، خۇ- سۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى .

قەدىمكى چاغدا ، تەكلىماكان ناھايىتى ئاۋات بىر جاي بولغان . نۇرغۇن بەگلىك ، خانلىقلار قۇرۇلۇپ ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى تىكلەش- كەن . خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەردىكىلەر دېھقانچىلىق ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ، دەريا بويىدىكى ، تاغ باغرى- دىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق قاتارلىق ئە- گىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . مەكىتكە ئوخشاش دەريا بويى ، توغراق ئارىسىدىكى خەلقلەر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللانغان . مەكىتتىن تاش ئوقيا ئۇچىنىڭ تېپىلىشى ، مە- كىت خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قى- لىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ھازىرمۇ مەكىتتە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كەسپىي ئاھالىلەر بار . خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئوۋچىلىققا ئائىت بولغان ئېتىقاد ئادەت- لىرىمۇ كەڭ ساقلانغان .

مەكىت ناھىيىسى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ ـ تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخى مۇنتىزىم ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. پەقەت 1990 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەت لىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى دەس لەپكى قەدەمدە پۈتۈن ناھىيىدە (بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پەقەت ناھىيە ئىچى ۋە ناھىيىگە يېقىن جايلار بىلەن چەكلىنىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇملۇق، توغراقلىق بەلۋېغى چالا قالغان) گە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بويىچە بەش ئورۇننى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ ئورۇنلار ئىچىدە يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىگە مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ئىلگىرى باشقا جايلاردىنمۇ تېپىلغان. بىراق ئۇلار بىلەن مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش، دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە مەلۇم پەرق بار. بىز كۆرگەن باشقا جايلار (كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەر، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر، نىيە ۋە خوتەن ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر)دىكى قەبرى لەردە مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يەرلىك مەدەنى يەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئېنىق بىر خاراكتېرى ئىپادە قىلىنغان. لېكىن، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەردە قەبرىلەر نىڭ ياسىلىشى باشقا جايلارغا ئازراق يېقىن كەلسىمۇ، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولۇپ، ئېنىق بىر ئالاھىدىلىكنى بىلگىلى بولماي دۇ. قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بۇددا دىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولسىمۇ، بىراق دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن بۇ مەسىلىنى مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇ رۇپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلساق دېگەن ئويدا. چۈنكى، مەكىت جۇغرا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پېيسىلىك مۇھىت جەھەتتىن ھەم قۇرغاق ھەم زەي . قۇرغاق بولغاندا ، قۇملۇق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قۇملۇق رايونلاردىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە (يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغان جايلار) قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، قەبرە قېزىلغاندىن كېيىن ياغاچ بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ياغاچ ۋە ياغاچ تاختىلار بىلەن گىرۋەك ياساش ئومۇمىي ئەھۋالدۇر . ئۇنىڭ يىل دەۋرىمۇ خېلى بالدۇر بولۇپ ، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1500 يىلدىن كەم ئەمەس . مەكىتتىكى يانتاق قۇم مازار قەبرىستانلىقى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ (بىراق دەپنە قىلىنىشى ئاددىي) . نەم (زەي) رايونلاردىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ھەم ياسىلىشى بىردەك ئەمەس . يەنى مەكىتتىكى كۆك تالىق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن بىر قەدەر نەم (زەي) بولۇپ ، قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەر توغراق كاۋىكى (يوغان توغراقنىڭ غولى) ئىچىگە قويۇلغان . دەپنە قىلىنىشىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولۇپ ، جەسەت يېنىدا ھېچقانداق ئالاھىدە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يوق . بۇ خىل ھالەت خوتەن ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ ، ئۇ يەردە كىچىك باللار مۇشۇ خىل قەبرىگە دەپنە قىلىنغان . دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ ، قەبرىگە دەپنە بۇيۇملىرى بىللە كۆمۈلگەن (بۇ خىل جەسەت ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن بىرسى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ) . مارالبېشى شاقۇدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا يۇقىرىدىكى قۇرغاق ھەم زەي يەرگە ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ . دەپنە قىلىنىشى بولسا ئوخشاشلا ئاددىي . دېمەك ، بۇ قەبرىلەردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ :

1 . مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قەبرىلەر مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ ياسالغان . قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ماس بولۇپ ، مەكىتتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى شەكلى جەھەتتىن يىل دەۋرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەن-

ـۇپ ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .①

2 . قەبرىلەردىكى دەپنە قىلىش ئادىتى بەك ئاددىي بولۇپ ، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر ھەمدەپنە بۇيۇم ئۇچرىمايدۇ . جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى كۈچلۈك ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ، مەكىت رايونىدىكى خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ، ئەجدادلارنىڭ ئىلگىرىكى قەبرە ياساش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ (بۇنىڭغا ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ) ، ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرگە ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن .

مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسىدا «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دېگەن بىر قەدىمىي مازار بار . مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئاغزاكى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا ، بۇ مازارلىققا قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار ) خان جەمەتىدىكى بىر مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەپنە قىلىنغان ئىكەن . ئەينى چاغدا ، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپارلار (دىنسىزلار ) تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان . يەنە بىر رىۋايەتتە ، مەلىكە ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرۈپ ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولغان ئىكەن . ئۇزۇندىن بېرى يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر كېلىپ بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە .② قىزىلجى خېنىم نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مازارلىق پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 7 ـ 8 دىن ئاشىدۇ . لېكىن ، قىزىلجى خېنىم نامىدىكى مازارلارنىڭ كۆپ بولغىنى بىلەن ، بۇ مازارنىڭ يازما تەزكىرىسى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىنىمىز يوق .

تەخمىنەن مىلادىيە 1898 ـ يىلى ئىبرايىم خان ( 依不拉罕 ) دېگەن كىشى ھازىرقى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىدىن بىر تۇركۇم

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1994 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 31 ـ بەت .

② ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1995 ـ يىل 4 ـ سان ، 95 ـ ، 96 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆججەت ماتېرىيال تاپقان . كېيىن بۇ يازما يادىكارلىق ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېيىنىڭ قولىغا ئۆتكەن . بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ ، يازما يادىكارلىق جەمئىي 19 پارچە . فرانسىيىلىك ئالىم خۇئارت ۋە ئەنگلىيىلىك ئالىم گرونكى سىلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ئەرەب يېزىقىدىكى سەككىز پارچە يادىكارلىق ، ئەنگلىيە ئالىمى ئېردال سىلىشتۇرۇپ بېكىتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن بەش پارچە يادىكارلىق ۋە ئەرەب بىلەن يېزىقى تۈركىي تىلىدا خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يادىكارلىق ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم بولدى . قالغان بىر قانچە پارچىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن ھەم ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق بولۇپ ، تېخى رەتلەنمىگەن . بۇ ماتېرىياللار تېپىلغان جاي — مەكىت قىزىلئاۋات يېزا قىزىلجى كەنتى ئىلگىرى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىنلار بولغاچقا ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ يازما ماتېرىياللارنى «يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى» دەپ ئاتاشقان .① بۇ ماتېرىياللار تېپىلغاندىن كېيىن ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتقان بولۇپ ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملار بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى . مىلادىيە 1898 - يىلى ، ئەنگلىيىلىك سانسكرىتشۇناس خوئېرنلې تۇنجى بولۇپ «ئەنگلىيە قولىغا چۈشۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يادىكارلىقلىرى ھەققىدە دوكلات» تا مەلۇمات بېرىپ ، شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى . بىراق ، بۇ نۆۋەت ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى ماكارتنېي خوتەندىن يىغىۋالغان يازما يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندى .

1914 - يىلى ، فرانسىيىلىك ئالىم خۇئارت «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە توختامنامە» ناملىق ماقالىسىدە پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەن مەزگىل (1906 — 1908 - يىللار )دە قولىغا چۈشۈرگەن ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازما يادى-

---

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 - يىل 5 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 490 - بەت . نيۇرۇجى : «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 - يىل 10 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 183 - بەت .

كارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى . بۇ يازما يادىكارلىقتىكى مىلا-دىيە يىلىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1106ـ يىلى ، 1112 ـ يىلى ۋە 1114 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقى يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئىككىسى يەكەننىڭ مەلۇم كەن-تىدىكى ئۇزۇمزارلىق ۋە يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دائىر توختامنامە بولۇپ ، خۇئارت بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئۇلارنى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق» دەپ ئاتىغان .① كېيىن يەنە پېللىئوت يىغقان ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ يەكەندىن تېپىل-غان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ماكارتنېينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەت-كەنلىكى ئايان بولدى . ئەنگلىيىلىك ئالىم روسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ، 1911 ـ يىلى يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر باغدىكى دەرەخ تۈۋىدىن ئەرەب يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنغا ئائىت بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلار تېپىلغان . بۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ماكارتنېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن .②

1984 ـ يىلى ، ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېردال «يەكەندىن تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، قەدىم-كى ئۇيغۇرچە ، تۈركچە يازما يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن . 1986 ـ يىلى ، ئەنگلىيىلىك ئالىم كرونكى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەبچە يازما يادىكارلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، ماكارتنېي توپلىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان .② شۇنداق قىلىپ ، ئاتالمىش يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەق-قىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىي جەھەتتىن تامام بولۇپ ، بۇ يازما يادىكار-لىقلار ھەققىدە ئومۇمىي بىر چۈشەنچە ھاسىل بولدى . بىراق ، ئىلگى-

① ② لىن مېيسۇن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شەرق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 474 ـ ، 475 ـ بەتلەر .

② لىن مېيسۇن : «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، شەرق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 475 — 477 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ىرى بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان ۋاقتى ۋە تېپىلغان ئورنى ھەققىدە بىر قىسىم مۇجمەللىكلەر بولۇپ، پىكىر بىرلىككە كەلمىگەندى. بېقىندا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ئېنىق بىر جاۋابقا ئىگە بولدۇق. ئەسلىي ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

1908 ـ يىل 12 ـ ئايدا، روس ھىندىستاندا ستەينگە ماكارتنېي يىغىۋالغان يەكەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن. روسنىڭ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ستەين ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئارىلىقىدا يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان جايىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، 1913 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئۇ بۇ يازما يادىكارلىقلارنى بايقىغان ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن يادىكارلىق چىققان ئورۇنغا بارغان. ئۇ يەكەننىڭ شەرقىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى (شەرقىي قىرغىقى) دىكى باغجىگدە (ھازىرقى باياۋات بازىرى) كەنتىدىكى ئىبراھىم دېگەن دېھقان بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتى ئارىلىقىدا شىمالغا قاراپ تەخمىنەن توققۇز ئىنگلىزمىللىق (13 كىلومېتىر ئەتراپىدا) مېڭىپ، قىزىل مازار (ھازىرقى قىزىلچى كەنتىدىكى قىزىلچى خېنىم مازىرى) غا كەلگەن. يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى مۇشۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىن يېرىم ئىنگلىزمىللىق كېلىدىغان تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى بىر قۇم بارخاننىڭ يېنىدىكى قەدىمىي دەرەخ ئاستىدىن چىققان. ئەمما ستەين بۇ يەردىن ھېچقانداق قەدىمكى ئىزنى بايقىمىغان. پەقەت بۇ يەرنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىزمىللىق كېلىدىغان جايدا قەدىمكى ئولتۇراق جاي ئىزى، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇغىرىش سىستېمىسىنى بايقىغان. بۇ بىر قەدىمكى كەنت بولۇشى مۇمكىن.①

بىز مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىلەن 1976 ـ يىلى يەنە شۇ قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 481 ـ بەت.

يىل دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق بېكىتىلدى)گە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز .

يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت بولغان يازما يادىكارلىقلاردا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە، شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا خەنزۇلار، تەزىكلەر (تاجىكلار)، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەر، جۈملىدىن سوغدىلار، سامانىيلار ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا يەنە ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بىرى يەكەن رابۇل كەنتىدە بولۇپ، «ئىساق جارۇپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى يەكەننىڭ سىمىناس كەنتىدە بولۇپ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل دەۋرى ھىجرىيە 474 ـ يىلى ياكى 494 ـ يىلى (مىلادىيە 1082 — 1101 ـ يىللار)غا، كېيىنكىسى ھىجرىيە 515 — 525 ـ يىلى (مىلادىيە 1121 ـ 1136 ـ يىللار)غا توغرا كېلىدۇ (بۇ مەسچىتلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 1005 — 1008 ـ يىللار بولۇشى مۇمكىن دەيدىغان پەرەزمۇ بار). يازما يادىكارلىقلاردا يەنە، مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان بىر نەچچە مۇسۇلماننىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. ئۇلار ھۇسەين ھاجى، ھەسەن ئەمىر ھاجى، ھەسەن ھاجى ۋە ھاجى ئىنال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى 1082 — 1121 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.[1] دېمەك، يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپ تارقالغان چاغلاردىكى پۈتكۈل شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر، يەكەن ۋە مەكىت قاتارلىق جايلار، شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللار بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا ھەم بىر قىسىم مەسىلىلەر — بۇ يۇرتلارنىڭ تىل - يېزىق، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ئىقتىساد، يەر نامى، كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە تەتقىقات

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 488 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلىپ بېرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ھەم تۈرتكە بولىدۇ .

1976 ـ يىلى يانۋاردا ، مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسىدىكى بىر دېھقان قازانكۆل جاڭگىلى (مەكىت قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ شىمالى ، غازكۆل ، قۇمقىسار يېزىلىرىنىڭ شەرقى ، بازار جەمئىي يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان جاڭگاللىق )دىكى بىر توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر خىل خۇرجۇن تېپىۋالغان بولۇپ ، خۇرجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون ، ئىككى يىپەك كۆڭلەك ، بىر كىگىز جەيناماز ، بەش دانە مىس تەڭگە پۇل (كېيىن ئېنىقلىنىشىچە ، بۇ پۇللارنىڭ سانى 30 غا يېتىدىكەن ) ، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان تورۋا چىققان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىلگىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغان ئىدى .[1] ئەينى چاغدا ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانى ھەم بەزىبىر رىۋايەت ، تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 1514 ـ يىللار ) گە تەۋە دەپ قارىغان ئىدۇق .[2] كېيىنكى تەتقىقاتلار ، بولۇپمۇ خۇرجۇن ئىچىدىكى مىس تەڭگە پۇللار ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ھەم سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق ، بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار )دىكى پۇللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى (بىراق ، پۇللار بەك پۇچۇلۇپ كەتكەن ، تونۇش قىيىن بولۇپ ، ھازىرچە بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قايسى خان قۇيدۇرغان پۇل ئىكەنلىكى ھەم ئېنىق يىل دەۋرى ھەققىدە مۇتلەق ھۆكۈم چىقارغىلى بولمىدى . پۇل ھەم باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ) . خۇرجۇندىن چىققان تون ۋە يىپەك كۆڭلەك 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن باھالىنىپ «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دەپ دەرىجىسى بېكىتىلدى ھەم «تونىنىڭ تىكىلىشى

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1994 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 29 ـ ، 30 ـ بەتلەر .

② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 491 ـ بەت ؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1994 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 31 ـ بەت .

ئۆزگىچە ، ياقا ، يەڭلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرى نەپىس ، ئىشلىتىلگەن رەخت ۋە يىپەك بۇيۇملارنىڭ سۈپىتى بەك سىپتا بولۇپ ، ئېلىمىز بويىچە يېگانە ئېسىل بۇيۇم ئىكەن» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلدى . بۇ بۇيۇملار يۇرتىمىزدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ھەم ئۇستا قول ـ ھۇنەر سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ .

1978 ـ يىلى ، مەكىت بازار جەمى يېزا ئۇۋكا كەنتى «ئاقبىنام» (بۇ جاي قازانكۆل جاڭگىلىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان ) دېگەن يەردىن دېھقانلار 27 تال يا ئوقى قاچىلانغان بىر دانە ساداق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ) تېپىۋالغان . بۇ يا ئوقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلگە-رى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ئىدى .① بىر قىسىم كىشىلەر ئىلگىرى قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان قىل خورجۇن ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بۇ ئوقيالارنى ئۆزئارا باغلاپ ، بۇنى تەخمىنەن مىلادىيە 1548 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخان بۇ يەرگە ئوۋغا چىققاندا قېپقالغان نەرسىلىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشتا بولماقتا .② مەن بۇنى ئاشۇ قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمەن . شۇنداق بولغاندا ، بۇ يا ئوقلىرىنىڭ يىل دەۋرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئالدىغا سۈرۈلىدۇ ھەم قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولىدۇ شۇنداقلا ئۇنى يۇرتىمىز مەكىت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق تۇر-مۇشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە ساقلانغان يادىكارلىقلار ئىنتايىن مول بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ قولىدا تارقاق ساقلانغان . يىغىۋېلىنغان ئاز بىر قىسمى (ھازىر مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم بۇيۇملار )دىن قارىغاندا ، مەكىت خەلقى مەيلى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، كىيىم ـ

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 31 ـ بەت .

② «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 491 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com



كىچەك ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بىر قىسىم ئۆرپ - ئادەتلەر ، ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت بۇيۇملاردا بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، ئېتىقات ئادەتلىرىدە بولسۇن ، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن .

مەكىتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ ، مەكىت خەلقى كۆچۈپ كەلگەن يەكەن ، تىزناپ دەريا بويلىرى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان . خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا ، مەكىت خەلقى قوشنا جايلار ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى دوراپ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى قىلغان . بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ھالدا ئۆزگەرگەن . ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلارنى ئۆزئارا باغلاپ «لاڭقا» ياساپ ، تۇرالغۇ جاي قىلغان بولسا ، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىتتە «تۆيۈزە» ، «توقۇلما» تام ياكى «تۆيۈزە تاملىق ئۆي» ، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بارلىققا كەلگەن . بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ، تام ئۇلىغا زەگۇندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك ، ئايرىش تۈۋرۈكلىرى قويۇلىدۇ . توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ . ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە قارشى تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ ) قويۇلىدۇ . زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك ، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئاراش تۈۋرۈك ، ئاراش تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق (تۈۋرۈكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ ) ، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ . چېتىق بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ

ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تام چىتىقلار بىلەن توقۇپ باغلاپ چىتىلغان. ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان. قېلىنلىقى ئادەتتە ئون سانتىمېتىر (بەزىدە 15 — 20 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، توپا، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ، بۇ نىيا قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆي-لەرنىڭ قۇرۇلمىسى① بىلەن ئوخشاش ئىدى. «كروران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆز-گىچە، تۈۋرۈك بىلەن سوقما، زەگۇندە، چىتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تورۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك ـ چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان»② بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما يەنى قوشام ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكىتتىكى «قوشام» (توقۇلما) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىما-كان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان نىيە، كروران ۋە مەكىت قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھە-تىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر. «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيە-لىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن.③ دېمەك، بۇ يەردە نىيە، كروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن مەكىتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق ھەم بىر خىل ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ، مۇشۇ جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك باغلىنىشنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئور-تاقلىقنى، قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ئىچىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق-لاردىكى خەلقلەرنىڭ يىلتىزداشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەكىت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى دىنلارنىڭ تۈرلۈك ئېتىقاد ـ ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ

①②③ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 138 ـ، 139 ـ، 143 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىنى بىلمىمىز . لېكىن ، بۇ قالدۇق تەسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەنئۇيىەتكە مەنسۇپ بولۇپ ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ماددىي شەكىلدە ساقلانغان ئەمەس ۋە ياكى ساقلانغان بىر قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە روشەن ئەمەس . ھالبۇكى ، مەكىتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان «چەراق» ئادەتلىرى بولسا ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى ، تەسىرچانلىقى ۋە شەكىللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن .

ھازىر مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا «چىراق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ ، بۇ ئادەت مەكىت ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ، يەنى يانتاق ، غازكۆل ، قۇمقىسار ۋە تۇمەنتال ، قورما يېزىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆپرەك ساقلانغان . بۇ خىل ئادەت بويىچە بولغاندا ، چىرىقى بارلار ، يەنى بىر خىل چىراقتىكىلەر يەنە بىر خىل چىراقتىكىلەرگە ئاق بەرمەيدۇ (پاختا ، ئۇن ، تۇز ، سۈت - قېتىق قاتارلىق) . بۇ ئاق كۆڭۈل ،مېھماندوست دولان خەلقىنىڭ بېخىللىقىدىن ئەمەس ، بەلكى چىراق ئارىلىشىپ كەتسە بالا - قازا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇپ ، ئۇنداق چىراقلاردىن قالپاق چىراق ، ئاقساق چىراق ، ئىشتان سالدى چىراق ، چولاق چىراق دېگەنگە ئوخشاش 4 — 5 خىل چىراق بار . بۇ چىراقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىتىلىش ئادىتى ۋە قائىدىسى بولۇپ ، ئۇلار چىراقلار ئارىلاشسا يەڭگىل بولغاندا كۆزگە ئاق چۈشىدۇ . ئېغىر بولسا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ ، ئۇرۇق-جەمەت قۇرۇپ تۈگەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . كۆزگە ئاق چۈشسە «چاچراقۇ سېلىش» (چىراق ئارىلاشقان ئۆيلەردىن ئۇن تىلەپ چىقىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئوچاقتىكى قوقاس ئوتقا كۆمۈلىدۇ . موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ ھۈرۈيدۇ . خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچەلىپ كېتىدۇ . داخان بۇنى ئايەتنىڭ كۈچىدىن بولدى دەيدۇ ) ئارقىلىق داۋالايدۇ . چىراق ئادىتى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان ، ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىقاد - ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلار-

نىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلاشقا بولىدۇ.
مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىر-لىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ياشاش پىسخىكىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر سىڭگەن حالدا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەكىت خەلقى-نىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىر قەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار كىيىم - كېچەك، بېرىش-كېلىش جەھەتتىكى قەدىمكى ئەنئەنىدىن باشقا، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىمۇ روشەن خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان. مەكىتتە ئۇن يېمەك-لىكلىرى ئاز ئىستېمال قىلىنىدۇ (ئىلگىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى)، گۆش يېمەكلىكلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى-نىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، مېھمانلارنى ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر، جەرەن، قىرقىمىغان ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ، ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئال-دىغا قوينى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ ئېلىپ چىقىش كۆچلۈك بولغان يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان قىلى-دۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى بىلەن بىرلەشسە، ئۇ شۇنداق بىر دەۋرنى — ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### 1. مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى

مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2-قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، باشقۇرۇش ئورنى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن خادىملار تەرىپىدىن 1990 ـ ، 1993 ـ يىللىرى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن، دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ چىقىلغان ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئىشلەنگەن ئورۇنلاردىن «قۇم مازار قەبرىستانلىقى»، «كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى»، «قىزىلچى مازىرى»، «شېھىتدۆڭ ئىزى مازىرى»، «ئەھمەد قازىئاخۇنۇم مازىرى» قاتارلىق بەش ئورۇن 1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ھۆججەت تارقىتىلىپ، ئېلان قىلىنغانىدى. 1999 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەلىپى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار ناھىيە تەۋەسىدە ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «نەۋرۇزدۆڭ مازىرى»، «چاچلىق ئاتام مازىرى»، «قىلىچ بۇغراخان مازىرى»، «جەينەك بۇغراخان مازىرى»، «گۆلچىمەن خېنىم مازىرى»، «زۇلۇقۇم مازىرى»، «ئارسلان خېنىم مازىرى»، «ئاچادۆڭ مازىرى»، «قويلۇق ئاتام مازىرى» ۋە «قارا ساقال ئاتام مازىرى» قاتارلىق 10 قەدىمىي مازارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت، پىشقەدەملەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتى ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىپ، دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقتى. تۆۋەندە ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:①

---

① بۇ ماتېرىياللار 1990 ـ ، 1993 ـ يىللىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە ئادىل مۇھەممەت تۇرانىنىڭ ئەسىرى («قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى) بىلەن 1999 ـ يىل 11 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىغا يوللىغان مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش دوكلات ماتېرىيالى ۋە تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ «مەكىت ناھىيىسىدىكى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانى) ناملىق تونۇشتۇرۇش ماقالىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تولۇقلاپ يېزىلدى.

## قۇم مازار قەبرىستانلىقى

قۇم مازار قەبرىستانلىقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يانتاق يېزىسى ئويتوغراق كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق ئۈستىگە جايلاشقان .

قۇم مازار قەبرىستانلىقى جايلاشقان قۇملۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە زەي كۆل ھەم يېكەنلىك — سازلىق بار . جەنۇبى چىغىر يول ، يولنىڭ ئۈستى تەرىپى سازلىققا تۇتاش ، شىمال تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق ئارقىلىق جىرىڭلىما سۇ ئامبىرىغا يانداش ، غەربىي تەرىپى يېزا يولى ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ۋە كەنت مەھەللىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ . قەبرىستانلىق ئاساسەن توغراق ، يۇلغۇن ، يانتاق ، قومۇش قاتارلىقلار بىلەن ئورالغان .

قەبرىستانلىق جايلاشقان ئورۇننىڭ شەرقىي تەرىپى ئېگىز قۇملۇق بولۇپ ، غەربكە سۇرۇلگەنسېرى پەسلەپ بارىدۇ . يەر تۈزۈلۈشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ، بۇ قەبرىستانلىقنى شەرقىي قىسىم ، غەربىي قىسىم دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ .

غەربىي قىسىم ئېگىز تەكشىلىكتىكى قەبرىلەر قۇم دۆۋىلىرىگە يانداشقان بولۇپ ، چوڭ ـ چوڭ توغراقلار ۋە ئانچە ئېگىز بولمىغان قۇم دۆڭلىرى بىلەن ئورالغان . بۇلار ئاساسەن يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت . شەرقىي قىسىم ئېگىز قۇم دۆڭلىرى ئۈستىگە جايلاشقان قەبرىلەر يايسىمان جايلاشقان بولۇپ ، يېرىمى ئېچىلىپ قالغان ئونغا يېقىن قەبرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

قەبرىلەر شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ياغاچ تاختا (چاسلانغان ياغاچلارمۇ بار ) بىلەن ياسالغان بولۇپ ، بىرقەدەر قەدىمىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ . قەبرىلەر قۇم دۆڭلىرىگە قويۇلغانلىقتىن ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، توغراق كۆتىكى ۋە يىلتىزلىرى بىلەن بىرگە ئېچىلىپ قالغان .

## كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



11 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يانتاق يېزىسىنىڭ ئويۇلۇق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلۈمە) كەنتىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.
كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىنى كىشىلەر ئادەتتە يەنە «كۆك تاللىق ئاتام مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇ نام ئاساسەن مازارلىق ئەتراپىدا كۆك تال (ياش توغراق كۆچەتلىرى) بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.
كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىرچە ئېگىز سىغىز توپىلىق بولۇپ، ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە مەھەللە يولى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، قومۇش، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.
بۇ مازارنىڭ نامى ئەسلىي بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ قەبرىسىگە (قەبرىلەرنىڭ ئىگىسىگە) قويۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ قەبرىلەر يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ئىچىدە قالغان.
مازارلىقتىكى يەتتە كىشىنىڭ جەسىتى يەتتە دانە ئىچى كاۋاك توغراق ياغىچى كۆمتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە، بەش كىشىنىڭ جەسىتى بىر جايغا (قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە) دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى مېيىتلىرىنىڭ قالايمىقان قويۇلۇشى سەۋەبلىك مازارنىڭ شەيخلىرى كۆرسەتمىسە بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. ئىككى كىشىنىڭ قەبرىسى باشقا كىشىلەرنىڭ قەبرىسىدىن 50 مېتىرچە غەرب تەرىپىگە توغرا كەلگەن.
قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئەتراپتىكى يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. بۇنداق توغراق كاۋىكى ئىچىگە دەپنە قىلىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئادەت بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

## قىزىلجى مازىرى

قىزىلجى مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتىنىڭ شەرقىي

شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ . مازارلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى جاڭگاللىقتا ، قالغان تەرىپى كەنت مەھەللىسى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ . مازارلىقتا چوڭ ـ چوڭ توغراقلار بار ، يەنە يۇلغۇن ، قومۇش ، يانتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ .

مازارلىق ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن . غەربىي جەنۇبى بۆلىكى بىرقەدەر چوڭ كۆلەمدە بولۇپ ، ھەممىسى يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت .

مازارلىقنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكى كىچىكرەك كۆلەمدە بولۇپ ، مەركىزىي قىسمىدا چوڭ بىر قەبرە بار . بۇ قەبرە چوڭلۇقى 4.5×4 مېتىر كېلىدىغان قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ، قەبرىنىڭ باش تەرىپى (شىمال تەرىپى ) دە بىر تۈپ قېرى توغراق بار .

قەبرە بېشىدىكى توغراقنىڭ بۇرۇنقى چوڭ غوللىرى قۇرۇپ كېتىپ ، يېڭىدىن چىققان نوتا شاخلىرى قالغان بولۇپ ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 10 — 13 مېتىر ، ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 7.20 مېتىر كېلىدۇ . كىشىلەر توغراق شاخلىرىغا ھەرخىل ئەلەملەرنى ئېسىپ قويغان .

قىزىلجى مازىرىنى كىشىلەر «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ . مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئاغزاكى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ مازارلىقتا قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكىسى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ھەمراھى دەپنە قىلىنغان . ئەينى چاغدا ، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۇپپارلار (دىنسىزلار ) تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان . يەنە بىر رىۋايەتتە ، مەلىكە ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرۈپ ، مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان . قىزىلجى مازىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان ، قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ ھۇۋقۇش دۆڭ كەنتىدىكى قارا ساقاللىق ئاتام مازىرى ، شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ قازانكۆل كەنتىدىكى قويلۇق ئاتام مازىرى ئەنە شۇ قىزىلجى خېنىمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مازارلىرى ئىكەن .

ئۇزۇندىن بېرى يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر ئالاھىدە بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ ، تۇرلۇك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە .

قىزىلچى مازىرى ئۇزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاغزاكى تەزكىرىسى (رىۋايىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) گە ئاساسەن ، قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ۋە قاراخانىيلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زاتلارنىڭ قەبرىسى (مازارلىقى) بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا . بۇ مازارلىقتىكى قەدىمىي قەبرە ۋە قېرى توغراق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## شېھىتدۆك ئىزى

شېھىتدۆك ئىزى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شېھىتدۆك يېزىسى شېھىتدۆك كەنتىنىڭ 2 - مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ ، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 مېتىر ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 200 مېتىر كېلىدىغان قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت . قەبرىستانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە چوڭ قاتناش يولى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ .

قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى توغراقلىقتا تۇتاشقان دۆڭ ئۇستىگە خام كېسەك بىلەن بىر ئۆي (بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ، پۈتۈن بىر ئۆي ياكى گۇمبەز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ . كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئىلگىرى ئۆي بولۇپ ، تەقۋادار بىر سوپى بىر مەزگىل ئىبادەت قىلىپ تۇرغان ئىكەن ) ۋە بىر قانچە قەبرە سېلىنغان بولۇپ ، قەبرىلەرنىڭ باش (شىمال) تەرىپىدە بىر تۈپ توغراق بار . مانا بۇ كىشىلەر ئۇلۇغلاپ ، يىراق - يېقىندىن كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان «شېھىتدۆك ئىزى» دۇر .

شېھىتدۆك ئىزى ئادەتتە «شېھىتدۆك مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . «شېھىتدۆك» دېگەن بۇ نامنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇنداق بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار :

مىلادىيىنىڭ 1533 - يىلى مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى بىلەن

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەزھەپ كۈ-رەشى يۈز بېرىپ ، ئاخۇنلۇق (ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيىسى تەۋەسىدە) ، تېرەك لەڭگەر (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) ، شوردۆڭ (مە-كىت ناھىيىسى تەۋەسىدە) دېگەن جايلاردا سوپىلار ئۆزئارا سوقۇش-قان . مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاتاقلىق ھەمراھى ۋە مەسلىھەتچى مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 نەپەر مۇرىتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن جايدا مۇھەم-مەد شېرىپ ئىشان سوپىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . شۇنىڭدىن كېيىن ، «شوردۆڭ» دېگەن بۇ جاي ئۆلۈغلارنىڭ شېھىت بولغان جايى سانىلىپ «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتالغان[1] . ئېھتىمال ، بۇ مازارلىق ئاشۇ مەككە خوجىغا ئوخشاش «ئۆلۈغلار» دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ، «شېھىتدۆڭ مازىرى» دەپ ئاتالغان ھەم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلۈغلە-نىپ ، تاۋاپ قىلىنىدىغان جايغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن .

## ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم مازىرى

ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غازكۆل يېزىسى پاختىلىق كەنتىنىڭ چىكىلىك مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ ، شەرق-تىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 مېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدىغان قەبرىستانلىق مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلى-دۇ . مازارلىقنىڭ شىمالىدا مەھەللە يولى بار ، قالغان تەرەپلىرى تېرىلغۇ يەر بىلەن ئورالغان . مازارلىقتا يۇلغۇن ، قومۇش ، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ .

ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم مازارلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، قەبرىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 3×4 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . ئەمما قەبرە تۈزلىنىپ ، ئويۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئالاھىدە بىرەر بەلگە كۆزگە چېلىقمايدۇ . ئېيتىلىشىچە ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن قەبرە ئې-غىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن ئىكەن .

[1] «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم (ئەھمەدى) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرى، ئۇستا خەتتات، 30 ـ يىللاردىكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان مەرىپەتپەرۋەر زات.

## قىلىچ بۇغراخان مازىرى

قىلىچ بۇغراخان مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاڭغىتلىق يېزا ئاقبۆلۇم كەنت 3 ـ مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 — 4 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. مازارنىڭ كۆلىمى 76 مو بولۇپ، مەكىت ھاڭغىتلىق چوڭ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، مازارلىقتا قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان قەبرىلىرى بولۇپ، ھەممىسى خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىلەرنى ئارىلاپ يۇلغۇن، توغراقلار ئۆسكەن. پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەسلىدە بۇ مازارنىڭ ئورنى تېرەك بويى ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى ۋە قوچاق يەتمەيدىغان يوغان توغراقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى ھەر خىل ھەرىكەتلەر داۋامىدا توغراقلار كېسىلىپ، قۇم دۆۋىلىرى يەرلەرگە قويۇپ تۈگىتىلگەن.

قىلىچ بۇغراخان مازىرى ھازىرقى كىشىلەر ئارىسىدا «قارىي ھاجىمنىڭ مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بەلگىلىك تارىخىي سەۋەبى بولۇپ، ئەسلىدە 1912 ـ يىلى يۇرتتىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى قارىي ھاجىم مازار يېنىغا چوڭ مەسچىت سېلىپ، جامائەت ئۈچۈن ياخشى دىنىي سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ سالدۇرغان مەسچىتنى «قارىي ھاجىمنىڭ مەسچىتى» دەيدىغان، مازارنى «قارىي ھاجىمنىڭ مازىرى» دەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

ئەسلىدە قىلىچ بۇغراخان مازىرىنىڭ يازما تەزكىرىسى بار بولۇپ، ئۇنى قارىي ھاجىم مەسچىتكە ئىمام بولغانلار ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد بىر ـ بىرىگە قالدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى كىتاب كۆيدۈرۈش دولقۇنىدا كۆيـ-

دۈرۈۋېتىلگەن . تەزكىرە كۆيدۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا ، قىلىچ بۇغراخان ئەسلىدە قاراخانىيلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، تارىختا ئوردا خېنىمدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، ئەتراپىدىكى ئاز ساندىكى يېقىنلىرى بىلەن چېكىنىپ ، ھازىرقى مازار ئورنىغا كەلگەندە ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يەر قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ ، ئەل ئارىسىدا «قىلىچ بۇغراخان مازىرى» دەپ ئاتالغان .

يۇقىرىقىلار گەرچە ئاغزاكى مەلۇمات بولسىمۇ ، لېكىن بىز قاراخانىيلار تارىخىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق ، ھەقىقەتەن مىلادىيە 998 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بۇددىست ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئوردام چۆللۈكىدە بىرنەچچە كۈنگە سوزۇلغان قانلىق جەڭنىڭ بولغانلىقىنى ھەمدە ئاشۇ جەڭدىكى ئەلى ئارسلانخاننىڭ شېھىت بولۇپ ، قوشۇننىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتقا ئېرىشەلەيمىز .

دېمەك ، يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىلەن يازما تارىختىكى پاكىتلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ جىپسىلاشقان بولۇپ ، بۇنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە هاراپ يېزىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ئوردام چۆللۈكى بىلەن مەكىت ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان ھاڭگىتلىق يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ، بىزنىڭچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئەھۋاللارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ .

## جەينەك بۇغراخان مازىرى

جەينەك بۇغراخان مازىرى قىلىچ بۇغراخان مازىرىغا ئوخشاشلا ، ھاڭگىتلىق يېزا ئاقبۆلۈم كەنت تەۋەسىدە بولۇپ ، مەزكۇر كەنتنىڭ 2 ـ مەھەللىۋى گورۇپپىسىغا جايلاشقان . ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 3 — 4 كىلومېتىرچە كېلىدۇ . مازارلىق توغراق ۋە قومۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لار بىلەن قاپلانغان، مازارنىڭ شەرق تەرىپى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى سالا ئېتىزلار بىلەن، غەرب تەرىپى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى چوڭ ئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا قەدىمي ۋە ھازىرقى قەبرىلەر ئارىلاش قويۇلغان بولۇپ، ھەممىسى خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. ئومۇمي كۆلىمى 10 مودىن كۆپرەك كېلىدۇ.

شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، جەينەك بۇغراخان قىلىچ بۇغراخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، قىلىچ بۇغراخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، قوغلاپ كەلگەن رەقىبلەر بىلەن ئېلىشا ـ ئېلىشا چېكىنىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ھازىرقى مازارلىقنىڭ ئورنىغا كەلگەندە ئۇمۇ شېھىت بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئۇنىڭ «جەينەك بۇغراخان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئىلگى-رىكى بىر قېتىملىق جەڭدە سول قولىنىڭ جەينىكى زەخىملىنىپ، قولى تۇزلەنمەس بولۇپ قالغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھەممىشە جەي-نىكىنىڭ ئېگىكلىك تۇرىدىغان قولىغا قاراپ «جەينەك بۇغراخان» دەپ ئاتىشىۋالغان.

## گۇلچەمەن خېنىم مازىرى

گۇلچەمەن خېنىم مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇمقىسار يېزا قۇمقۇدۇق كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدى-غان چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ كۆلىمى تەخمى-نەن 70 مو كېلىدۇ. مازارلىقتا قەدىمكى ۋە ھازىرقى قەبرىلەر بولۇپ، توغراق، يۇلغۇن ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان. قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. مازارلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى ئۆستەڭ بىلەن، غەرب تەرىپى ناھىيە بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بىلەن، شەرق تەرىپى تېرىلغۇ يەر بىلەن، شىمال تەرىپى مەھەللىۋى كىچىك يول بىلەن تۇتىشىدۇ. مازار بىلەن چوڭ يول ئارىلىقىدا مەسچىت بار.

گۈلچىمەن خېنىم مازىرى خەلق ئارىسىدا «قۇمقۇدۇق مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «قۇمقۇدۇق» دېگەن جاي ئىسمى بىلەن گۈلچىمەن خېنىم ئارىسىدا قويۇق باغلىنىش بار. ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئاشۇ مازارنىڭ شەيخلىقىنى، مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلىپ كەلگەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، گۈلچىمەن خې-نىم مازىرىنىڭمۇ يازما تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنى ئابدۇۋاقى شوجاڭ دېگەن ئادەم پايدىلىنىشقا ئۇچۇن سوراپ ئېلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ تەزكىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دىنىي زاتلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئوردىخان پادىشاھىم (ئەلى ئارسلانخان) ئوردامدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىرىم جاڭگىلى ئارقىلىق مەكىت تەرەپكە چېكىنگەن نۆكەرلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدا گۈلچىمەن خېنىممۇ بولغان. ئۇ قىلىچ بۇغرا-خان، جەينەك بۇغراخانلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ، رەقىبلىرىنىڭ ئاتقان ئوقيا ئوقى دولىسىغا تېگىپ ياردار بولغاندىن كېيىن، تىرىك قولغا چۈشۈشنى خالىماي، چىشىنى چىشلەپ داۋاملىق شەرققە قاراپ چېكىنگەن.

شۇنداق قىلىپ هازىرقى قۇمقۇدۇق دەپ ئاتالغان جاي تەۋەسىگە كەلگەندە، سان ـ ساناقسىز قۇم دۆۋىلىرىدىن هالقىپ بولالماي هال-سىزلانغان گۈلچىمەن خېنىم تەشنالىققا چىداپ بولالماي، قۇمنىڭ ئەڭ پەس جايىغا ئۆمىلەپ چۈشۈپ، ئىككى قولى بىلەن تاكى هوشىدىن كەتكۈچە قۇمنى كولىغان، كېيىن هوشىغا كېلىپ، كولىغان يەرگە سۇ يىغىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشۇ سۇنى ئىچكەن ۋە ئاخىرى شۇ يەردە شېھىت بولغان.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، كىشىلەر بۇ جايىنى قۇمقۇدۇق دەپ ئاتاپ، بارا ـ بارا يۇرت نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ۋە هازىرقى كىشىلەر مازارنىمۇ «قۇمقۇدۇق مازىرى» دەپ ئاتىشىۋالغان.

## نەۋرۇز دۆڭ مازىرى

نەۋرۇز دۆڭ مازىرى مەكىت ناهىيىسىنىڭ بازار جەمى يېزا ئۈۋكا (ئۈۋكار) كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناهىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


لىقى تەخمىنەن 9 كىلومېتىر كېلىدۇ . مازارلىقنىڭ ئورنى تەبىئىي دۆڭلۈك ، جەنۇب تەرىپى يول ، شىمال تەرىپى سازلىق بىلەن تۇتىشىدۇ . ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 60 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ . مازارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ ئېلىنىپ ، تېرىلغۇ يەرگە سۇ ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن ، كېيىن مازار بارا - بارا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن . شەرق تەرەپتىكى پارچىسى چوڭراق ، غەرب تەرەپتىكىسى نىسبەتەن كىچىكرەك بولۇپ ، «نەۋرۇز دۆڭ» دەپ ئاتالغان دۆڭ ۋە قەدىمكى قەبرىلەر شەرق تەرەپكە مەركەزلەشكەن .

يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، ئەسلىدە نەۋرۇز دۆڭ قەدىمكى « ئون ئۆستەڭ مەركىتى » دەپ ئاتالغان يۇرتلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەر يىلى ئەتىيازدا توپلىشىپ نەچچە كېچە - كۈندۈز تۇنەك ئۆتكۈزۈپ ، مەشرەپ ، ئوغلاق تارتىشىش ، چېلىشىش ، قاپاق كۆيدۈرۈش قاتارلىق خىلمۇ خىل نورۇزلۇق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان جايى بولغان . شۇنىڭدىن باشلاپ «نەۋرۇزدۆڭ» دەپ ئاتالغان .

كېيىن تەخمىنەن 1800 - يىللارغا كەلگەندە مەتتوختى ئىسىملىك ياقا يۇرتلۇق بىر مۇساپىر ئادەم قازا قىلىپ ، ئۇنى ئاشۇ نەۋرۇز دۆڭگە دەپنە قىلغان . ئۇنىڭدىن بۇرۇن گەرچە نەۋرۇز دۆڭدە قەبرىلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر بولۇپ ، خام خىش قۇرۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئاشۇ مەتتوختى ئىسىملىك مۇساپىرنى دەپنە قىلىشتىن باشلانغان .

دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، نەۋرۇز دۆڭ مازىرىدىكى قەبرىلەر روشەن ھالدا ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، خام خىش قۇرۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ ھازىرقى زامانغا ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەرنىڭ يېپىلىش ئۇسلۇبىمۇ بىرنەچچە خىل بولۇپ ، بىرىنچىسى ، قەبرىنىڭ تۆت تەرىپى خام خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان . ئىككىنچىسى ، ياغاچ تاختايلاردىن تاۋۇت ياسىلىپ ، جەسەت تاۋۇت ئىچىگە قويۇلغان . ئۈچىنچىسى ، توغراقلار ھەرىدىلىپ ، سوغا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، ئىچىدىكى پور

قىسمى ئېلىۋېتىلىپ، جەسەت دەپنە قىلىنغان. بۇ خىلدىكى سوغا شەكىللىك توغراقلار نىسبەتەن قىسقا بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇششاق بالدلار دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

## چاچلىق ئانام مازىرى

چاچلىق ئانام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ بازار جەمى يېزا قوش ئېقىن كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر، يانتاق - تۇمەنتال چوڭ يولى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ تۆت تەرىپى تېرىلغۇ يەر ۋە سالا ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 50 مو بولۇپ، قومۇش، قامغاق ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان.

چاچلىق ئانام مازىرى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا بىرقانچە خىل رىۋايەت تارقالغان بولۇپ، بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، تەڭرى تەكلىماكانغا قۇم ياغدۇرۇپ، ئىنساپسىزلىقتا چېكىگە يەتكەنلىكتىن ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىدىن ئىشكىلىرىنىڭ بوسۇغىلىرىغىچە ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ بالدۇرقى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان قوۋمىنى قۇم ئاستىغا غەرق قىلغاندا، چاچلىق ئانام بىر جۈپ چوڭ توغراقنىڭ ئالدىغا كېلىپ «يېرىلىڭ توغرىقىم، يېرىلىڭ» دەپ ئىلتىجا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن توغراق يېرىلىپ، چاچلىق ئانام ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە، چېچى قىسىلىپ قېلىپ، سىرتقا بىر غېرىچ چىقىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر مازارلىققا ئايلىنىپ، ئادەم دەپنە قىلىنغان...

يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، چاچلىق ئانام ئەسلىدە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بولۇپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز چىن تۆمۈر باتۇرغا قەست قىلغاندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا قېچىپ چىقىپ، توغراقتىن پاناھلىق تىلەپ «يېرىلىڭ توغرىقىم، يېرىلىڭ» دەپ نىدا قىلغاندا، توغراق يېرىلىپ مەختۇمسۇلانى ئۆز قوينىغا ئالغان، ئەمما بىر غېرىچ چېچى قىسىلىپ قېلىپ، توغراق سىرتىدا قالغان.

يۇقىرىقى ئىككى رىۋايەتتە گەرچە چاچلىق ئانامنىڭ توغراقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالدىغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن توغراق-نىڭ يېرىلىپ پاناھلىق بېرىشى ۋە بىر غېرىچ چاچنىڭ سىرتقا چىقىپ قېلىشى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ھەتتا توغراقلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا كېسىپ تاشلىنىشتىن بۇرۇن، ئاشۇ قىسىلىپ قالغان بىر غېرىچ چاچنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگۈچىلەر بولغان.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل رىۋايەتكە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل مەلۇماتمۇ بولۇپ، قىلىچ بۇغراخان مازىرى ۋە گۈلچىمەن خېنىم مازىرىنىڭ يازما تەزكىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن دېگۈچە-لەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، چاچلىق ئانامىمۇ ئوردىخان پادە-شاھىم (ئەلى ئارسلانخان) نىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، «ئوردا خېنىم» دىكى قانلىق جەڭدە تېرىم جاڭگىلىغا قاراپ چېكىنگەنلەر قاتارىدا چېكىنىپ، مەكتكە كەلگەن ۋە ھازىرقى چاچلىق ئانام مازىرى ئورنى-دىكى توغراقلىقتا شېھىت بولۇپ كەتكەن...

چاچلىق ئانام مەيلى تەكلىماكانغا قوم ياغقان دەۋردە ياشىغان بولسۇن، مەيلى «ئوردا خېنىم» دا جەڭ بولغان 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان بولسۇن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنىڭ ۋاپات بول-غىنىغا، جۈملىدىن چاچلىق ئانام مازىرىنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئاز ھېسابلىغاندىمۇ مىڭ يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. دېمەك، چاچلىق ئانام مازىرى مەكىت ناھىيىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى مازارلارنىڭ بىرى بو-لۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## زۇلىقۇم مازىرى

زۇلىقۇم مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قورما يېزا زۇلىقۇم دېھ-قانچىلىق تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 59 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنى يېزا بىلەن زۇلىقۇم مەيدانىنى تۇ-تاشتۇرىدىغان چوڭ يول ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، غەرب تەرەپتىكى قىسمى تەخمىنەن 40 مو، شەرق تەرەپتىكى بۆلىكى تەخمىنەن 30 مو كېلىدۇ. غەرب تەرەپتىكى قىسمىدا قوم دۆۋىلىرى ۋە 20 دانە قەبرە بار. ئەسلىدە قەبرە ئەتراپىدا قويۇق يۇلغۇنلار ئۈنگەن بولۇپ،

قۇم كۆچۈش ۋە قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن هازىر يۇلغۇنلار قۇرۇپ كېتىپ كۆتىكىلا قالغان .

مازارلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى جىگدىلىك ئېرىق بىلەن ، غەرب تەرىپى سازلىق بىلەن ، شىمال تەرىپى زەيلىك بىلەن ، شەرق تەرىپى قومۇشلۇق بىلەن چېگىرالىنىدۇ .

ئىلگىرى بۇ مازارنىڭ هازىرقى غەرب تەرەپتىكى بۆلىكىدە ئېگىز تۇغ شەددە بولۇپ ، كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران تەسىرىدىن يېقىلىپ چۈشۈپ قۇم ئاستىدا قالغان .

يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، زۇلىقۇم مازىرىمۇ «ئوردىخان پادىشاھىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قىلىچ بۇغراخان ، جەينەك بۇغراخان ۋە گۈلچەمەن خېنىملار تېرىم جاڭگىلى ئارقىلىق مەكىتكە قاراپ چېكىنگەندە ، ئۇلارنىڭ بىر ئاشپىزىمۇ بىرگە كەلگەن . سەركەردىلىرى شېھىت بولغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى شېھىت بولغان جايغا دەپنە قىلىپ ، تىرىك قالغانلار بىلەن داۋاملىق چېكىنىپ ، هازىرقى قۇرما يېزىسى تەۋەسىگە كېلىپ ، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا يوشۇرۇنغان . شۇ چاغ رامزان مەزگىلى بولغاچقا ، هېلىقى ئاشپەز باشقىلار ئۈچۈن زولۇق تەييارلاپ ، ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا ، هازىرقى زۇلىقۇم مازىرى ئورنىدا قەتلى قىلىنغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قەتلى قىلىنغان جاي «زۇلىقۇم» دەپ ئاتىلىپ ، مازارلىقنىڭ ئىسمىمۇ «زۇلىقۇم مازىرى» دەپ ئاتالغان .

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ، بۇ مازارلىقتىن بىر كىچىك قەدىمىي ياغاچ ئاياق تېپىلدى . ئاياقنىڭ يېرىمى قۇمغا كۆمۈكلۈك ، يېرىمى ئوچۇق هالەتتە بولۇپ ، ئۇنىڭ مازارلىققا بۇي سالىدىغان جام ـ چۆچەكلەرگە ئەمەس ، رەسمىي تائام قاچىسىغا ئوخشايدىغانلىقىغا قاراپ ، ئەينى زاماندىكى زۇلۇق ئېلىپ ماڭغان ئاشپەز ئىشلەتكەن ئاياق بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا .

## مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى

مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى مەكىت ناهىيىسىنىڭ قۇرما يېزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر ئېغىز (بۆرە ئېغىز) كەنت 1 ـ مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. مازارلىقنىڭ شەرق تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق، شىمال تەرىپى زەيلىك، غەرب تەرىپى زەيكەش ئۆستىڭى، جەنۇب تەرىپى تېرىلغۇ يەر بىلەن چېگىرالىنىدۇ. مازارلىقتا بىرنەچچە تۈپ توغراق، يۇلغۇن ۋە قومۇشلار ئۆسكەن. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو ئەتراپىدا بولۇپ، خام خىش بىلەن ياسالغان قەدىمكى ۋە هازىرقى قەبرىلەر بار.

يەرلىك پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مەلىكە ئارسلان خېنىم ئەسلىدە «ئوردىخان پادىشاھىم» نىڭ قىزى بولۇپ، «ئوردا خېنىم» دىكى جەڭدە باشقا سەركەردىلەر، نۆكەرلەر بىلەن چېكىنىپ، مەكىت تەۋەسىگە كەلگەن ۋە هازىرقى «مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى» ئورنىغا كەلگەندە شېھىت بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان...

قاراخانىيلار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يازما مەلۇماتلاردا، «مەلىكە ئارسلان خېنىم مازىرى» قەشقەردىكى تار بوغۇزدا بولۇپ، ئەسلىدە بۇ مازاردا ياتقان زاتنىڭ ئەلى ئارسلانخان ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مەلىكە ئارسلان خېنىم دەپ ئاتالغان قىزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە يازما مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

ئەمما سىرتقى ئەھۋالىغا قاراپلا، بۇ مازارنى ئىنكار قىلىش بىزنىڭچە تولىمۇ يەڭگىللىك بولۇپ، تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە زىت. چۈنكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملىرى كۆپ ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل ئىسىملار خەلق ئاممىسى ئىچىدە يەنە باشقىچە ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭچە قۇرما يېزىسىنىڭ بىر ئېغىز كەنتىدىكى «مەلىكە ئارسلانخان خېنىم» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان تارىخىي شەخس «ئوردىخان پادىشاھىم» نىڭ، جۈملىدىن ئەلى ئارسلانخاننىڭ قىزى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، ياكى سەركەردە ـ نۆكەرلەرنىڭ قىزى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، مازار ئىسمىنىڭ بېشىدىكى «مەلىكە» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنى قىلىچ بۇغراخان، جەينەك بۇغراخان ۋە گۈلچىمەن

خېنىملار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندا ، مەلىكە ئارسلان خېنىمنى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ .

## ئاچا دۆڭ مازىرى

ئاچا دۆڭ مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزا ئاچا دۆڭ كەنت 2 ـ مەھەللىۋى گۇرۇپپا تەۋەسىدە بولۇپ ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 9 كىلومېتىر كېلىدۇ . مازارنىڭ شەرق تەرىپى كونا كەنت قورۇسى بىلەن ، جەنۇب تەرىپى باغ بىلەن ، غەرب تەرىپى سالا ئېتىزلار بىلەن ، شىمال تەرىپى باغ ۋە مەسچىت بىلەن تۇتىشىدۇ . مازارلىقتا قومۇش ، يۇلغۇن ، توغراقلار بولۇپ ، ئاشۇ توغراقلار ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ، ئەڭ چوڭ بولغان بىر تۈپ توغراقنىڭ ئايلانمىسى 3.50 مېتىر كېلىدۇ . مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 30 مو ئەتراپىدا بولۇپ ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى خام خىش قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر ئارىلاش سېلىنغان .

يەرلىك پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، ئاچا دۆڭ مازىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى «جەلىل نەسرۇللا مازىرى» بولۇپ ، ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ مازارنىڭ ئەسلىي نامىنى ئۇنتۇپ ، بارا ـ بارا شۇ مازار جايلاشقان يۇرتنىڭ نامى بىلەن «ئاچا دۆڭ» گە مازارنى قوشۇپ ئاچا دۆڭ مازىرى دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن .

جېلىل نەسرۇللانىڭ نەسەبىگە كەلسەك ، پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، «ئوردىخان پادشاھىم» نىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەلىكە ئارسلان خېنىمنى قوغداپ چېكىنىش داۋامىدا ، ھازىرقى ئاچا دۆڭ مازىرى ئورنىدا رەقىبلەر بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلىنغان .

## قويلۇق ئاتام مازىرى

قويلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزا قازانكۆل كەنت تەۋەسىدە بولۇپ ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قى 33 كىلومېتىر كېلىدۇ . غەرب تەرىپى ناھىيە بىلەن قىزىلئاۋات يېزىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بىلەن ، جەنۇب ۋە شەرق تەرەپلە-رى كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن ، شىمال تەرىپى دېھقانلارنىڭ ئائىلىلىك ئۆيلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ . مازارلىقنىڭ كۆلىمى تەخ-مىنەن 45 مو بولۇپ ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى خام خىش قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر چوڭ يولدىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . مازارلىقتا يۇلغۇن ۋە قومۇشلار ئۆسكەن بولۇپ ، قويلۇق ئاتامنىڭ قەبرىسى بىر تۈپ چوڭ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە .

قىزىلئاۋات يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى كەسپىي خادىملار-نىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھۋال ئىگىلەپ يىغقان ماتېرى-ياللىرىغا ۋە «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن قىزىلچى مازىرىنىڭ چۈشەندۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، «قويلۇق ئاتام» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئەسلىي ئىسمى شەيخ شاھاۋدۇن رەھمە-تۇللا ئەلەيھى بولۇپ ، 10 ـ ئەسىردە ئاكىسى قارا ساقال ئاتام ، سىڭلىسى قىزىلچى خېنىملار بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقى-تىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ ، ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى ھەمدە قىزىلئاۋات يېزىلىرىدا بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ ، كىشىلەر-نىڭ ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان .

## قارا ساقال ئاتام مازىرى

قارا ساقال ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزا تەۋەسىدە بولۇپ ، قىزىلچى ، ھۆۋقۇشدۆڭ ۋە لايداڭ قاتارلىق ئۈچ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلى-قى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ . مازارلىقنىڭ شىمال تەرىپى قىزىلچى كەنتىنىڭ شامال ساز تاللىق مەھەللىسى بىلەن ، شەرق تەرىپى ھۆۋ-قۇشدۆڭ كەنتى بىلەن ، جەنۇب ۋە غەرب تەرىپى لايداڭ كەنتى بىلەن چېگرالىنىدۇ . مازارلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 70 مو بولۇپ ، يۇل-غۇن ، توغراق ۋە قومۇشلار ئۈنگەن . قەدىمكى ۋە ھازىرقى خام خىش

قوۋرۇلمىلىق قەبرىلەر ئارىلاش سېلىنغان. «قارا ساقال ئاتام» دەپ ئاتالغان تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىسى مازارلىقتىكى چوڭ توغراقتىن 40 مېتىر نېرىدا.

قىزىلئاۋات يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى كەسپىي خادىملار-نىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھۋال ئىگىلەپ يىغقان ماتېرى-ياللىرىغا ئاساسلانغاندا، «قارا ساقال ئاتام» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئىسمى «ئەسئەدۇللاخان» بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە ئىنىسى قويلۇق ئاتام «شەيخ شاھاۋدۇن رەھمىتۇللا ئەلەيھى»، سىڭلىسى قى-زىلجى خېنىملار بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى ھەمدە قىزىلئاۋات يېزىسى تەۋە-سىدە بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى «قارا ساقال ئاتام مازىرى» ئورنىغا دەپنە قىلىنىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان.

## 2. مەكىت قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قازانكۆل جاڭگىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇ-بى تەرىپىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جاڭگاللىقنىڭ شىمال چېتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ بازار جەمى يېزىسىغا، جەنۇبىي چېتى قىزىلئاۋات يېزىسىغا، غەربىي چېتى غاز-كۆل، قۇمقىسار يېزىلىرىغا تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىما-لىي پاراللېل ′25 °38 — ′57 °38 بىلەن شەرقىي مېرىدىئان ′15 °78 — ′42 °77 قا توغرا كېلىدۇ.

1976 ـ، 1978 ـ يىللىرى قازانكۆل جاڭگىلىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە شاھانە تون، كۆڭلەك، قىل خۇرجۇن، مىس پۇل ۋە ساداق، ئوقيا ئوقلىرى ئۆزىنىڭ ياسىلىشىدىكى سىپتىلىقى، كۆرۈنۈشىنىڭ كۆر-كەملىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1976 ـ يىلى يانۋاردا، مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسى 18 ـ كەنتتىكى دېھقان نامان مۆمىن قازانكۆل جاڭگىلىغا ئوتۇنغا بېرىپ، بىر قۇم دۆڭنىڭ يېنىدىن يوغان بىر توغراق كۆتىكىنى كولاپ چىقار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غاندا ، بۇ توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر قىل خۇرجۇننى تېپىۋالغان . خۇرجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون ، ئىككى كۆڭلەك ، بىر كىگىز ، بەش دانە مىس تەڭگە ، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان توغۇر چىققان . خۇرجۇندىكى بۇيۇملار ئىچىدىكى شاھانە تونلار نەشەرەڭ دارايى (يول- لۇق بەقەسەمنىڭ يەنە بىر تۈرى ، يىپەكتىن قىلىنغان ) دىن كېسىلىپ ، يىڭنە بىلەن قولدا تىكىلگەن ، ئەستىرىگە سېرىق مەللە كېۋەز (سېرىق ئېچىلىدىغان كېۋەز ) دىن قىلىنغان چوتا خېمى (تاشتا سۇۋاش ئارقىلىق ئاقارتىپ ئىشلەنگەن خام ) ئىشلىتىلگەن ، ياقىلىرىغا ئىراقىي (كانىۋاي ) تۇتۇلغان . بۇ تونلار ئۇزۇن ھەم كەڭ بولۇپ ، ئالاھىدە ئۇزۇن بولغان يەڭلىرىنىڭ ئۇچلىرى بوغما قىلىنغان . ئۇلار- نىڭ ياقىلىرىغا تۇتۇلغان كانىۋاي تاكى تونىنىڭ ئاياغ تەرىپىگىچە سو- زۇلغان ، تونىنىڭ ئاياغ پېشىگىمۇ كانىۋاي ئىشلەنگەن ، تونلار قول بىلەن سىلىق تىكىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى تىككۈچە- لىك تېخنىكىسى سىڭدۇرۇلگەن . بىر تونىنىڭ ياقىسىغا قارا سىياھتا «كىس ماھ» دېگەن خەت ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ ، خەت ئۆڭكۈپ كەتكەن . يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار «كىس» دېگەننى «كىشى ، ئادەم» مەنىسىدە ، «ماھ» دېگەننى «ماھ رەجەپ» بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ «ئاي» مەنىسىدە ، بۇ ئىككىسى قوشۇلغاندا «ئايدەك ئادەم» ، يەنى «ئۇلۇغ ئادەم» دېگەن مەنىدە بولىدۇ ، دەپ تەبىر بېرىشىدۇ .

ئىككى كۆڭلەك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ ، ياقىسىغا كانىۋاي ئىشلەنگەن . بۇ ئىككى كۆڭلەكنىڭ تىكىلىشى سىلىق ھەم كۆركەم بولۇپ ، بىرسى ئاق رەڭلىك ، يەنە بىرسى نىل رەڭلىك .

كىگىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئادەمنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايدىغان بىر شەكىل چۈشۈرۈلگەن . يەنى ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇ- رىسىغا ئادەمنىڭ باش شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ، باشنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن بەش بارماق شەكلى ۋە گەۋدە ، پۇت قاتارلىقلار ئاق رەڭ بىلەن چۈشۈرۈلگەن .

بەش دانە مىس تەڭگە (كېيىملەر بىلەن تېپىلغىنى مۇشۇ بەش تەڭگە بولسىمۇ ، كېيىن بايلىق تەمەسىدە بىر قىسىم كىشىلەر شۇ جاينى كولاپ يەنە ئون دانە مىس تەڭگە تاپقان )قېلىن مىستىن ياسال-

غان بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسى دېگەندەك تەكشى، سىلىق ئەمەس. مىس تەڭگىلەرنىڭ ھەر ئىككى يۈزىگە خەت ئويۇلغان (قاپارتما قىلىنغان). ئىككى يۈزىدىكى خەت (بەلگە)لەر ئوخشاشمايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، بۇ پۇللار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى قايسى خاننىڭ نامىدا قۇيۇلغانلىقى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

1978 - يىلى، مەكىت ناھىيە بازار جەمى يېزا ئوۋكا كەنتى تەۋەسىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان «ئاقبىنام» دېگەن يەردە دېھقانلار بوز يەر ئېچىۋاتقاندا، بىر دانە ساداق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان) ئېچىگە سېلىنغان 27 تال ئوقيا ئوقى، بىردانە قۇشنىڭ تۇمشۇقىنى تاپقان.

ئوقيا ئوقلىرىنىڭ ئوق باشلىرى دەستىسىگە چىڭ ئورنىتىلغان بولۇپ، ياغاچ دەستىنىڭ ئېچىگە تۆشۈك ئېچىلىپ، سىغداپ كىرگۈزۈلگەن. ئوق باشلىرى تۆمۈردىن ياسالغان، ئوق دەستىسى ياغاچتىن تەكشى ھەم توملۇقى ئوخشاش قىلىپ قىرىلغان. قۇيرۇقلىرىغا پەي قىستۇرۇلغان (بۇ پەيلەر قىزغۇچ كەلگەن بىرخىل شىلىمدەك نەرسە بىلەن يېپىشتۇرۇلغان بولۇپ، پەينىڭ ئاستىدىكى كۆتىكى قالغان. ئۇچى توزۇپ كەتكەن). ئەمما بۇ ئوقلارنىڭ ئوق بېشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوقلارنى ئوق بېشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ: (1) رومبا (نەيزە بېشى) شەكىللىك ئوق بېشى. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى نەيزىنىڭ ئۇچىدەك تۆت قىرلىق بولۇپ، بىر قەدەر ئۇزۇن. (2) قارلىغاچ قۇيرۇق شەكىللىك ئوق. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى قارلىغاچ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئاچىماق چىقىرىپ ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر. بۇ ئىككى خىل ئوقتىن باشقا، يەنە ئىككى خىل ئوق بېشى بار. ئۇنىڭ بىرى، توپچا شەكىللىك ئوق. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى ئۆتكۈر بىسلىق بولماستىن، بەلكى مەشىق ئوقىغا ئوخشاش توپچا شەكىللىك. يەنە بىرى، نەشتە شەكىللىك ئوق. بۇ خىل ئوقنىڭ ئۇچى تېۋىپلارنىڭ نەشتىسىگە ئوخشاش يانتۇ. لېكىن، كېيىنكى بۇ ئىككى خىل ئوق بېشىنىڭ ئالامەتلىرى بەك روشەن ئەمەس، بۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارىغاندا، ئۇ ئالدىنقى ئىككى خىل ئوق بېشىنىڭ چىرىپ، پۇچۇلۇپ شەكىل ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

بۇ ئوقلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوق دەستە-لىرى ناھايىتى سىپتا، تۈز قىلىپ ياسالغان. قارىماققا يېكەندىن ياسالغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ياغاچتىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قىرىپ ياسالغان. ئوق دەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىنچىكە، ئوتتۇرا قىسمى تومراق، ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاھىدە ماھارەت گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئوقلار ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇپ 83 سانتىمېتىر، 80.5 سانتىمېتىر، 79 سانتىمېتىرلىق ئۈچ خىل ئۆلچەم بويىچە ياسالغان. ساداقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى 12 — 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان، ئىككى تەرەپتىكى گىر-ۋەكلىرىگە تۆشۈك ئېچىلغان.

قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى تون، كۆڭلەك، قىل خۇرجۇن، مىس تەڭگە قاتارلىق بۇيۇملار ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاس-راش- باشقۇرۇش ئورنىدا تەتقىقات ئۇستىدە، يىل دەۋرى تېخى ئېنىق بولمىغان بۇ بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا ساقلانغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ بۇيۇملار يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخان دولان دەرياسى ۋادى-سىدىكى بۇ جايلارغا ئوۋغا چىققاندا يوقىتىپ قويغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشماقتا.

ئومۇمەن، قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان بۇ مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي تەركىبى ۋە مەكىت ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 3. مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر

يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر مەكىت ناھىيە بازى-رىنىڭ شىمالىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئوي-

بوْغداي ۋە ئويۇلۇق (بورۇنقى ئىسمى بۇلمە ) كەنتلىرىگە جايلاشقان . بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى 1990 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش- باشقۇرۇش ئورنى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ تەكشۈرگەن ھەمدە بۇ ئىككى كەنتكە جايلاشقان قەبرىستانلىق ئىچىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە قالدۇرغان ئىدى . 1993 ـ يىلى مايدا ، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەخسۇس كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ، سۈرەتكە ئېلىش ، ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنى ئالاھىدىلىكى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تىزىپ چىقتى . تۆۋەندە مەن ھەر ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئاساسىدا ، بۇ قەبرىلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن .

## قۇم مازار قەبرىستانلىقىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر

قۇم مازار قەبرىستانلىقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 13 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئويبوْغداي كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 13″77°12′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 29″39°0′ قا توغرا كېلىدۇ . شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 مېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى تەخمىنەن 60 — 70 مېتىر كېلىدىغان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1169 مېتىر كېلىدۇ .

قەبرىستانلىق قۇم ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «قۇم مازار» دەپ ئاتالغان . قەبرىستانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە زەي كۆل ھەم تىكەنلىك سازلىق بار . جەنۇب تەرىپى چىغىر يول ،يولنىڭ ئۈستى تەرىپى سازلىققا تۇتاش ، شىمال تەرىپى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق ئارقىلىق جىرىڭلىما سۇ ئامبىرىغا ياندىش ، جەنۇب تەرىپى يېزا چوڭ يولى ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ۋە كەنت مەھەللىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ . قەب-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رىستانلىق ئاساسەن توغراق ، يۇلغۇن ، يانتاق ، قومۇش قاتارلىقلار بىلەن ئورالغان . قەبرىستانلىق جايلاشقان ئورۇننىڭ شەرق تەرىپى قۇملۇق بولۇپ ، غەربكە سۇرۇلگەنسېرى پەسلەپ بارىدۇ . يەر تۈزلۈ- شىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ، بۇ قەبرىستانلىقنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ .

غەربىي قىسىم ئېگىز تەكشىلىك ئۈستىگە جايلاشقان قەبرىلەر قۇم دۆۋىلىرىگە ياندىشقان بولۇپ ، چوڭ ـ چوڭ توغراقلار بىلەن ئانچە ئېگىز بولمىغان تەكشىرەك كەتكەن قۇم دۆڭلىرى بىلەن ئورالغان . بۇلار ئاساسەن يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت .

شەرقىي قىسىم ئېگىز قۇم دۆڭى ئۈستىگە جايلاشقان قەبرىلەر ئانچە زىچ بولمىغان ھالدا يايىسىمان جايلاشقان بولۇپ ، يەر يۈزىدىكى ۋە يېرىمى ئېچىلىپ قالغان ئونغا يېقىن قەبرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، كۆلىمى تەخمىنەن 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

قەبرىلەر شەكلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ياغاچ تاختا (چاسىلانغان ياغاچلارمۇ بار ) بىلەن ياسالغان بولۇپ ، بىرقەدەر قەدىمىيلىكى بىلە- نىپ تۇرىدۇ . قەبرىلەر قۇم دۆڭلىرى ئۈستىدە قويۇلغانلىقتىن ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران ـچاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، توغراق كۆتىكى ، توغراق يىلتىزلىرى بىلەن بىرگە ئېچىلىپ قالغان .

قەبرىلەر شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس . ئىشلەتكەن ياغاچ ماتېرىياللىرىمۇ ، ياسىلىش ئۇسلۇبىمۇ ئوخشمايدۇ . بۇ خىل ئالاھى- دىلىككە ئاساسەن ، بۇ ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

1 ) چوڭ تىپتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرە : بۇ قەبرە باشقا قەبرى- لەرگە نىسبەتەن چوڭراق بولۇپ ، ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەرنىڭ شەر- قىي چېتىگە جايلاشقان . ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.90 مېتىردىن 2.10 مېتىرگىچە ، كەڭلىكى تەخمىنەن 1.10 مېتىردىن 1.30 مېتىرگىچە ، ياغاچ تاختىلارنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىردىن ئالتە سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ . كەڭلىكى ئوخشاش ئەمەس . ئۈستى چاسى- لانغان ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ياغاچلار بىلەن توغرى-

ـىغا يېپىلغان بولۇپ، ياغاچ تاختىلار ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلگەن.

2) ئوتتۇرا تىپتىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر: بۇنداق قەبرىدىن جەمئىي ئۈچى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشىشىمۇ، لېكىن ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى، شەكلى ئوخشىمايدۇ.

(1) ياغاچ تاختا بىلەن ئوقۇر شەكلىدە ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرى ۋە ئاستى تەرىپى سىلىقلانغان ياغاچ تاختىنى قىناق چىقىرىش ئارقىلىق ئوقۇر شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇ-قى تەخمىنەن 1.80 مېتىردىن ئىككى مېتىرگىچە، كەڭلىكى تەخمە-نەن 80 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرگىچە، ياغاچ تاختىلارنىڭ قېلىن-لىقى ئۈچ سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ. ئوقۇر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ياغاچ تاختىلارنىڭ يان تەرىپىگە ئىشلىتىلگەنلى-رى ئۇزۇن ھەم كەڭرەك، توغرا تەرىپىگە ئىشلىتىلگەنلىرى قىسقا ھەم تارراق، ئۈستى كالتە ـ كالتە توغراق ياغاچلىرى بىلەن توغرىسى-غا يېپىلغان.

(2) چاسىلانغان تاختا بىلەن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرى چاسىلانغان ياغاچ تاختىلار بىلەن قىناق چىقىرىلىپ ياسال-غان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.90 مېتىردىن ئىككى مېتىرگى-چە، كەڭلىكى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرگىچە، قېلىن-لىقى ئالتە سانتىمېتىردىن سەككىز سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ. ئىش-لىتىلگەن ياغاچلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئۈستى تەرىپى توغراق ياغاچلىرى بىلەن يېپىلغان.

(3) تولۇق ئېچىلمىغان، چاسىلانغان ياغاچ تاختا بىلەن ياسالغان قەبرە: بۇ قەبرە تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئوڭ تەرىپى (ئاياغ تەرىپى) قۇمغا كۆمۈكلۈك،سول تەرەپتىكى (باش قىسمى) ئېچىلىپ قالغان قىسمىدىن بۇ قەبرىنىڭمۇ چاسىلانغان ياغاچ تاختا بىلەن قىناق چىقىرىلىپ ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.80 مېتىردىن ئىككى مېتىرگىچە بولغان قەبرىنىڭ يان قىسمى قۇم ئاستىدا قالغاچقا، كەڭلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېچىلىپ قالغان 1 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2 تال توغراق ياغىچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاساسەن شاخ ـ شۇمبا ، ئوت ـ خەشەك بىلەن يېپىلغاندەك قىلىدۇ .

3 ) كىچىك تىپتىكى ئۇقۇر شەكىللىك ياغاچ بىلەن ياسالغان قەبرە : بۇ قەبرە يېرىم دائىرىلىك ئويۇلغان ياغاچ بىلەن ياسالغان بولۇپ ، پۈتۈنلەي قۇم ئۈستىگە چىقىپ قالغان . ئۇقۇر شەكىللىك ياغاچ دۈم كۆمتۈرۈلگەن بۇ قەبرە كىچىك بالىنىڭ قەبرىسى بولۇپ ، ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگىنى سوغا (ياغاچ چېلەك ) نىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 — 60 سانتىمېتىرگىچە ، ياي ئايلانمىسى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر ، ياغاچىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىردىن ئۈچ سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ .

4 ) گۈمبەز شەكىللىك كېسەك بىلەن ياغاچتىن ياسالغان قەبرە : بۇ قەبرىنىڭ قۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغان قىسمى خام كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇلۇپ ، ياغاچ ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ ، قىسمەن گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن . دائىرىسى تەخمىنەن تۆت كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . قەبرىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى ئويۇلغان قۇم ئازگاللىرىدىن قاتار قىلىپ تىزىلغان توغراق بادرىلىرىنىڭ ئۇچ-لىرى چىقىپ قالغان . ئاستى ـ ئۈستىدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى قىسمى ، يەنى گۈمبەز قىسمى كېيىن ياسالغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

## كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىدىكى ياغاچ تاختا شەكىللىك قەبرىلەر

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان يانتاق يېزىسىنىڭ ئويۇلۇق (بۇرۇنقى ئىسمى بۆلمە ) كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يانتاق كەنتى بىلەن تۇتىشىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″77°39′03 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″39°0′53 قا توغرا كېلىدۇ .

كۆك تونلۇق ئاتام مازىرىنى كىشىلەر يەنە ئادەتتە «كۆك تاللىق ئاتام مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ . مازارلىقتىكى كۆك تال (ياش توغراق

كۆچەتلىرى ) كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان .
كۆك تونلۇق ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورۇن يەر يۈزىدىن تەخمى-نەن ئىككى مېتىر ئېگىز سىغىز توپىلىق دۆڭلۈك بولۇپ ، ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ۋە مەھەللە يولى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ . بۇ جايدا توغراق ، يۇلغۇن ، يانتاق ، قومۇش ، بۇيا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ .
بۇ مازارلىقنىڭ نامى ئەسلىدە بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ نامىغا قويۇلغان بولۇپ ، هازىر بۇ قەبرىلەر يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى ئىچىدە قالغان .
مازارلىقتىكى يەتتە كىشىنىڭ جەسىتى ئەسلىي يەتتە دانە ئىچى كاۋاك توغراق ياغىچى كۆمتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان . بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىشىنىڭ جەسىتى بىر جايغا (قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە ) دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ قالايمىقان قويۇلۇشى سەۋەبلىك بۇ قەبرىلەر بىلىنمەي قالغان (مازارنىڭ شەيخلىرى كۆرسەتمىسە بىلگىلى بولمايدۇ ) . قالغان ئىككى كىشىنىڭ قەبرىسى 50 مېتىرچە غەرب تەرەپكە دەپنە قىلىنغان .
ئايرىپ دەپنە قىلىنغان بۇ ئىككى جەسەت شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە قويۇلغان بولۇپ ، ئۈستى تەرىپى ئېچىلىپ قالغان ، قەبرىنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈلگەن كاۋاك توغراق ياغىچىنىڭ ئۇ-زۇنلۇقى تەخمىنەن 2.20 مېتىردىن ئىككى مېتىرگىچە كېلىدۇ . كەڭلىكى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىرگىچە كېلىدۇ .
يەرلىك كىشىلەر بۇ جەسەتلەرنىڭ كىم تەرىپىدىن ، قاچان ، قان-داق سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدۇ . بىراق ، ناھايىتى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ مازىرى دەپ تاۋاپ قىلىشىدۇ .
ئومۇمەن ، يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر دەپنە قىلىنىش ئالاھىدىلىكى ، قەبرىلەرنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى جەھەت-تىن ، ئەتراپتىكى يېقىنقى ، هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرد-دىن روشەن پەرق قىلىدۇ . بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئىسلامىيەت-تىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارالماقتا . بۇ قەبرىلەرنى تەتقىق قىلىش مەكىت ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 3 . قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكتەپ رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى

دىن — ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىستېمىسىز ، مەزمۇنى ئاددىي ، مۇكەممەل بولمىغان ، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا ، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىستېمىلىق ، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە ، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خۇدالىق سۈنئىي دىنلار بارلىققا كەلدى . دىن ھامان كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مەنىۋى ئادىتى تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ . مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توتېم ، شامان ، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ، بۇددا دىنى ، مانى دىنى ، نېستورى (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى ) دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان . بۇ دىنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ، ئۆزئارا ئورۇن بوشىتىشىپ ، تاشلىنىپ قېلىشتەك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن . بۇ دىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كەتكەن قالدۇق تەسىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى . بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ، بىرقەدەر چەت ـ ياقا ، قاتنىشى قولايسىز ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغان جايلاردا ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەكىت مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بىكىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جايدا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەر خىل قالدۇق تەسىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەھەللىۋى تۇرمۇشىنىڭ ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئاساسىي مەز-

مۇنى سۈپىتىدە هازىرغىچە مەۋجۇت بولماقتا . تۆۋەندە ، مەكىت رايو-
نىدىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز .

## 1 . توتېم ئېتىقادى

مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ، تەبىئەتكە چوقۇنغان بولۇپ ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ ، توتېملارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان .

توتېم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت هادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاهىدە مەدەنىيەت هادىسە-سى . ئۇ بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس هېسابلىغان مەخلۇقلار ، ئۆسۈملۈكلەر ، تەبىئەت هادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسى-تىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا توتېم ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، زېمىننى ئۇلۇغلاش (مۇقەددەس بىلىش ) ، تاغ ـ دەريالارنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى ، كۆك تەڭرى ۋە كۆك (ئاسمان ) مەركەز قىلىنغان كۈن تەڭرى ، ئاي تەڭرى ، هۆل ـ يېغىن ئىلاهى ، شامال ئىلاهى ، ئوت ئىلاهى ، ئوۋ تەڭرىسى قاتارلىق ئىلاهىي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بارلىققا كېلىپ ، تەدرىجىي توتېم مەيدانىغا كەلگەن .

توتېمنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قالدۇق تەسىرلىرىدىن مەكىت رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇر-مۇش ئادىتى ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پسىخىك هالىتىدە باشقا ئو-رۇنلارغا نىسبەتەن كۆچلۈكرەك ساقلىنىپ قالغانلىرىنى مۇنداق ئۈچ بۆلەك بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ :

1 ) كۆك (ئاسمان ) كە چوقۇنۇش : بۇ ، قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي ، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . هازىر رېئال تۇرمۇشتا كۈن ، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشنى ، ئەتىگەندە يۈزىنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى «يامان بولىدۇ» دەيدىغان ، كۈن چىققۇچە ئورنىدىن تۇرماي ياتقاننى «قىزىل قان ئىچىدە ياتقانغا ئوخشاش» دەپ يامان ئالىدىغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆن ئۆلتۈرغان ۋاقتىدا (زاۋال بولغان چاغدا) ياتقاننى «ئۆشاق كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ» دەپ يامان كۆرىدىغان، ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن يۇلتۇزغا قاراپ تەبىر ئالىدىغان، ھەر قېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەيدىغان، يۇلتۇز ئاقسا، ئاققان يۇلتۇزغا قاراپ «خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ كۆككە ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىدىغان ئادەتلەر ھەمدە ئاي، يۇلتۇز نامىنى كىشى ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

2) يەر (تۇپراق) گە چوقۇنۇش: تۇپراق ئېتىقادىمۇ تەڭرى ئېتىقادىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن بىرى. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشىنى تۇپراققا باغلايدۇ ھەمدە ئۇنى ئەڭ مۇقەددەس، پاك نەرسە سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. باشقا جايلارغا ئوخشاش، مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى تۇرمۇشىدىمۇ تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ھازىرغىچە خېلى قويۇق. مەسىلەن، سودىدا پۇتۇشكەندە، ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك بىلەن «بەرىكەت تاپ» دېيىشىپ، ئوڭ قوللىرىنى يەرگە سۈۋاش (بۇ، يەر ئىلاھىنى گۇۋاھلىققا تارتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر)؛ تۇنجى سودىدا غەللىگە چۈشكەن پۇلنى ئاۋۋال يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئېلىش؛ يەرنى ئۇرسا، قاتتىق دەسسىسە (يەرنى تەپسە) «يامان بولىدۇ» دەپ قاراش؛ ئىسرىق سېلىشتا داڭگال (چالما) ياكى خام كېسەكنى ئويۇپ، ئىسرىق قاچىسى قىلىش؛ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، جامائەت بىر سىقىمدىن توپىنى (بۇ «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئېتەككە تاشلاپ، ئۇنى مېيىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويۇش قاتارلىقلار.

3) سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش: بۇ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ ئومۇملاشقان يەنە بىر خىل ئىپتىدائىي شەكلىدۇر.

سۇ — ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ياشنىتىدىغان ھەم خاراب قىلىدىغان تەبىئىي ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار سۇ ۋە ئوت — چۆپ قوغلىشىپ ياشىغان ۋە تىرىكچىلىك قىلغان، شۇنداقلا سۇدىن مۇداپىئە كۆرگەن ھەم پاناھلانغان. دېمەك، ئىنسانلاردا سۇغا نىسبەتەن خېلى

بۇرۇنلا ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئېتىقاد ئادەتلىرى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ ، يىلتىز تارتقان . مەكىت بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ، قالغان ئۈچ تەرىپىنى تىزناپ دەرياسى ۋە يەكەن (مەكىت دائىرىسىدىكى قىسمى «دولان دەرياسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دەريالىرى ئوراپ تۇرىدىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئىگە يۇرت بولغانلىقى ئۈچۈن ، سۇنىڭ مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم . شۇڭا مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇمغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىدا ھايات ـ ماماتلىق بىلەن باغلانغان سۇ ئېتىقادىغا ئائىت نۇرغۇن ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان . ھازىر رېئال تۇرمۇشتا سۇغا تۇكۈرۈش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش «يامان بولىدۇ» دېيىلىپ ، قاتتىق چەكلىنىدۇ . «سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال بولىدۇ» ، «ئادەم سۇ ئۈزۈپ چۈش كۆرسە ، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ ھەم بەختلىك بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە يازدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ، يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەريا بويىغا چىقىپ قۇربانلىق قىلىدىغان ، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە ، دەريا بويىدا سۇ تىلەپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان ئادەتمۇ بار . مەكىتتە «ئوردا كۆل» ، «خانكۆل» ، «خازانكۆل» ، «قوش ئېقىن» ، «يېڭىئۆستەڭ» ، «ئۆستەڭبويى» ، «قاشبويى» ، «يار-كۆل» ، «غازكۆل» ، «لايداڭ» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» دېگەندەك سۇغا مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى كۆپ قويۇلغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسى ھەم ساقىندىلىرىدۇر .

ئوت ئېتىقادىمۇ ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى . ئىنسانلارنىڭ ئوت بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىي ھايات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىنى باشلاپ ، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئوتنى دەسلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايقىشى ناھايىتى سىرلىق تۇس ئالغان بولغاچقا ، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تەسىر كۆرسەتكەن . يەنى ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئۇنى مەلۇم بىر ئىلاھىي قۇدرەت تەرىپىدىن يارىتىلغان دەپ قارىغان . شۇڭا ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۇسىنى ئالغان كۆپلىگەن قەدىمكى دىنلاردا مەخسۇس «ئوت ئىلاھى» بارلىققا كەلگەن . ئوتقا بولغان بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . ئوت پاكلىنىشنىڭ ، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . شۇڭا ، توي - تۆكۈنلەردە قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا گۈلخان يېقىلىدۇ ؛ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال گۈلخان يېقىلىپ ، ئوتتىن ئاتلىتىپ ، ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ . دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى گۈلخانسىز ئۆتمەيدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئوۋچىلىقى ۋە ئوۋ مەشرەپلىرى ئوتقاش ۋە گۈلخانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ ، غەلىبىگە ئوتقاش ۋە گۈلخان يېقىش بىلەن تەنتەنە قىلىنىدۇ . بۇ ھال مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بەك ئومۇمىي ئەھۋالدۇر .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن باشقا ، يەنە بەزى قۇشلارغا سېغىنىش ، ئېتىقاد قىلىش ئادەت چۈشەنچىسىمۇ بولغان . بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا ، ئاق قۇ ، شۇڭقار ، قارلىغاچ قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە قۇش ھېسابلىناتتى . مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلىقنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى قىلغان بولغاچقا ، شۇڭقار ، بۈركۈت ، قارچىغا قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ؛ قارلىغاچنى «ئىنسانلارنى خەۋپ - خەتەردىن قوتۇلدۇرغان ھاياتلىق ئەلچىسى» دەپ قاراپ : «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، يىلان دۇنيادا قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى پاشىغا ۋەزىپە قىلىپتۇ . پاشا دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقلارنىڭ قېنىنى تېتىپ چىقىپ ، ئاخىرىدا ئادەمنىڭ قېنى ھەممىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ھەم بۇ خەۋەرنى تېزدىن يىلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا قارلىغاچ ئۇچراپ قاپتۇ . قارلىغاچ

ئەۋالنى سورىغانىكەن، پاشا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قارلىغاچ ئىنسانلارغا كېلىدىغان بالايى ـ قازانى ھېس قىلىپ، دەرھال پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاشا غىڭشىلداپ، يىلانغا ھېچنەرسە ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار يىلانلاردىن كېلىدىغان زور بالايى ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ ھەمدە «قارلىغاچ ئۆلتۇرسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىپ، قارلىغاچقا ئەقىدە قىلىدۇ. ئاشۇ ئەقىدە تۇپەيلى، مەكتەپ رايونىدىكى كىشىلەر (باشقا جايلاردىكى كىشىلەرمۇ) ئۆزلىرىنىڭ پېشايۋان ـ ئايۋانلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋا سالسا بەك خۇشال بولىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ، تېخى «قارلىغاچ ئۇۋا تىزغان ئۆيگە بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

## 2. شامان دىنى

شامان دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى «ئىستىخىيىلىك دىن» دىن «سۇنئىي دىن» گە ئۆتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان)، زېمىن (يەر)، تەھتىسرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىن ـ شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. باخشىلار ئىنسانلار بىلەن جىن ـ شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانلارنى يۆلەپ، جىن ـ شاياتۇنلارنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇقلارنىڭ (ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باخشى، داخان، پېرىخونلىرى بولغان) دۇئا ـ تىلەپ، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇش، «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى» نى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئىلاھتىن ئۇرۇق (قەبىلە) ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى تىلەش، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن ئىلاھ ۋە ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېسەللىنى داۋالاش ، ئۇرۇق ئەزالىرىغا پەرزەنت تىلەش ، مول - ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان . بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇرلار كېيىنكى چاغلاردا شامان دىنىدىن باشقا زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) ، بۇددا ، مانى ، خرىس- تىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، بىراق ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرى قاتارىدا شامان دىنىنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى .

بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە - ئادەتلىرى ئاساسلىقى پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش ، ئىسرىق سېلىش ، نوكچا قاداش ، پال ئېچىش ، رەمماللىق قىلىش ، هورداش ، ئەملەش ، ئوت كۆچۈرۈش ، قان چىكىش ، تېرىگە ئېلىش ، ئۇچۇقداش (تەرلە- تىش) ، ياندۇرۇش ، ئاۋاق ئېشى ئېتىش ، چاچراتقۇ سېلىش ، تومار پۈتۈش ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش (ياغ پۇرىتىش) ، ئىسسىتقۇ ، سوۋۇت- قۇ قىلىش (جادۇ قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، كۆچۈرۈش (قونچاق ياساپ يول بويىغا قويۇپ قويۇش ئارقىلىق كىچىك باللاردىكى كېسەل- لەر كۆچۈرۈلىدۇ) قاتارلىقلار بولۇپ ، بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . بۇلاردىن باشقا يەنە ، مەكىت رايونىدا قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ، ئېگىز چوققىلارنى «ئىلاھىي ما- كان» ، يالغۇز دەرەخ ، ئەسكى خارابىلەرنى «جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قاراش ؛ چوڭلار ئۇخلىغاندا ياستۇق (تەكىيە) ئاستىغا ، كىچىك باللارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا «قارا باسمايدۇ» دەپ پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنى قويۇش ، چوڭ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ، مازارلارغا (قەبرە بېشىغا) دەرەخ تىكىش ، قەبرە بېشىغا ئالىيېشىل لاتا ۋە بايراقلارنى تۇغ - ئەلەم قىلىپ باغلاش ، كالا - قوتاز ، قوچقار مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ .

«پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» مەكىتتىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، ئۇنىڭ جەريانى كىشىلەرگە بەك تونۇش . ئۇ مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ : مەلۇم بىر تورۇسلۇق ئۆي (بۇ ئۆينىڭ بىرلا تۈڭلۈكى بولۇپ ، قاراڭغۇ بولۇشى كېرەك . بۇ ئۆي كېسەل كىشىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ

بولىدۇ ياكى كېسەل كىشىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ بولىدۇ ) نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ئارغامچا باغلىنىپ پەسكە ساڭگىلىتىپ ، يەردىكى قوزۇققا باغلاپ قويۇلىدۇ . ئارغامچىنىڭ تۆگۈلۈككە باغلانغان قىسمىغا ئالىيېشىل قىيىقچا لاتىلار چېگىلگەن بولىدۇ (بەزىدە ئارغامچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كۆك ئاموت ئېسىپ قويۇلىدۇ ) . ئارغامچا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاغرىق كىشىگە مەھكەم تۇتقۇزۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ . ئۈچ ياكى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان باخشىلار سورلۇك قىياپەتتە تۈغ ئەتراپىدا يېرىم چەمبەر هاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ . بۇ چاغدا يەرگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جىنچىراغ ، بىر پارچە ئەينەك ، بىر قاچا ياغ ، بىر كەتمەن چوغ ، بىر قاچا سۇ قويۇلىدۇ . چوغ ئۈستىگە كۆك ئاموتنىڭ پوستى ، ئالما شۆپۈكى ، ئادراسمان سېلىنىپ ، دۈت (ئىس ) چىقىرىلىدۇ . تۈغ (ئارغامچا ) نىڭ يېنىدا باش باخشى (پېرىخون ، داخان ) ۋە ئۇنىڭ جەللىۋارە (داپچى ) شاگىرتلىرى قاتار ئولتۇرۇشقان ، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆكچا يېقىلىپ ، كېسەل كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ . باش باخشى قاچىدىكى ياغقا پىلىك كىرگۈزۈپ ، چىراغ ياققاندىن كېيىن ، يەنە بىر قاچىدىكى سۇغا ئايەت ئوقۇپ ، دېمىدە قىلىدۇ ۋە كېسەل كىشىگە پۈركۈيدۇ . ئۇ قولىدا يامان روھلارنى قوغلايدىغان تاياق (بەزىلىرىدە ئېشىلگەن لاتا قامچىلارمۇ تۇتۇلىدۇ ) ياكى بىر تۇتام سۆگەت شوپۇڭى تۇتقان هالدا ئەپسۇننى باشلايدۇ ، شاگىرتلىرى داپلىرىنى چالىدۇ . ئارقىدىن پېرە مۇناجىتىنى ئوقۇپ ، كېسەل كىشىنى تۈغ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكە سالىدۇ . ئۇلار :

«ئەزىمەتەنى ئوقۇيمەن ،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن .
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن ،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن» .

دېگەندەك قوشاقلارنى ئاهاڭغا كەلتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلايدۇ . باش باخشى ئارىلاپ قولىدىكى نەرسە بىلەن تۈغ ئەتراپىنى چۆرگىلەۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېسەل كىشىنى ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويىدۇ . باخشىلارنىڭ جەربىسى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ، كېسەل كىشى «ھوشىسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈ-شىدۇ .» بۇنىڭ بىلەن باخشىلار ئوقۇشتىن توختايدۇ . باش باخشى يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن كەتمەندىكى چوغقا ياكى قىزىق كەتمەنگە دەس-سەپ ، كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ . كېسەل كىشىمۇ «روھلى-نىپ» ، ساقايغاندەك ھالەتكە كېلىدۇ .

يۇقىرىقىدىن باشقا ، مەكىتتە يەنە «بوغۇلدۇرۇش» دەيدىغان بىر خىل سېھرىي ئادەت ساقلانغان . بۇنىڭدا باخشى مەلۇم كىشىلەرنىڭ تەلىپى بىلەن بىرەر مەھەللىدىكى شارائىتى ياخشىراق بىر ئۆيدە ئاق ئۇستىخان (پاك دېمەكچى ) بىر كىشىنى تاللاپ (بوغۇلىدىغان بۇ كىشى ئادەتتە كۆپىنچە ئايال كىشى بولىدۇ ، ئەرلەرنىڭ بوغۇلىدىغان-لىرى كۆپ ئۇچرىمايدۇ ) ئوقۇيدۇ . بوغۇلغان كىشى ئايەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستا - ئاستا ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىدۇ . باخشى كىمنىڭ گېپىنى سورىسا ، ئۇ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ . بۇ خىلدىكى «بوغۇلۇش» ياكى «بوغۇلدۇرۇش» تا مەلۇم كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان يوللىرى ، قەستكە ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغانلىقى ، ئوغرى ئالغان نەرسىلەر ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ، كەلگۈسى تەقدىرى ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار … قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەھۋاللارنى سوراش ، بوغۇلغان كىشىدىن بۇنىڭغا جاۋاب ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ . سوئال - سوراق تۈگىگەندىن كېيىن ، باخشى ئايەت بىلەن بوغۇلغان كىشىنى «يېشىپ» ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ . بەزى چاغلاردا بوغۇلۇشقا تاللانغان كىشى بوغۇلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ . بۇ چاغدا باخشىلار ئۇ كىشىنى «ئاق ئۇستە-خان ئەمەسكەن» دېيىشىدۇ ياكى تاللىغان ئۆيگە گۇناھ قويىدۇ .

شامان دىنىدا ئاياللار ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بو-لۇپ ، ئايال ئىلاھى «ئوماي» ئانا تەڭرى ياكى ئايال پەرىشتە سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدۇ . مەكىتتە ھېلىمۇ ئاياللارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ، سورۇننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ ، مېھماندارچىلىقتا ئۆيگە ئاۋۋال ئاياللار كىرىدۇ ، مەشرەپ - مۇقاملاردا ئەر - ئايال ئوخشاش ، باراۋەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ .

### 3 . زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى

بۇ دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردە زوروئاستىر تەرىپىدىن قەدىمكى پېرسىيە (ئىران) نىڭ شەرقىدىكى داسا دېگەن جايدا (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بارخا ئەتراپىدا) ئىجاد قىلىنغان . پېرسىيىنىڭ قەدىمكى دىنىي كىتابى «ئاۋستا» نى بىردىنبىر مۇقەددەس دەپ قارىغان بۇ دىننىڭ ماھىيىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق تەلىماتى بولغانلىقى ھەمدە ئۆز مۇخلىسلىرىدىن ياخشىلىق ئىلاھىغا سەمىمىي ئېتىقاد قىلىشنى ، يىرتقۇچ ھايۋان ، زەھەرلىك يىلانلارنى يوقىتىشنى ، مال - چارۋا قىلىشنى ، زىرائەت ، ئوت - چۆپ تېرىشنى ، باغۋاران قىلىشنى ، قۇرغاق رايونلاردا سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تېزلا قوبۇل قىلىنغان .

زوروئاستىر دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅳ ئەسىردە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىپ ، مىلادىيە X ئەسىرگىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە قوجۇ (تۇرپان) ، ئاگنى (قاراشەھەر) ، سۇلې (قەشقەر) ، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان . ئاتەشپەرەسلەر ئوتنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچقا ، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىي ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش ، ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۆزۈنغىچە ساقلانغان . شىنجاڭدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش ،مەكىت رايونىدىمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئېتىقاد - ئادەتلىرى كەڭ ساقلانغان . مەسىلەن ، قاپاق كۆيدۈرۈش (قاپاق كۆيدۈرۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش) ، ئىسرىق سېلىش ، يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئاتلىتىپ ، ئوتنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇش (بۇ گەرچە شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بولسىمۇ ، بىراق زوروئاستىر دىنى تارقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ ، كۈچلىنىپ بارغان) ، نۆكچە ياندۇرۇش ، قەبرە بېشىغا چىراغ يېقىش ، سۇخلاش ، ئوتلاپ قېقىش (بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ ، ئاغرىق بالا ئۈستىدىن ئۆرۈپ - چۆرۈش) ، زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش ، ئىشتانىسىز ئوت ئالدىدا ئولتۇرماسلىق ، دولان مەشرەپ - مۇقام سورۇنلىرىدا ئاغزىدىن ئوت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پۇركۇش ، ئوت يېقىلغان چىراغنى بېشىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت .

## 4 . بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن 5 ـ 6 ئەسىر بۇرۇن شىمالىي ھىندىستاندا پەيدا بولغان . ئۇنىڭ ئىجادچىسى گائۇتاماسىددىخارتا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 565 — 485 ـ يىللار ) بولۇپ ، بۇددىستلار ئۇنى ساكيامۇنى («ساكيا قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتايدۇ . بۇددا دىنىنىڭ دىنىي كالامى «نوم» دېيىلىدۇ . بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ، قېرىشى ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى ئازاب دېمەكتۇر ؛ ئازابنىڭ مەنبەسى تۈرلۈك ئارزۇ ـ ھەۋەس ، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا ئاندىن تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش بولمايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا راھەت ـ پاراغەت دۇنياسىغا يەتكىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت .

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ ، ئازغىنە كەم 1500 يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە پارلاق بىر سەھىپە ئاچقان . تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان بۇ رايوندا بۇددا دىنىنىڭ تازا گۈللەپ ، تەرەققىي قىلغان بىرقانچە مەركىزى بارلىققا كەلگەن . بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . بىراق ، بۇ دىنىنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرىنى بەك روشەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ھەم ئانچە كۆپ ئۇچراپ كەتمىدۇق . بۇ ، ئېھتىمال مەكىتنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىن يىراق بولغانلىقى ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپ ھەم ئالاھىدە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك . شۇنداقتىمۇ ھازىر مەكىت رايونىدا بۇ دىنىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدە ـ ئادەتلىرىنى يەنىلا كۆرۈشكە بولىدۇ . مەسىلەن ، يالغۇز مەھەللە ، يالغۇز دەرەخلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ ھېيىقىدىغان ، پۈتى يوغان ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ، قومۇش ئۆسكەن جاينى يامان

كۆرۈپ تاشلاپ كېتىدىغان ، ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆكچە يېقىپ قويىدىغان ، دائىم ياغ پۇرۇتۇپ تۇرىدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ بار .

مانى ۋە خرىستىئان (نېستورى) دىنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن ھەم مەركەزلىك بولۇپ ، بۇ دىنلار مەلۇم سىياسىي ئىستەك ھەم ئىقتىسادىي ئېھتىياج قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تارقالغان ھەم بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن . بىراق ئومۇمىي بىر ھال ھەم كەڭ ئاساسنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ۋە ئانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغان . ئەمما ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۇ دىنلارنىڭمۇ قىسمەن تەسىرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، مانى دىنى ئەقىدىلىرىدىن يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش ، ئاي ، كۈن كۆيسە ياكى تۇتۇلسا نەزىر قىلىپ ، دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىپ ، ئاي ، كۈننىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەش ؛ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ئاي ، كۈن ، يۇلتۇز نامىنى ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئىسىملارنى قويۇش قاتارلىقلار ساقلانغان .

## 5 . ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 610 — 632 ـ يىللاردا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئىنسانلارغا تارقالغان ، 10 ـ ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە تۇنجى بولۇپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئىسلام دىنى ئىلگىرى ـ كېيىن خوتەن ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ، شىمالى ھەمدە شەرقىي ئېتىكىدىكى جايلارغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان .

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى . يەنى بۇ دىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ، ئېتىقادىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ ، شىنجاڭدىكى دىنلار ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ ، تەسىرى ئەڭ چوڭ ، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دىنغا ئايلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇيغۇرلار ئىچىدە-كى كۆپ سانلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان ، ئىبا-دەت ، ئېھساندىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىسىگە ، ئىسلام دىنىدىكى ئاللاغا ئىشىنىش ، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ، ئاللانىڭ كالامىغا ئىشى-نىش ، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىش ، قىيامەتكە ئىشىنىش ، قىس-مەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئېتىقادلارغا ، ئىمان ئېيتىش ، ناماز ئو-قۇش ، روزا تۇتۇش ، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش ، ھەج قىلىش قاتارلىق پەرزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ . ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت ، قۇربان ھېيت ، مەۋلۇت ، قەدىر كېچىسى ۋە باراۋەت ، مىراج قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىنى مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇيدۇ ، توي قىلغاندا موللىلارغا نىكاھ ئوقۇتىدۇ ، ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلدۇر-دۇ ، بالىلارغا ئىسىم قويغاندا قۇلىقىغا ئەزان توۋلايدۇ ، ئادەم ئۆلگەن-دە مېيىت نامىزى ئوقۇيدۇ ؛ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ . ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەردە مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان ، مازارنى ئۇلۇغلاپ ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ، زىكىر قىلىدىغان ، ھاپىزلىق ، ۋائىزلىق ، بۇۋىلىك قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىسلام دىنىدىكى يالغانچىلىق قىلماسلىق ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش ، ھاراق ئىچمەسلىك ، تاماكا چەك-مەسلىك ، ئوغرىلىق قىلماسلىق ، زىنا قىلماسلىق ، ھارام يېمەسلىك قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا مۇئەي-يەن تەسىرگە ئىگە . بىراق شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىسىدە بۇ دىنغا خاس چوڭقۇر ئەقىدە ـ ئادەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك ، ئىسلام دىنىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرىمۇ ئۇيغۇرلار تۇر-مۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ، ھەتتا بەزى ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇي-غۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەمدە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزئارا قوشۇلۇپ ،

بىر - بىرىنى تولۇقلاپ باردى. شۇڭىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە - ئېتىقاد ئادەت-لىرى ۋە بىر قىسىم مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ قايسى دىنىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان هالەت شەكىللەندى. هالبۇكى، مەكىت رايونى ئۆزىنىڭ ئالاهىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە هازىر مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي هالەتتىن باشقا، قەدىمكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد - ئادەتلىرى، ئەقىدە-ئەهكاملىرىنى ناهايىتى روشەن ساقلاپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى تەسىرلىرى ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆتمۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، فولكلورلىرى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قەدىمكى دىنلارنىڭ ئاشۇ قالدۇق تەسىرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بول-مايدۇ. بىراق، دىنىي ئېتىقادنى ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا شەكىللەن-گەن خەلقنىڭ ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، هەم-مىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ.

### پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


(1) ئابدۇكېرىم رەهمان، رەۋەيدۇللا هەمدۇللا، شېرىپ خۇش-تار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

(2) ئابدۇكېرىم رەهمان: «ئۇيغۇر فولكلورى هەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

(3) ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

(4) ئابدۇكېرىم رەهمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان هېسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(5) «شىنجاڭدىكى دىنلار» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل 1-ئاي خەنزۇچە نەشرى.
(6) ئەسئەد سۇلايمان: «ئۇيغۇر بۆرە توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 2-ئاي نەشرى.
(7) مېھرىئاي ئابدۇلھەلىم: «ئۇيغۇرلاردىكى ‹ئىسرىق سېلىش› ئادىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001-يىل 3-سان.
(8) ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد: «فولكلور نۇقتىسىدىن ھېيت-بايراملار ھەققىدە مۇلاھىزە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001-يىل 3-ئاي.
(9) ئابدۇرەھىم مۇھەممەد: «مانى دىنى ۋە ئۇيغۇرلار»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001-يىل 1-سان.
(10) مۇختار قادىر: «‹پېرە ئويناپ داۋالاش› نىڭ سىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996-يىل 4-سان.
(11) مۇختار مۇھەممەد روزى: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشتىكى تەسىرى»، «مۇنبەر» 1999-يىل 2-سان.
(12) مۇھەممەد يۈسۈپ تاھىر، سابىت ئابدۇخالىق: «ئىپتىدائىي زوروئاستىر دىنى ۋە ئۇنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىزلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999-يىل 3-سان.

# 4 . مائارىپ

## 1 . مەكتىنىڭ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) دەۋردىكى مائارىپى

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا باشلانغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ تېخى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ چىقماستىن ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە بېقىندىغان هالدا چوڭلار كىچىكلەرگە ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئۇستاز - شاگىرتلىق شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان . هالبۇكى ، بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ بىخى ئىدى . كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مائارىپنىڭ مەزمۇنىمۇ تولۇقلىنىپ بارغان . قۇللۇق جەمئىيەتكە كەلگەندە ، قۇلدارلار بىلەن قۇللار ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتى بارلىققا كېلىپ هەمدە ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت ، قائىدە - يوسۇن ئىگىلەشكە بولغان ئېهتىياج ئېشىپ ، مەكتەپ پەيدا بولۇشنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ئاساسى هازىرلانغان .

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ① ئۇيغۇر مائارىپى هەم ئىبادەتخانا هەم مەكتەپتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسا ، بۇددىزىم گۈللەنگەن مەزگىللەردە يۇقىرىقى جايلاردا مەخسۇس مەكتەپلەر ، ئىبادەتخانىلار ، مۇنتىزىم ئوقۇتۇش ئەسلىهەلىرى بارلىققا كەلگەن .

تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە ، بۇددىزىم گۈللەنگەن مەزگىللەردە قەدىمكى قەشقەر مورا بۇددا ئىبادەتخانىسى ، كەپتەرخانا ئېتىكاپخانىسى ، ئۈچ بۇرهان بۇددا ئۆيلىرى ، بارچۇق توققۇز ساراي بۇددا ئىبادەتخانىسى ، تۇمشۇق بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە قاغىلىق چوپان

---

① بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىغا مىلادىيە 1 - ئەسىردىن باشلاپ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان . دەسلەپ قەشقەر ، خوتەن ، كۇچانى ، كېيىنچە ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان بۇددا ئۇيغۇر مائارىپى ۋە سەنئىتى بارلىققا كەلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇددا ئۆيلىرى قاتارلىق جايلاردا ۋە كوچادا نىلوپەر ئىبادەتخانىسى، كومىراجىۋا تۇرغان جام خانلىق ئىبادەتخانىسى، قىزىل ئىبادەتخانىسى، چۆلتاغ چوڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئون نەچچە ئىبادەتخانىلار قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنى بۇددا مائارىپى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلىرىگە ئايلاندۇرغان.

بۇددا مائارىپى ئۇيغۇرلاردا I ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە، ھەتتا بەزى جايلاردا XIII — XII ئەسىرگىچە داۋام قىلغان، ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن، تەسىرى بىرقەدەر چوڭقۇر مائارىپ بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋر مائارىپىغىلا ئەمەس، ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغىمۇ ئاساس سالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى مائارىپتا مەكتەپنى شەكىللەندۈرۈپ، يېزىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ يازما تارىخى باشلانغان.

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مىللىي يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، شۇ يېزىقى بىلەن مەكتەپ مائارىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز تارىخىي، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەنى مىلادىيە 932 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خانزادىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە قەشقەر رايونىغا تەۋە بولغان قەبىلە ـ ئايماقلارنىڭ ئارىسىغا كېڭەيتتى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن ئۇدۇنمۇ چەتتە قالمىدى. ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى «ئائىلە مائارىپى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. نەچچە ئەسىردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن 22 ھەرپ ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا 32 ھەرپ ئاساسىدىكى ئەرەب يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشقا باشلىنىشى «مائارىپ» نى تېخىمۇ بېيىتتى. يەنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن كەنت ـ مەھەللىلەردە مەسچىت بىنا قىلىنىپ، مەسچىتنىڭ يېنىدا مەكتەپ (مەدرىسە) بىنا قىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ، مائارىپىي ئەرەب مەدەنىيەت ، مائارىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى .

دېمەك ، ئۇيغۇر مائارىپى ئىپتىدائىي مائارىپ ، بۇددا مائارىپى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار ئىسلام مائارىپى دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن گۈللىنىپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىپ ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغان . بۇ دەۋرلەردە قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيە ۋە ئايماق ـ قەبىلىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى مەكتەپ (مەدرىسە ) لەر قۇرۇلغان . باشقا يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر قەشقەردىكى مەشھۇر «مەدرىسەئى ساجىيە» ، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ ئوقۇشقا نائىل بولغان .

ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن «دۆلەت دىنى» دەپ جاكارلىنىشى ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان جايلارنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى . بۇنىڭدا گەۋدىلىك بولغىنى ئەنە شۇ مەدەنىيەتتە ۋە مائارىپتا ئالغا بېسىش ئىدى .

كېيىنرەك چىڭگىزخان ئىستېلاسى نەتىجىسىدە ، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1179 — 1242 ـ يىللار ) ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنغا ئۇيغۇرلار رايونىنى قوشۇپ ئىدارە قىلدى . چاغاتاي ئۇلۇسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ دەۋرنى تارىخچىلار ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي دەۋرى» دەپ ئاتىدى .

چاغاتاينىڭ پايتەختى ئالمىلىق (ھازىرقى ئىلى ) بولۇپ ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە داڭلىق پېداگوگ سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ ئىبنى ئەبۇ يۇسۇپ سەككاكى (1160 — 1228 ـ يىللار ) چاغاتاينىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى ئىدى . مەشھۇر دىپلومات ۋە سىياسەتچى قۇتبىدىن بولسا چاغاتاينىڭ باش مەسلىھەتچىسى ، داڭلىق دوختۇر مىجىت چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى ، تالانتلىق مائارىپچى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىنژېنېرى مەسئۇتبەگ چاغاتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باش ۋالىيسى ئىدى .

ئۇيغۇر ئالىمى سەككاكى ۋە مەسئۇتبەگنىڭ ئىجتىھات كۆرسىتە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شى ئارقىسىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مائارىپى مۇشۇ دەۋردە يەنە قايتىدىن گۈللەپ ، ئىنتايىن زور تەرەققىي قىلدى . بۇ چاغدا ئالمىلىق ، بۇخارا ۋە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىگە ئايلاندى . بولۇپمۇ مەسئۇتبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىنتايىن زور ئەمگەك سىڭدۇردى .

مەسئۇتبەگ نايمان ـ قىتانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە» نىڭ خارابىسى ئورنىدا مىلادىيىنىڭ 1260 ـ يىلى «مەسئۇدىيە» ناملىق نوپۇزلۇق بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» ناملىق داڭلىق كۇتۇپخانا تەسىس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى قايتىدىن راۋاجلىنىپ ، قەشقەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى .

مەسئۇتبەگ 1254 ـ يىلىدىن 1289 ـ يىللارغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا شەخسەن ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلدى . مەسئۇتبەگنىڭ يېقىن دوستى — مەشھۇر ئالىم جامال قارشى (1230 ـ يىلى تۇغۇلغان ، «سۇرراھ» ناملىق يىرىك قامۇسنىڭ ئاپتورى) «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسى (پروفېسسورى) ئىدى .

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ، مەشھۇر پېداگوگ ۋە تالانتلىق مەمۇرىيەت باشقۇرغۇچى تاتا تۇڭا ئەينى زاماندا چىڭگىزخاننىڭ ھەممە ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى . چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇپ ساۋات چىقارغان . تاتا تۇڭا دەسلەپتە نايمان ئېلىنىڭ تايانخان (كۈنخان) ئوردىسىدا باش ئىلمىي مەسلىھەتچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان . كېيىن چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان چاغدا چىڭگىزخان بۇ ئۇيغۇر ئالىمىنى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ ، ئوردا ئوقۇتقۇچىسى قىلغان . تاتا تۇڭا ئەنە شۇ چاغدا قىتان ۋە موڭغۇل ئېلىپبەسىنى ۋە گراماتىكا قائىدىسىنى ، يەنى ، تۇنجى بولۇپ قىتان ۋە موڭغۇل يېزىقىنى كەشىپ قىلىپ بەرگەنىدى . بۇ يېزىق كېيىن جۇرجان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا يېزىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ

قالدى. تاتا تۇڭا ئىجاد قىلغان قىتان، موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

تاتا تۇڭانىڭ تەربىيىسى خېلى سىڭگەن چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بىرقەدەر كەڭ سىياسەت يۈرگۈزدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىشنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ كەڭ ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى بىلەن ئالاقە تىلى بولدى. مەمۇرىي ئىشلار ئەنە شۇ تىل بىلەن يۈرگۈزۈلدى. كېيىنكى تارىخچىلار ۋە تىلشۇناسلار بۇ تىلنى مۇشۇ چوڭ رايوننىڭ سۇيۇرغال ئىگىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن باغلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلارنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەن بولسا، خوجا ئەھمەت يەسەۋى تەرىپىدىن 1145 - يىلى يېزىلغان «دىۋان ھېكمەت» ۋە قەشقەرلىك چوڭ مۇدەررىس نەسىردىن ئىبنى بۇرھانىدىن رابغۇزى تەرىپىدىن 1310 - يىلى يېزىلغان «ئەۋلىيالار قىسسىسى» (قىسسەسۇل ئەنبىيا) ناملىق ئەسەر «چاغاتاي تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەندى. چۈنكى بۇ ئىككى ئەسەر شۇ زاماندا ئۆيمۇئۆي ئوقۇلىدىغان، ئەسىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ تارقالغان ئەدەبىي كىتابلار ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەندى. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چاغاتاي مائارىپىنىڭ يادروسى بولغان قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ نامى ئۇلۇغ، رولى چوڭ بولۇپ، جايلاردىن مىڭلىغان تالىپلار «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىغا كېلىپ بىلىم ئالاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كەشمىر ۋە لاھوردىن، بەزىلىرى بالاساغۇن ۋە قىپچاق دالالىرىدىن، بەزىلىرى خوراساندىن ھەم تارىم بويلىرىدىكى تۈرلۈك شەھەر - يېزىلاردىن ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدىن كېلىپ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى.

ئۇيغۇر مائارىپى يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678 - يىللار) دەۋرىدە قايتا گۈللەندى. چۈنكى بۇ دەۋردە مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەر تىنچ مۇھىت يارىتىلدى . سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەسىس قىلغۇچە-
سى سۇلتان سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ۋە
ئەدىبلەردىن ئىدى . شۇڭا بۇ دەۋردە يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسە ،
ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلەر ، مۇزىكا مەكتەپلىرى
قۇرۇلدى . (بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، بۇ چاغدا قۇرۇلغان مەك-
تەپلەر جەمئىي 2263 كە يەتكەن . ) 1522 - يىلى قۇرۇلغان «مىرزا
ھەيدەر» مەدرىسە ، 1630 - يىلى قۇرۇلغان مەشھۇر «ساقىيە» نام-
لىق مەدرىسە شۇ چاغدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى . بۇ
مەكتەپلەردە نۇرغۇن ئالىملار ، ئوقۇتقۇچىلار ، مۇزىكشۇناسلار ، تا-
رىخشۇناسلار ، ئەدىب - يازغۇچىلار ، بىناكارلىق ماھىرلىرى تېز
يېتىشىپ چىقتى . بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ دەۋردە «سىپاھىيە» (ھەربىي
مەكتەپ) ، «شىپاھىيە» (تېببىي مەكتەپ) ، «ھودۇدىيە» (چېگرا
ساقچىلىقى) ۋە «ئائىنەئى ساپارات» (ئەلچىلەر ئەيىنكى) قاتارلىق كەسپىي
مەكتەپلەرمۇ تەسىس قىلىندى . ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئاسا-
سىي مۇشۇ چاغدا مەيدانغا كەلدى . بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ
ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر ۋەكىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان
(1510 — 1570 - يىللار) شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋە يەكەن خانلىق
مەدرىسىلىرىدە ياخشى تەلىم ئالغان ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە سىياسەتچى
ئىدى .

مەشھۇر شائىرە ۋە مۇقامشۇناس ئامانىساخان مانا شۇ يەكەن
سەئىدىيە خانلىقى مائارىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇ
مەكتەت دىيارىدىن ئىبارەت قەدىمىي جايدا تۇغۇلۇپ ، بالىلىقىنى شۇ
جايدا ئۆتكۈزگەن ۋە بويىغا يەتكەندە خانىش بولۇپ ئوردىغا كەتكەنىدى .
ئۇ ئىجاد قىلغان «دىۋانى نەفىسە» ناملىق ئەسەردىن ئۇز دەۋرىدە
مەكىت مائارىپىنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلىپ ، مۇستەھكەم ئاساسقا ۋە
مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس .

لېكىن ، 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قەشقەردە خوجى-
لار باش كۆتۈرۈپ ، ئاپپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى دىنىي فېئودال
گۇرۇھ جۇڭغار ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ ،
جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالدى . 1682 - يىلى سەئىدىيە خانلىقى

يوقىتىلىپ ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى ھەمدە تەسەۋۋۇپچىلىق ھەممە يەردە ئەۋج ئېلىپ كەتتى . سوپى ۋە مۇرىتلارنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكى دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە سىياسىي كۈرەشتە كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئويناپ ، زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ زىيادە تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە بىخۇدلاشتۇرۇپ ، كىشىلەر قەلبىگە زىيان يەتكۈزۈپ ، مەنىۋى تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى . ھەر قايسى جايلاردىكى مەدرىسە - مەكتەپلەر سوپىزمچىلارنىڭ خانىقاسىغا ئايلاندۇرۇلدى ، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان سوپىزم تەلىماتلىرىغا يات كىتابلار بىراقلا كۆيدۈرۈۋېتىلدى ، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى تەرجىمان ، تېۋىپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى چەت ئەللەرگە سۈرگۈن قىلىندى ، زىندانلارغا تاشلاندى ياكى ئۇلار مەۋقەنى ئۆزگەرتىپ ، سوپىزم تەرغىباتلىرى ئۈچۈن ئىجاد قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ ، تەرىقەت — تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئىدىيىۋى قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇلدى . بولۇپمۇ ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى نەتىجىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادى خارابلىشىپ ، خەلقنىڭ ھالى يامانلاشتى ، ئىسلام دىنى مائارىپى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى . بۇ چاغدا خوجىلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان مەكىت رايونى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچراپ ، مەكىتنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى .

* * *

ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىدا ئىپادىلەندى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ، ئىدېئولوگىيىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى . ئىسلام دىنى ھەربىر ئاتا - ئانىغا ئۆز پەرزەنتىنى يارامىلىق ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم قىلىش ۋەزىپىسىنى پەرھىز قىلغان بولۇپ ، «بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن كەلىمە بۇنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى . ئەنە شۇ سەۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىن، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتى ئەقىل يېشىغا يەتكەندىن باشلاپ ئۇنى يارامىلىق ئادەم قىلىش يولىدا تىرىشاتتى، ئىزدىنەتتى. بولۇپمۇ قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي كېلىۋاتقان تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى دولانلار بۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئېھتىمال، شۇ چاغدىكى خەلقلەرنىڭ ئازراقلا بىلىمى بار سوپى ـ ئىشانلارنى ئۇلۇغلاپ «غوجام، پىرىم، ئەۋلىيا» دەپ قول بېرىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشلىرىمۇ ئەنە شۇ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلىشتەك ئىزگۇ تىلەكتىن مۇستەسنا بولمىسا كېرەك. مەكىت رايونى بولسا دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن مائارىپنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىكلا مەكتەپلەرگە بېرەتتى. باشقا يۇرتلاردىن ئۆزگىچە بولغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئوغۇللىرىنىلا ئەمەس، قىزلىرىنىمۇ مەكتەپلەرگە تولۇق بېرىپ بىلىمدار ئاياللاردىن قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا مەكىت تەۋەسىدە ھەممە مەھەللىلەردە مەدرىسە بار ئىدى. خەلپەت (مۇئەللىم) لەرنىڭ تۇراقلىق مۇقىم ئىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇلار ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىنەتتى. بۇ «پەيشەنبىلىك» دەپ ئاتىلاتتى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار يېڭىدىن ئوقۇشقا كەلگەندە ئوقۇتقۇچىغا پۇل ياكى نەرسە ـ كېرەك تەقدىم قىلاتتى.

ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى بولسا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىنى مۇبارەكلەپ نەرسە سۇناتتى. نورۇز بايرىمى كېلىشتىن ئاۋۋال مۇئەللىم تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ئەھۋالىدىن ئاتا ـ ئانىلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەمدە ئۇلارنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن 1 ـ 2 كۇپلېت شېئىر يېزىلغان قەغەز — نورۇزلۇق باغاقچە تەييارلىنىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ باھار بايرىمىنى تەبرىكلەپ پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەقدىم قىلاتتى. بۇ يەردە نورۇزلۇق باغاقچىسىگە يېزىلغان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى مىسال كەلتۈرىمىز:

كەلدى نورۇز - يىل بېشى ، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى ،
نورۇز دىبان كېلۇرلار خوتۇنلارنىڭ تۈركىنى .
گۈللەر قىسىپ قىز - ئوغۇل ئەگرى قويار بۆركىنى ،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى .
قايغۇ - مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۈر بوگۈن .

مىللىي ئەنئەنە بويىچە بالا تۆت ياش تۆت ئاي تۆت كۈنلۈك بولغاندا مەكتەپكە بېرىلەتتى . مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ياش ۋە جىنسىي چەكلىمىلەر بولمايتتى . قىش كۈنلىرى سىنىپقا كىرىشتىن پاخال سېلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلار پاخال ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇ-رۇپ دەرس يادلايتتى ، سىنىپنىڭ ھەممە ئىشلىرى مۇئەللىم تەرىپى-دىن ئىدارە قىلىناتتى . ئوقۇغۇچىسى كۆپرەك بولغان سىنىپلاردا مەۋىيىسى باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك ، يېشى ھەم باشقىلاردىن چوڭراق بىر ئوقۇغۇچى خەلپەتنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇ-رۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى . بۇ «ياردەمچى ساھىب» دەپ ئاتىلاتتى . ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىناتتى . مۇئەللىم رۇخسەت قىلغاندىلا ئائىلىسىگە قاي-تىش مۇمكىن ئىدى . ئەگەر بىرەر ئوقۇغۇچى زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولسا ، خەلپەتتىن سورىشى ياكى ئوقۇغۇچىلار ئاڭ-لىغۇدەك ئاۋازدا «ئەدەپ» دېگەن سۆزنى ئېيتىش ئارقىلىق سىرتقا چىقىشقا بولاتتى . سىنىپتا ھەر دائىم خەلپەت تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر كىچىك تاختا ئېسىقلىق تۇراتتى . سىرتقا چىققان ئوقۇغۇچى بۇ تاختىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ، كىرگەندە يەنە جايىغا ئېسىپ قوياتتى . ھازىرقىدەك ھەربىر سائەت ئارىلىقىدا كوللېكتىپ دەم ئالىدىغان ئىشلار ئۇ چاغلاردا بولمايتتى .

مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى دەسلەپكى ۋاقىت-لاردا بىرقانچە ساۋاقنى ئېغىزچە ياد بىلىشى كېرەك ئىدى . بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەرەبچە 32 ھەرپنى ئوقۇتۇش باشلىناتتى . ھەرپ تونۇتۇش باشلانغاندا ، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 15 سان-تىمېتىرلىق سىلىق ياغاچ تاختىغا ھەرپلەر بىر - بىردىن يېزىپ بېرىلەتتى . 32 ھەرپ تونۇتۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ، قومۇش قەلەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن تاختىغا قۇرئاننىڭ كىچىك سۈرىلىرىدىن بىرسى يېزىپ قويۇلاتتى . مانا شۇ يوسۇندا ئوقۇش داۋاملىشىپ ، ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە سۈرىنى ھەجىلەپ ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالاتتى .

ھەجىلەپ ئوقۇش بىر يەرگە بارغاندا ھەپتىيەك (قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىر قىسمى ) ئوقۇتۇلاتتى . بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلار قۇرئاننىڭ بىر قىسىم ئايەتلىرىنى ھەجىلىمەستىن راۋان ئوقۇيالايدىغان قابىلىيەتنى ئىگىلەيتتى . شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئانغا ئۆتەتتى . بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي تەلەپ قويۇلاتتى : بىرسى ، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى تونۇپ بىلىش ، يەنە بىرسى ، قىرائەت (قۇرئاندىكى ھەرپ ۋە سۆزلەرنى ئۆز مەخرەجلىرى بويىچە قائىدىلىك ئوقۇش ) قىلىشنى ئىگىلەش . بۇ تەلەپلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن قۇرئاننى ئاخىرلاشتۇرغان ھېسابلىنىپ ، سوپى ئاللايار ، پەندىنامە ۋە ناۋائى ، خوجا ھاپىز شېئىرلىرىدىن تاللىنىپ تۈزۈلگەن كىتابچىلارنى ئوقۇتۇش باشلىناتتى . بۇ كىتابلارنى ئوقۇتۇش ، بىرىنچىدىن ، شۇ كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلەشتۈرۈش بولسا ، ئىككىنچىدىن ، ئاستىئۈستىگە بەلگە قويۇلمىغان (ئەرەبچە بولمىغان ) چاغاتايچە ، پارسچە سۆزلەرنى ئوقۇيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ئىدى . بۇ مەكتەپلەردە خەت يېزىپ ئۆگىتىدىغان قارا دوسكىلار بولمايتتى . خەت يېزىشنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم دەپ قارالمايتتى . ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن باسما كىتابلاردىكى خەتلەرنى تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىۋالاتتى . شۇڭا ، ئۇ چاغلاردا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار كىتابنى ئوقۇيالىسىمۇ ، خەت يېزىشنى بىلمەستىن مەكتەپ پۈتتۈرەتتى . ئۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ مۇئەييەن ئوقۇش مۇددىتى بولمىغانلىقتىن ، ئوقۇشنى خالىمىغانلار خالىغان چاغدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتەۋېرەتتى . ئاز بىر قىسمىلىرى (بۇ ، ئەلۋەتتە ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى ) ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مەدرىسىلەرگە كىرەتتى . ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىسىلەر ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپ ئورنىدا بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلار «تالىپ» ، ئوقۇتقۇچىلار «مۇدەررىس» دېيىلەتتى .

ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر پۈتۈنلەي ئەرەبچە ، پارسچە تىلدىكى دى-

ىنى ئەدەبىيات بولۇپ ، مەدرىسىلەرنىڭمۇ مۇئەييەن مۇددىتى بولمايت-تى . 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا ئوقۇپ خەتمە (ئىمتىھان ) دىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالىي مەلۇماتلىق ھېسابلىناتتى ياكى مۇددە-رىسلىك ئۇنۋانى بېرىلەتتى .

كونا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى كىتاب ئوقۇشتىنلا ئىبا-رەت بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئاساسى بىلەن ھېسابلاشماستىن ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تەكرارلاش ۋە يادلاش-تىن ئىبارەت ئىدى . ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسلىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بولۇپ ، شۇ كىتابنى تاماملىغاندىن كې-يىن باشقا كىتابقا كۆچەتتى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسى ئوخشاش بولما-غانلىقتىن ، ھەربىر ئوقۇغۇچى يالغۇز بىر ـ بىرلەپ خەلپەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالدىنقى كۈندىكى دەرسنى تەكرارلاپ ئوقۇپ بېرەتتى . ئەگەر تولۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولسا ، خەلپەت يېڭى دەرس بېرەتتى . ئۆزلەشتۈرەلمىگەن بولسا ، لايىق جازا ، يەنى تەنقىد ياكى تەن جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن پۇختا تەكرارلاش تاپشۇرۇلۇپ ، خەلپەت قايتا ئۆگىتەتتى .

* * *

مىلادىيە 1894 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىسلام دىنى مائارىپى زاۋاللىققا يۈزلەندى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم تىلماچلارنى تەربىيىلەش-نى ئاساس قىلىپ قۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلىرى ( 国语学堂 ) شىنجاڭنىڭ يېڭىچە مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مەلۇم ئاكتىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى .

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر مائارىپى قايتا جانلىنىشقا باشلىدى . بۇ چاغدا مەكتەپنىڭ دىنىي بىلىم ئېلىشنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي مائارىپى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىپ ، ئەسلىدىكى نوقۇل دىنىي بىلىم ئىگىلەشتىن ئۆتۈپ تىل ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن . مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى ) ناھىيە بازىرىدىكى قادىر پازىل يەكەنلىك ئابلا قارىينى تەكلىپ قىلىپ ئۆز ئۆيىدە تالىپ قوبۇل قىلىپ ئوقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com



تۇش بىلەن شۇغۇللانغان . مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى ) تۈدى قارىي ھاگغىتلىق (ھازىرقى ھاگگىتېرەك يېزىسى ) كەنتىدىكى ئۆز ئۆيىدە مەدرىسە ئېچىپ 20 دىن ئارتۇق تالىپنى ئوقۇتقان . 1920ـ يىلى پاختەكلى (ھازىرقى غازكۆل يېزىسى ) ، يانتاق ، تاۋا كېسەك (ھازىرقى قۇمقىسار يېزىسى ) ، پوسكام (بازار جەمى يېزىسى ) كەنتـ لىرىنىڭ ھەممىسىدە دىنىي مەكتەپ بار ئىدى . 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پاختىلىقتا ھەزىز ھاجىم ، يانتاقتا خالىق ئىمام ، تاۋا كېسەكتە ئابدۇراخمان موللا ، ئۆتەڭدە ھالىم موللا قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلغان . پوسكام كەنتىدىكى مەمەتئېلى ھاجى ناھىيە بازىرىدا بىر مەدرىسە سېلىپ قەشقەردىكى ئابدۇكېرىم داموللىنى مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قىلدى . ئوقۇغۇچىسى (تالىپى ) 40 دىن ئارتۇق بولۇپ ئەرەب ئېلىپبەسى ، ھەپتىيەك ، قۇرئان ، سەرپ تۈركى (گراماتىكا ) ، پارس تىلى ، تىل ـ ئەدەبىيات لۇغىتى ، ھاشىيە ، ئەخلاق ـ مىزانى ، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۆگىتىلەتتى . دىنىي دەرس ئۆتكەندە يەنە قىسمەن مەدەنىـ يەت بىلىملىرىمۇ ئۆگىتىلەتتى .

دىنىي مەكتەپ خەلپىتىنىڭ تەمىناتى ئاساسەن باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دۇئا قىلدۇرغان ئازراق پۇل ـ پۇچەك ، كىيىم ـ كېچەك ۋە نان قاتارلىقلاردىن باشقا ، يەنە ھەر پەيشەنبە كۈنى باللاردىن ئېلىنىغان «پەيشەنبىلىك» تىن كېلەتتى . قىش كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىسسىنىدىغان ئوتۇننى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلەتتى . مەكتەپلەردە كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار بورا ئۈستىدە يۈكۈـ نۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى .

1924 ـ يىلىغا كەلگەندە ، مەكىتتىكى دىنىي مەكتەپلەر كۆپەـ يىپ ، بازار ئىچىدە ئۈچ ئورۇندا ، يېزىلاردا يەتتە ئورۇندا قۇرۇلدى . بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئىچىدىكى ئابدۇكېرەم داموللام بىلەن پاختىلىقتىـ كى ھەزىز قازى ھاجىملارنىڭ مەكتەپلىرى مەدرىسە دەرىجىلىك ، قالغانلىرى باشلانغۇچ سەۋىيىلىك مەكتەپلەر ئىدى . كېيىنكى مەزـ گىلدە دىنىي مەكتەپ ئاچىدىغانلار كۆپىيىپ ، ئاقتىكەندە نورۇز ھاجىم قاتارلىقلارمۇ دىنىي مەكتەپ ئاچقانىدى .

1934 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە 11 مەدرىسە بولۇپ ، ئاساس-لىق خىراجىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكات ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىدىن كېلەتتى .

2 . مەكىتنىڭ يېقىنقى زامان دەۋرىدىكى مائارىپى

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى ) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغان . مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى )غا كەلگەندە ، جۇباشۈي (جۈيۈلىڭ ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سالدۇردى ۋە 1 سىنىپ-لىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ ، 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇردى . ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ ، مەكتەپ نامى گويۈ شۆتاڭ (دۆلەت تىلى مەكتىپى ) دەپ ئاتالدى . ئۇنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ھۆكۈ-مەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى . مۇشۇ مەزگىللەردە ئابلاخالىق ، ئابدۇقادىر داموللا ، قۇتلۇق سەئىدى ، مەمەتئېلى ئاۋۇت قاتارلىق بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئاكتىپلىق بىلەن خەلق مائارىپىنى گۈللەندۇرۇپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى باشلىدى .

1931 ـ يىل 3 ـ ئايدا ، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇ-لۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىگىلىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېنلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىگە خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە ، يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلاپ ، يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى . شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ، قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ، زېرىپ قارىي ھاجى باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى . كېيىن ، ھەر قايسى ناھىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەردىمۇ شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى . 1933 ـ يىلى مەكتەپمۇ ئۇي-غۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى . شۇ قاتاردا مەسچىت ، مەدرىسلەرنىڭ بارلىق ۋەخپىلىرى ئۇيۇشمىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈ-ۋېلىنىپ ، بۇ بىر قىسىم ئىقتىساد بىلەن مەكتەپ خىراجىتى تەمىنلەن-دى . ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش ھېسابىدا ئۇيۇشما ئاشلىق تارقىتىپ بې-رەتتى .

يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن «ئىزچىلار » تەشكىللىنىپ ، ئۇلار كوچىلاردا «بىز ئىزچىمىز » دېگەن جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىپ ، پۈتۈن ناھىيە بازىرى ، ھەتتا يېزا - قىشلاقلارنى ھاياجانغا سالغانىدى . بولۇپمۇ ئاتۇشتىكى مەمتىلى ئەپەن-دى يازغان «بىز مۇئەللىم ، مەكتەپ ئاچىمىز » دېگەن ناخشا ھەممىلا جايدا ياڭرايتتى .

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز ،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز .
تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق ،
ئىلىم - ئېرپان يولىدا تەشنا - زار بولدۇق .
خۇراپاتلىقتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار ،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ ، كۆپ ناچار بولدۇق .
ئەمدى ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى ،
بىز يېڭىدىن ئېچىلغان ۋەتەننىڭ گۈلى .
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن ،
پۈختا بولسۇن مەكتەپنىڭ سېلىنغان ئۇلى .

مانا بۇ ساداا ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئىلكىدە تېڭىرقاپ ، ئىلىم - مەرىپەت ۋە يېڭىلىققا تەشنا بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپ سىگنالى بولۇپ ، خەلقىمىزنى ئويغىتىش ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ۋە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندىدى . بۇ چاغدا ، جەم-ئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . بىر قىسىم خەلقپەرۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى مەك-

تەپلەرقۇرۇلغاندىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەردىكى تە-
رەققىيپەرۋەر خەلپەتلەرمۇ ئويغىنىپ ، ئۆز تالىپلىرى بىلەن يېڭى
مەكتەپ ئېچىش يولىغا ماڭدى . بۇلاردىن ئابلا ئاخۇن خەلپىتىم تۇنجى
بولۇپ 1934 ـ يىلى يېڭى مەكتەپ ئاچتى (بۇرۇنقى كونا دىنىي
مەكتەپنى يېڭى مەكتەپكە ئۆزگەرتتى ) . ئۇنىڭ 36 ئوقۇغۇچىسى بار
ئىدى . بۇ كىشى قەشقەردە قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپىدە ئالتە
ئاي تەربىيە ئالغان بولۇپ ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى . شۇنىڭ-
دىن كېيىن يەنە بىر قىسىم مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ ، مەكىت يېڭى
مائارىپىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى تىكلەنگەنىدى .

1933 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىدە خەلق مائارىپ تەتقىقات جەم-
ئىيىتى قۇرۇلدى . بۇ جەمئىيەتنىڭ 12 نەپەر ئەزاسى بار بولۇپ ،
باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە ھەمكارلىشىش ،
كىتاب ، دەرسلىك قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش ، ئەلا ئوقۇتقۇچىلارنى
ئۈستۈرۈش ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ، كۆرسەتمە-
لىك دەرس ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ھەمدە ھەر تۈرلۈك مائارىپ
مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولاتتى .

1935 ـ يىل 2 ـ ئايدا ، ھەبىبۇللا بەگ (لوپنۇرلۇق ) ناھىيىگە
ھاكىم بولۇپ كەلدى . ئۇ كىشى تەرەققىيپەرۋەر زات بولغاچقا ، مە-
كىت مائارىپىدا ئوقۇتقۇچى كەم بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ،
تۇردى بەگ ، ئوبۇلقاسىم ئەپەندى ، قادىر بەگ ، ھېسامىدىن بەگ ،
ئابدۇۋەلى ئەپەندى ، ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى ، ساۋۇت ئەپەندى ، ھەسەن
بارات قاتارلىق سەككىز كىشىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما
ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىپ
ئالتە ئاي تەربىيىلەپ كەلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مەكىتتىكى بىر
قەدەر سەۋىيىلىك 36 تالىپنى كۇرستا تەربىيىلەپ ، ئۇلاردىن 16
نەپىرىنى ھەر قايسى يېزىلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ
ئەۋەتكەنىدى .

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشى ، كەڭ خەلقنىڭ بىلىم ئې-
لىش ئارزۇسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى-
غا تۈرتكە بولدى . شۇنىڭ بىلەن پاختىلىق ، قاقشال ، تۇمەنتال ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇقىرى ئاۋات ، چوڭقۇرچاق ، تۆۋەن ئاۋات (بۇ ئىككىسى ھازىر مارالبېشى ناھىيىسىگە قارايدۇ) قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن مەكتەپلەر قۇرۇلدى . ناھىيە ئىچىدىمۇ ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، پىڭ بولىڭ مۇدىر بولغانىدى . ئۇنىڭ 72 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ، مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيۇشما قارمىقىدا ھاڭغىتلىقتا بەش سىنىپ ، چامغۇرلۇقتا ئىككى سىنىپ قۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى 200 گە يەتكەنىدى .

1935 ـ يىلىدىن باشلاپ ، مەكتەتە يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ ، ئاساسلىق يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى . ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە مائارىپ بۆلۈمى ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈمى تەشكىل قىلىنغانىدى . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى ۋە زور كۈچ چىقىرىشى بىلەن بازار ئىچىدە 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۈچ مەكتەپ ، 9 سىنىپ تەرەققىي قىلىپ ، 1936 ـ يىلى يەتتە سىنىپلىق بىر شەنلى مەكتەپ ، توققۇز سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى . بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 300 دىن ئېشىپ كەتتى . يېزىلاردىكى ئەسلىدىكى دىنىي مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى . يەنى بۇلاردىن ھاڭغىتلىق ، چامغۇرلۇق ، يانتاق ، پوسكام ، قومۇش مەھەللە ، پاختىلىق ، تۇمەنتال ، قارا ئۆي ، تۇمۇرەك ، تاۋاكېسەك ، تۆگىدۆڭ قاتارلىق 11 ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى . دېمەك ، 1936 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 24 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان 13 مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى 730 نەپەرگە ، ئوقۇتقۇچى سانى 40 نەپەرگە يەتتى .

پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان ، ھەممە جايدا گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا ، تۇيۇقسىز شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ ، ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەننىي مائارىپ گۈل ـ چېچەكلىرى نابۇت بولۇشقا باشلىدى . 1937 ـ يىلى ، شېڭ شىسەي ئورۇمچىدە خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى . قەشقەردە تۇرۇشلۇق ماخمۇت مۇھىتى چەت

ئەلگە چىقىپ كەتتى . ئارقىدىنلا شىڭ شىسەي دەھشەتلىك تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ ، كۆزگە كۆرۈنگەن مىللەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ئىلغار زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، يېڭىچە پەننىي مائارىپ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە نۇرغۇن ئاساسچىلىرىدىن ئايرىلىپ ، قىسمەن تۇرغۇنلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . بۇ ھال مەكىتكىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەچكە ، بەزى مەكتەپلەر تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى .

1941 ـ يىلى ۋە 1942 ـ يىللىرى ، مەكىتتە مەكتەپ مائارىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ، ھەممە بىردەك سەپەرۋەر قىلىندى . نەتىجىدە شۇ يىللىرى 1700 دىن ئارتۇق كىشى ساۋاتلىق بولۇپ قالدى . بۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 34 مىڭ 855 بولۇپ ، ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 28 مىڭ 534 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 13 مىڭ 569 نەپەر ، ئاياللار 14 مىڭ 965 نەپەر ) ئىدى .

1942 ـ يىلى يەكەن يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر (زەرەپشان ) ناھىيىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ يەكەن ناھىيىسى تەسىس قىلىندى . شۇنداقلا يەكەن ، قاغىلىق ، پوسكام ، مەكىت ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يەكەن ۋىلايىتى بولۇپ قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى يەكەن ۋە زەرەپشان ناھىيىلىرىنى ئاساس قىلغان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى . مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى يەكەن ۋىلايىتىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا بىر تۇتاش پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى .

ئومۇمەن ، 1935 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرىدە ، مەكىتتىكى ھەر تەبىقە ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ، مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى . بۇ ۋاقىتتا ، بارلىق مائارىپ تارماقلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىغا مەركەزلەشتى ، يەنى ئۆلكىدىن تارتىپ ۋىلايەت ، ناھىيىلەرگىچە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە مائارىپ تارماقلىرى قۇرۇلۇپ ، مائارىپ ئىشلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى . دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئايرىۋېتىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق ئېلىپ بېرىش ۋە كونا ئۆرپ - ئادەت كۈچلىرىگە دادىل قارشى تۇرۇپ يېڭى تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى تەرغىب قىلىشى بىلەن، خوتۇن - قىزلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كۆنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئىشلىرى بىر تۇتاش، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۆپلەپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. 1944 - يىلى يەكەندە ئالتە ئايلىق كۇرس ئېچىلىپ، 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى، 1947 - يىلى يەنە كۇرس ئېچىلىپ، 400 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. بۇ ئىككى قېتىملىق كۇرستا يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەندى. 1944 - يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسى چاقماق تېزلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. 1946- يىلى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىدى. شۇندىن كېيىن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ، مەكىتتىمۇ قايتا جانلىنىش بارلىققا كەلدى. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946 - يىلى) پۈتۈن ناھىيە بويىچە 13 مەكتەپ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي باشلانغۇچتىن بىرسى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشقا مەكتەپتىن ئىككىسى، ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپتىن ئۈچى بار ئىدى. ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان مەكتەپتىن ئاكىسى، يەنە بىر سانايىنەپىسە بار ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئوخشاش بىر چاغدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كونا مائارىپ ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىچە ئوقۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شۇ يىلى مەكىتتە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بەش

مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ ، قىزلار مەكتىپى ، چامغۇرلۇق مەكتەپ ، ھاڭغىتلىق مەكتەپ ، پاختىلىق مەكتەپ بولۇپ ، بۇلار 1942 – يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ) ، ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا سەككىز مەكتەپ (تۇمەنتال ، قارا ئۆي ، يانتاق ، قومۇش مەھەللە ، تۆمۈرەك ، شىبەنتدۆك ، قىزىلئاۋات ، غاز كۆل ) قۇرۇلۇپ ، جەمئىي 13 مەركىزىي مەكتەپ بار بولدى . بۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانى 119 غا ، ئوقۇغۇچىسى 3939 نەپەر (ئوغۇللار 2267 نەپەر ، قىزلار 1672 نەپەر ) گە ، ئوقۇتقۇچىلىرى 183 نەپەر (ئەرلەر 136 نەپەر ، ئاياللار 47 نەپەر )گە ، ئىشچى – خىزمەتچىلىرى 24 نەپەرگە يەتكەندى .

www.uyghurkitap.com



[قوشۇمچە 4]

## مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1942 ـ يىلدىكى مائارىپ ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

| مەركىزىي مەكتەپ | شۆبە مەكتەپ | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى | | | ئوقۇتقۇچى | ئىشچى | جەمئىي | تەۋەلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | | | | |
| شەنلى مەكتەپ | — | 1934 | 7 | 290 | — | 290 | 12 | 2 | 14 | ھۆكۈمەت قارمىقىدا |
| دارىلئىيتام | — | 1940 | 1 | 62 | — | 62 | 3 | 1 | 4 | ئۇيۇشما قارمىقىدا |
| قىزلار مەكتىپى | — | 1936 | 6 | — | 216 | 216 | 12 | 2 | 14 | ھۆكۈمەت قارمىقىدا |
| پاختىلىق مەكتەپ | غازكۆل مەكتەپ | 1936 | 8 | 214 | 128 | 324 | 12 | 1 | 13 | ئۇيۇشما قارمىقىدا |
| ھاڭغىتلىق مەكتەپ | شىھىتدۆڭ، قاپاقئاستى | 1934 | 9 | 273 | 122 | 399 | 13 | 1 | 41 | ″ ″ |
| يانتاق مەكتەپ | قارائۆي، ئاق تىكەن | 1936 | 9 | 296 | 155 | 451 | 14 | 1 | 15 | ″ ″ |
| پوسكام مەكتەپ | تۆمۈرەك، ئاۋار كىيسەك | 1936 | 6 | 150 | 134 | 284 | 10 | 1 | 11 | ″ ″ |
| قومۇش مەھەللە | قومقىسار، لايدۆڭ | 1936 | 8 | 280 | 74 | 354 | 11 | 1 | 12 | ″ ″ |
| تۆمەنتال مەكتەپ | تۆگىدۆڭ، بۆرى ئېغىزى | 1936 | 7 | 257 | 42 | 294 | 10 | 1 | 11 | ″ ″ |
| چامغۇرلۇق مەكتەپ | كاماكۆل، بولغا | 1934 | 8 | 182 | 135 | 317 | 14 | 1 | 15 | ″ ″ |
| جەمئىي 10 مەكتەپ | 13 شۆبە مەكتەپ | | 69 | 1977 | 1006 | 2983 | 111 | 12 | 123 | جەمئىي |

### 3 . مەكىتنىڭ ھازىرقى زامان دەۋرىدىكى مائارىپى

1949 ـ يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا يېڭى كۈن ، يېڭى ھاياتلىق ئېلىپ كەلدى . شۇ قاتاردا مەكىت خەلقىمۇ يېڭى تاڭ نۇرىنى كۆتۈۋالدى . مەكىتنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرى گۈللەپ ياشناشقا باشلىدى .

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ قارمىقىدا مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، تەنتەربىيە خىزمەتلىرىنى باشقۇردى . 1950 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 12 ، سىنىپ 80 گە ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 3397 گە ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 114 كە يەتكەن . 1955ـ يىلى يۇقىرى 101 مىڭ 600 يۈەن پۇل چىقىرىپ تۇنجى ئۇيغۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرغان . 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ» ئىلگىرىلەش دولقۇنىدا پۈتۈن ناھىيىدە يېرىم كۈن ئىشلەپ يېرىم كۈن ئوقۇشتەك ئەمگەك بىلەن ئوقۇش ئۆزئارا بىرلەشكەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن ئالتىسى قۇرۇلغان بولۇپ ، 24 سىنىپى ، 1050 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 87 گە ، ئوقۇغۇچىسى 3002 گە يەتكەن .

خەلق باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنى قوبۇل قىلىش ھەمدە مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ ، بىراق خىراجەت يوق ، مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولغاچقا ، كۆپ قىسمى تاقىۋېتىلگەن . بەزىلىرى خەلق باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن . 1961 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئۈچ ، خەلق ئاچقان كوللېكتىپ يۆلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن 43 ى بار بولۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى 8627 گە يەتكەن . 1977 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ گوڭشى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 ـ تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇلدى . خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە ناھىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى خادىملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەنزۇ بالىلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1961 ـ يىلى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەكىت ناھىيە-لىك 2 ـ باشلانغۇچ دەپ ئاتالدى. 1972 ـ يىلى خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالدى.

1959 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. 1960 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلىدىن كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەكىت ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلى-رى ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئورمان-چىلىق، تېبابەتچىلىك ۋە توخۇ بېقىش ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق يەتتە تەبىئىي پەنلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 80-يىللاردا زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تېخنىكا ئۇنۋانىنى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرىغا ئۆگىنىش، تەجرىبە قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىشتەك ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت ھازىرلاپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مەدەنىيەت ـ مائا-رىپ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگى-رى سۈردى. ئاشلىق، پاختىچىلىق، چارۋا، ئورمانچىلىق، سۇچى-لىق، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆپ تۈر بويىچە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون پەن تەتقىقات نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە بولۇپ، 1958 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1968 ـ يىلى مەدەنى-يەت ـ مائارىپ ئىدارىسى ئايرىلىپ چىقتى. مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ئىدارىسى مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى باشقۇردى . 1986- يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى يەنە مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسى دەپ بۆلۈندى . 2002 - يىلى مائارىپ بىلەن پەن - تېخنىكا بىرلەشتۈرۈلۈپ پەن - تېخنىكا ، مائارىپ ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلدى .

مەكتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئازادلىقتىن كېيىن ناھايىتى تېز يۈكسەلدى ھەم زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى .

بالىلار مائارىپى 50 - يىللاردا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە بەرمەيتتى ، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ يەسلى ئاچمىغان بولغاچقا ، ئاز ساندىكى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر بالىلىرىنى شەھەردىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭى مەھەللە دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ بېرەتتى .

1961 - يىلى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، پەرزەنتلەرنىڭ يەسلىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورگانلار بىرلىشىپ بىر يەسلى قۇرۇپ چىقتى . بۇ يەسلىدە تۆت نەپەر تەربىيىچى بولۇپ ، 40 بالا پۈتۈن كۈنلۈك يەسلى تەربىيىسىدىن بەھرىمەن بولدى . خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن تەييارلىق سىنىپى تەسىس قىلىنىپ ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلاردىن 34 ى قوبۇل قىلىندى . مۇئەل- لىملەر تەييارلىق مائارىپ بويىچە دەرس ئۆتتى . 1966 - يىلى «مەدە- نىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ تەييارلىق سىنىپ ئەمەلدىن قالدى .

1979 - يىلى يېزىلاردىكى ئاياللارنى ئېغىر ئۆي ئەمگىكىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ناھىيە بويىچە 497 ئورۇندا يەسلى قۇرۇل- دى . بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم يەسلى 183 ، ۋاقىتلىق يەسلى 314 بول- دى ، تەربىيىچىسى بولسا 500 گە يەتتى . رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1980 - يىلى يەسلىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇ- رۇلدى . 1982 - يىلى ناھىيىلىك ياش - ئۆسمۈرلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . شۇ يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 3000 يۈەن ئاجرىتىلىپ بازارلىق يەسلىدە بىر مىللىي بالىلار سىنىپى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەسىس قىلىندى ۋە بۇلارغا ئۈچ نەپەر مىللىي تەربىيىچى سەپلەندى.
بازار ئىچىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەممە ئورگانلار 30 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ بالىلار پائالىيەت مەيدانى ياسىدى. 1986ـ يىلى ئىشـ چى ـ خىزمەتچىلەر يەنە 4916 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ناھىيە مالىيىسى 2000 يۈەن، ۋىلايەتلىك ئايالالار بىرلەشمىسى 1000يۈەن پۇل ئاجرىـ تىپ، 100 كۋادرات مېتىرلىق بالىلار ئەقلىنى ئېچىش مەركىزىنى قۇرۇپ، 1880 دانە بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى سېتىۋالدى.
1990 ـ يىلى ناھىيە مەركىزىدىكى بالىلار باغچىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 18، يەسلى بالىسى 102 گە يەتتى. خەنزۇ بالىلىرى چوڭ ـ كىچىك ئىككى سىنىپقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر بالىلىرىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش سىنىپقا ئايرىلدى. چوڭ سىنىپ ھەر كۈنى ئۈچ سائەت ئوقۇيدىغان بولۇپ، خەت تونۇش، ھېسابلاش، گىمناستىكا، ناخشا، قەغەز قىيىش ۋە ئويۇن ئويناش دەرسلىرى ئۆگىتىلدى.
باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930ـ يىلى) جۇيۇلىڭ ھاكىم بولغان چاغلاردا خەنزۇتىلى مەكتىپى قۇرۇپ تەرجىمانلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 40 نەپەر ياشنى خەنزۇتىلى ئۆگىـ نىشكە قوبۇل قىلغان.
مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا بونا ھاكىم بولغاندا، ھەر قايسى يېزىلاردا دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپ قۇرۇش پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ، ئوقۇغۇچىلار ـ نىڭ ياتاق، ئاشخانىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىدىكى ئاتاقلىق مە ـ رىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇكېرىم داموللا ئاچقان مەدرىسىمۇ دۆلەت مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 36 ئوقۇغۇچىنى 6 ئاي تەربىيىلەش ئارقىلىق 16 ئوقۇغۇچىنى ھەر قايسى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتتى.
ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) قەشقەردىن مىنەۋەر ھالىمنى يۆتكەپ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قىلدى، بوگور، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇتۇش تەجرىبىسى بار مەشھۇر ئادەملەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى، بوگوردىن تەكلىپ قىلغان سايىت قاسىم مەكىت

ناھىيىسى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان .

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى ) پۈتۈن ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر مەركىزىي مەكتەپ بولۇپ ، يەتتە سىنىپ تەسىس قىلىنغان ، ئوقۇغۇچىسى 210 ، ئوقۇتقۇچىسى 19 غا يەتكەن . باشقا مەكتەپتىن تۆتى ، 12 سىنىپ بولۇپ ، ئوقۇغۇچىسى 899 غا يەتكەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزلار 464 نەپەر ئىدى .

دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ، ھېساب ، سىياسەت ، كۈندىلىك بىلىم ، قۇرئان ، مۇزىكا ، تەنتەربىيە ، ئەمگەك قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن بولۇپ ، دەرسلىكلەر ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە بېسىلغانىدى .

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى ) مەركىزىي مەكتەپتىن بىرسى ، دۆلەتلىك مەكتەپتىن ئىككىسى ، ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت مەكتىپىدىن ئۈچى ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان مەكتەپ ئالتە ، يېتىم باللار مەكتىپى بىر بولۇپ ، جەمئىي 13 مەكتەپ بار ئىدى . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ ، ھۆكۈمەت مەكتىپىدە مەدەنىيەت دەرسى ئۆتۈلگەندىن باشقا ، ھەر ھەپتىدە 5 سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى . ئالىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە بولسا ھەر ھەپتىدە 2 سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى . مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى ) دىن بۇرۇن باھاردا دەرس باشلىناتتى . مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى ) كۈزدە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىدىغان بولۇپ ، ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرس باشلىنىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتىلدى .

ھەر قايسى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ سىرتىغا چىقىپ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ، تېبابەتچىلىك ، قۇتقۇزۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلاتتى . مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى ) ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى ناھىيە بازىرى ۋە يېزا - كەنتلەردە 45 ئويۇن قويۇش ئورنى تەسىس قىلغان بولۇپ ، 125 مەيدان ئويۇن قويۇلغان ، بۇنىڭغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار 45 ، ئوقۇغۇچىلار 90 گە يېتىپ ، ئويۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرگەن ئاما 900 ئادەم قېتىمغا يەتكەن . توققۇز ئورۇندا تام گېزىتى ۋە ھەجۋىي رەسىم 28 قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان . بۇنىڭغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار 18 ، ئوقۇغۇچىلار توققۇزغا ، كۆرگۈچىلەر 2100 ئادەم قېتىمغا يەتكەن...

1952 ـ يىلى دىنىي مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . تۆت ئورۇندىكى ھۆكۈمەت باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاچقان ئالتە ئورۇندىكى مەكتەپلەرنى دۆلەت ئۆتكۈزۈۋالغان . بۇ چاغدا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى . باشلانغۇچ مائارىپ ئالتە يىل قىلىپ بېكىتىلىپ ، يەنىلا ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە بېسىلغان دەرسلىكلىرى ئىشلىتىلدى . دەرسلەردىن ئەدەبىيات ، ھېساب ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، تەبىئەت ، تەنتەربىيە ، گۈزەل سەنئەت قاتارلىقلار بار ئىدى . 1953 ـ يىلى ئوقۇش يىلى بەش يىلغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى ، كېيىن يەنە ئالتە يىل قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1957 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 17 گە ، سىنىپ 138 گە ، ئوقۇغۇچى 6481 گە يەتكەن .

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» باشلىنىپ ، ھۆكۈمەت ئاچقان ۋە خەلق ئاچقان مەكتەپلەر قوشۇۋېتىلىش لايىھىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى . خەلق ئاچقان مەكتەپ 78 بولۇپ ، 3002 ئوقۇغۇچى بار ئىدى . ھەربىر كەنتتە بىر باشلانغۇچ بولۇش ، خەلق ئاچقان مەكتەپلەردە يېرىم دېھقانچىلىق ، يېرىم ئوقۇش يولىغا قويۇلۇپ ئەمگەك بىلەن ئوقۇتۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى . دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولمىغان چاغدا كۆپرەك ئوقۇش ، ئالدىراش چاغدا ئاز ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . دۆلەت ئاچقان مەكتەپلەردە بولسا ناخشا ـ ئۇسسۇللاشتۇرۇش ، پىلاكاتلاشتۇرۇش ، كومپيۇتېرلەشتۇرۇش ، سەھنىلەشتۇرۇش ۋە تەنتەربىيىلەشتۇرۇش قاتارلىق يەتتىلەشتۇرۇش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى .

خەلق ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، راسخوت كەمچىل بولۇپلا قالماي ، ئوقۇتقۇچى ، ياتاقمۇ كەمچىل ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ 3.7% نى تەشكىل قىلىدىغان 16 ياشلىق-

تىن يۇقىرى ياشلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىشى ئىشلەپچىقىرىشقا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. 1961 - يىلى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق 1051 نەپەر ئوقۇش يېشىدىن ئارتىپ كەتكەن ئوقۇغۇچى (ئۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 882، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 169 نەپەر) مەكتەپتىن يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قايتۇرۇلدى. 1965 - يىلى ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپ 23 كە، خەلق ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئاچقان مەكتەپ 48 گە، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 10115 گە يەتكەن.

1960 - يىلدىن بۇرۇن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سىنىپى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ئىككى ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا تەكرار قىلىپ بېرەتتى، ئالتە يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا بىر سىنىپتا دەرس ئۆتۈلەتتى. 1960 - يىلى بۇلار ئۈچ يىللىققا ئايرىلىپ، ئىككى سىنىپقا يىغىنچاقلاندى، ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1961 - يىلى 8 - ئايدا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بەش سىنىپ تەسىس قىلىندى. بەش ئوقۇتقۇچى، 102 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى.

1966 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپ 64 كە، سىنىپى 316 غا، ئوقۇغۇچى 11710 غا يەتكەن. بۇ چاغدا ھەر قايسى مەكتەپلەر «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» بويىچە باشلانغۇچ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە، ئىشلەپچىقىرىش، تەنتەربىيە، ساقلىقنى ساقلاش، تۇرمۇش، ئوقۇتقۇچىلار مائاش خىزمىتى ۋە باشقا گۇرۇپپىۋى خىزمەتلەر يېڭى قېلىپقا چۈشتى. باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تۈزۈم ساغلاملىشىپ پارتىيە، ئىتتىپاق، ئەترەت خىزمەتلىرى جانلىنىپ، مەكتەپتىكى ئۆگىنىش كەيپىياتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە تۆت يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسا، خەنزۇ مەكتەپلىرىدە 1966 - يىلدىن بۇرۇن ئالتە يىللىق تۈزۈم قوللىنىلغان بولۇپ، 4 - يىللىققىچە دەسلەپكى باشلانغۇچ، قالغان ئىككى يىللىق يۇقىرى باشلانغۇچ دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1966 ـ يىلى باشلانغۇچ مائارىپ بەش يىل قىلىپ بېكىتىلدى . ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەردىن تىل ـ ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، سىياسەت ، تەبىئەت ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، گۈزەل سەنئەت ، مۇزىكا ، تەنتەربىيە ، ئەمگەك قاتارلىقلار بار ئىدى . ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە خەنزۇتىلى ، خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسى تەسىس قىلىندى . باشتىن ـ ئاخىر دۆلەت بىر تۇتاش باسقان باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى ئىشلىتىلدى .

1990 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە 62 ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ ، 18090 ئوقۇغۇچى بار ئىدى ، خەنزۇ باشلانغۇچتىن 16 سى بار بولۇپ ، ئوقۇغۇچىسى 1887 نەپەر ئىدى .

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا بىر قەدەر تەرەققىياتلار بولدى . 1955 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر ئۇيغۇر تولۇقسىز مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، ئىككى سىنىپ تەسىس قىلىنغان ، ئوقۇغۇچى 150 كە يېتىپ ، 3 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى . 1958 ـ يىل 8 ـ ئايدا بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلىندى . بۇ مەكتەپ بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالدى . شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 42 نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى . 45 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقتى . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1958 — 1989 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىزىلبايراق گۇڭشې (ھازىرقى يانتاق يېزىسى ) ، تۇمەنتال گۇڭشې ، غازكۆل گۇڭشى ، قىزىلئاۋات گۇڭشې ، قۇرما يېزىسى ، يانتاق يېزىسى ، خامان كۆيدى كەنتى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىنغان . خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پەرزەنتىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، 1972 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا (ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالدى ) مەكتەپ دەپ ئاتىلىپ ، 3 يىللىق تۈزۈمدىكى بىر سىنىپ تەسىس

قىلىندى . 1990 ـ يىلى قورما يېزىسى زۇلقوم (قىزىلنۇر ) دېھقان‑چىلىق مەيدانىدا بىر خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى .

1990 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە 15 ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە 13 ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ ، ئوقۇغۇچىسى 3983 گە يەتكەن ، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىككىسى بولۇپ ، ئوقۇغۇچىسى 891 نەپەر ئىدى .

مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (مەكىت ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ) 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەينى چاغدا ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنغان ، ئوقۇغۇچىسى 150 ، ئوقۇتقۇچىسى ئالتە ئىدى . مەكتەپ مائارىپ ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغان ، قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مائارىپ پىلانى بار بولغان ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنى مەركەز ، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنى تايانچ كۈچ قىلغان ئاساستا ، لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ ھەممىشە ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ «بەشتە بولۇش ، تۆتتە گۈزەل ، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئۆگىنىپ ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى . مەكتەپ ئىستىلى ئۆگىنىش كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى . 1988 ـ يىلى مەدەنىيەت ئوقۇتۇ‑شى ، تەجرىبە ، تەنتەربىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار باھالاندى . ئاياللار خىزمىتى ، قانۇننى ئومۇملاش‑تۇرۇش تەربىيىسى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى .

1990 ـ يىلى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى 4 ، ئوقۇغۇچىسى 162 نەپەر ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن 12 ، ئوقۇ‑غۇچىسى 542 نەپەر ئىدى ، ئوقۇتقۇچى 51 بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخى بارلار 14 نەپەر ، ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخى بارلار 15 نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا ئوقۇش تارىخى بارلار ئىككى نەپەر ئىدى . بىر ئوقۇتۇش بىناسى بار بولۇپ ، دائىرىسى 1210 كۋادرات مېتىر ئىدى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەجرىبە بىناسىنىڭ كۆلىمى 758 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . 1177 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى ، 2277 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى ، بىر داۋالاش پونكىتى ، كۇتۇپخانا بار بولۇپ ، بۇ كۇتۇپخانىدا 3400 پارچە كىتاب ساقلانغان . 16 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تەنتەربىيە مەيدانىدىن بىرى ، مەكتەپنىڭ 50 مولۇق ئەمگەك ئېتىزى بار ئىدى . ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن ئوقۇسا يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەك قىلىپ ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلىپ ، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم كەمتۈكلىرىنى تولۇقلىغان .

مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 ـ يىلىغىچە 32 سىنىپ ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ ، سانى 4013 گە يەتكەن ، ئۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىغا چىققانلار 2437 نەپەر ، 620 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتكەن بولۇپ ، ئۆتۈش نىسبىتى 76.1% گە يەتكەن . 27 سىنىپ 3497 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، بۇنىڭ ئىچىدە 492 ئوقۇغۇچى مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىگە كىرگەن ، 379 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە كىرگەن بولۇپ ، ئۆتۈش نىسبىتى 24.9% بولغان . 2624 ئوقۇغۇچى شەرەپ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان بولۇپ ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 75.1% نى ئىگىلىگەن . ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئىككى ئوقۇتقۇچى دۆلەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى ، ئۈچ ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى ، ئۈچ ئوقۇتقۇچى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان .

كەسپىي مائارىپ

يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئالتە ئورۇندا خەلق باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان . بۇ مەكتەپلەرنىڭ 24 سىنىپى ، 1050 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . بۇ مەكتەپلەردە يېرىم دېھقانچىلىق ، يېرىم ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ، ئوقۇش بىلەن ئەمگەك بىرلەشتۈرۈلگەن ، يېزا ئىگىلىك ئالدىراش

چاغلاردا ئاز ئوقۇش ، ئارىسالدى چاغلاردا كۆپ ئوقۇش يولغا قويۇل-
غان . ھەربىر يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھەممىسىدە كىچىك-
رەك يېزا ئىگىلىك مەيدانى بار بولۇپ ، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا تۆت
مودىن توغرا كېلەتتى . ئۆگىنىدىغان دەرسلىكلەردىن يېزا ئىگىلىك
تېخنىكىسى ، بوغالتىرلىق ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، مال دوخ-
تۇرلۇقى قاتارلىق دەرسلىكلەر بار ئىدى . بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپ
قىسمىنىڭ شارائىتى تولۇق ئەمەس ، خىراجەت ، مەكتەپ ياتىقى ،
ئوقۇتقۇچىلار مائاشىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن ئىلگىرى - كې-
يىن بولۇپ ئوقۇش توختاتقان ياكى قوشۇۋېتىلگەن . پەقەت بازار جەمى
يېزىسىدىلا بىرلا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قېپقالغان .

بازار جەمى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 1958 -
يىل 11 - ئايدا ئېچىلغان . 1977 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن
نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ بېكىتىلگەن . 1985-
يىلىغىچە جەمئىي 13 قېتىم كەسىپ ئېچىلغان ، ھەر قېتىم ئوقۇش
باشلانغاندا ئەڭ كۆپ بولغاندا 145 ئوقۇغۇچى ، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ
18 ئوقۇغۇچى بولغان ، ئوقۇش تۈزۈمى ئىككى يىل قىلىپ بېكىتىلگەن .

يېزا رادىئو مائارىپى 1984 - يىل 5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك
رادىئو مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى ، تولۇق-
سىزنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا چۈشكەن ياشلار ئارىسىدىن رەسمىي ۋە كاندى-
دات بولۇپ 173 ئادەمنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن . يېزا ئىگىلىك
رادىئو مەكتىپى رادىئو ئارقىلىق ناھىيىدىن تۆۋەن (ناھىيە دەرىجە-
لىكتىن ) يېزا - كەنت كادىرلىرى ، تېخنىكا خادىملىرى كەسپىي
خادىملارغا قارىتا رادىئو تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ ، ئۆز ئورنىدا تەربى-
يىلەپ قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى . 1986 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 -
كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ھەر كۈنى بىر
قېتىملىق دەرسنى ئاڭلاتتى ، بىر يېزا بىرلىك قىلىپ دەرس ئاڭ-
لاش ، ئۆگىنىش ، مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللەندى . ئوقۇغۇچىلار
سانى 120 غا يەتتى ، ئۇنىڭ ئىچىدە يېزا رەھبىرى تۆت نەپەر ، تېخنىك
خادىملار ۋە يېزا - كادىرلىرى 24 نەپەر ، يېزا كەنت ياشلىرى 92
نەپەر ئىدى . 1990 - يىلى يەنىلا بۇ پروگراممىنى ئاڭلاش داۋاملاشتى .

### ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى

1951 ـ يىلى قىشتا ئىككى رايون تۆت يېزىدا سەككىز كەچلىك مەكتەپ قۇرۇلدى. 3 ـ رايون 1 ـ ، 2 ـ يېزىدا سەككىز كەچلىك مەكتەپ قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنى خەت ئۆگىنىشكە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى باشلاندى. 1956 ـ يىلى ھەر قايسى رايوندا تېز سۈرئەتتە مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئىمتىھان ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، 10327 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. شۇ يىلى 3614 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئادەملەر ئىچىدە 35% نى ئىگىلىدى. 1957 ـ يىلى 13683 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5473 ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلدى. 1960ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە گوڭشېدا 27707 نەپەر ياش ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن ياشلار ئومۇمىي سانى (37762) نىڭ 73% نى تەشكىل قىلدى. 1961 ـ يىلى «مەزمۇت بولۇپ، قاتتىق چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش» تەك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يېزا خەلق گوڭشېلىرى ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، مەكتەپ قۇردى. ناھىيە بويىچە ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپ 108 گە، سىنىپ 361 گە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دېھقانلار 15338 گە يەتتى. ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپ 74 كە، ئوقۇغان دېھقانلار 2430 كە يەتتى. مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلار 728 گە يېتىپ، ئوقۇتۇشتا دېھقانلارنىڭ ۋاقتىغا قاراپ، دېھقانلار بىكار چاغدا كۆپرەك ئوقۇتۇپ، ئالدىراش ۋاقتىدا ئاز ئوقۇتۇپ، بەك ئالدىراش ۋاقتىدا ئوقۇتماسلىق ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

1965 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىن 2 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنگىچە دۆلەت ئورگانلىرى خەلق گوڭشې ئاپپاراتلىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيداندىكى 488 ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بىر يىل ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 90% دىن يۇقىرى بولدى. دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%

گە يەتتى .

1984 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى . پۈتۈن ناھىيىدىكى 6 ~ 40 ياشقىچە بولغان ساۋاتسىزلار 35882 بولۇپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئارقىلىق 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە 32567 كىشى ساۋاتلىق بولۇپ ، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 91% گە يەتتى .

**ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى** 1950 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 114 ئىدى . مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى زورىيىپ 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 147 گە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بەش نەپەرگە ؛ 1959 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 272 نەپەرگە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 53 نەپەرگە ؛ 1969 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 284 نەپەرگە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 97 نەپەرگە يەتتى ، 1979 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 712 نەپەرگە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 253 نەپەرگە يەتتى ، 1990 ـ يىلى ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 831 نەپەرگە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 343 نەپەرگە يەتتى . ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى جەمئىي 1174 نەپەرگە يېتىپ ، 1950 ـ يىلىغا قارىغاندا 9.3 ھەسسە ئاشتى .

1958 ـ يىلى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ ، يېزىلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار ئىلغار ياشلارنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان . 1972 ـ يىلى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىمتىھان ئېلىنىپ ، لاياقەتسىز بولغان 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى كەسپتىن ئايرىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلغان . 1979 ـ يىلى تەربىيىلەش ، باھالاش ئارقىلىق 499 كىشى دۆلەتنىڭ رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى بولدى .

خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۈتۈنۈش سەۋىيىسىنى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىسىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، مال باھاسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



نىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ دۆلەت مۇۋاپىق ياردەملەرنى ئاجراتتى.
يىراق، چەت جايلاردا ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولغاچقا دەرس ئۆتىدىغان ياللانما ئوقۇتقۇچىلار سەپلەندى. 1990- يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ۋاقىتلىق ياللانما ئوقۇتقۇچىدىن 311 نەپەر بار ئىدى. بۇ ياللانما ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىغا ئىنتىلىدىغان ياشلار بولۇپ مائارىپ سېپىدىكى بىر يېڭى كۈچكە ئايلاندى.
ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى 1960 - يىلى باشلانغاندىن تارتىپ 1966 - يىلىغىچە 73 ئوقۇتقۇچى سىرتتىن ئوقۇتۇش دائىرىسىگە ئىمتىھان بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ دىپلوم ئالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تەربىيىلەش توختىتىلدى. 1970 - يىلى ناھىيىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، ئاساسەن پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇمىغانلارنى تەربىيىلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان ئوقۇتقۇچىلارۋە كەسىپتە تەربىيە كۆرگەن تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا دەرس ئۆتتى. ئوقۇش مۇددىتى ئالتە ئاي ياكى بىر يىل بولدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەردىن ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، خەنزۇتىلى، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىقلار بار ئىدى. 1978 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە 346 نەپەرگە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. 1978 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغانلار 49 نەپەرگە يەتتى. 1990 - يىلى ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقانلار 26 نەپەرگە، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقانلار 81 نەپەرگە يەتتى. 1985 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئۈچ قارار ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا سىنىپى ئېچىپ، 104 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. 1981 - يىلىدىن 1990- يىلىغىچە خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەردە مەخسۇس كۇرس، ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلوملىرىنى ئالغانلار 75 نەپەرگە يەتتى.

# سەككىزىنچى باب دولان (مەكىت) شېۋىسى ھەققىدە[1]

تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. تىلنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. تىلشۇناسلار بىردەك «تىلنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى — تىل تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش مەلۇم جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ تىلنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەققىدىكى تونۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر تىلنىڭ جەمئىيەتتىكى ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش ئىقتىدارىدا چېكىنىش بولسا، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇ تارىخىي سەھنىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇر شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى قەشقەر شېۋىسىنىڭ تارماق شېۋىسى بولۇپ، مەركىزىي دىئالېكت ۋە باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەرگە سېلىشتۇرغاندا فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. نۆۋەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال، ئالاقە ـ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئىستېمال دائىرىسى بارغانسېرى تارايماقتا. شۇڭا دولان (مەكىت) شېۋىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش، شېۋە ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە يىغىش تىلشۇناسلارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

---

[1] بۇ باب كۈرەش تاھىر بىلەن ئاپتورنىڭ نامىدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2006 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com



# 1 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورنى

رايون تىلشۇناسلىقى ۋە تىلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا مەركىزىي دىئالېكت ، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت روشەن دىئالېكت ـ شېۋە پەرقلىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۇرگەن .مەركىزىي دىئالېكت — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان دىئالېكت . ئۇ شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ ، غەربىي جەنۇبتا يەركەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ دىئالېكتتا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى باشقا ئىككى دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ساندىنمۇ تەخمىنەن بەش ھەسسە ئارتۇق . مەركىزىي دىئالېكت ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرى تىل تاۋۇشلىرى ، لۇغەت بايلىقى ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ھەممە مۇھىم نۇقتىلىرى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ . مەركىزىي دىئالېكت — ئۈرۈمچى شېۋىسى ، ئىلى شېۋىسى ، تۇرپان شېۋىسى ، قەشقەر ـ ئاتۇش شېۋىسى ، قۇمۇل شېۋىسى ۋە تارىم شېۋىسىدىن ئىبارەت ئالتە شېۋىدىن تەركىب تاپقان . مەركىزىي دىئالېكت ئىچىدە «دولان شېۋىسى» ئىستېمال مەنىسى جەھەتتىن «تارىم» شېۋىسى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشلىقتا ئىگە . تارىم شېۋىسى — يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى ، مارالبېشى ناھىيىسى ، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاۋات ، قاراتال ، شايار ، ھەتتا كۇچانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر يەنى ئۆزىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان شېۋىدۇر[1] .

---

① مىرسۇلتان ئوسمان : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى ، 98 ـ بەت .

«دولان شېۋىسى» بىر تەرەپتىن ، كەڭ مەنىدە مەكىتتىن يەكەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ تا لوپنۇرغىچە بولغان تارىم دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شېۋىسىنى يەنى تارىم شېۋىسىنى كۆرسەتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تار مەنىدە پەقەت مەكىت ناھىيىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ . مۇھاكىمە قىلىماقچى بولغان «دولان شېۋىسى» تار مەنىدىكى «دولان شېۋىسى» نى يەنى مەكىت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسىنى كۆرسەتىدۇ . تارىختا دولان ئۇيغۇرلىرى يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئېكىنزارلىقلار ۋە بوستانلىقلارنىڭ بىر تۇتاشلىقى سەۋەبلىك قەشقەر رايونى بىلەن شېۋە جەھەتتىكى بىردەكلىكنى ساقلىغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تەكلىماكاننىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىدىكى قۇملۇقلار ، چۆل ـ جەزىرىلەر ۋە توغراقلىقلار ، شۇنداقلا قاتناش جەھەتتىكى قولايسىزلىقلار سەۋەبلىك مەزكۇر رايوننىڭ تىل شېۋىسىدىن روشەن پەرقلەرنى شەكىللەندۇردى . يىراق قەدىمكى زاماندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى دولان رايونىدىن ئىبارەت گۈزەل ، بىپايان ۋە مۇنبەت تۇپراقتا ياشاپ ، كۆپىيىپ ھەم تەرەققىي قىلىپ كەلگەن . ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تىل ئىستېمالى جەھەتتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر ) تىلى ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى (يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ) قاتارلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تارىخىي شەكىللىرىنى ئىستېمال قىلغان . ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، دولان (مەكىت ) ئۇيغۇرلىرىمۇ باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەرك ئېتىپ ، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىستېمال قىلىشقا يۈزلەنگەن . چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەن بىرنەچچە قېتىملىق ئۆزگەرتىش ، مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات قىلىنىش نەتىجىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى باسقۇچىغا قەدەم قويدى . دولان (مەكىت ) ئۇيغۇرلىرى تىل ـ تېزىق ئىستېمال جەھەتتە ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 2 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

دولان مەدەنىيىتى ۋە دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ئالاھىدە بولۇشى سەۋەبلىك، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ كۆڭلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1877 - يىلى ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ر. ب. شاۋ (R. B. Shaw) بېنگال ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا قەشقەر ۋە يەكەننىڭ تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «شەرقىي تۈركچىنىڭ ئېغىز تىلى ھەققىدە قىسقىچە بايان» 1 -، 2 - قىسمى (A Sketch of the Turki Language as Spoken in eastern Turkistan (Kasghar and Yarkand). Calcutta, I — II, 1878,1880)، «شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» 1877 - يىل)، «شەرقىي تۈركچە لۇغەت» (1878 - يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. شاۋنىڭ ئەسەرلىرى قەشقەر ۋە يەكەن رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملىدىن مەكىت دولانلىرىنىڭ تىل ئەھۋالىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەننىدى. تىلشۇناس ۋېتاكېر ئېلان قىلغان «شەرقىي تۈركچە: (1) گرامماتىكا؛ (2) شەرقىي تۈركچە - ئىنگلىزچە سۆزلۈك» (1909 - يىل لوندون) ناملىق ئەسەر شاۋ توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا فرانسىيىلىك تىلشۇناسلاردىن دې روس ۋە گرېنالار بىرلىشىپ يازغان «شىمالىي ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش» 1 -، 3 - توم (1897—1899 - يىللىرى، پارىژ) دېگەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ دولان (مەكىت) شېۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ماتېرىياللىرىغا بېغىشلانغان مەلۇماتلار مەۋجۇت ئىدى. ياۋروپا ئالىملىرى XX ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. بۇلار-

نىڭ ئىچىدە هارتمان (M/Hartman) 1904 - يىلى ئېلان قىلغان «قەشقەردىن تېپىلغان تۈركچە ۋەسىقىلەر» ، كۇنوس (I. Kunos) 1905 - يىلى ئېلان قىلغان «يەركەن دىئالېكتى ماتېرىياللىرى» (1905 - يىل بېرلىن) ۋە «يەركەن دىئالېكتىغا شەرھى» (1905- يىلى ، بېرلىن) ۋە 1914 - يىلى ئېلان قىلغان «قەشقەر ۋە يەكەن دىئالېكتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» قاتارلىقلار بار . بۇ ئەسەرلەر گەرچە نامدا قەشقەر ۋە يەكەن دىئالېكتىغا ئائىت بولسىمۇ ، لېكىن دولان (مەكىت ) شېۋىسىگە ئائىت مول مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندى . شۋېتسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس راكۇېت (G. Racuette) XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تۇرۇپ دىن تارقىتىش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە رەتلەش ئىشلىرىنىمۇ قىلدى . ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بۇگۇنكى يەكەن - قەشقەر رايونىدىكى تۈركىي تىل دىئالېكتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1905 - يىلى لوندون) ، «شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» Eastetn turki Grammar, Practical and theoretical whith) Vacabulary, Berlin, 1912—1914 ) «ئىنگلىزچە - تۈركچە (قەشقەر ۋە يەكەن دىئالېكتى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ) لۇغەت» (1927- يىل ، لوندون ) قاتارلىقلار بار . ئاپتور بۇ ئەسەرلىرىدە دولان (مەكىت ) شېۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر - يەكەن دىئالېكتىنىڭ فونېتىكىسى ۋە لېكسىكىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن . شۋېتسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناسلاردىن راكۇېتنىڭ مۇھىم ئىزباسارى بولغان گۇننار ياررىڭنىڭ ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ . ئۇ 1929 — 1939 - يىللىرى قەشقەردە تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىز تىلى ، يازما تىلى ھەم دىئالېكت ماتېرىياللىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى . ئۇنىڭ مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېلان قىلغان «شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدە تەتقىقات» (1933 - يىل لوندون ) ، «شەرقىي تۈركچە - ئىنگلىزچە An Eastern Turki —english Dialect Dictionary) دىئالېكت لۇغىتى» ئىنگلىزچە ، 1964 - يىلى ) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىدە دولان شېۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر رايونىنىڭ تىل ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توپلام قىلىنىپ تەپسىلىي رەتلەنگەن ۋە مۇلاھىزە قىلىنغان . گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس لېكوك (A. V. LeCoq ) 1916 ـ يىلى «دولان سۆزلۈكى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى . بۇ ئەسەر مارالبېشى ۋە مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن ئىتالىيىلىك ئې . روس يازغان «يەكەن دىئالېكتى ھەققىدە» («شەرقشۇناس ئىلمىي ژۇرنىلى» رىم ، 1938ـ يىل ) دېگەن ئەسەر راكۋېت قەشقەردە توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ ، دولان (مەكىت ) شېۋىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسلىرىدىن ئې . س . مالوف ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كېلىپ تىل تەكشۈرگەن ، دولان (مەكىت ) رايونىدىمۇ بىر مەزگىل ئۆگىنىش ۋە ساياھەتلەردە بولغانىدى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن دولان (مەكىت ) شېۋىسىگە باغلىنىدىغانلىرىدىن «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» (1965 ـ يىل ، موسكۋا ) ناملىق ئەسەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئاپتور بۇ ئەسەرنى خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچا ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولۇپ ، دولان (مەكىت ) شېۋىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مالوف ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمىر رەھىموۋىچ تېنىشېۋ ئۇستازىنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى جۇڭگولۇق كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدى ھەم تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1965 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» دېگەن ئەسەر مەخسۇس دولانلارغا بېغىشلانغان بولۇپ ، دولان (مەكىت ) تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

گەرچە 100 يىلدىن بۇيان چەت ئەللىك ئالىملار دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ دولان (مەكىت ) شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى ، لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستايىدىل تەسۋىرلىگەن ۋە تەھلىل قىلغان بولسىمۇ ،

لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى چۈشىنىش دەرىجىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى شەرھلەش ۋە فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى تەسۋىرلەش جەھەتتە نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان، مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى دولان شېۋىسى دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئۇيغۇر دىئالېكت ـ شېۋىلىرى غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن XXI ئەسىردىن باشلاپ تەتقىق قىلىنغان بولسا، ئېلىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلدى، ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى ۋە لۇغەتلەر ئىشلەندى. XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئېلىمىز ئالىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ تىل تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1956 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى تەتقىقات ئورنى، سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى ئىلمىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان يەتتىنچى شۆبە ئەترەت — «شىنجاڭ مىللەتلەر تىللىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەشكىللەندى. مەزكۇر تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقىلىپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرى بويىچە قەشقەر، ئىلى، تۇرپانلاردا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. ئەپسۇسكى، ئون يىل داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىلىرى يورۇقلۇققا چىقالمىدى. پەقەت XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مىرسۇلتان ئوسماننىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» (1986 ـ يىلى)، غۇلام غوپۇرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى» (1986 ـ يىلى) مۇشۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن بىرقەدەر گەۋدىلىك نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېھراي ياقۇپنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىمۇ دولان (مەكىت) شېۋ-

سى ھەققىدىكى بوشلۇقنى مۇئەييەن دەرىجىدە تولدۇردى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرقەدەر چوڭراق ھەجىمدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردىن باشقا يەنە مەخسۇس دولان (مەكىت) شېۋىسىگە دائىر يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئە - توپلاملاردا، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ۋە داۋاملىق ئېلان قىلىنماقتا.

## 3 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى

تىلشۇناس نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا دىئالېكت - شېۋىلەر ئوخشاش بىر تىلنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئامىللار دىئالېكت - شېۋىلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۇراقلاشقان مىللىيلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۈرلۈك ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، كېيىن يەنە قايتىدىن قوشۇلۇش ۋە قىسمەن قوشۇلۇش ۋە قىسمەن بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. تارىخشۇناس مىياۋ پۇشېڭ ئەپەندى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: «باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئوخشاشلا باشقا مىللەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە قوشۇۋالغانلىقتىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالىدى ھەم زورايدى. XIV — XV ئەسىرلەردە، يەنە خېلى كۆپ قىسىم موغۇللار ۋە باشقا مىللەت تەركىبلىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغانلىقتىن، ئاندىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللەندى»[1].

---

[1] مىياۋ پۇشېڭ: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (ئۇيغۇرچە) 2006 - يىللىق 1 - سان 33 - بەت.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ـ شېۋىلىرى جۈملىدىن دولان شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى مەزكۇر رايوننىڭ تارىخىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق ئاھالىلەرنىڭ زور كۆلەمدە كۆچۈشىدىن تېخىمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئۇيغۇر تىلى تارىم ۋادىسىدا ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە ، جۈملىدىن تۈرلۈك ئېتنىك تۈركۈملەر تىللىرى — تۈركىي تىللار بىلەن ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ساك ، سوغدى ، توخار (توخرى) تىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە راۋاجلاندى . كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك تىللارنىڭ ئىستېمال دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ ، ئاخىرى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى . ھازىرقى تىلشۇناسلار بۇ تىللارنى «تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلگەن تىللار» دەپ ئاتىماقتا . ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇپ تارىم ۋادىسىدا ياشاۋاتقان دولانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كەتتى . لېكىن ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىللارنىڭ ئامىللىرى «تىلنىڭ ئاست قاتلىمى» خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تىل قالدۇقى ۋە تىل ئىزنالىرىنى قالدۇردى . دولانلار ئىرق تەۋەلىكى جەھەتتىن ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۈرك تىپىغا ياتىدۇ . خەن كاڭشىن ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرق تەۋەلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانتروپولوگىيىلىك مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىسىدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۈرك تىپىغا ياتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[1] . قۇربان ۋەلى ئەپەندىمۇ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن كىتابىدا بۇ نۇقتى-

① خەن كاڭشىن : «يېپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرق ـ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .

www.uyghurkitap.com



نى ئىسپاتلايدۇ[1] . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دولانلارنىڭ ئىرق ۋە ئېتىرنىك مەنبە ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بەزى ئالىملار تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان دولانلار موڭغۇللۇئىد ئىرقىغا تەۋە ۋە موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دېيىلىۋاتقان قاراشلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى . دولانلار ئىرق جەھەتتە موڭغۇللار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ ، تۈرك ئىرقىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان . دولانلار مىللەت تەۋەلىكى جەھەتتىن قارىغاندا تۈركلەر تۈركۈمىگە ياتىدۇ . «يېڭى تاڭنامە» دە تېلى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى 15 قەبىلە ئىچىدە دولانگىت ( 多篮葛 ) دەيدىغان بىر قەبىلىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . «شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى» دا ، دولانگىتلار توغرىلىق مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ : «دولانگىتلار قەدىمكى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئورخۇن ـ تۈرك ئابىدىلىرىدە «تېلاۋگۇت» ( telawgut ) دەپ ترانسكرىپتسىيە قىلىنىدۇ . «دولان» دېگەن ئاتالغۇ تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى قەدىمكى تېلى ئىتتىپاقىدىكى مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ ياكى شۇ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ نامى ئىدى . تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تارىم دەرياسى بويىچىكى توغراقلىقلاردا ياشايدىغان كۆچمەن خەلقنىڭ نامى ياكى لەقىمى بولۇپ قالغان ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاشۇ خەلقلەر توپلىشىپ ياشىغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ قالغان.[2] ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ، مۇرەككەپ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشى ، ئوخشاش بولمىغان رايونلار بويىچە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ مەھەللىۋى دىئالېكت ـ شېۋىلەرنى شەكىللەندۈردى ، جۈملىدىن دولان شېۋىسىمۇ مۇشۇ يوسۇندا شەكىللەندى .

---

① قۇربان ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى ، 250 ـ بەت .

② «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» خەنزۇچە ، 1985 ـ يىل 2 ـ سان ، (دولاگىت ماددىسى) 33 ـ بەت .

## 4 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ توپ لېكسىكىسى

دىئالېكت (لەھجە) لېكسىكىسى مەھەللىۋى دىئالېكت لېكسىكىسى ۋە ئىجتىمائىي دىئالېكت لېكسىكىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈندۇ . بۇنىڭ ئىچىدە تىلشۇناسلار ئادەتتە كۆپرەك تىلغا ئالىدىغىنى مەھەللىۋى دىئالېكت لېكسىكىسى بولۇپ ، ئەدەبىي تىلدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستېمال قىلىنمايدىغان ، پەقەت مەلۇم مەھەللە (رايون) دە ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ . دىئالېكت لېكسىكىسى ئېتمولوگىيە ، سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە سۆز مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تىل تارىخى ، تەبىئىي مۇھىت ، ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت ، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . دىئالېكت ـ شېۋىلەردىكى بەزى سۆزلەر تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن ياكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يېڭى سۆزلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىمۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تەبىئىي مۇھىت ، ئۆرپ ـ ئادەت ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كۇندىلىك ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە بارلىققا كېلىپ ۋە ئىستېمال قىلىنىپ ئاندىن ئەدەبىي تىلغا ئۆزلەشكەن . شۇڭا ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكت ـ شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . دولان (مەكىت) شېۋىسى يالغۇز دولان مەدەنىيىتىنىڭ قورالى بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر . دولان مەدەنىيىتى تارىختا نىسبەتەن بېكىنمە ھالەتتە بولغان دولان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا بولغان . بۇ رايوندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بوستانلىقلاردا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا ، تارىم دەرياسى بويىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ . دولان ئۇيغۇرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مانا مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىت ئىچىدە ئورتاق تەقدىر ـ قىسمەت، ئورتاق ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئورتاق ياشاش سورۇنلىرىغا ئىگە بولغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كوللېكتىپ ئالاق ۋە ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش جەھەتتىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە بولغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك قوشاق-چىلىق، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە مۇقام ـ مەشرەپلەر ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسىگە ئايلاندى.

تۆۋەندە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ لېكسىكىسىغا مەنسۇپ دەپ قارالغان سۆزلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۆۋەندە بېرىلىدىغان بۇ سۆزلۈكنىڭ تەركىبىدىكى خېلى كۆپ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ۋە مەركىزىي دىئالېكتتا مەۋجۇت ياكى ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە تەكشۈرۈپ توپلىغان ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىغان ئاساستا دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دەپ ئېتىبارغا ئېلىندى.

ئاپتاپخانا — كۈنگەيلىك
ئات پەرقى — ناھايىتى، زور، ئىنتايىن زور پەرق
ئات بېشى — يىڭناغۇچ
ئاتىلا — بۇلماقسىمان ھالۋا
ئازگالچى — بۇزۇق، يولدىن چىققان، تاپتىن چىققان
ئاشلىما — ئەستەرسىز جۇۋا، تېرە جۇۋا، ئۆڭ جۇۋا
ئاغداما — توپا ئاغدۇرىدىغان ھارۋا
ئاغراق — پۇتلىرى ئاق، كۆزىنىڭ چۆرىسى، تۇمشۇقى ئاقۇچ ئات
ئاق ئاش — لەخمەن چۆپى
ئاق ئانا — ھاما
ئاق ياغاچ — بىر خىل بالىلار ئويۇنى
ئالاڭلىق — بوشلۇق؛ پاراكەندىچىلىك

ئالابويناق — ئالا بويۇن (بۇ سۆز ئىغىز تىلىدا «ئالاۋۇنياق» دېيىلىدۇ.)
ئام — ئەمچەك
ئەدرەمكەش (ئەدرەڭگەچ) — دەرەش (بىگىز) نىڭ چوڭى
ئەشمە — بۇلاق، چەشمە
ئەن يەر — يەر تۆۋىنى، تۆۋەنلەپ ماڭىدىغان يول، سۇ چىقىرىدىغان، سۇ چىقىرىشقا ئاسان بولغان يەر، كەڭلىك
بارنا — تىرنا، تارماققا ئوخشايدىغان نەرسە. مەسىلەن: پادىشاھنى ماۋۇ بارنىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇڭلار.
باسقا — شوتا، پەلەمپەي
باسقاق — تاختا مۆشۈك، باستۇرۇۋالىدىغان
باسقان ئاش — كەسكەن لەڭمەن
باسما نان — ئوتتۇرىدا ئويمانچىقى يوق نان
بەرە — ئىشتەلگىدىن چوڭراق كەلگەن بىر خىل قوش
بەگچەك — بەگ بالىسى، بەگزادە: تاز
بەلەن — ياخشى، ئېسىل ئوبدان
بەلدەڭ — ئەپكەش
بوجاڭچى جۇۋا — قايرىما ياقىلىق جۇۋا
بوڭقۇش — گالۋاڭ، هورۇن
بۇغداي پوقاق بولماق — بۇغداي باشاق تۇتماق، ئېسىلمەك، سۇتلەنمەك
بۇقىغا چۈشمەك — كۈيلىمەك، كالىنىڭ كۈيلىشى
بۇل — هارۋا ئوقىنىڭ چاققا كىرىپ تۇرىدىغان ئۇچى، هارۋىنىڭ گۇگۇسۇنلىرى ئورنىتىلغان قىسمى
بۆسەك — ئىككى مۈڭگۈزلۈك تاتىلىغۇچ، ئىككى چىشلىق تىرنا
بۆكەل — قازاندا پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنى پارچىلايدىغان ئۇستا
بۇدۇك — ئۇسسۇل
بۇكۇكچى — ئۇسسۇلچى
بېلىق سىرتى قۇم — يەلپۈندى قۇم، بارخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پاتاش ~ پاتاق — پاخال، قوناق مەدىكىنىڭ سىرتىدىكى پاخىلى
پاۋانچىلاپ ئاتماق — غۇلاچلاپ ئاتماق
پاۋان — ئوۋچى
پايقاب — پايپاق
پاينالىق — ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان، تەلىيى تەتۈر كىشى
پايناپ (يەر) — سۇ چىقمايدىغان، سۇغىرىش تەس بولغان يەر
پەتتە — توي خېتى
پەجەمبە — ئايالچە ئىشتان، تامبال
پەشخۇن — ئەمبەل
پوستۇما — قوي ساغرىسىنىڭ تۈك چىقمايدىغان يېرى؛ يېغى بىلەن قوشۇپ شىلىپ ئېلىنغان قۇيرۇق تېرىسى، مەسلەن، پوستۇما كاۋاپ
پولاڭخەي — پاختىلىق ئاياغ
پۇزا — جىلتا ئاچىدىغان ئەسۋاب، كىچىك نوغۇچ
پىرىجەك — كېۋەزنىڭ گۈلى
تاپ بېشى — بىر مەيدان يەرنىڭ ئىككى بېشى
تاز پولۇ — گۆشىمۇ، مانتىمۇ باسمىغان پولۇ
تاقتاق — ئېتىزدا بولىدىغان چوڭ چېكەتكە
تامغاق — تاماق، تاڭلاي
تەرەتخانا — مۇنچا
تەللە — بوغجۇما، بوپا
تونچە چاپان — ئۇزۇن چاپان
تۆتال — بوغاز، يېڭى چىققان تۆرەلمە؛ تۆرەلمە پەيدا بولماق
تۇرلۇق — ئومۇرتقىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى
تۇرۇمچا — قول ھەرىسى
تۆيۈز تام — بادرا ۋە لايدىن قىلىنغان تام. بۇنىڭدا بادرىنى تىلىپ ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ قويۇپ قارا چاپلاق (قارا لاي) بېرىلىدۇ، چاپلاق قۇرۇغاندىن كېيىن قارا سۇۋاق بېرىلىدۇ، ئاندىن ئىنچىكە سۇۋاق بېرىلىدۇ
تۆتمەك — ئىسلىنىپ كۆيمەك، ئاستا كۆيمەك، تۇتاشماق

تۇكۇچ ئانام — بەدەنگە چىقىدىغان ئۇششاق يارا
تېپىن — خامان تېپىش ۋاقتى
تېگەچى — ئەرگە تېگىدىغان قىز ياكى ئايال
تېپو — دەسلەپ ، بالدۇر
تېيماقچا — سامان تېگىدە قالغان سامانلىق بۇغداي
جاغدا بۇغداي — كۇزلۇك بۇغداي
جاغدا قوناق — كۇزلۇك قوناق
جەن ـ ئىچى بىر نەچچە بۆلۈملەرگە ئايرىلغان ، ھەرخىل ئاشلىق-لار سېلىنىدىغان ساندۇق
جو — ئېتىزنىڭ دەرەخ بار تەرەپكە چوڭقۇر كولانغان چۆنەك
جوجەي — ئېغىزنىڭ جاۋغىيىغا چىققان يارا
چارداپ كەتمەك — يېرىلماق (تېبابەتتە)
چاقچاق — دەررە (مەشرەپلەردە)
چوڭقۇرچاق — قوناق ئۇنىدا قىلىنغان بىر خىل تاماق
چۇراپ كەتمەك — ئاجىزلاپ كەتمەك
چۆچەگلىك — گىردە نان
چۇشەكمەك — شەيتان ئاتلىماق
چۇگۇن — ياپىلاق يوپۇرماقلىق ، ئۇرۇق چىقىرىدىغان بىر خىل ئوت
چىرىمگەر — كۆنچى ، كۆن ياسىغۇچى
چىش چىقىنى — چىش مىلىكى ياللۇغى (تېبابەتتە)
چىشلىق — ئېغىزدۇرۇق ، يۈگەن
چىلتەك — ئايالالارنىڭ جىلتىكىسى
خاپان — ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ ساندۇق
خالتا پولۇ — بۆرەكنى توغراپ ، يېمىش ۋە گۇرۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاندىن ئۇلارنى خالتىغا سېلىپ سۇدا پىشۇرۇپ ئېتىلگەن بىر خىل پولۇ .
خەرەگلەشمەك — ياقا سىقىشماق
خەندەك — چۆنەكنىڭ قېشى ، تاختىلانغان يەر
خوتۇن يەرلىك — ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خولەك — سىمىز، يوغان ئادەم
خودۇنماق — ئۇيالماق
خىمىر يۇغۇرغۇچ — ياچىۋەك
داپخانا — تونۇرنىڭ ھاۋا كىرىش تۆشۈكى
داغۋاز — ئابرۇيپەرەس
داڭ — چىلىشتا ئۇتقان ئادەم.
دان سۇيى — بۇغداي باشاق چىقارغاندا قويۇلىدىغان سۇ
داۋاز قولاق — يوغان قولاق، سالپاڭ قولاق
دەرە — پوتا
دوغ دىمەك — قورقماق
داقال — دوقمۇش
داقالچى — دوقمۇشخان، سۇخەنچى
دومبىلەك — دۇمباق، دومبايغان، تومپايغان
دۇپپى — موزدۇزلارنىڭ ئاياغقا ناھال قاققاندا، ئاياغنى كىيدۇ-
رۇپ قويىدىغان تۆمۈر قېلىپ
دۆرە — قېتىم داپخور، مەسلەن، تۆت ئۆزگىرىشتىن تەركىب
تاپقان بىر مەيدان دولان مەشرىپى
دۆرە كەلمەك — قىماردا ئارقا-ئارقىدىن كەلمەك، ئۇدۇل
كەلمەك
رۇمچە — كۆن كىسىدىغان يانتۇ تىغ
زەيلاڭ — زەيكەش
زور ئانا-موما (ئىغىز تىلىدا «زوئانا»)
زىغزىق — كۆرپە، تۇماق، ئۆتۈكلەرنىڭ چۆرىسىگە چىقىرىلىدى-
غان نەقىش
ساسلاڭ — سازلىق، ئوتلاق
سان — پاچاق، پاقالچەك
ساڭساڭ — گالۋاڭ، ھورۇن
ساڭقالىماق — ئەستە تۇتالماسلىق، چۈشىنەلمەسلىك، ئاڭقىرال-
ماسلىق
سەندەل — كۆندە تىكىلىدىغان ساپما كەش

سەيخانا — چالمىدا ياسىلىدىغان چىلىم ، ئۇنىڭ تۆپىسىدىكى تۆشۈككە نەشە سېلىنىدۇ . ئاستىدىكى تۆشۈككە نەيچە بېكىتىپ نەشە چېكىلىدۇ

سوك ئوغلاق — يېتىم ئوغلاق

سوگارى — تەلتۆكۈس

سۇمبەتچى — ماختانچاق ، پوچى

سېرىق قۇيرۇق — كۇسۇتكە

سىنچاي — قۇدىلىشىشتا قىز تەرەپكە دەسلەپ ئاپارغان چاي

سىيا چۆك — ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بوغا

سىيگىلخانا — ھاجەتخانا ، خالا ، ئوبۇرنى

شادا — قوناق شېخى

شالدام — شالى ئېقىپ تۇرىدىغان ئادەم

شەيتان سىيمەك — ئالىقان سارغايماق

شوپۇرچى — شىرىق چاپان

شوپۇڭ — چىۋىق

غاچا — يوپۇرمىقى سۇتلۇك ، كۆك گۈللۈك بىر خىل ئوت

غۇلۇ — تۇگمەننىڭ كويلىسى

غىرلاڭ — تۇز يەر ، ئۇنۇمسىز يەر ، گىياھ ئۇنمەس يەر

غىل — ھېچ نەرسە يوق ؛ پەقەت ، ساپ

قاتراڭ يەر — شورلۇق يەر ، ھېچ نەرسە ئۇنمىگەن يەر

قارا شامال كېسىلى — تېرە يېرىلىش كېسىلى

قاشقا چىۋىن — ئادەمنى چاقىدىغان بىر خىل چىۋىن

قاغىلەك جىگدە — قاغا جىگدە

قەۋزە قىلماق — (بۇ سۆز «پىددە تۇتماق» مۇ دېيىلىدۇ) نەزىرگە ئاتالغان پۇلنى ئۆلگۈچى نەچچە ياشقا كىرگەن بولسا ، شۇنچە كىشىگە «ئالدىم ـ بەردىم» دېيىشىپ تەڭلىمەك

قوشۇغلۇق — كىچىك سېۋەت ، مېۋە ، نان قاتارلىقلارنى سالىدىغان سېۋەت

قۇر — قولدا توقۇلغان ، ئىككى ئۇچى پۆپۈكلۈك ئىشتانباغ

قۇرما — ئۆگزىدىكى كەپتەر كاتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلاندان — قىل بىلەن توقۇلغان ھەميان

كانتا — ئېشەكتە خىش توشۇيدىغان ئىككى باشلىق ياغاچ قورۇلما

كانتىلىماق — سوزماق، تارماق، يۇنماق

كانجى سۇيى — مايسىغا قۇيىدىغان سۇ

كورەك — قېتىپ، بوزۇلۇپ كەتكەن، مەسىلەن: كونا كۆرەك جۇۋا

كوسا — ئورۇندۇق

كۇۋا — كونۇس شەكىللىك تۆمۈر قېلىپ، ئاياغ كىيىم تىكىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇرۇپ سىلىقلىنىدۇ

كۇپۇش — پوچۇق، شالدام مەسىلەن: ئېغىزى كوپۇش بولماق

كۆز — چىقان، قوتى يوغان

كۆزنىڭ ئوينىغۇچى — كۆز قارىچۇقى

كۆكتۆش — كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل

كۆك شۇلتا — بادرىدىن كىچىك، چىۋىقتىن چوڭ كۆچەت

كۆنەلگۇ — قېتىقنىڭ ئېچىتقۇسى

كۆۋرەك — يۇلغۇننىڭ ئاق رەڭلىك تورى

گوشتاپ — قالۇننىڭ پەدىسىدىن ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاب

گۇجەك — كىچىك قوتان

لاڭقا — ئورۇق ۋە ئېگىز، مەسىلەن: لاڭقا ئات

لاڭقا — توساق، مەسىلەن: لاڭقا باغلاش — توساق باغلاش (بۇ يەردە ياغاچتىن قوتان، ھويلا - ئارام ياساشقا قارىتىلغان)

لو — قىز - ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىغا تاقايدىغان تاجى

لوخشۇق ئەتمەك — يىڭنە بىلەن رەختنى پۇرۇپ تىكمەك

لولى - مەككار، ھىيلى - مىكىرچى

مەلغۇن — ئېرۋىسى ئاجىز

مۇغەمبەر — ھىيلىگەر

مۇغەمبەر تۇماق — ئاق تۇماق، تېرە يۈزى ئاشلانغان يۇڭ تۇماق

مىتىن — تۆگمەن تېشىنى چوقۇيدىغان ئەسۋاب

ناماقۇللۇق چېيى — تويدىن بۇرۇنقى مال تاپشۇرۇش چېيى

(قىزنى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان چاي )
هالىزاتماق — چىچاڭشىماق ، چىچاڭلىماق
هەمزەك — گۈل باسقان ماتا ، مەسىلەن : هەمزەك يوتقان
ئوپقا — ئەپكەش
ئۆتكۆچ قىلماق — ئاشلىماق
ئوتلاپ قاقماق — باخشىلار پېرە ئوينىغاندا پىچانغا ئوت يېقىپ ، يەتتە يەردە ئوڭ ـ تەتۈر ئايلاندۇرۇشى
ئوڭقاي — ئوڭ تەرەپ ، ئوڭچە ئىش قىلغۇچى ئادەم
ئولتۇرۇم — پالەچ
ئۇقا پوخاق — تۆرنىغا ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش
ئېچەك — خەرەك : دۇتار ، تەمبۇر خەرىكى
ئېگىز قۇشقۇچى — ئېتىزدا بولىدىغان چېكەتكە
ئىچى قاراڭغۇلاشماق — قەۋزىيەت بولماق
ئىستى ـ پىستى — ئۇچۇر ، خەۋەر ؛ ئىس ـ بۇس ، مەسىلەن : ئىستى ـ پىتىمۇ يوق شاڭجاڭ...
ئىشتەلگە — لاچىندىن چوڭراق بىر خىل قۇش
ياتلىۋاڭ — بۆلەكچىلا ، غەيرىي ، غەلىتە . مەسىلەن : ياتلىۋاڭ گەپ
ياغاق سالماق — يالپاقدىماق
ياقۇن (سۇ ) — سۇ يېيىلىپ ئاققان ، سۇ تارىلىپ ئاققان (جاي )
دولان (مەكىت ) شېۋىسىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن فونېتىكا ، لېكسىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن سېلىشتۇرغاندا يۇ- قىرىقى ئۆزگىچىلىكلەر تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ . دولان (مە- كىت ) شېۋىسى لېكسىكىسىدىكى بۇنداق ئالاھىدە سۆزلەر يەرلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ، ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسى- ۋەتلىك بولۇپ ، هەقىقىي مەنىدىكى دىئالېكت ـ شېۋىلەر لېكسىكىسى- نى تەشكىل قىلىدۇ . گەرچە بۇنداق سۆزلەر سان جەھەتتە ناهايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ ، لېكىن ئورتاق ئەدەبىي تىل لېكسىكى- سىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 5 . دولان (مەكىت) شىۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرى باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئېتنىك مەنبەسى، جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئۆرپ - ئادەت، شەكىللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولغاچقا، دولان (مەكىت) شىۋىسىدىكى سۆزلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن .

(1 )دولان (مەكىت) شىۋىسىدە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قالدۇقلىرى بىرقەدەر كۆپ ساقلانغان .

بۇنداق بولۇشى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا تەھقىقلەنگىنىدەك دولان (مەكىت) لارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىدىندۇر . تىل — شىۋە جەھەتتىن ئالغاندا، دولان (مەكىت) شىۋىسىدە قىسمەن ئالىملار تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل تىلى ئامىللىرى يەنى موڭغۇل تىلىغا ياتىدىغان سۆز ۋە ئىدىئوملار بولمايلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ بىلغان بىر تۈركۈم سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان . گۇباۋ ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا، بولۇپمۇ مەكىت رايونىدا تېپىلغان (تۇرالاشقان) ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى① . دولانلىقلارنىڭ تىلى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئۇنىڭدا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئامىللىرى كۆپ ساقلانغان . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| ئارىغداش — پاكىزلەش | ئانىي — بوزەك |
| تادان — كاج، كاززاپ | باخشى — ئۇستاز |

① گۇباۋ : «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 - يىلى 4 - سان، 46 - بەتتىكى نەقىل) .

بارىم — بارلىقىم ، مۈلكۈم
بولى — قەرزدار
شىكارى — يانتۇ
سۈگارى — تەلتۆكۈس
ئىغاچ — ياغاچ
قوماچ — كەندىر - بۇغداي
قورۇمىسى
ئىلماچ — ئارىلاش
ياراق — قورال
ياۋ — دۈشمەن
يوللۇغ — سوۋغات
نىكەم — قاچان
سامۇك — لەقەم
كاساڭ — تەڭنە
كات — كارىۋات ، ساندۇق
كاسگى — كاسكا
ياما — ئۇماچ
كۈجە — قوناق ئەزمە ئىشى
ئەڭنى — كىيىمى
ئاتلىغ — ئاتلىق

ئاداي — ئاداش
قۇشناجىم — ئايال پېرىخون
دولىجىن — جىنلارنىڭ پادىشاھى
لولى — ھىيلە - مىكىرچى
تاڭاي — بىلمەيمەن
تاڭنا — ئەتە
تۇغ — ئەلەم ، بايراق
تورۇس — ئۆگزە
تۇتامى — تۇتامى ، ۋەزنى
تىرىگ — تىرىك
ئۆلۈگ — ئۆلۈك
ئەت — گۆش
چىتلىق — تىكەنلىك
پاتاسلىق — قومۇشلۇق
زونام — چوڭ ئانام
ئوران — كۆرپە
تارىم — تارماق ئېقىن
ئېرىم — ئېكىنزارلىق

ھازىر دولان رايونىدىكىلەر قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاتلىق» سۆزىنى «ئاتلىغ» ، «ئۇلۇغ» نى «ئۇلۇگ» ، «ئاستىن» نى «ئالتىن» دەپ ئاتىشىمۇ ئورخۇن ئېكىستلىرىدە ، قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا جۇملىدىن «مايترى سىمىت» درامىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، دولان (مەكىت) شېۋىسى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىشى سەۋەبلىك ھەر قايسى دىئالېكت - شېۋىلەردە ساقلىنىپ قېلىش دەرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىنسى ئوخشاش ئەمەس، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دولان (مەكىت) شېۋىسىدە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا مەنسۇپ سۆزلەر خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

(2) دولان (مەكىت) شېۋىسى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دولان (مەكىت) ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدىكى بىپايان يايلاق ۋە توغراقلىقلار ئارىسىدا چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلىدا چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە خاس تىل ئامىللىرى ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ لېكسىكىسىدا يېزا مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن ئايرىلىپ، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەم شەھەر مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى شەھەرلەر ۋە ئېكىنزارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇراقلاشقان يېكىچە ئىقتىسادىي بىرلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنداق ئايرىم - ئايرىم ئىقتىسادىي بىرلىكلەردىن تۈزۈلگەن ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەتنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرگەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى بېكىنمە ھالەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىكتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى يۇرتلاردا يىلتىز تارتقان بېكىنمە ھالەتلەرنىڭ بىرنەچچە ئەسىرلەرگىچە داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە شۇ يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىللىرىدىمۇ تەدرىجىي خاسلىشىش جەريانى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىگىلىكنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغان خەلقنىڭ تىلى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقلىرى ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى توپلىشىپ ياشاش ئادىتى-

دىن ئىجتىمائىي ئامىل ئۈزلۈكسىز تۈردە تىلنىڭ مۇقىملىقىنى قوغ-داپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، شەھەرلىشىش بىرقەدەر كېيىنرەك ئەمەلىي-لەشكەن ئەنئەنىۋى چارۋىچى خەلقلەردىن قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ تىللىرىدا دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بايقالماي-دۇ . ئەكسىچە ، شەھەرلەشكەن خەلقلەر ئاساسەن ئۆز يۇرتلىرىغا بېكى-نىپ ، باشقا يۇرتلاردىن ئايرىلىپ ياشايدۇ . مانا مۇشۇنداق نىسپىي ئايرىملىقنى شەرت قىلغان ئىجتىمائىي ئامىللار ھەرقايسى يۇرت ئاھا-لىلىرىنىڭ تىلىدا ئۆزگىچە خاسلىشىش جەريانلىرىنى كەلتۈرۈپ چى-قىرىدۇ . مەسىلەن ، بۇنداق ھالەت بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان شە-ھەر ۋە يېزا مەدەنىيىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار-نىڭ تىلىدا ئىچكى جەھەتتىكى مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى سۇسلاش-تۇرۇپ ، دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان دولانلارنىڭ تىلىدىكى نىسبەتەن پۈتۈن خاسلىقلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەڭشىد-لىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا تارىم دەرياسى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەترا-پىغا تارقالغان ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى يۇرتلارنى مەركەز قىلغان يېڭىچە ۋە نىسبەتەن پارچىلانغان خاسلىقلار بارلىققا كەلدى . مەسىلەن ئالايلى ، مەكىت ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلار ۋە مەشرەپچىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى مەكىتنىڭ يانتاق يېزىسىدىكىلەر تەشكىل قىلىدۇ . بۇ يەردى-كى «يانتاق» دېگەن يەر نامىمۇ بۇ يەرنىڭ سېپى ئۆزىدىنلا «يانتاق ئۆسىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ ئەسلىي بىر پارچە كەڭ كەتكەن دەشت ـ باياۋان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . لېكىن ھازىرقى دولان (مەكىت) شېۋىسىدە دېھقانچىلىق ۋە يېزا مەدەنىيىتىگە خاس سۆزلەر ئاساسلىق سالماقنى تەشكىل قىلىپ ، قەشقەر رايونىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن شە-ھەرـ يېزا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ كەلگەن . مەسىلەن : ئاغداما — توپا ئاغدۇرىدىغان ھارۋا ؛ ئەن يەر — يەر تۈۋىنى ، تۈۋەنلەپ ماڭىدىغان يول ، سۇ چىقىرىدىغان ، سۇ چىقىرىشقا ئاسان بولغان يەر ؛ بۇل — ھارۋا ئوقىنىڭ چاقىقا كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرىدىغان ئۇچى ، ھارۋىنىڭ گۇگۇسۇنلىرى ئورنىتىلغان قىسمى ؛ بۆسكەك — ئىككى مۈڭگۈزلۈك تاتىلىغۇچ ، ئىككى چىشلىق تىرنا ؛ تېپىن — خامان تېپىش ۋاقتى ؛ پەجەمبە — ئايالچە ئىشتان ؛ سوقتا كۆمەچ — ئىچىگە گۆش قىيما سېلىپ كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىك ؛ بۇغداي دانغا ماڭماق — بۇغداي دان بولۇشقا باشلىماق ؛ بۇغداي ئېنەك يېغى بولماق — بۇغداينىڭ باشقى سارغىيىشقا باشلىماق ؛ بۇغداي مىخ سۇرمەك — بۇغداي مىخلاشماق — بۇغداي بىخلىماق قاتارلىقلار . ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېيتقاندا ، دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇھىم ھادىسە بولۇپ ، دولانلارنىڭ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە خاس قەبىلىلەرنىڭ توپلىشىپ ياشاش ئادىتىنى تاشلاپ ، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى يېزىلىلىش ۋە شەھەرلىشىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

(3) دولان (مەكىت) شېۋىسىدە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك

ئۇيغۇر دولانلىرى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا ، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنىڭ دولان (مەكىت) شېۋىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر بولدى . تارىختا ئەرەب - پارس تىللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى ، بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان پاكىت . شۇڭا ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت . ئەرەب تىلىدىن دولان (مەكىت) شېۋىسىگە كىرگەن سۆزلەر ئاساسەن مەمۇرىيەت ، ئىقتىساد ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، دىن ، پەلسەپە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان ئابستراكت ئىسىملاردىن ئىبارەت بولۇپ ، كۆندىلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئاددىي سۆزلەر ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ . ئەرەب تىلىدىن دولان شېۋىسىگە ئۆزلەشكەن سۆزلەرگە قارىغاندا ، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر كۆپرەك كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلە تىرىكچىلىكىگە ئائىت كونكرېت ئىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ . مەسىلەن :

| ئەرەب - پارس تىلىدا | دولان (مەكىت ) شېۋىسىدە |
|---|---|
| زەگەر | ئالتۇنچى |
| ئاسىي | ئازغۇن |
| بانا | ئاغى |
| قابىلىيەت ، ئىقتىدار ، لاياقەت | بولۇم |
| گۈلدان | يامداق |
| تەكەللۇپ | تۇزۇت |
| خىلۋەت | جىس |
| مۇھەببەت ، ئىشق | كۆيەك |
| ئىستىقبال | كىيىنلىك |
| دائىرە | كىپىت |
| بەلەن (پارسچە ) | ياخشى |
| پايناپ (يەر ) | سۇ چىقمايدىغان ، سۇغىرىش تەس بولغان يەل |

(4 ) دولان (مەكىت ) شېۋىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يوق ، پەقەت دولان شېۋىسىدىلا ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەر مەۋجۇت . مەسىلەن :

دولەن — تايچاق
خوتەك — تەخەي
دالان — هويلا
سۇقۇما — تۇرۇك
باسكۇ (باسقۇ ) — شوتا
ئاتا — دادا
چوڭ ئاتا — چوڭ دادا
تەلپەك — تۇماق
كىپىش — كەش
قويماق — جىلىتكە
لويلا — ماش
قىزىلمۇچ — لازا

چاپى — كارىۋات
ھجىر ئاياق — تاۋاق
تەلپەك — تۇماق
بۆك — دوپپا
كېپىش — ساپما كەش
چۆگمەك — جىلىتكە
تالقاندان — خۇرجۇن
مۇك — چامغۇر
لويلا — يېشىل ماش
ئايلا — قېينانا
ئاق ئانا — هاما
ئامبال — هاكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| تۇڭچى — تەرجىمان | جۇڭا — جۇۋا |
| پوگان — پاۋان | تامبال — ئىشتان |

(5) دولان (مەكىت) شېۋىسىدە ئەسلىي مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش، پەقەت فونېتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر مەۋجۇت. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جۇگان — جۇۋان | ئاق ئانا — هامما |
| ئىڭنە — يىڭنە | ئەدرەمكەش (ئەرەڭگەچ) — دەرەشنىڭ چوڭى |
| ئەلشەك — ئېشەك | ئام — ئەمچەك |
| سوگۇن، سوۋۇن — سوپۇن | ئالاۋويناق — ئالابويۇن |
| ئەندىكا — ئەندۈۋا | |
| ئەشمە — بۇلاق، چەشمە | |

دولان شېۋىسىدىكى بۇنداق سۆزلەر ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يەنە ئەدەبىي تىلدىكى تەڭدىشى بىلەن پاراللېل قوللىنىلىدۇ.

(6) دولان (مەكىت) شېۋىسىنى ئەدەبىي تىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سۆزلەر مەۋجۇت.

دىئالېكت — ئورتاق مىللىي تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى، شۇنداقلا مەلۇم رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالىدۇر. دىئالېكت بىر تەرەپتىن، ئورتاق مىللىي تىلغا مەنسۇپ بولۇپ ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ. دىئالېكتلارنىڭ لېكسىكىسىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر شەكىل، مەنە، سۆز ياساش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىسىمۇ، لېكىن مىللىي ئورتاق تىلنىڭ لېكسىكىسىدىكى سۆزلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگىمۇ ئىگە بولغاچقا، مىللىي ئورتاق تىلنى بېيىتىش ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا ئەدەبىي تىلدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. ئەگەر بۇنداق سۆزلەر مىللىي ئورتاق تىلغا قوبۇل قىلىنسا، مۇشۇ سۆزلەر ئىپادىلەۋاتقان شەيئىلەرمۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كې-

رىش بىلەن بىرگە ، مەزكۇر شەيئىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس سۆز ياساشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ . بىز دولان (مەكىت ) شېۋىسىنىڭ لېكسىكىسىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان بولساق ، شەيئىلەرنى نازۇك تەرەپلەردىن ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن تەييار سۆزلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، يېڭى سۆزلەرنىڭ تۈشمۇ تۈشتىن ياسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| ئېشەك — خەرەك | ئاق ئاش — لەگمەن چۆپى |
| ئۆلتۈرۈم — پالەك | ئاپتاپخانا — كۈنگەيلىك |
| شىپەك — ساپما كەش | |

دولان (مەكىت ) شېۋىسى لېكسىكىسىدىكى بۇنداق سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا ئىستېمال قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلسا ، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەر بىلەن پاراللېل ئىشلەتكىلى ياكى ئورنىغا دەسسەتكىلى ، ئەدەبىي تىلغا كىرىشىنى تېزلەتكىلى ، سىستېمىچانلىق ۋە تۇراقچانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىلنىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

## 6 . دولان (مەكىت ) شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نورمىلىرىنىڭ يېتىلىشى ، قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىشى ، ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ كەڭ- كۆلەمدە تارقىلىشى ھەمدە تىل ئالاقىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى نەتىجىسىدە دولان (مەكىت ) شېۋىسىنىڭ ئەمەلدىكى ئىستېمال دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىق بارغانسېرى سۇسلاشماقتا . ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ياراتقان بارلىق پايدىلىق نەرسىلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يوقالمايدۇ . بەلكى شەكلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نى ئۆزگەرتكەن ھالدا مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدا ساقلىنىپ ، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت ئىمارەتلىرىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . دولان (مەكىت ) ئۇيغۇرلىرى تىل ئادەتلىرى جەھەتتە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرايدىغانلىقى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى ، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە خاس تىل ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدەك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر بىباھا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ .

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ، بولۇپمۇ غەربىي قىسمىنى ئېچىش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە غايەت زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى . نۆۋەتتە ، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلماقتا ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجلىرىنى تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ . بىزنىڭچە ، دولان (مەكىت) مەدەنىيىتى ۋە دولان (مەكىت ) شېۋىسىدىن پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالايدۇ . دۇنيادىكى ھەر قانداق مەدەنىيەت نىسپىي بولىدۇ . مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى بىر ياقا چۆرۈۋېتىپ باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئومۇمەيۈزلۈك قوبۇل قىلىش بەدىلىگە نۆلدىن باشلانمايدۇ . شۇڭا تارىختا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھەرىكەتنىڭ سۈيىپكتى قىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان رىشتە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى توشۇغۇچى ۋاستە بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئالاقە رولى ۋە تارىخىي ۋارىسچانلىقى ئۇزۇن مۇددەتلىككە ۋە مۇقىملىققا ئىگە . تىلىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە نۆۋەتتىكى يېڭىچە ۋەزىيەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دولان

(مەكىت ) شېۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلى-رىنى ئاسراش ، ۋارىسلىق قىلىش ، تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىل-دۇرۇشنى تەقەززا قىلماقتا . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، دولان (مە-كىت ) شېۋىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە . دولان (مەكىت ) شېۋىسى تەتقىقاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلسا ، دولانلارنىڭ تارىخىي تەرەققى-يات جەريانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بەلگىلىك پايدىسى بولىدۇ ، بو-لۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن تىللاردىن سوغدى ، ساك ، توخرى قاتارلىق تىللارنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى تېپىشقا بەلگىلىك پايدىسى بولۇشى مۇمكىن . دولان (مەكىت ) شېۋىسىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ، ئەدەبىي تىلنى بېيىتقىلى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان دولان (مەكىت ) شېۋىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە قۇتقۇزۇش تىلشۇناسلىرىمىز ئالدىدىكى كېچىكتۈ-رۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر .

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1 . بۇداكوف : «تۈرك ـ تاتار دىئالېكتلىرى سېلىشتۇرما لۇغى-تى» (ئىككى قىسىم ) ، 1869 ـ يىل ، سانكت ـ پېتېربۇرگ ، رۇسچە نەشرى .

2 . رادلوف : «تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكت لۇغىتى» ، 1893ـ يىلى سانكت ـ پېتېربۇرگ ، رۇسچە نەشرى .

3 . گۇننار يارىڭ : «شەرقىي تۈركچە ـ ئىنگلىزچە دىئالېكت لۇغىتى» ، 1964 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى .

4 . تېنىشېۋ : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتى» ، 1990ـ يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى .

5 . غۇلام غوپۇرى : «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى سۆزلۈكى» ، مىل-لەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 1 ـ ئاي ، 1 ـ نەشرى .

6 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل ، نەشرى .
7 . مىرسۇلتان ئوسمان : «ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل 6- ئاي ، 1 ـ نەشرى .
8 . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ـ شېۋىلىرى لۇغىتى» ، 2005 ـ يىل 3 ـ ئاي .
9 . ئەختەم ئۆمەر : «باياۋاننىڭ سىرى» .10 . «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .

# توققۇزىنچى باب مەكىت يەر نامىلىرى مەدەنىيىتى

يەر نامىلىرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا ئەگىشىپ ئىج-تىمائىي مەدەنىيەت ھادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىش بىلەن دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-دىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.① ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ۋە ئالاھىدە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق مەلۇم بىر دۆلەت، مەلۇم بىر رايون ۋە مەلۇم بىر جاي ئۇچۇن ئېنىق كونكرېت ۋە ئېنىق چوڭقۇر مەنە، مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بار-لىققا كېلىشىنى مەلۇم بىر جاي ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تەبىئىي شەرت - شارائىت ئالاھىدىلىكى، كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى بويسۇندۇرغۇ-چى بايقىغۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادى-سىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئادەتتە جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.② مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا، يەر نامىلىرى بىر جاينىڭ يەر نامىلىرىدا ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك تارى-

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، تاشمۇھەممەد ئابدۇراخمان: «يەر نامىلىرى ئىلمى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000 - يىلى 1 - ئاي نەشرى، 1 - بەت.

② راخمان تۇمۇر شاھ: «يەر نامىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى)، 1984 - يىلى 1 - سان، 81 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىي ، ئىجتىمائىي ئامىللىرى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى ئارقىلىق ، شۇجايىنىڭ تارىخ ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا تارىختىن بۇيان چىگىش ، مۇجمەل قالغان مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ھەم بىر پۈتۈن يەرلىك تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

## 1 . مەكتەپ يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

يەر ناملىرى مەدەنىيىتى — مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ، يەنى دۆلەت ، رايون ئۇقۇمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ، تىل ، تارىخى ۋە تارىختا تۇتقان ئورنى ، شۇنىڭدەك كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئامىلى بولۇپ ، يەر ناملىرىدا تىل ، تارىخ ، ئېتنوگرافىيە ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن بولغاچقا ، قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەت بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا يەر ناملىرى ئارقىلىق بىزگە بىلىنىدۇ ھەم يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئارقىلىق قەدىمكى تارىخ ـ مەدەنىيەتتىن ئۇچۇر ئېلىپ كېلىدۇ .

مەكتەپنىڭ يەر ناملىرى ئوخشاشلا مەكتەپنىڭ تارىخ ، مىللەت ، تىل ، ئېتنوگرافىيە ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئامىللارنى مۇجەسسەم قىلغان ھالدا ، مەكتەپ يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . مەكتەپنىڭ يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كونكرېت ھالدا تىلغا ئالغىنىمىزدا ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن تېخىمۇ كەڭرى ھەم ئىنچىكە بولۇپ ، مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى بوستانلىقنىڭ بارلىق ئۆتمۈش ـ تارىخى مانا شۇ مەكتەپ يەرناملىرى ۋە ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولىدۇ .

مەلۇمكى ، يەر ناملىرى جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيىلەرنىڭ خاس ئىسىملىرى بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ماكان ئۇقۇمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ۋە تىلدا كۆپ قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ قېلىپ-

لاشتۇرۇلۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ھال يەر ناملىرىنىڭ نىسپىي تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، تارىختا ھەربىر سۇلالە ياكى ھاكىمىيەت ئالماشقان ئەھۋالدىمۇ يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىككى پىرسەنتتىن ئاشمىغان، بەزى يەر ناملىرى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن، بەزى يەر ناملىرى ھەتتا مىللەت ياكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئەسلىي ماكانىدىن كۆچۈپ كەتكەن ياكى يوقىلىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ئەسىرلەر بويى ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن.① بىراق شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ، جۈملىدىن مەكىت ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئورغۇنلىغان تارىخىي ناملار ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىپ ۋارىيانتلانغان. بۇ ھال ۋە مەكىت يەر ناملىرى ئۆزئىچىگە ئالغان تۈرلۈك تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى جەھەتتە بىرمۇنچە چىگىش، مۇجمەل مەسىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەكىت يەر ناملىرىنى ئەتراپلىق ۋە كۆپ قاتلاملىق تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي قىممىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1) مەكىتنىڭ تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىنى دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىگە قىلىدۇ؛

2) مەكىت يەر - جاي ناملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛

3) مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھازىرقى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ؛

4) مەكىت رايونىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي - ئىج-

① ئارسلان ئابدۇللا: «شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى 6 - ئاي، 168 - بەت

www.uyghurkitap.com



تىمائىي تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىشنى ۋاستىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛

5) مەكتەپ رايونىدىكى قەدىمكى تىل ۋە دىئالېكتلار تەتقىقاتىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ؛

6) مەكتەپ يەر ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەرىتە ئىشلەش، تەزكىرە يېزىش ۋە يەر - جاي، چېگرا ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2 . مەكتەپ يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى

يەر ناملىرى سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىدىن تۈزۈلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ ئۆزى مۇستەقىل بىرلىككە ئىگە سۆزلۈك بولۇپ، ئۇ سۆز تومۇرى، سۆز ئۇلانمىلىرى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىل ئۆزىگە خاس تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىگە ئايلىنىش جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان يەر ناملىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەن.

يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئەڭ مۇھىمى جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرگە بېرىلگەن ئاتاش ئادەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى، يەنى سۆز قۇرۇلمىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى، شەكلى، دائىرىسى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى، مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرى شىنجاڭ يەر ناملىرى تۈرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى، ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش - ئىقتىسادى، دۇنيا قارىشى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ھەرقايسى جايلارغا ئوخشىمىغان ناملارنى بەرگەن①.

---

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان: «يەر ناملىرى ئىلمى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000 - يىلى 1 - ئاي، 131 — 132 - ، 135 - ، 136 - بەتلەر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى قانۇنىيەتلىك، مۇرەككەپ، كۆپ خىل بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا يەر نامىلىرىنى قويۇش ۋە تەبىئىي مۇھىت ئەھۋالىغا قاراپ يەر نامىلىرىنى قويۇش دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەكىت يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، مەكىت يەر نامىلىرى يۇقىرىقى ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتتىن باشقا، يەنە كونكرېت بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت تەسىرىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى بېرىش، مەسىلەن: «مازار مەھەللىسى»، «باشقايدى مازار»، «قۇم مازار»، «ئاچادۆڭ مازار»، «كۆكتاللىق ئاتام مازىرى»، «قىزىلچى مازىرى»، «مازار جاڭگال»، «شېھىتلىك سازلىقى»، «شېھىتدۆڭ مازىرى»، «قاپاق ئاستى» قاتارلىقلار دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەجىدىن قويۇلغان بولۇپ، بۇ، مول بولغان دىنىي مەدەنىيەتنىڭ ناماياندىسىدۇر.

2. يەرلىك تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئاساسىدا قويۇلغان يەر نامىلىرى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ئىسىملاردىن بۇ ئادەتلەرنى ئەينەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «قارا ئۆي»، «شېھىتدۆڭ»، «قاپاق ئاستى»، «هاردۇقئالدى»، «تاتار ئۈستەڭ»، «بولۇڭلاڭقا»، «ئارالاڭقا»، «چولاق ئاستى»، «قورallىق»، «ئۆكتە كۆل»، «تاۋار كېسكى» قاتارلىقلار.

3. مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش، خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا يۆتكىلىش تەسىرىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى. مەسىلەن: «مەكىت»، «يېڭىئاۋات»، «قىزىلئاۋات»، «بازارجەمى»، «ئاقبەل پاختىلىق»، «لايلىق پاختىلىق»، «مەكىت پاختىلىق»، «لايداڭ»، «قۇمقىسار»، «غولمەھەللە»، «دولان مەھەللىسى»… قاتارلىقلار.

4. ئادەم ئىسىملىرىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى. مەسىلەن: «زورىخان كوكول ئورمانلىقى»، «قاسىم ئوسچى كۆلى»، «ھېزىز زىيانىڭ سازلىقى»، «ھېزىز بەگنىڭ ئۆستىڭى»، «پەيزىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ سازلىقى» ، «بايمەتنىڭ سازلىقى» ، «سوپاننىڭ زەيلىكى» ، «پەيزىلدۈك» قاتارلىقلار .

5 . تەبىئىي مۇھىت ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكتىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى . ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدا ، تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن ئۆزى ياشاپ كەلگەن بۇ زېمىنغا نام قويۇپ ، تىل بايلىقىنى بېيىتىپ كەلدى . مەسىلەن : «دۆڭمەھەللە» ، «غولمەھەللە» ، «سوپادۆڭ» ، «يوغان باش دۆڭ» ، «ئاپتاپ چاقار كەنتى» ، «چوڭقۇر مەھەللە» ، «ئويبۇغداي» ، «ئاچا دۆڭ» ، «ئارا قوتان» ، «دەرۋازا توغراق» ، «ئارا نو» ، «ئاياغتام» ، «قاش بويى» ، «قۇم دۆڭ» ، «ئاياغ مەھەللە» ، «دەرۋازا قۇم» ، «ياتا قۇم» ، «قۇمقىسار» ، «تۆۋەن تاۋار كېسەكى» ، «يۇقىرى تاۋار كېسەكى» ، «چوقا تاغ» ، «تۆپى شور» ، «جاڭگال» ، «بەشيول پونكىتى» قاتارلىقلار .

6 . سۇ ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرى . ئۇيغۇر خەلقى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا يېرىم چارۋىچىلىق ، يېرىم دېھقانچىلىق ھاياتىغا كۆچكەن . ئۇزۇندىن بۇيان قۇرغاق ھەم يېرىم قۇرغاق بولغان ئىقلىم شارائىتىدا ياشاپ كەلگەچكە ، ئۇلار سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ، نۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭ ، كۆۋرۈكلەرنى ياسىغان . قۇدۇق ، كۆللەرنى قازغان ، تۇغان ، چۇشۇرگە ، كۆچۈرمە ، توما قاتارلىق سۇ ئايرىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىققان . بۇنداق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق ، ئەمگەكچان روھىنىڭ گۇۋاھ - شاھىتى سۈپىتىدە يەر نامى بولۇپ ساقلىنىۋاتىدۇ . شۇڭا مەكىت ناھىيىسىدە سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرى ئىنتايىن كۆپ . مەسىلەن : «ئوردا كۆل» ، «بولقا ئۆستەڭ بويى» ، «يېڭى ئۆستەڭ» ، «قوش ئېقىن» ، «بوز ئۆستەڭ» ، «يار كۆل» ، «غاز كۆل» ، «كۆك كۆل» ، «قاش بويى» ، «كاما كۆل» ، «چوڭ ئېرىق» ، «ئوق ئېرىق» ، «شور كۆل» ، «تاتار ئۆستەڭ» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» ، «قۇم قۇ-

دۇق » ، «تىزناپ بويى » ، «ئېقىن بويى » ، «داش كۆل » ، «مىنەك كۆل » ، «زىغىرلىق كۆل » قاتارلىقلار .

7 . ئوۋچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەرناملىرى . ئۇيغۇر خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن زامان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن . بۇلار ئوۋ غەنىمىيەتلىرىنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىپ ، تېرىسىدىن كىيىم ـ كېچەك كىيگەن دەسلەپكى چاغلاردا تاش ، كالتەكنى ئوۋ ئوۋلاش ۋاسىتىسى قىلغان بولسا ، كېيىن ئوۋ قوراللىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، نەيزە ، ئوقيا بارلىققا كەلگەن ، كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىپ ، تۇزاق ، قاپقان ئىجاد قىلىنغان . ئىت ، بۈركۈت ، قارچىغا قاتارلىقلار قولغا ئۆگىتىلگەندىن كېيىن ، بۇلار ئوۋ ئوۋلاشتا بىردىنبىر قورال بولۇپ قالغان . مەكىت ناھىيىسىدە ئوۋچىلىققا دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر ناملىرىدىن «قۇرما » ، «ئارالاڭقا » ، «بولۇڭ لاڭقا » ، «جەرەندۆڭ » ، «چوماق ئۇردى » دېگەندەك ناملار بىزدە ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

8 . چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى . ئىنسانلار ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىپ ئۇلارنى كۆپەيتكەن . شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا چارۋىچىلىق بارلىققا كەلگەن ، خەلقىمىز ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىغان . مەسىلەن : «دۆڭ قوتان» ، «ئۇيلۇق » ، «جەرەندۆڭ » قاتارلىقلار .

9 . دېھقانچىلىققا ئائىت بولغان يەر ناملىرى . مەسىلەن : «ئۈچيۇزمو » ، «چامغۇرلۇق » ، «بوز كەنت » ، «ئەللىك كەتمەن » ، «ئويبۇغداي » ، «ئون ئوتاق » ، «كېۋەزلىك » ، «مەدەنىي پاختىلىق » ، «ئاقبەل پاختىلىق » ، «لايلىق پاختىلىق » ، «خاندى » ، «ئاچچىق تال » قاتارلىقلار .

10 . ئورمانچىلىق ، باغۋەنچىلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى . خەلقىمىز باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . شۇڭا ، مەكىت مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر . ئۇيغۇر خەلقى مېۋە يېتىشتۈرۈشكە تولىمۇ ماھىر بولۇپ ، بىر خىل مېۋە دەرىخىگە باشقا بىر خىل مېۋە دەرىخىنىڭ نوتىسىنى ئۇلاپ ، بىر تۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېۋە دەرىخىدىن بىرنەچچە خىل مېۋە ئالىدىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. خەلقىمىز تۇرلۇك مېۋىلەردىن ئارىلاشما باغ يېتىشتۇرۇشتىن باشقا، يەنە مېۋىنىڭ بىرەر تۇرى بىلەن مەخسۇسلاشقان باغ بىنا قىلىپ كەلگەن. مەكىتتە نۇرغۇن يەر نامىنىڭ «باغ» سۆزى بىلەن ئاتىلىشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: «باغۋەن»، «كۆتەكلىك»، «قاقشال»، «جىگدىلىك»، «باغئېرىق»، «باغئاۋات»، «تاللىق»، «ئۇيباغ»، «سۆگەت كۆل»، «يالغۇز توغراق» قاتارلىقلار.

11. هۇنەر ــ كەسىپكە دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر ناملىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «قازانچى مەھەللىسى»، «يار خۇمدان»، «بولقا»، «تۆمۈرەك»، «خۇمدان مەھەللىسى»، «چوڭ تۆگمەن»، «تۇماق بازىرى» قاتارلىقلار. بۇلار خەلقىمىزنىڭ قانداق يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

12. بازارلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى ئۇچۈن، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان تۇرلۇك قول هۇنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بازار ئارقىلىق ئەركىن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى جايلاردا ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىنى دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بازارلارنى يولغا قويغاندىن باشقا، يەنە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۇرى بويىچە مەخسۇس كىچىك بازارلارنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، يېزىلاردا «دۈشەنبە بازار»، «چارشەنبە بازار»، «شەنبە بازار» دېگەندەك ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بازارلاردىن باشقا، يەنە شەھەر ئىچىدە «قوناق بازىرى»، «ياغ بازىرى»، «ئۆرۈك بازىرى»، «پاختا بازىرى»، «جوۋا» (ئاشلىق بازىرى)، «توخۇ بازىرى»، «سۈت ــ قايماق بازىرى»، «مال بازىرى» (چارۋا مال بازىرى)، «ئۆتۈك بازىرى»، «ياغاچ بازىرى»، «بورا بازىرى» «پاختا بازىرى»، «بازار جەمى»، «يېڭى بازار»، «شەھەر كەنتى»، «شياڭگاڭ بازىرى»، «بوتايلاق بازىرى» دېگەنگە ئوخشاش مەھسۇلاتلارنىڭ تۇرى بويىچە ئاتالغان مەھەللىلەر ھازىرغىچە بار.

13. تەبىئىي مەنزىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. مەسىلەن:

«قاقشال كەنتى» ، «ئاق بۇلمە» ، «تېپتېر» ، «كۆۋرۈكلۈك كەنتى» ، «داش كەنتى» ، «تام دۆڭ كەنتى» ، «كۆككۆل كەنتى» ، «قاشبويى كەنتى» ، «كاما كۆل» ، «تۆپى شور» ، «قۇم دۆڭ» ، «دۆڭ مەھەللە» ، «دەرۋازا قۇم» ، «سېرىق كۆل» ، «قوش ئۆستەڭ» ، «غول مەھەللە» ، «خادىلىق» ، «شال قۇدۇق» ، «جىلغا» ، «ئۈچ ئاچال» ، «داڭقان چۆل» ، «ئەينەك تام» ، «تۇز تاغ» ، «شور كۆل» ، «چوڭ زەيلىك» ، «شامال سازلىقى» ، «تىكەنلىك ئويمات» ، «قازانكۆل» ، «ئاق دالا» ، «سېرىقباش كەنتى» قاتارلىقلار .

14 . چالغۇ ئەسۋابلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «ناغرىچى» ، «غېجەك ئورمان» قاتارلىقلار .

15 . ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «جەرەندۆڭ» ، «تۆگە دۆڭ» ، «ساچقاق» ، «بىر ئېغىز» ، «غازكۆل» ، «ھۇۋقۇشدۆڭ» ، «تۆۋەن ھاڭغىتلىق» ، «ئۇقالىق» ، «كالا دۆڭ» ، «تىكەنلىك» ، «ئۇكىلىق سازلىقى» ، «كېيىك تال» ، «بوتىلاق بازىرى» ، «پاختەكلىك» قاتارلىقلار .

16 . ئادەملەرنىڭ سۈپەت ـ قىياپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «خوجا ئاۋات» ، «سوپى مەھەللىسى» ، «باي مەھەللىسى» ، «ھاجىئاۋات» ، «ھاجى قۇم» ، «سوپا دۆڭ» ، «بايچەك كوكۇلا» ، «قەلەندەر زەيلىكى» ، «شاڭيۇ كەنتى» قاتارلىقلار .

17 . ئۆسۈملۈك ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «چامغۇرلۇق» ، «يانتاق يېزىسى» ، «يۇقىرى ئاقتىكەن» ، «قىياغلىق ئۆي» ، «ئاقتىكەن لالما كەنتى» ، «كېۋەزلىك كەنتى» ، «چىرىمدانلىق» ، «كەندىرلىك» ، «قومۇش مەھەللە» ، «چىگىلىك كەنتى» ، «چىغلىق كەنتى» ، «چىگە توقاي» ، «زىغىرلىك كۆل» ، «پاقما يۇلغۇنلۇق» قاتارلىقلار .

18 . قەدىمكى قونالغۇلار ، ئۆتەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «لەڭگەر مەھەللىسى» ، «لەڭگەر كەنتى» ، «باش لەڭگەر» ، «يىلانلىق» ، «دۇكۇ» (دەريا ئۆتكىلى) قاتارلىقلار .

19 . خان ـ پادىشاھلار ، بەگ ـ خوجاملار نامىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «خاندى (خاڭدى) كەنتى» ، «خانناماز» ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«خانكۆل» ، «قىزىلئاۋات» ، «قىزىلچى كەنتى» ، «خوجائاۋات» ، «ئوردا كۆل» ، «ھاجىئاۋات كەنتى» ، «سوپا دۆڭ كەنتى» ، «شىپىتدۆڭ» قاتارلىقلار .

20 . باشقا يۇرتلارنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «پوسكام كەنتى» ، «قەشقەر مەھەللىسى» ، «پوسكام لالما كەنتى» ، «تېرىم مەھەللىسى» ، «چاسا كەنتى» ، «ئاقسۇ قۇدۇق» ، «يەرمەن كەنتى» ، «ئاقبەل پاختىلىق» ، «لايلىق پاختىلىق» قاتارلىقلار .

21 . توتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس بولغان يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ توتېم نامىدىن كەلگەن ، دېيىشكە بولىدۇ . ئېيتىشقا تېگىشلىك شۇكى ، قەدىمكى دەۋرلەردە ھەربىر ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېم بەلگىسى بولاتتى ، شۇڭا شۇ دەۋردىكى يەر - جاي ناملىرىمۇ ئاشۇ توتېم نامىنى ئاساس قىلاتتى ، ئەپسۇسكى ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىدىن قارىغاندا ، توتېم نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى ناھايىتى ئاز ، قەدىمدە ئۇيغۇرلار تاغ ۋە دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى دەپ قاراپ ، ئۆزلىرىگە قۇت ، نىشان قىلاتتى . مەسىلەن : «قارا دۆڭ» ، «قارا كۆۋرۈك» ، «قارادولان» ، «قارا ئۆي» ناملىرى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن .

22 . سان - سىپىرلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «ئۈچيۈزمو» ، «ئەللىك كەتمەن» ، «تۈمەنتال» قاتارلىقلار .

23 . رەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «كۆك كۆل» ، «ئاق بەل» ، «ئاقبۆلمە» ، «قارا دۆڭ» ، «قىزىلئاۋات» ، «قىزىلچى كەنتى» قاتارلىقلار .

24 . ھەپتە - كۈنلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى . مەسىلەن : «يەكشەنبە بازار» ، «دۈشەنبە بازار» ، «شەنبە بازار» ، «ئازنا بازار» قاتارلىقلار .

25 . كۈتۈلمىگەن ۋەقە - ھادىسىلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى . مەسىلەن : «خامان كۆيدى» ، «قاپاق ئاستى» ، «يارچاقتى» قاتارلىقلار .

## 3 . مەكىت يەرناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

يەر ناملىرى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى . ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى مەدەنىيەت ھادىسىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى ، ئېنىقراقى مىللەت ۋە قەبىلىلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ يەر ناملىرى ئارقىلىقلا تونۇلىدىغانلىقى ھەمدە ھەرقانداق بىر يەرنامىنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەت شەكلىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى بىلەن يەنە ئۆزگىچە يەر ناملىرى مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن . يەر ناملىرى مەلۇم بىر رايون ياكى دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋرلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش مەنبەسى قىلىدۇ . بۇ ئارقىلىق يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى مەيدانغا كېلىدۇ .

يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى مەيلى قايسى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بولسۇن ياكى قايسى مىللەت ، قايسى تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىدىن بولسۇن ، مەدەنىيەت ھادىسىسى ئوخشاشلا ھامان ئۆزىنىڭ قاتلاملىقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، تەرەققىي قىلىدۇ ياكى ئۆزگىرىدۇ . شۇڭا يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ، مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك سىستېمىسى ۋە تىل سىستېمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت تىپلىرىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك . يەر ناملىرى ئەنە شۇ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ساقىندىلىرى بىلەن ئۇچراشقان بولغاچقا ، يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ھەم چوڭقۇر ، ھەم مۇرەككەپ

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى ، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان : «يەر ناملىرى ئىلمى» ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاي 161 ـ ، 162 ـ ، 174 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ .[①]

مەكىت يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، مەكىت يەر نامىلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ .

### 1 . مەكىت يەر نامىلىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ئامىللار

يەر نامىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇغراپىيىلىك سۇبستانسىيەلەرنى بىلدۈرسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قويۇلۇشى تارىخىي شەخسلەر ، تارىخىي ۋەقە- ھادىسىلەر ۋە مىللەت ، ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا ، تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۆزلىرى بىلدۈرگەن جۇغراپىيىلىك سۇبستانسىيىلەر مەۋجۇتلا بولسا ، شۇ يەر نامىنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي بەلگىلەر ئۆزگىرىپ ياكى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتسىمۇ ، يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەنگەن تۈرلۈك تارىخىي ئامىللارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ تارىخىي ئامىللار تارىخ تەتقىقاتىدىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا دەلىل- ئىسپات ياكى يىپ ئۇچى بولۇپ بېرىدۇ[①] .

يەر نامىلىرى ، بولۇپمۇ قەدىمكى يەر نامىلىرى تارىخ تەتقىقاتىدا شۇنچىلىك مۇھىمكى ، تارىخىي يازمىلاردا كەم قالغان ياكى بۇرمىلانغان بىر قىسىم تارىخىي ئەھۋاللارنى مۇشۇ يەر نامىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلاپ چىقىشقا ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ . دېمەك ، تارىخ تەتقىقاتىدا تارىخىي يازمىلارنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە يەر نامىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تارىخشۇناسلىقنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىق ۋە ئىلمىي بولۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

1 ) مەكىت يەر نامىلىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ .

مەكىتنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي يازمىلارنىڭ كۆپ

---

① ئارسلان ئابدۇللا : «شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى ، 173 - ، 174 - بەتلەر .

بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ، مەكىتنىڭ قەدىمكى تارىخى ، مەدەنىيىتى ، بولۇپمۇ مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلقلەر ھەققىدە بىزنىڭ ئىگە بولغان مەلۇماتىمىز ئىنتايىن ئاز ، ھەتتا يوق دېيەرلىك . شىنجاڭنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ، مەكىتنىڭ قوشنا جايلىرىغا ئائىت تارىخىي يازمىلارغا مۇراجىئەت قىلغاندىمۇ بىز ئىگە بولغان مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاز . يېقىنقى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان مەكىتنىڭ تارىخ ، مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يەنىلا شۇ مەكىت يەر - جاي ناملىرى ئارقىلىق ، مەكىتنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان يەر ناملىرى بىلەن ئېنىقلاشقا توغرا كەلدى .

ئىلگىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى توغرىسىدا ، جۈملىدىن مەكىتتە قاچاندىن باشلاپ ئاھالە ياشىغانلىقى توغرىسىدا مۈجمەل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىنگەنىدى . بىزنىڭ «مەكىت» نامى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز ، بۇ نامنىڭ ئېتىنىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن ، مەكىتتە مىلادىيە 11 - ، 12 - ئەسىرلەردە زور كۆلەمدىكى ئاھالىنىڭ چوڭ كۆچۈشى يۈز بەرگەنلىكىنى ، مۇشۇ كۆچۈشتىن باشلاپ «مەكىت» دېگەن بۇ نامنىڭ دولان (يەكەن ) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى قەدىمىي بوستانلىققا يەر نامى بولۇپ قالغانلىقىنى ، شۇنىڭدىن باشلاپ مەكىت ئاھالىسىنىڭ تارىخىي يازمىلاردا تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىشكە ئىمكان بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، «مەكىت» نامىغا ئالاقىدار ئەپسانە - رىۋايەتلەردىنمۇ مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى ، ئۆز ئارا قوشۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەر ھاسىل بولدى .

2 ) مەكىت يەر - ناملىرى مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ۋە ئېتنىك تەركىبلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ .

مەكىتتىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، مەكىت بوستانلىقىدا يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى ) دە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغان بولۇپ ، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەر ھەققىدە ئارخېئولوگىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىك مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك . يازما مەلۇماتلاردا بولسا ئەتراپتىكى قوشنا جايلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن . بۇ هال بىزنىڭ مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى ئاهالىنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ۋە ئېتنىك تەركىبى هەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىزغا ئىنتايىن زور چەكلىمە ئېلىپ كەلدى . بىز پەقەت شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى ، مەكىتنىڭ قوشنا جايلىرىنىڭ تارىخى ئارقىلىق مەكىتتە مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينى (بۇنىڭدىن 2000 — 2500 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلار )دە بىر تۈركۈم قەدىمكى ئاهالىنىڭ ، جۈملىدىن تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى هەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق . شۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ، مەكىت بوستانلىقى هونلار ۋە غەربىي يۈرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ، ئېفتالىتلار ، تۈبۈتلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ، باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى . ئەمما مەكىتتىكى قەدىمكى ئاهالىنىڭ ئېتنىك تەركىبى هەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولمىدى . مىلادىيە 9 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي چۆللۈك (ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىسى ) دىن تارىم ۋادىسىغا سىلجىشى بىلەن مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاهالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى تۈراقلاشتى ۋە «مەكىت» تىن ئىبارەت قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بۇ بوستانلىققا يەر نامى بولۇپ قالدى . دېمەك ، «مەكىت» نامى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش ئېتنىك مەنبەسى ئارقىلىق ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق بىر دەۋرنىڭ تارىخ ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدى .

3 ) مەكىت يەر نامىلىرى مەكىتتە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقە - هادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ .

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، «مەكىت» نامى مەكىتنىڭ قەدىمكى تارىخى ، قەدىمكى ئاهالىسى هەققىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن بولسا ، مەكىت يەر نامىلىرى هەققىدىكى رىۋايەتلەر ، بولۇپمۇ مەكىتنىڭ يېقىنقى زاماندا بارلىققا كەلگەن يەر نامىلىرى مەكىتتە يۈز بەرگەن بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى هەققىدە تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ . مەسىلەن : «شاهتاتا» ، «خانكۆل» ،

«خانىماز» ، «خوجائاۋات» ، «شېھىتدۆڭ» ، «ئارلاڭقا» ، «بۆلۈڭ-لاڭقا» ، «قەشقەر مەھەللىسى» ، «پوسكام مەھەللىسى» ، «خامانكۆي-دى» ، «بۇقاپاتا» قاتارلىقلار .

**2 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئامىللىرى**

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان تەبى-ئىي- ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مىللەت تۇپەيلىدىن رەڭگارەڭ تۇس ئالغان بولىدۇ ، ھەرخىل تىپلارغا بۆلۈنىدۇ . شۇنداقلا مەدەنىيەت تىپلىرى كۆپ ھاللاردا يەر ـ جاي ياكى مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىدۇ . مەدەنىيەت تىپلىرى مەيلى ماكرو ياكى مىكرو جەھەتتىن بولسۇن ، دەسلەپتە ئۆزىگە خاس رايون ياكى مىللەت خاراكتېرى بىلەن روشەن پەرقلەنسىمۇ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، مەدەنىيەت تىپلى-رىنىڭ مىللەت ياكى رايون خاراكتېرى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ياكى يوقىلىشى ئارقىسىدا سۇسلىشىدۇ . لېكىن يەر ناملىرى تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، ئۇلاردا ماك-رولۇق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەرخىل ئامىللىرى ، خۇسۇسەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ[1] . مەكىتتىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، بىر قىسىم يەر ناملىرى بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۇچرايدۇ . بىر قىسىم يەر ناملىرى بولسا ، مەكىت بىلەن قوشنا جايلاردا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچرايدۇ . بىر قىسىم يەر ناملىرى بولسا ، پەقەت مەكىتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ ، باشقا جايلاردا ئۇچرى-مايدۇ . بۇ ھال دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىل-لەنگەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن : مەكىتتىكى «بازار» ، «سان- سىپىر» ، «ھۈنەر ـ كەسىپ» قاتارلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى پۈتۈن شىنجاڭ ، مەكىتكە قوشنا بولغان جايلارغا بىر قەدەر ئومۇمىي بولغان ناملار بولۇپ ، ئۇلار مەكىتنىڭ سودا ـ

---

① ئارسلان ئابدۇللا : «شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلى-مى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى ، 183 ـ ، 184 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ باشقا جايلار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىككەن، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىدەك ئومۇملۇقنى كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ مەكىتتىكى مەلۇم جايلارغا خاس نام بولۇپ قويۇلۇشى، شۇ جايلارنىڭ سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس تۈرلەرگە ئايرىلىپ، مۇقىم ئورۇنغا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىنغانلىقى، بۇ نام بىلەن ئاتالغان ئورۇنلارنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئاخىرىدا مۇشۇنداق مۇقىم خاسلىققا ئىگە بولغان يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەكىتتە «دۆڭ»، «قۇم»، «سازلىق» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى بىر قەدەر كۆپ، بۇ ناملار مەكىتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان بولۇپ، بۇنداق تەبىئىي مۇھىت، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى بىلەن «بازار»، «ھۈنەر ـ كەسىپ»، «كۈنلەر» قاتارلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى دەۋرى، قەدىمكى ئاھالىسى بىلەن ھازىرقى ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالى، ئىپتىدائىيلىق بىلەن تەرەققىيات (زامانىۋىلىق) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي ئۆتمۈش جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەكىتتە «سۇ»، «ئېقىن»، «كۆل»، «باغ» قاتارلىق ناملار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بۇلار مەكىتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، مەكىت خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇھىمى مەكىتتە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتكە بېقىنىش شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى داۋام قىلدۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرىدىن، تەكلىماكاننىڭ غەرب چېتىدىكى مەكىت بوستانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتلىق ھەرىكىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

مەكىت يەر ناملىرىنىڭ ئىچىدە «يېڭىئاۋات»، «خوجا ئاۋات»، «يېڭىبازار»، «قىزىلئاۋات» دېگەندەك «ئاۋات» سۆزى بىلەن تۈزۈل-

گەن يەرناملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ، مەكىتتە خېلى بۇرۇنلا ئايرىم رايونلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا بىرقەدەر باياشات ، گۈللەنگەن ، ئاۋات بازار ، ئاھالىلەر نۇقتىلىرى ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

دېمەك ، مەكىتتىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى مەكىتتە ياشىغان خەلقنىڭ ھايات پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ ، ھەممىسى ئۆزىگە خاس بىر مەنە ، مەدەنىيەت ئۇچۇرىغا ئىگە بولغان .

### 3 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئامىللار

يەر ناملىرى كېلىپ ـ چىقىش جەھەتتىن ، ھەر قايسى دەۋر ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا ، بەزى يەر ناملىرى شۇ رايوننىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

مەكىتتە توتېم ئېتىقادى ، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تارىخىي ئامىللار سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىدىن «قارا ئۆي» ، «قارا دۆڭ» ، «قاپاق ئاستى» ، «ئون ئوتاق» ، «مازار مەھەللىسى» ، «باش قايدى مازار» ، «شېھىتدۆڭ» ، «ئۆكتە كۆل» ، «قوراللىق» دېگەن يەر ناملىرى بۇ يۇرتنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە بىر قىسىم تارىخىي ئەھۋالىدىن دېرەك بەرسە ، مىللەت ، خەلقلەرنىڭ كۆچۈشى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن «مەكىت» ، «يېڭىئاۋات» ، «قۇمقىسار» ، «غولمەھەللە» ، «لايداڭ» ، «مەكىت پاختىلىق» ، «ئاقبەل پاختىلىق» ، «لايىلىق پاختىلىق» ، «مەدەنىي پاختىلىق» قاتارلىق يەر ناملىرى بۇ يۇرتلاردىكى مىللەت ، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ، ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ . خان ـ پادىشاھلار ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرىدىن «خانكۆل» ، «ئوردا كۆل» ، «خانناماز» ، «غوجائاۋات» ، «شاھ تاتار» ، «قىزىلچى» قاتارلىق ناملار مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتلەر ، ھۆكۈمرانلار ، خان ـ خوجىلار ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ، ئۇلارنىڭ مەكىت تارىخىدىكى ئورنى ، رولى ، ئىش - پائالىيىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ .

### 4 . مەكىت يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تىل ئامىللىرى

يەر ناملىرى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن ھەممە ھەر قايسى دەۋرلەردە ، ئوخشىمىغان رايونلاردا ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن قويۇلۇپ ، دەۋر ، رايون ، مىللىي تۇسلەرگە ئىگە قىلىنغانلىقتىن ، ئۇلار شۇ دەۋر ، شۇ رايون ، شۇ مىللەتكە خاس بولغان تىللار ، دىئالېكتلارنىڭ دەۋر ، رايون ۋە مىللىي خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ .

مەسىلەن : قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن «مەكىت» نامى ئۆزى تەۋە بولغان مىللىي تەركىب تۇپەيلى ، ناھايىتى يىراق بولغان تارىخقا ، قەدىمكى تۈركىي تىللار تەركىبىگە مەنسۇپ . بىراق ، بەزىلەر «مەكىت» دېگەن نامنىڭ تىل تەۋەلىكىنى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ ، «شەھەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ، دەپ قارايدۇ[1] (ئەلۋەتتە بۇ بىر ئىلمىي پەرەز بولۇپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ ) .

مەكىت يەر ناملىرىدا «قارا» سۆزى بىلەن تۈرلەنگەن «قارا ئۆي» ، «قاراكۆۋرۈك» ، «قارا دۆڭ» دېگەن يەر ناملىرى خېلى كۆپ بولۇپ ، بۇ يەردىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ ، بۈيۈك ، ئۇلۇغ» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ[2] . «كۆل» سۆزى بىلەن تۈرلەنگەن يەر ناملىرىدىن «خانكۆل» ، «غازكۆل» ، «ئوردا-كۆل» ، «شوركۆل» ، «كاما كۆل» دېگەن يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ ، بۇ يەردىكى «كۆل» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭقۇر ، كەڭ ، مۇقەددەس» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ . شۇڭا ، قەدىمكى ئەجداد-

---

① نىۋ رۇجى : «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 - يىل 3 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 137 - بەت .

② ئەخمەت سۇلايمان ، ھەمىت سەمەت : «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹قارا› سۆزى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 - يىل 4 - سان ، 73 - بەت .

لىرىمىز سۇغا بولغان ئېتىقادىتىن ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن خاقان ۋە قەھرىمانلار ئۆز ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . مەسىلەن ، «كۆل ئەركىن» ، «بىلگە كۆل قاغان» ، «كۆلتېگىن» ، «كۆل تارخان» دېگەنگە ئوخشاش[1] .

مەكىت يەر ناملىرىدا تەبىئىي مۇھىت ، تەبىئىي رەڭ ، ھايۋانات ۋە قۇشلار ، تەبىئىي مەنزىرە ، ئۆسۈملۈكلەر ، ئورمان ۋە باغۋەنچىلىك ، سۇ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ ، بۇلار ئىچىدىكى خاس ناملار (شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان خاس ناملار ) ۋە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەردىن تەركىب تاپقان يەر ناملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئومۇمەن بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى تۈركىي تىللار سىستېمىسىغا تەۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ ناملارنىڭ تەركىبىدە ئەرەب ، پارس ۋە باشقا تىللارنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرى يوق . شۇڭا بۇ ناملارنى ھېچبولمىغاندا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن يەر ناملىرى دېيىشكە بولىدۇ .

## 4 . مەكىت يەر ناملىرىغا ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر

يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلىپ ، مەلۇم بىر يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، مەنىسى ، دائىرىسى ياكى مەلۇم بىر جايدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق ، شۇ جايدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، دىنىي ئېتىقادى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى… قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، شۇ جاي يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر ،

---

[1] نۇرمۇھەممەت توختى : «دىنىي تەقىبلەر ۋە بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1991 ـ يىل 4 ـ سان ، 162 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارىخىي شەخسلەر، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت، دوستلۇق ـ ھەمكارلىق، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەكىت يەر ناملىرىغا ئائىت بولغان رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاشلا مەكىت يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە مەكىتنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## 1. تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى كىشىلەر قەلبىدە ئۆنتۈلماس تەسىرات پەيدا قىلىش بىلەن بىللە، يەر ـ جاي ناملىرى بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىپ، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار بولغان يەر ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنبە بولغان رىۋايەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەردە ھەر قايسى يۇرت ـ شەھەرلەرنىڭ، تاغ ـ جىلغىلارنىڭ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ، مازارلارنىڭ، مەشھۇر قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقى تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ يەر ناملىرى ئارقىلىق بىز شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخس ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

«مەكىت ھەققىدىكى رىۋايەت» تە بۇ ناھىيىنىڭ نامىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى چۈشەندۈرۈلىدۇ: تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى، يەكەن خانى بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى تىزناپ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ تۇۋەنكى ئېقىنىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى قەرەللىك ھالدا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. يەكەن خانلىقىغا تەۋە بىر قورغاندا مۇقات ئىسىملىك بىر زالىم

پادشاھ بار ئىكەن . ئۇ پۇقرالىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكسپىلا- تاتسىيە قىلىپ ئېزىدىكەن . كىشىلەر تاقەت قىلىپ تۇرالماي قوزغى- لىپ ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپتۇ . قوزغىلاڭچىلار قامەتلىك كەلگەن مىگىتنى باشچى قىلىپ ، نەچچە يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىر مۇقاتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، مىگىتنى خانلىق تەختى- گە چىقىرىپتۇ . كېيىن كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ باشچىسى مىگىتنىڭ ئىسمىنى بۇ يەرنىڭ نامى قىپتۇ . كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مىگىت» تاۋۇش ئۆزگىرىشى قىلىپ بۇگۈنكى «مەگىت» كە ئۆزگەرگەنىكەن .

2 . مېھىر ـ مۇھەببەت ، دوستلۇق ـ ھەمكارلىق ھەققىدىكى يەر نامىلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ، دوستلۇق ـ ھەمكار- لىق يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھاياتلىق پائالىيىتى- نىڭ سەھناسى بولغان جايلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ ، شۇ جايلارنىڭ يەر نامىلىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئىنسانلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت ، دوستلۇق ـ ھەمكارلىقىغا ئائىت بولغان نۇرغۇن ھېكايە ـ قىسسىلەرنى ، رىۋايەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

«مۆكۈپ رىۋايىتى» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ : بۇ يەر يۇرت بولغان دەسلەپكى چاغلاردا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق ، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چاتقال ـ يۇلغۇنلۇق ئىكەن ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋەھشىي- لىرىمۇ بۇ يەردە ياشايدىكەن . ئۇلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا ، كىشى- لەر ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ ، لاڭقا (توساق) ياساپتۇ . بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى توقۇلما (تۆيۈزە) تامنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن . سىرتقى جايلاردىن كەلگەنلەر بۇلارنى «مۆكۈپ ياشايدىغانلار» دەيدىكەن . كې- يىنچە بۇ نام «مۆكۈبلەر» دېگەنگە قىسقىراپتۇ . زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ . ھازىر بۇ يۇرتتا ساقلىنىپ قالغان «ئارالاڭقا» ، «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەنناملار ئاشۇ ۋاقىتتىن قالغانىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«يەكەن دەرياسى[1] ھەققىدىكى رىۋايەت» تە مۇنداق ھېكايە سۆزلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا قەشقەردە ساھىبجامال بىر قىز بولۇپ، ئىسمى ئانارخان ئىكەن. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ بىر چاكىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئۇنىڭ پۇلپەرەس دادىسى قىزنى ئۇنىڭدىن 50 نەچچە ياش چوڭ بىر باي سودىگەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. قىز بۇنىڭغا قوشۇلماي، سۆيگىنى بىلەن يوشۇرۇنچە قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىگە قېچىپ بېرىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئانارخان بىر قىز تۇغۇپتۇ. ئۇنى كىچىك ئانارخان دەپ ئاتاپتۇ. قىز تۇغۇلغاندا بوينىدا بىر تىزىق ئالتۇن زەنجىرى بار ئىكەن. قىز تۇغۇلۇپلا سۆزلەپتۇ. قىزچاق ئاتا ـ ئانىسىدىن: «سىلەرگە نېمە لازىم» دەپ سوراپتۇ، ئانىسى ئۆي لازىم دەپتۇ، ئاتىسى بوستانلىق ۋە قوي، كالا لازىم دەپتۇ. قىزچاقنىڭ بوينىدىكى زەنجىر بىرلا چاقناپتىكەن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. كېيىن، كىچىك ئانارخاننىڭ بوۋىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ، نەۋرىسىنىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ، تالىشىش جەريانىدا زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ، بىر دەريا پەيدا بوپتۇ ـ دە، بۇ ئاچ كۆز باينى يۇتۇپ كېتىپتۇ. دەريا ئالتۇن زەنجىردىن ھاسىل بولغانىكەن. كىچىك ئانارخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ قومۇلۇققا قاراپ يول ئاپتۇ. «يەكەن» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «يەركەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### 3. يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخسلەر

قەھرىمان شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا تولۇپ ياتىدۇ. يەر نامىغا ئائىت رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئىچىدە توقۇلما، مۇبالىغە قىلىنغانلىرىمۇ بار، شۇنداقلا ھەقىقىي ۋەقەلىك خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ بار. بىز ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى تاشلاپ، چىنلىرىنى ساقلاپ ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدىغانلا بولساق، بەزى ئەھمىيەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ باي-

① يەكەن دەرياسى تارىختا كۆپ خىل نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، باشلىنىش نۇقتىسىدىن يەكەن ناھىيىسى دائىرىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا «زەرەپشان دەرياسى»؛ يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە «يەكەن دەرياسى»؛ مەكىت، مارالبېشى ناھىيىسىدىن تاكى تارىم دەرياسىغا قويۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا «دولان دەرياسى» دەپ ئاتالغان. بۇ رىۋايەت مۇشۇ خىل ئالاھىدە سەۋەب تۈپەيلىدىن ئېلىنىدى.

قىيالايمىز . دەرۋەقە ، رىۋايەتلەردە گەرچە ئەكس ئەتتۈرگىنى ھەقىقىي ۋەقە ۋە ھەقىقىي شەخس بولسىمۇ ، يەنىلا ئازدۇر - كۆپتۇر مۇبالىغە ئارىلاشقان بولىدۇ . شۇڭا ئۇنى تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلەتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .[1]

«مىكىت» ، «مىكىت گەۋرى» ھەققىدىكى رىۋايەتمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ .

موڭغۇللار دەۋرىدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن چىن دەيخان قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ھاڭغىتلىق يېزىسى 9 - كەنتتىكى ئەپچىل بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ ، بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ ، دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ ) . چىن دەيخان ئۈچ يىل جەريانىدا خىلمۇخىل ۋاستىلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ، مال - مۈلكىنى بۇلىغان . چىن دەيخاننىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئاخىرى ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان . بۇ جەڭگە دولان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياش ھەم تەدبىرلىك يولباشچىسى «مىكىت گەۋرى» دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان . ئۇ دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ ، چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن . كۈرەش تەخمىنەن بىر يىل داۋاملىشىپ ، ئاخىرى «مىكىت» نىڭ باشلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ھازىرقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمنىڭ تۈۋىدە چىن دەيخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە شۇ قۇملۇققا كۆمگەن . شۇنىڭدىن بېرى ، بۇ قۇملۇق مازار قىلىنىپ ، ھازىرغىچە «مازارى چىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بەزىلەر «چىن دىرخان مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ ) . چىن دەيخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بىلەن مىكىتنىڭ نامى ئەل ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق قازىنىپ ، «دولاننى «مىكىت ، » ئاپتۇ» ، «دولان مىكىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ» دېگەن سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان . شۇنىڭ بىلەن ، «دولان» دېگەن ئىسىم «مىكىت» كە ئۆزگەرگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، كىشىلەر دولانغا بارىمەن دېمەكچى بولسا ، مىكىتنىڭ شەھىرىگە بارىمەن

---

① نيۇرۇجى : «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ، تۈرى ۋە تېمىسى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1994 - يىل 4 - سان ، 114 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەيدىغان بولغان . مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن «مىكىت» دېگەن سۆز ئاستا ـ ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن .

**4 . يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە دىنىي خۇراپاتلىق**

ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرى ئوخشاشلا مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان دىنىي ئېتىقادمۇ مۇقەررەر ھالدا ئاغزاكى ياكى يازما ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ .

«مەرتىگېت رىۋايىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : ئاتام زامانىسىدا (بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى) تەكلىماكاندا ناھايىتى باياشات ، روناق تاپقان ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان شەھەرلەر بار ئىكەن . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادەتتىن ئاجىزلاپ ، ئىمانى سۇسلىشىپ ، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالار يامراپ ، ئىنساپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ . ئەتراپنى مانا مۇشۇنداق بۇلاڭ ـ تالاڭ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى ، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ . بۇ ۋاقىتتا ، ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادىنى يوقاتماي ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ، كىشىلىرى تولىمۇ مۆمىن بىر قوۋم بولۇپ ، ئۇلار ئاللادىن بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ . شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ، «ئاللا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىغان ئاسىي بەندىلىرىگە غەزەپلىنىپ قۇم بالاسى بەردى . سىلەر بولساڭلار ئۆز نېسىۋەڭلەرگە شۈكۈر قىلىپ ، ئاللانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن ، ئاللا سىلەرنى بۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلدى» دەپ قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشنى ، ھاسا چۆكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ ، يىقىلىپ چۈشمەستىن داۋاملىق چۆرگىلەشنى ، قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن كۆتۈرۈپ قاراپ مېڭىپ ، سۇلۇق بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ ، ھېلىقى كىشى بەرگەن ھاسىنى چۆرگىلەپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قۇم يېغىش توختاپتۇ .

لېكىن ئەتراپنى پوتونلەي قوم بېسىپ ، شەھەرلەردىن ھېچقانداق ئە-
سەر قالماپتۇ . چۆرگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ
قوم ئاستىدا قېلىپ ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قاپتۇ ۋە كۈنپېتىشقا
قاراپ مېڭىپ ، ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ . بۇ
يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھماندوست ، مەرد كىشىلەر ئىكەن .
ئۇلار ، بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپتۇ . كېيىن ،
ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدى-
غان «مەرتگېت» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ . كېيىنچە زاماندى-
لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا - ئاستا «مەرگېت» ،
«مەركىت» ، «مەكېت» (مەكىت) گە ئۆزگىرىپ ، قوللىنىشقا ئاساد-
لاشتۇرۇلغانىكەن .

«دولېلار» ھەققىدىكى رىۋايەت . بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا
مۇنداق رىۋايەتمۇ سۆزلىنىپ تۇرىدۇ : بۇرۇنقى زامانلاردا دولانلىقلار-
نىڭ ئەجدادلىرى قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ
ئومايلىرى (ئايال داخانلىرى) ناھايىتىمۇ ئەقىللىق بولۇپ ، كەلگۈ-
سىدە بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم چىقىرالايدىكەن . بۇ ئومايلار-
نىڭ چوڭلىرى دولىلار (ئۆشنىسىدە ئەقلى بارلار) دېيىلىدىكەن .
بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئۇلارنىڭ ھەمىشە ياۋا توڭگۇزنىڭ تاغاق سۆڭە-
كىگە ئويۇلغان ئايەت ۋە ئەپسۇنلارنى كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقىدا ئىكەن .
ھازىرمۇ مەكىت رايونىدا ئايال قوشناچىلار (پېرىخونلار) كۆپ ئۇچ-
رايدۇ . ئەر پېرىخونلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كەڭ ،
يىلتىزى چوڭقۇر . شۇڭا بۇ خىل رىۋايەتلەر مەلۇم تەتقىق قىلىش
قىممىتىگە ئىگە .

## 5 . مەكىتتىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا

بىزگە مەلۇمكى ، يەر ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئور-
نى ، تەبىئىي شەرت - شارائىت ئالاھىدىلىكى ، كان بايلىقلىرى ، يېزا
ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ، شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى بويسۇندۇرغۇچى، بايقىغۇچىلار-نىڭ نامى، يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر… قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت - شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىسىملار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، پائالىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەكىت ناھىيىسىدىكى بەزى يەر نامل-رىمۇ يېقىنقىدەك يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە كېيىنچە بەزى ئۆزگىرىش-لەرنى ياسىغان.

قارا ئۆي ئىلگىرى بۇ جايدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىقتا ئولتۇ-راقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دولان قەبىلىسى، دائىم دېگۇدەك جاڭگالدىكى قويۇق ئۆسكەن دەرەخلىقلەر ئىچىدىكى يىلپىز، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقاتتىكەن. كېيىنچە ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋان-لارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش چارىسىنى تېپىپ، جاڭگالنىڭ يۇرتقا يېقىن تەرىپىگە بىر قاراۋۇل ئۆيى ياساپ، نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خېلىلا قۇتۇلغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ ئۆينى ئۇلۇغلاپ «قارا ئۆي» دەپ ئاتاشقان ۋە شۇ كەنتنىڭ نامىمۇ «قارا ئۆي» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئومۇملىشىپ كەتكەن[①]

«ئارالاڭقا» ۋە «بۇلۇڭلاڭقا» بۇ يۇرت (مەكىت) قويۇق ئۆسكەن ئىپتىدائىي توغراقلىققا يېقىن بولۇپ، جاڭگالدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يۇرت خەلقىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتىكەن. بۇنىڭدىن جاق تويغان خەلق جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىسىنى لاڭقا («ياغاچ توسما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن توسۇپ، مال - چارۋىلىرىنى قوغدى-غان. لاڭقا بېكىتىلگەن جاينىڭ جاڭگال بىلەن يۇرت ئارىلىقىدىكى مۇساپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن قىسمى كىشىلەر تەرىپى-

① «ئانا يۇرت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 5 - سانى.

دىن «ئارالاڭقا» ، جاڭگالغا يېقىنراق بولغان بۆلۈك قىسمى «بۆلۈڭ-لاڭقا» دەپ ئاتالغان . كېيىنچە بۇ شۇ جايلارنىڭ نامى بولۇپ ئومۇملى-شىپ كەتكەن①

«شېھىتدۆڭ» مىلادىيە 1533 - يىللىرى ، مەخدۇم ئەزەم مۇ-رىتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرد-سىدا مەزھەپ كۈرىشى يۈز بېرىپ ، ئاخۇنلۇق (ھازىر پەيزىئاۋات تەۋە-سىدە) ، تېرەك لەڭگەر (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) ، شور-دۆڭ (مەكىت ناھىيىسىدە) دېگەن جايلاردا سوپىلار ئۆزئارا سوقۇش-قان . مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاتاقلىق ھەمراھى ۋە مەسلىھەتچىسى مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 نەپەر مۇرىتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن جايدا مۇھەم-مەت شېرىپ ئىشان سوپىلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان② . شۇنىڭ-دىن كېيىن ، «شوردۆڭ» دېگەن بۇ جاي ئۇلۇغلارنىڭ شېھىت بولغان جايى سانىلىپ «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتىلىپ ، ئومۇملىشىپ كەتكەن .

«قالماق جىلغىسى» تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، 1743 - يىلىدىن 1748 - يىلىغىچە ، شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چىن دەيخان قوشۇن باشلاپ كېلىپ ، ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدىكى بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ ، بۇ جايدىكى خەلقلەرگە كۆپ زۇلۇملارنى سالغان ۋە قىرغان③ . شۇنىڭ-دىن كېيىن ، بۇ جىلغىنىڭ نامى «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپ ئومۇملىشىپ قالغان .

«ئوردىكۆل» بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار : بىرى ، بۇرۇن شۇ كۆل ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ بىر كالىسى يىتىپ كېتىپ ئىز قوغلاپ كەلسە ، چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە كالىنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن . شۇڭا ، بۇ كۆل «ئوغرىكۆل» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراش . يەنە بىرى ، بۇرۇن شۇ يۇرتتىكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدىن يوقالغان خېلى نۇرغۇن نەرسىلە-رى ھېلىقى چوڭ كۆلنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان بولغاچقا ، بۇ كۆل «ئوغرىكۆل» دەپ ئاتالغان ، دېگەن قاراش . بۇ كۆل جايلاشقان كەنت

① «قەدىمكي ئۇيغۇرتىلى لۇغىتى» ، 107 - بەت .
② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1987 - يىل 3 - سان .
③ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 - يىل 3 - سان

هازىرقى بازار جەمئىي يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كىشىلەر سىلىقلاش-تۇرۇپ «ئوردا كۆل» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

**بازار جەمى** بۇ نام «بازار» دېگەن تۈپ ئىسىم بىلەن «توپلان-غان، يىغىلغان» دېگەن مەنىلەردىكى «جەمئىي» دېگەن سۆزنىڭ قو-شۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «بازار توپلانغان» ياكى «بازار يىغىل-غان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. هازىرقى مەكىت ناھىيىسى كى-چىك - كىچىك بازارلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان ھەم يېڭى قۇرۇلغان ناھىيە بازار ئىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يېزا «بازار جەمئىي» (بازار جەملەنگەن جاي) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

**لەڭگەر مەھەللە** بۇ «قونالغۇ، ئۆتەڭ» مەنىلىرىدىكى سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر قانچە ئون يىل ئىلگىرى قەشقەردىن چىقىپ، يوپۇرغا ئارقىلىق مەكىتكە كېلىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە قونۇپ، ئارام ئېلىپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «لەڭگەر» (بېكەت، قونالغۇ، ئۆتەڭ) دەپ ئاتالغان.

**غول مەھەللە** قەدىمكى چاغدا، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول ئىكەن. بۇ يەر ئەمدىلا يۇرت بولۇشقا باشلىغاندا، بۇ يەردە بىر نەچچىلا ئائىلىلىك كىشى بار ئىكەن. كېيىن تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشكە باشلاپ، ئائىلىلەر كۆپىيىپتۇ ۋە توپ - توپ ئائىلىلەر، مەھەللىلەر ھاسىل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «غول مەھەللە» (كۆپ مەھەللىلىك جاي) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

**بوز** قەدىمدە بۇ يەر چەكسىز كەتكەن قۇم بىلەن ئورالغان چۆللۈك ئىكەن. كېيىن بۇ يەرگە كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بوز رەڭلىك تۇپراق بولۇپ، ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بۇ يەرنى «بوز يەر» دەپ ئاتىشىپتۇ. كېيىن «يەر» دېگەن سۆز چۈشۈپ قې-لىپ، «بوز» دەپ ئاتالغانىكەن.

**چامغۇرلۇق** تەخمىنەن بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى، بۇ يەردى-كى كىشىلەر دەريا سۈيىنىڭ تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى دەريا سۈيى تاشلاپ كەتكەن مۇنبەت لاتقىلارغا چامغۇر تېرىغان ئىكەن، شۇنداق ئوخشاپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ يەرنى «چام-

غورلۇق» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. يەنە بىرخىل قاراشتا، بۇ يەردىكى كىشىلەر چامغۇرنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرنى «چامغۇرلۇق» دەپ ئاتاشقان ئىكەن.

**قوش ئېقىن** بۇرۇن بۇ يەرنىڭ شىمال تەرىپىدە دەريا ئۆستەڭ (ھەززى بەگ ھاجى ئۆستىڭى) بىلەن غەربتىن شىمالغا ئاققان بولقا ئۆستەڭ ئوراپ تۇرغان بولغاچقا، ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى بۇ يۇرت «قوش ئېقىن» دەپ ئاتالغان.

**يار خۇمدان** بۇ نام «يار» (يارلىق — سۇ ئېلىپ كەتكەن جاي) بىلەن «خۇمدان» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن يۈز يىل ئىلگىرى دەريا سۈيى بۇ يەرنى ئېقىتىپ كەتكەن، كېيىن ئىمىن ھاجى دېگەن كىشى بۇ يارلىقتا بىر خۇمدان سالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «يار خۇمدان» دەپ ئاتالغان.

**بېلىقچى** بۇ نام «بېلىقچى» دېگەن قۇشنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئىكەن. ئىلگىرى بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدە بېلىق ھەم بېلىقئالغۇچ قۇش «بېلىقچى» ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەر «بېلىقچى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

**ئوكا** بۇ نام ئەسلىي «ئوگالىق» (مەكىت خەلقى ئارىسىدا قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىنى «ئوگا» دەپ ئاتايدۇ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھايۋانلار، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى مەنىسىدە. بۇ يەر يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ھايۋانات، قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىلا يەرنى ھەرخىل شەكىلدىكى قۇش ئۇۋىلىرى قاپلاپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئوگا» (ئۇۋا) دېگەن تۈپ ئىسمىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولغان «لىق» نى قوشۇپ، «ئوگالىق» دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىن بۇ نام «ئوكا» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن.

**سوپا دۆڭ** بۇ يەر توپتوز كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئېگىزرەك بىر دۆڭ چوقچىيىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇنى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان سوپىغا ئوخشىتىپ «سوپا دۆڭ» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ يۇرت نامى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپاق ئاستى  بۇ نام ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: بۇرۇن بۇ يەر توغراقلىق بولۇپ، ئايلىخان دېگەن بىر ئايال يوپۇرغىدىن بىر قاپاق سۇ ئېلىپ، پىيادە مەكىتكە مېڭىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئورمانلىقتا بۆرە بولغاچقا، دەرەخكە چىقىۋېلىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قاپاقنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتۇ. كېچىدە بۆرىلەر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالايمىقان ھۇۋلاشقا باشلىغانىكەن، ئۇ ئايال دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ بۆرىگە يەم بولۇپتۇ. كېيىن بۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئادەم ئۇستىخانلىرى ۋە دەرەخ ئۇستىدىكى ئېسىقلىق قاپاقنى كۆرۈپ، بۇ يەرنى «قاپاق ئاستى» دەپ ئاتىشىپتۇ.

ئوتاق (ئوتاغ)  مەكىت ناھىيىسىدىكى يەر نامى بولۇپ، «توقۇز ئوتاق»، «ئون ئوتاق» دېگەن ناملار بىلەن ئۇچرايدۇ. بۇيەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئوتاق» سۆزى ئەسلىدە نامى تىلغا ئېلىنغان كەنتلەرگىلا خاس سۆز بولماستىن، يېزا ئىگىلىكىدە تاكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغۇچە داۋام قىلىپ كەلگەن ھەمكارلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇ نام بەزىدە ئورتاقچىلىق، يەنى شېرىك تېرىقچىلىقتا تەگلەشتۇرۇلۇپ «ئورتاق» دەپ تەدبىر بېرىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ يەر – جاي نامىلىرى تەتقىقاتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان «قەدىمكىنى ھازىرقى بىلەن تەگلەشتۇرۇپ قويىدىغان»، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورخۇن دەۋرى ۋە خاقانىيە دەۋرىگە ئائىت سۆزلەردىن ياسالغان ئەڭ قەدىمكى نامىلارنى شەرھلىگەندە، ئاددىي ھالدا فونېتىكىلىق تەگلەشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىلىپ، زورمۇزور ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تارتىپ قويىدىغان خاھىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى بولۇپ، بۇ سۆز توغرىسىدا بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە بىر قىسىم مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.

«ئوتاغ» توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» تە:

تېگەر ئەرسەخىل ياساغا ئون ئوتاغ،
ئەلىگ تارغۇمالىن قىلىچ تۇتغۇ ياغ.

(ساغا بىر توپ لەشكەر بىلەن ئون ئۆيلۈكنىڭ باشلىقلىقى تېگىپ قالسا، قىلىچ بىلەن يانى قولۇڭغا ئال، ئەلگە مال تارات) دېيىلگەن. يەنە بۇ كىتابنىڭ 4139 – بېيتىدە ئۆي – ئائىلە مەنىسىدە

كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بىلەن: «دىۋانى مەھزۇن» دىكى:

خانەمانىم ئۆرتەنىسە ۋەنەخۇشتۇر ئى مەھزۇن، ئىشق بەرقىدىن ناگەھ ئوت تۇتىشىپ ئۇتاغىمىگە، دېگەن بېيىتتە ئۆي (كۆڭۈل ئۆيى) مەنىسىدە كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بۈگۈنكى كۈندە «ئوتاق» تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان يەر نامىلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. دېمەك، يۇرتىمىزدىكى «توققۇز ئوتاق»، «ئون ئوتاق» لار توققۇز ئۆيلۈك مەھەللە، ئون ئۆيلۈك مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ[1].

خاندى مەكىت ناھىيىسى شېھىتدۆڭ يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرەپىدىكى يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدىغان جايدا «خاندى» دېگەن بىر يۇرت بار. بۇ يۇرت نامى بىر قىسىم ماتېرىياللاردا («قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە) «رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۈز يىل بۇرۇن خەنزۇلار كېلىپ بوز يەر ئاچقان، شۇڭا ‹خۇاڭدى›، يەنى ‹خاندى›، دەپ ئاتالغان» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «خاندى» ئىبارىسى «خان» (خان — تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئافراسىيابنىڭ ئوغۇللىرىمۇ خان دەپ ئاتىلىدۇ).[2] بىلەن پارسچە يېزا، كەنت، يۇرت - جاي مەنىلىرىدە كېلىدىغان «دېھ» («دېھ كوجاۋۇ دەرەختان كوجا» مەنىسى «يېزا نەدە بولسا دەل - دەرەخ شۇ يەردە». «بابۇرنامە» دىن ئېلىندى) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. دېمەك «خاندى» ئىبارىسىنىڭ مەنىسى خانلىق يېزا، خانلىق كەنت ياكى خانلىق جاي دېگەن بولىدۇ[3].

خېنيار بۇ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىنىڭ نامى. بۇ نامدىكى «خېنى» ئىبارىسى خانلىق، پادىشاھلىق، بەگلىككە تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرگۈچى سۆز بولۇپ، «يار» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ، يەر نامى بولۇپ كەلگەندە، يۇقىرىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، «خانلىق يەر» دېگەنلىك بولىدۇ. «تارىخىي ئەمىنىيە» دە: «بەگلەرگە خاقانى چىن تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنىپ بېرىلگەن يەرلەرنى

---

① ئابلەت ئاباس: «يەر - جاي نامىلىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 4 - سان، 65 —، 66 - بەتلەر.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 315 - بەت.

③ ئابلەت ئاباس: «يەر - جاي نامىلىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 4 - سان، 67 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



‹خېنى زېمىن › دەپ ئاتايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن[1] .

تېتىر مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسىدىكى بىر تەبىئىي كەنت نامى . بۇ ئەينەن ساقلانغان يەر نامى بولۇپ ، «تېتىرىيەر — سۇسىز ، دەرەخسىز قاتتىق يەر »[2] دېگەن مەنىدە . دېمەك ، «تېتىر » نامى بىلەن ئاتالغان كەنتلەر سۇسىز ، دەرەخسىز يەرلەرگە قۇرۇلغان كەنت ، دېگەنلىك بولىدۇ[3] .

قۇرما مەكىت ناھىيىسى قۇرما يېزىسىنىڭ نامى . بۇ نام خەلق-نىڭ ئېغىز تىلىدا «قۇرما» دەپ ئاتىلىدۇ . «قوما» ئوي قۇشلىرى بېقىلىدىغان كاتەك دېگەنلىك بولىدۇ . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، شۇ جاي-دىكى كىشىلەر ئۆيلىرىنى كاتەككە ئوخشاش سالغانلىقى ئۈچۈن بۇ جاينىڭ نامى «قوما» دەپ ئاتالغان . بىراق بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «قوما» بىلەن «كاتەك» ئىشلىتىش ۋە ياسىلىش جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . تىلغا باي ئەجدادلىرىمىز يۇلغۇن ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىدىن مەخسۇس توخۇ بېقىش ئۈچۈن ياسالغىنىنى «كاتەك» ، كەپتەر بېقىش ئۈچۈن ياسالغىنىنى «قوما» دەپ ئاتىغان . چۈنكى ، قومىنىڭ ياسىلىش شەكلى كاتەكتىن پەرق قىلىدۇ . شۇنداقلا كەپتەرلەرنى ئېھتىيات بىلەن چىقىرىش ۋە سولاش ئۈچۈن قومىغا كاتەككە ئوخشىمايدىغان مەخسۇس ئۇزۇن تاياقلىق تۇتقۇچ بېكىتىل-گەن ئىشىك ئورنىتىلىدۇ . شۇڭا ، جەنۇبىي شىنجاڭدا «قوما» بىلەن «كاتەك» باشقا - باشقا نام ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇلىدۇ... كەپتەر بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «قوما» ئاتالغۇسى ئېھتىمال «قۇرۇلما» مەنىسىدىكى «قۇرما» سۆزىدىن ئۆز-گىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن[4] .

شاھتاتا مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسىنىڭ قۇمۇش مەھەللە كەنتى «شاھتاتا» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار : «يەكەن خانلىقىنىڭ 2-

① ئابلەت ئابباس : «يەر - جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ، 1997 - يىللىق 4 - سان ، 68 - بەتلەر .

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم ، 468 - بەت

③ سۇلتان ماموت : «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا-تى ، 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى . ، 7 - بەت .

④ سۇلتان ماموت : «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا-تى ، 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى ، 72 — 74 - بەتلەر .

خانى ئابدۇرېشىتخان قەۋەت ـ قەۋەت تويلۇق تەييارلاپ، ئۇنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ، دولانغا كەلدى ۋە كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ، ئامانىنىسانى خانىشلىققا، ئۇنىڭ دوستلىرىنى كېنىزەكلىككە ئېلىپ يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن، دولانىنىڭ قومۇش مەھەللە، مازار مەھەللە، تالا مەھەللە دېگەن يۇرتلىرى «شاھ تاتار» (خان تارتىپ كەتتى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان.»[1] بۇ نام توغرىسىدا باشقا بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت. ئۇلار: «شاھتاتا» دېگەن نامنىڭ ئەسلىسى «تاتا» دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «تارتار»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تارتار — پاختەككە ئوخشىشىدىغان بىر خىل قۇش» دەپ ئىزاھلانغان.[2] مۇشۇ ئىزاھاتتىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان «تاتا»، «تاتا مەھەللىسى» دېگەن يەر ناملىرى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان... «تارتار» كېيىنكى چاغلاردا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى قۇشلارنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە «تارتار» دىكى «ر» ھەرپى تاشلىنىۋېتىلىپ، «تاتا» شەكلىدە يەر نامى بولۇپ ساقلىنىپ قالغان.[3]

خانكۆل مەكىت ناھىيىسى غاز كۆل يېزىسىدىكى بىر كەنت ۋە بۇ كەنتكە جايلاشقان سۇ ئامبىرىنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان: «مىلادىيە 1638 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خان تۇرپاندىن يەكەنگە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ، خانكۆلگە كېلىپ، قونۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جاي «خانكۆل» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان[4].

ئۇنىڭدىن باشقا، «خانكۆل» توغرىسىدا: «بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى بىر ئەمەلدار بۇ يەردىكى زەي كۆل بويىدا بىر مەزگىل تۇرغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان»[5] دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

خاننامار مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ

① «دولان ئەدەبىياتى»، 1981 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سان، 22 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 632 ـ بەت».
③ سۇلتان ماموت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، 70 ـ، 71 ـ بەتلەر.
④ مىرزا مەھمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)، كۆچۈرۈلگەن نۇسخا («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىل، 3 ـ سان، 89 ـ بەتتىكى نەقىل.
⑤ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 360 ـ بەت.

نامى . بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇ-رۇلغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، خان خوجا ئىسمىلىك بىر باي (خان خوجا ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيانىڭ ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى شۇ كىشى بولۇشى مۇمكىن ) بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان »[①] دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ، مىلادىيە 1638 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خان تۇرپاندىن يەكەنگە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ ، يول ئۈستىدە مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ نامى «خانناماز» دەپ ئاتالغان دېگەن قاراشمۇ بار[②] .

---

① «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 367 - بەت .
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1996 - يىل 3 - سان ، 89 - بەت .

[قوشۇمچە 5 - 1]

## مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار، كەنت نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى[1]

| ئەسلىدىكى نامى | خەلق گۇڭشېسى دەۋرىدىكى نامى | | | 1990 - يىلىدىكى نامى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | تەرتىپ نامى | ئىلگىرى ئىشلەتكەن نام | دادۇي نامى | يېزا - بازار نامى | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نامى |
| مەكىت بازا | | بازارلىق گۇڭشې | | مەكىت بازىرى | |
| | ئوردىكۆل ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| | گۆزە ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| | پاختا بازىرى ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| | بولقا ئۆستەڭبويى ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| | قازانچى مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| | يېڭى بازار ئاھالىلەر كومىتېتى | | | | |
| بازار جامى | بىرىنچى گۇڭشې | دۇڭفاڭخۇڭ گۇڭشې خوجېيەن گۇڭشې | | بازار جەمى يېزىسى | |
| ئوردا كۆل | بىۋاسىتە 1 - دادۈي | | | | ئوردىكۆل كەنتى |
| كۆتەكلىك | بىۋاسىتە 2 - دادۈي | | كۆتەكلىك دادۈي | | |

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 47 - 53 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بازار جەمى | | باغچى داۋۇي | بازار جەمى داۋۇي | | بازار جەمى كەنتى |
| بوز | | | بوز داۋۇي | | بوزكەنتى |
| چامغۇرلۇق | | فاجەن داۋۇي | چامغۇرلۇق داۋۇي | چامغۇرلۇق كەنت | |
| قوشئېقىن | | | قوشئېقىن داۋۇي | | قوشئېقىن كەنتى |
| ياخۇمدان | | | ياخۇمدان داۋۇي | | ياخۇمدان كەنتى |
| بېلىقچى | | | بېلىقچى داۋۇي | | بېلىقچى كەنتى |
| پوسكام | | | پوسكام داۋۇي | | پوسكام كەنتى |
| ئۇكا | | | ئۇكا داۋۇي | | ئۇكا كەنتى |
| يۇلغۇنلۇق | | | يۇلغۇنلۇق داۋۇي | | يۇلغۇنلۇق كەنتى |
| شېھتدۆك | 2 ـ گۇڭشې | دوڭفېڭ گۇڭشې يېڭىئاۋات گۇڭشې | | شېھتدۆك يېزىسى | |
| يېڭى ئۆستەڭ | 1 ـ داۋۇي | دوڭفېڭ داۋۇي | يېڭىئۆستەڭ داۋۇي | | ئۆستەڭ كەنتى |
| شېھتدۆك | 2 ـ داۋۇي | دوڭفاڭخوڭ داۋۇي | شېھتدۆك داۋۇي | | شېھتدۆك كەنتى |
| ئاۋات | 3 ـ داۋۇي | | يېڭىئاۋات داۋۇي | | يېڭىئاۋات كەنتى |
| يۇقىرىقى قاپاق ئاستى | 4 ـ داۋۇي | | يۇقىرىقى قاپاق ئاستى داۋۇي | | يۇقىرىقى قاپاق ئاستى كەنتى |
| تۆۋەنكى قاپاق ئاستى | 5 ـ داۋۇي | | تۆۋەنكى قاپاق ئاستى داۋۇي | | تۆۋەنكى قاپاق ئاستى كەنتى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قاقشال | 6 ـ دادۇي | | گۈلباغ دادۇي | | قاقشال كەنتى |
| سوپادۆۋك | 11 ـ دادۇي | | سوپادۆۋك دادۇي | | سوپادۆۋك كەنتى |
| ئەللىك كەتمەن | 12 ـ دادۇي | | ئەللىك كەتمەن دادۇي | | ئەللىك كەتمەن كەنتى |
| بېگىمحەممەللە | 13 ـ دادۇي | | بېگىمحەممەللە دادۇي | | بېگىمحەممەللە كەنتى |
| چوڭكۆل مەھەللە | | نەسىللىك فېرما مەيدانى | چوڭكۆل مەھەللە دادۇي | | چوڭكۆل كەنتى |
| ياڭناق | 3 ـ گۇڭشې | قىزىلبايراق گۇڭشې ياڭناق گۇڭشې | | ياڭناق يېزىسى | |
| ئۇيىۇغداي | | كۇميلې دادۇي فەنشيۇ دادۇي | ئۇيىۇغداي دادۇي | | ئۇيىۇغداي كەنتى |
| جەرمىندۆۋك | | قىزىلبايراق دادۇي | جەرمىندۆۋك دادۇي | | جەرمىندۆۋك كەنتى |
| خوجائاۋات | | گۇاڭمىڭ دادۇي | خوجا ئاۋات دادۇي | | خوجائاۋات كەنتى |
| | | گۇاڭمىڭ دادۇي | | | |
| ئۈچيۈزمو | | شىنفۇ (بەخت) دادۇي | ئۈچيۈزمو دادۇي | | ئۈچيۈزمو كەنتى |
| قىياقلىق ئۆي | | شىڭخو دادۇي | قىياقلىق ئۆي دادۇي | | قىياقلىق ئۆي كەنتى |
| بۇلۇڭلاڭقا | | دوڭفىڭ دادۇي | بۇلۇڭقا دادۇي | | بۇلۇڭقا كەنتى |
| ئۆزۈن مەھەللە | | جىڭگەن دادۇي | ئۆزۈنمەھەللە دادۇي | | ئۆزۈنمەھەللە كەنتى |
| يۇقىرىقى ئاقتىكەن | | خوڭشىڭ (قىزىل يۇلتۇز) دادۇي | يۇقىرىقى ئاقتىكەن دادۇي | | يۇقىرىقى ئاقتىكەن كەنتى |

www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاقتىكەن | | غالىبىيەت دادۈي | ئاقتىكەن دادۈي | | ئاقتىكەن كەنتى |
| قىياقلىقئۆي | | يۈجىن دادۈي | قىياقلىقئۆي دادۈي | | قىياقلىقئۆي كەنتى |
| ئارىلاگقا | | شىيەنفېڭ (ئۇۋانكارت) دادۈي | ئارىلاگقا دادۈي | | ئارىلاگقا كەنتى |
| خامانكۆيدى | | ئىتتىپاق دادۈي | خامانكۆيدى دادۈي | | خامانكۆيدى كەنت |
| كەيمىك | | ئالغا دادۈي | كەيمىك دادۈي | | كەيمىك كەنتى |
| دەرۋازاتوغراق | | يۈگۈك دادۈي | دەرۋازاتوغراق دادۈي | | دەرۋازاتوغراق كەنتى |
| خانناماز | | ئازاد دادۈي | خانناماز دادۈي | | خانناماز كەنتى |
| تۆمەنتال | 4 ـ گۇڭشې | تۆمەنتال گۇڭشې | | تۆمەنتال يېزىسى | |
| قورۇقلۇق | 1 ـ دادۈي | | قورۇقلۇق دادۈي | | قورۇقلۇق كەنتى |
| ئۇنئوتاق | 2 ـ دادۈي | | | | ئۇنئوتاق كەنتى |
| تۆمەنتال | 3 ـ دادۈي | خۇاڭگۇاڭ دادۈي | تۆمەنتال دادۈي | | تۆمەنتال كەنتى |
| پىلتىقو مۇشلۇق | 4 ـ دادۈي | | پىلتىقومۇش دادۈي | | پىلتىقومۇش كەنتى |
| ئاياغتام | 5 ـ دادۈي | ئاياغتام دادۈي | | | ئاتاياقتام كەنتى |
| كەيۋازلىق | 9 ـ دادۈي | | كەيۋازلىق دادۈي | | كەيۋازلىق |
| چىرىمتاللىق | 10 ـ دادۈي | | چىرىمتاللىق دادۈي | | جىرىمتاللىق كەنتى |
| توغايدۆك | 11 ـ دادۈي | | توغايدۆك دادۈي | | توغايدۆك كەنتى |
| هاجىئاۋات | 12 ـ دادۈي | | هاجىئاۋات دادۈي | | هاجىئاۋات كەنتى |
| ياكۆل | 13 ـ دادۈي | | ياكۆل دادۈي | | ياكۆل كەنتى |
| ئاچچىقتاللىق | 14 ـ دادۈي | | ئاچچىقتاللىق دادۈي | | ئاچچىقتاللىق كەنتى |
| غازكۆل | 5 ـ گۇڭشې | ۋېيشىڭ گۇڭشې، خۇڭۋېي گۇڭشې، غازكۆل گۇڭشې | | غازكۆل يېزىسى | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| غازكۆل | | شىياڭياڭ دادۇي | غازكۆل دادۇي | | غازكۆل كەنتى |
| قاشبوي | 2 ـ دادۇي | | قاشبويى دادۇي | | قاشبويى كەنتى |
| كاما كۆل | 5 ـ دادۇي | | كاماكۆل دادۇي | | كاماكۆل كەنتى |
| توپا شو | 6 ـ دادۇي | | توپاشو دادۇي | | توپاشو كەنتى |
| قومۇشمەھەللە | 16 ـ دادۇي | | قومۇشمەھەللە دادۇي | | قومۇشمەھەللە كەنتى |
| مەيدان پاختىلىق | 8 ـ دادۇي | خۇگچى (قىزىلبايراق) دادۇي | مەيدان پاختا دادۇي | | مەيدان پاختا كەنتى |
| لايلىق پاختىلىق | 1 ـ دادۇي | | لايلىق پاختا دادۇي | | لايلىق پاختا كەنتى |
| دۆڭمەھەللە | 10 ـ دادۇي | يۆجىن دادۇي | دۆڭمەھەللە داداي | | دۆڭمەھەللە |
| مەكىت پاختىلىق | 11 ـ دادۇي | ۋېيشىڭ دادۇي | مەكىت پاختىلىق دادۇي | | مەكىت پاختىلىق كەنتى |
| خانكۆل | 12 ـ دادۇي | | خانكۆل دادۇي | | خانكۆل كەنتى |
| شەنبە بازار | 17 ـ دادۇي | | شەنبەبازار دادۇي | | شەنبەبازار كەنتى |
| باغئېرىق | 18 ـ دادۇي | | باغئېرىق دادۇي | | باغئېرىق كەنتى |
| باغئاۋات | | فەنشيۇ دادۇي | باغئاۋات دادۇي | | باغئاۋات كەنتى |
| ياچاقتى | | غالىبىيەت دادۇي | ياچاقتى دادۇي | | ياچاقتى كەنتى |
| چۆلتۇگمەن | | خۇگچى دادۇي | چۆلتۇگمەن دادۇي | | چۆلتۇگمەن |
| جالادۆڭ | 3 ـ دادۇي | تەجرىبە (شيەنجاڭ) مەيدان | جالادۆڭ | | جالادۆڭ |
| قىزىلئاۋات | 6 ـ گۇڭشې | جەندۇ گۇڭشې، قىزىلئاۋات گۇڭشې | | قىزىلئاۋات يېزىسى | |
| قىزىلئاۋات | 1 ـ دادۇي | | قىزىلئاۋات دادۇي | | قىزىلئاۋات كەنتى |
| قىزىلجى | 2 ـ دادۇي | | قىزىلجى دادۇي | | قىزىلجى كەنتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پەيزىلدۆك | 3 ـ دادۇي | | پەيزىلدۆك دادۇي | | پەيزىلدۆك كەنتى |
| ئۇبياغ | 4 ـ دادۇي | | ئۇبياغ دادۇي | | ئۇبياغ كەنتى |
| دەرۋازاقوم | 5 ـ دادۇي | يۇگۇك دادۇي | دەرۋازاقوم | | دەرۋازاقوم كەنتى |
| چىگىلىك قوتان | 6 ـ دادۇي | | چىگىلىكقوتان | | چىگىلىك قوتان كەنتى |
| ئۆردەكئالدى | 7 ـ دادۇي | | ئۆردەكئالدى دادۇي | | ئۆردەكئالدى كەنتى |
| تاتارئۆستەڭ | 8 ـ دادۇي | | تاتارئۆستەڭ دادۇي | | تاتار ئۆستەڭ كەنتى |
| لايدەڭ | 9 ـ دادۇي | | لايدەڭ دادۇي | | لايدەڭ كەنتى |
| سىرىققول | 10 ـ دادۇي | | سىرىققول دادۇي | | سىرىققول كەنتى |
| قەلئەدۆڭ | 11 ـ دادۇي | | قەلئەدۆڭ دادۇي | | قەلئەدۆڭ كەنتى |
| ياتاقوم | 12 ـ دادۇي | | ياتاقوم دادۇي | | ياتاقوم كەنتى |
| قوشدۆڭ | 13 ـ دادۇي | | قوشدۆڭ دادۇي | | قوشدۆڭ كەنتى |
| تالىق | 14 ـ دادۇي | | تالىق دادۇي | | تالىق كەنتى |
| يېڭىئاۋات | 15 ـ دادۇي | | يېڭىئاۋات دادۇي | | يېڭىئاۋات كەنتى |
| قوشئۆستەڭ | 16 ـ دادۇي | | قوشئۆستەڭ دادۇي | | قوشئۆستەڭ كەنتى |
| قۇمقىسار | 7 ـ گۇڭشې | شىائىياڭ گۇڭشې<br>قۇمقىسار گۇڭشې | | قۇمقىسار يېزىسى | |
| شاپلىق | 1 ـ دادۇي | | شاپلىق دادۇي | | شاپلىق كەنتى |
| قۇمقۇدۇق | 2 ـ دادۇي | | قۇمقۇدۇق دادۇي | | قۇمقۇدۇق كەنتى |
| تۆۋەنكى تاۋار كېسەك | 4 ـ دادۇي | | تۆۋەنكى تاۋار كېسەك دادۇي | | تۆۋەنكى تاۋار كېسەك كەنتى |
| يۇقىرىقى تاۋار كېسەك | 5 ـ دادۇي | | يۇقىرىقى تاۋار كېسەك دادۇي | | يۇقىرىقى تاۋار كېسەك كەنتى |
| قۇمقىسار | 6 ـ دادۇي | | قۇمقىسار دادۇي | | قۇمقىسار كەنتى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خادلىق | 7 - دادۈي | | خادلىق دادۈي | | خادلىق كەنتى |
| تۆۋەنقۇمقسار | 8 - دادۈي | | تۆۋەنكى قۇمقسار دادۈي | | تۆۋەنكى قۇمقسار كەنتى |
| خۇمدانمەھەللە | 9 - دادۈي | شىمنجاڭ (تەجرىبە مەيدان) | خۇمدانمەھەللىسى | | خۇمدان يېزىسى |
| ھاڭغىتلىق | | | | ھاڭغىتلىق يېزىسى | |
| ھاڭغىتلىق | 7 - دادۈي | يېڭئاۋات گۇڭشې 7 - دادۈي | ھاڭغىتلىق دادۈي | | ھاڭغىتلىق كەنتى |
| ئاقبۆلمە | 8 - دادۈي | يېڭئاۋات گۇڭشې 8 - دادۈي | ئاقبۆلمە دادۈي | | ئاقبۆلمە كەنتى |
| قاشبۇي | 9 - دادۈي | يېڭئاۋات 9 - دادۈي | | | قاشبۇي كەنتى |
| تۆۋەنكى ھاڭغىتلىق | جىلغا دادۈي | 10 - دادۈي | تۆۋەنكى ھاڭغىتلىق دادۈي | | تۆۋەنكى ھاڭغىتلىق كەنتى |
| قۇرما | | | | قۇرما يېزىسى | |
| ساچقاق | 6 - دادۈي | تۇمەنتال گۇڭشې 6 - دادۈي | ساچقاق دادۈي | | ساچقاق كەنتى |
| بىرئېغىز | 8 - دادۈي | تۇمەنتال گۇڭشې | بىرئېغىز دادۈي | | بىرئېغىز كەنتى |
| بۇقاپاتا | 15 - دادۈي | | بۇقاپاتا دادۈي | | بۇقاپاتا كەنتى |
| تامدۆڭ | 16 - دادۈي | | تامدۆڭ دادۈي | | تامدۆڭ كەنتى |
| تىرىم مەھەللىسى | 17 - دادۈي | | تىرىم مەھەللىسى دادۈي | | تىرىم مەھەللىسى كەنتى |
| چاسا | 18 - دادۈي | | چاسا دادۈي | | چاسا كەنتى |
| زولقۇم | | خۇڭگۇاڭ (نۇرچاق) يېزا ئىگىلىك مەيدانى | | | |
| قۇرما | 7 - دادۈي | تۇمەنتال گۇڭشې 7 - دادۈي | قۇرما دادۈي | | قۇرما كەنتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[قوشۇمچە 5 ـ 2]

# مەكىت يەر نامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى①

ئومۇمىي نوپۇسى : 206425 ئادەم②
总人口:206425 人

كۆلىمى : 11022.53 كۋادرات كىلومېتىر③
面积:11022.53 平方公里

بازار : 1
镇 1 个

يېزا : 9
乡 9 个

ئاھالە كومىتېتى : 7
社区 7 个

كەنت كومىتېتى : 114
村委会 114 个

**مەكىت بازىرى**
**麦盖提镇**

(تۇرۇشلۇق ئورنى : بولقا ئۆستەڭبويى ،
نوپۇسى :27147 ئادەم ، ئاھالە كومىتېتى 7)
(驻博勒喀乌斯塘博依村,
27147 人,社区 7 个)

بولقا ئۆستەڭبويى ئاھالە كومىتېتى
博勒喀吾斯塘博依社区

ئورداكۆل ئاھالە كومىتېتى
乌尔达库勒社区

گۇزە ئاھالە كومىتېتى
古再社区

پاختا بازار ئاھالە كومىتېتى
帕合塔巴扎社区

بازارجەمى ئاھالە كومىتېتى
巴扎结米社区

يېڭى بازار ئاھالە كومىتېتى
英巴扎社区

يېڭى مەھەللە ئاھالە كومىتېتى
英买里社区

**بازارجەمى يېزىسى**
**巴扎结米乡**

(تۇرۇشلۇق ئورنى : بازار جەمى كەنتى ،
نوپۇسى : 18167 ئادەم ، 12 كەنت ، مەيدان 3)
(驻巴扎结米村,18167 人,
村 12 个,场 3 个)

بازارجەمى كەنتى
巴扎结米村

---

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نازارىتى : «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش ـ يەر نامىلىرى قوللانمىسى» ، 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي ، (ئىچكى ماتېرىيال) ، 477 — 484 ـ بەتلەر .

② مەكىتنىڭ 2000 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان نوپۇسى 201810 ئادەم . بۇ يەردىكى 206425 ئادەم بولسا ، 2004 ـ يىلى ئېنىقلانغان نوپۇس سانى .

③ مەكىتنىڭ يەر كۆلىمى مۇتلەق كۆپ سانلىق ماتېرىياللاردا 15200 كۋادرات كىلومېتىر دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇ يەردىكى 11022.53 كۋادرات كىلومېتىر دېگەن كۆلەم ئېھتىمال مەكىتنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى مارالبېشىغا چېگرالىنىدىغان توغراق ئورمانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى مارالبېشى ناھىيەسىگە ئايرىپ بەرگەندىن كېيىنكى كۆلەم بولۇشى مۇمكىن .

| | |
|---|---|
| 乌尔达库勒村 | ئورداكۆل كەنتى |
| 库台克勒克村 | كۆتەكلىك كەنتى |
| 博孜村 | بوز كەنتى |
| 恰木古鲁克村 | چامغۇرلۇق كەنتى |
| 阔什艾肯村 | قوشئېقىن كەنتى |
| 亚胡木丹村 | يارخۇمدان كەنتى |
| 贝勒克其村 | بېلىقچى كەنتى |
| 尤勒滚勒克村 | يۇلغۇنلۇق كەنتى |
| 坡斯喀木村 | پوسكام كەنتى |
| 乌喀村 | ئوكا كەنتى |
| 巴格万村 | باغۋەن كەنتى |
| 巴扎结米乡农场 | بازارجەمى يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 巴扎结米乡林场 | بازارجەمى يېزىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى |
| 巴扎结米乡试验场 | بازارجەمى يېزىلىق تەجرىبە مەيدانى |
| **希依提墩乡** | **شېھىتدۆڭ يېزىسى** |
| (驻琼库尔买里村,12807 人,村 12 个,场 2 个) | (تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭقۇر مەھەللە كەنتى، نوپۇسى 12807 ئادەم، كەنت 12، مەيدان2) |
| 琼库尔买里村 | چوڭقۇرمەھەللە كەنتى |
| 希依提墩村 | شېھىتدۆڭ كەنتى |
| 英叶尔村 | يېڭىيەر كەنتى |
| 英吾斯塘村 | يېڭىئۆستەڭ كەنتى |
| 英买里村 | يېڭىمەھەللە كەنتى |
| 英阿瓦提村 | يېڭىئاۋات كەنتى |
| 英格孜艾日克村 | ئېگىزئېرىق كەنتى |
| 喀克夏勒村 | قاقشال كەنتى |
| 尤库日喀帕克阿斯提村 | يۇقىرى قاپاق ئاستى كەنتى |
| 托万喀帕克阿斯提村 | تۆۋەن قاپاق ئاستى كەنتى |
| 苏帕墩村 | سۇپادۆڭ كەنتى |
| 艾力克坎土曼村 | ئەللىككەتمەن كەنتى |
| 希依提墩乡一农场 | شېھىتدۆڭ يېزىلىق 1 - دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 希依提墩乡二农场 | شېھىتدۆڭ يېزىلىق 2 - دېھقانچىلىق مەيدانى |
| **央塔克乡** | **يانتاق يېزىسى** |
| (驻央塔克村,26183 人,村 20 个,场 4 个) | (تۇرۇشلۇق ئورنى: يانتاق كەنتى، نوپۇسى: 26183 ئادەم، كەنت 20، مەيدان 4) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| 央塔克村 | يانتاق كەنتى |
| 奥依布格达依村 | ئويبۇغداي كەنتى |
| 乌依鲁克村 | ئويلۇق كەنتى |
| 结然墩村 | جەرەندۆڭ كەنتى |
| 霍加阿瓦提村 | خوجائاۋات كەنتى |
| 玉奇于孜莫村 | ئۈچيۈزمو كەنتى |
| 阿恰墩村 | ئاچادۆڭ كەنتى |
| 克亚克勒克乌依村 | قىياقلىقئۆي كەنتى |
| 包勒喀村 | بولقا كەنتى |
| 布隆浪喀村 | بۇلۇڭلاڭقا كەنتى |
| 乌尊买里村 | ئۈزۈنمەھەللە كەنتى |
| 尤库日阿衣坎村 | يۇقىرىئايكەنت كەنتى |
| 阿克提坎村 | ئاقتىكەن كەنتى |
| 阿尔浪喀村 | ئارلاڭقا كەنتى |
| 哈曼阔依地村 | خامانكۆيدى كەنتى |
| 开蒙村 | كەيمەك كەنتى |
| 代尔瓦孜托格拉克村 | دەرۋازاتوغراق كەنتى |
| 罕纳麻孜村 | خانناماز كەنتى |
| 喀拉乌依村 | قارائۆي كەنتى |
| 科克提坎村 | كۆكتىكەن كەنتى |
| 央塔克乡试验场 | يانتاق يېزىلىق تەجرىبە مەيدان |
| 央塔克乡一农场 | يانتاق يېزىلىق 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 央塔克乡二农场 | يانتاق يېزىلىق 2 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 央塔克乡林场 | يانتاق يېزىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى |
| **吐曼塔勒乡** | **تۇمەنتال يېزىسى** |
| (驻吐曼塔勒村，20557 人，村 12 个，场 2 个) | (تۇرۇشلۇق ئورنى : تۇمەنتال كەنتى ، نوپۇسى : 20557 ئادەم ، كەنت 12 ، مەيدان 2) |

| | |
|---|---|
| تۆمەنتال كەنتى | 吐曼塔勒村 |
| كۆرۈكلۈك كەنتى | 库如克鲁克村 |
| ئونئوتاق كەنتى | 温乌塔克村 |
| پىلتىقومۇشلۇق كەنتى | 皮力特库木希鲁克村 |
| ئاياغتام كەنتى | 阿亚克塔木村 |
| مىنەك كەنتى | 敏乃克村 |
| كېۋەزلىك كەنتى | 开外孜力克村 |
| چىرىمدانلىق كەنتى | 奇热木旦勒克村 |
| تۆگەدۆڭ كەنتى | 托盖墩村 |
| ئاجىئاۋات كەنتى | 阿吉阿瓦提村 |
| ياكۆل كەنتى | 亚库勒村 |
| ئاچچىقتاللىق كەنتى | 阿其克塔勒克村 |
| تۆمەنتال يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 吐曼塔勒乡农场 |
| تۆمەنتال يېزىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى | 吐曼塔勒乡林场 |

**غازكۆل يېزىسى** 尕孜库勒乡

(تۇرۇشلۇق ئورنى: غاز كۆل كەنتى، نوپۇسى: 20701 ئادەم، كەنت 19، مەيدان 1)

(驻尕孜库勒村，20701人，村19个，场1个)

| | |
|---|---|
| غازكۆل كەنتى | 尕孜库勒村 |
| قاشبوي كەنتى | 喀什博依村 |
| چوتوگمەن كەنتى | 乔吐格曼村 |
| جالادۆڭ كەنتى | 加拉墩村 |
| قاماكۆل كەنتى | 喀玛库勒村 |
| توپاشور كەنتى | 吐普硝村 |
| مەدەنىي پاختىلىق كەنتى | 麦迪尼帕合特勒克村 |
| دۆڭمەھەللە كەنتى | 墩买里村 |
| لايلىق پاختىلىق كەنتى | 拉依勒克帕合特勒克村 |
| مەكىت پاختىلىق كەنتى | 麦盖提帕合特勒克村 |
| خانكۆل كەنتى | 罕库勒村 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| بوزقۇم كەنتى | 博孜库木村 |
| تالامەھەللە كەنتى | 塔拉买里村 |
| قومۇشمەھەللە كەنتى | 库木什买里村 |
| شەنبە بازار كەنتى | 先拜巴扎村 |
| باغئېرىق كەنتى | 巴格艾日克村 |
| باغئاۋات كەنتى | 巴格阿瓦提村 |
| يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 乡农场 |
| ياپاقتى كەنتى | 亚恰克迪村 |
| بىرىنچى ئاۋغۇست دېھقانچىلىق مەيدانى | 八一农场 |
| **قىزىلئاۋات يېزىسى** | **克孜勒阿瓦提乡** |
| (نوپۇسى: 19680، كەنت 17، مەيدان 3) | (驻克孜勒阿瓦提村,19680 人,村 17 个,场 3 个 |
| قىزىلئاۋات كەنتى | 克孜勒阿瓦提村 |
| قىزىلجى كەنتى | 克孜勒吉村 |
| يېزىلدۆك كەنتى | 皮依孜勒墩村 |
| ئويباغ كەنتى | 奥依巴格村 |
| دەرۋازاقۇم كەنتى | 代尔瓦孜库木村 |
| چىغلىققوتان كەنتى | 其格勒克阔坦村 |
| ھاردۇقئالدى كەنتى | 阿都克阿勒迪村 |
| تاتارئۆستەڭ كەنتى | 塔塔尔吾斯塘村 |
| لايدۆڭ كەنتى | 拉依当村 |
| سېرىقكۆل كەنتى | 色日克库勒村 |
| قارادۆڭ كەنتى | 喀拉墩村 |
| ياتاقۇم كەنتى | 亚塔库木村 |
| ھوقۇشدۆڭ كەنتى | 乌库什墩村 |
| تاللىق كەنتى | 塔勒克村 |
| يېڭىئاۋات كەنتى | 英阿瓦提村 |
| قوشئۆستەڭ كەنتى | 阔什吾斯塘村 |

| | |
|---|---|
| 喀赞库勒村 | قازانكۆل كەنتى |
| 克孜勒阿瓦提乡农场 | قىزىلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 克孜勒阿瓦提乡良种场 | قىزىلئاۋات يېزىلىق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى |
| 克孜勒阿瓦提乡林场 | قىزىلئاۋات يېزىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى |
| **库木库萨尔乡** | **قۇمقىسار يېزىسى** |
| (驻尤喀克库木库尔村, 10827 人,村 11 个,场 1 个) | (تۈرۈشلۇق ئورنى : يۇقىرىقى قۇمقۇسار كەنتى، نوپۇسى : 10827 ئادەم، كەنت 11، مەيدان 1) |
| 库木库萨尔村 | قۇمقىسار كەنتى |
| 夏普鲁克村 | شاپلىق كەنتى |
| 铁木热克村 | تۆمۈرەك كەنتى |
| 托万塔瓦克斯克村 | تۆۋەنتاۋا كېسەك كەنتى |
| 尤库日塔瓦克斯克村 | يۇقىرى تاۋا كېسەك كەنتى |
| 尤库日哈迪勒克村 | يۇقىرى خادىلىق كەنتى |
| 托万库木库萨尔村 | تۆۋەن قۇمقىسار كەنتى |
| 胡木丹买里村 | خۇمدانمەھەللە كەنتى |
| 库木库都克麻扎村 | قۇمقۇدۇق مازار كەنتى |
| 托万哈迪勒村 | تۆۋەنخادىلىق كەنتى |
| 库木库都克村 | قۇمقۇدۇق كەنتى |
| 库木库萨尔乡一农场 | قۇمقىسار يېزىلىق 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى |
| **昂格特勒克乡** | **ھاڭغىتلىق يېزىسى** |
| (驻昂格特勒克村,4616 人, 村 4 人) | (تۈرۈشلۇق ئورنى : ھاڭغىتلىق كەنتى، نوپۇسى : 4616 ئادەم، كەنت 4) |
| 昂格特勒克村 | ھاڭغىتلىق كەنتى |
| 阿克布鲁买村 | ئاقبۆلمە كەنتى |
| 喀什博依村 | قاشبوي كەنتى |
| 托万昂格特勒克村 | تۆۋەن ھاڭغىتلىق كەنتى |
| **库尔玛乡** | **قورما يېزىسى** |

| | |
|---|---|
| (تۆرۈشلۇق ئورنى: قۇرما كەنتى، نوپۇسى: 11534 ئادەم، كەنت 7، مەيدان 1) | (驻库尔玛村，11534 人，村 7 个，场 1 个) |
| قۇرما كەنتى | 库尔玛村 |
| ساچقاق كەنتى | 萨其喀克村 |
| بىرئىغىز كەنتى | 比尔艾格孜村 |
| بوقاپاتا كەنتى | 布喀帕塔村 |
| تامدۆڭ كەنتى | 塔木墩村 |
| تېرىممەھەللە كەنتى | 铁热木买里斯村 |
| چاسا كەنتى | 恰斯村 |
| قۇرما يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 库尔玛乡农场 |

مەسئۇل مۇھەررىرى : پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
ئەنۋەر يۇسۇپ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت ياقۇپ

# مەكتەپ تارىخ - مەدەنىيىتى
## (2)

ئادىل مۇھەممەت تۇران

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046 )
ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
880×1230 مم ، 1/32 ، باسما تاۋىقى : 16.5
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 2000—0001

ISBN 7—5631—1953—1
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ قىسىم) : 85.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ｷテイの歴史と文化」

ｶシュガル地区マキテ
・地理・古代文明または
おけるドラン人および
民俗、ドランマシラー
ムカーム・ドラン方言に
された書物である。そし
の民間文学・マキテイの
旅行・歴史的人物につい
れと同時にマキテイの
経済、マキテイの近代社
などについて深く検討さ
以上のそれぞれのテーマ
ム化されたものでもある。

культура Мекита»

ем издании тщательно,
дуется и систематически
рия, география, древняя
а; уйгурские доланы и их
клор, машрап и мукамы
нов, доланский (мекитский)
ическая литература,
ризм Мекита, исторические
блемы политического,
, общественного развития
ближайший период.

**图书在版编目(CIP)数据**

麦盖提历史文化/阿迪力·穆罕默德·土兰著. 一乌鲁木齐:新疆大学出版社，2006.4
ISBN 7－5631－1953－1

Ⅰ.麦... Ⅱ.阿... Ⅲ.麦盖的县一地方史一维吾尔吾(中国少数民族语言) Ⅳ.K294.54

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 039955 号

责任编辑:帕力塔洪·艾吾拉洪
艾尼瓦尔·玉素甫
责任校对:阿达来提·亚合甫
责任印制:王国鸿

## 麦盖提历史文化

(2)

阿迪力·穆罕默德·土兰 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号,邮政编码:830046)
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 印张:16 .5
2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数:0001 — 2000 册

ISBN 7－5631－1953－1
总定价( 三册) : 85.00 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-5631-1953-1

9 787563 119530 >

ISBN 7-5631-1953-1
(维文)定价:85.00元(三册)